


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخستى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.


ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# بۈگۈننىڭ تارىخى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# بۈگۈننىڭ تارىخى

The History of Today / Weli Ayup

## ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مەسئۇل مۇھەررىر : رىسالەت تۇرسۇن
كوررېكتور : باتۇر قاراخانلى
بەت لايىھەلىگۈچى : باتۇر قاراخانلى
نەشر قىلدۇرغۇچى : ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى

ISBN 978-82-692182-5-1
2021-يىلى ئۆكتەبىر بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە



ئۈرۈمچى چوڭ بازاردىكى تىجارەتچى غوجا ئابدۇللا



يېڭىسار قارىۋاشلىق ئىبراھىم



يۇسۇپجان ئەمەت




ئۇيغۇرنىڭ پەخىرلىك قىزى مايسەم مۇتەللىپوۋا

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ئورنىدا ........ 11

قاماقتىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىمىز؟...... 23

پاقىدىن پاقلان چىقماس........ 27

ئۇيغۇر سانمۇ، ئىنسانمۇ؟........ 32

ئۇيغۇر تىلى ھەققانىيەتنىڭ تىلى........ 35

كامالتۈرك ۋە بۇلبۇلناز........ 39

خىتاي كىمدىن قورقىدۇ، قانداق قورقىتىمىز........ 42

كىملەر جاسۇس ئىزدەيدۇ؟........ 47

زالىملىقنىڭ مىللىتى يوق........ 53

سالاچى كېرەك ئەمەس، ئادالەت كېرەك!........ 59

تۈركىيە ئۇيغاندى، ئەمما...........61

مۆھتەرەم ئەردوغان، ئۇيغۇرلار سىز سەۋەبلىك تۇتۇلدى........ 64

ئالتە كىشلىك گۇرۇھ كىم؟........ 68

ئۇيغۇر ھازىر ئەمەس، ئەرزدار........ 71

سەمىمىيەت قەھەتچىلىكىدە ئۇيغۇريار........ 75

ۋەتەنسىز قالدۇق، ئۈمىدسىز قالمايمىز........ 78

ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ لەرزى........ 80

بىر ئۇيغۇر لاگېردىن قاچتى، ئەمما... ........ 83
زۇلۇم سېنى قەھرىمان قىلدى ........ 87
ئابدۇرېھىم پاراچىنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە ئىنكاسلار ........ 90
داۋراڭسىز دەۋا قىلىنىۋاتقانلار ........ 93
ئەمگەككە ھۆرمەت ۋە قىممەت ........ 96
ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز- مايسەم مۇتەللىپوۋا ........ 99
سىز سىياسىيون ئەمەس، ئالىم ئەمەس، بەلكى دەۋاگەر ........ 101
تىلەنگەن ۋە مۇقەددەسلەشكەن ئۆلۈم ........ 108
ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باق دۇنيا ........ 112
ئۆلۈكمۇ بىتەلەي ئۇيغۇر ........ 115
نورۇزنى چەكلىگەن كىم بار؟ ........ 119
ئۇيغۇرلۇقنىكى قارا كۆلەڭگە ........ 123
تۈركىيەگە پۇقرا مۇھىممۇ ئايا سوفيامۇ؟ ........ 129
بارىن ئىنقىلابى دەمدۇق جىھادىمۇ؟ ........ 134
مۈشۈكلەر قۇتراۋاتىدۇ ........ 140
ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ ........ 144
ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە تەييارلانغان
قۇللۇق ........ 149
ب ب س ئىستانبۇلدا نېمە قىلماقچى؟ ........ 152
مەن ساراڭ ........ 154
تاشلاپ كەتمىدىم، تاش ئېسىپ كەتتىم ........ 157
ئۈرۈمچىگە تۇتاشقان پارىژ كوچىلىرى ........ 160
ئاخۇنئاكام نېمە قىلىدۇ؟ ........ 162

شۇ كوممۇنىست ئۇيغۇر ئاتىلار ........ 167
كەلگۈسىنىڭ نۇزۇگۇملىرى ........ 171
رامىزاندا زاكات ۋە پاكلىنىش ........ 174
ئۇيغۇريار فوندى زۇلۇمغا قارشى شاھىتلارغا يار ........ 177
رامىزاندا ئۇيغۇرلۇق ........ 180
مۇھاجىرەتتە مۇرىتۋازلىق ........ 183
بۇ رامىزاندا قازانمىغان ساۋابلار ........ 188
ئۆركەش دۆلەت كىم؟ ........ 192
گۈل ئانا ۋە «ئۇيغۇر كۈنى» ........ 196
ماتەم كەلدى ئويغان ئۇيغۇرۇم ........ 201
ئۇيغۇردىن دالايلاما چىقسۇنمۇ؟ ........ 206
«قۇرئان»چە ۋە ئۇيغۇرچە پىتنە ........ 210
شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسمۇ ئۇيغۇر مىللىتىمۇ؟ ........ 218
جاھالەتنىڭ داۋاسى ........ 226
«ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى قانداق ياخشى كۆرىدۇ؟» ........ 230
مەن تەنقىدىمنى قىلاي، سەن ئىشىڭنى قىل ........ 235
بەشىنچى ئىيۇل ۋە قەھرىمانلىق ........ 238
بەشىنچى ئىيۇلدىكى پاجىئەگە ئون يىل تولغاندا ........ 240
دوستىمىز دىندار كۆرۈنگەن ئەمەس، ئادالەتلىك باشقۇرۇلغان
دۆلەتلەردۇر ........ 245
نامايىشقا چىقمىغانلارنى قانداق قىلىمىز؟ ........ 247
يېڭى دۆلەتتە يامغۇرلۇق ھايات ........ 255
بۇرۇنقى بۇرۇت ۋە بۈگۈنكى نىقاب ........ 257

ئېيتالمىغان سىرلار سىر پېتى ........ 262
ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە خارۋاردنىڭ دوكتورى ........ 266
ئاداش، بىزدە خاتالىق يوقمۇ؟ ........ 270
قىزنىقارلىق قالپاقچىلىق ........ 275
تۈركىيەدە ياكى مىسىردا ........ 282
مەن سەپەرۋەر قىلىدىغان ئىشلار ........ 294
يالقۇن روزى ھەققىدە دېيىلگەنگە ئىزاھات ........ 301
يالقۇن روزىنىڭ «كىرىشىپ قالىدىغان» خاراكتېرى ........ 309
مەشرەپتەك قىلماق تەس ........ 313
ئۇيغۇرلار خىتاي يېزىقىغا ئۆچمۇ؟ ........ 318
خىتايغا ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ ........ 320
تۈركىيەدىكى تۇڭگان ........ 324
سىياسىي دەۋادىن ئىنسانىي دەۋاغا يول ........ 327
ساۋاب ئىزدەر سەرسانە ئۇيغۇر ........ 334
ھەجگە دەۋەت قىلغانلار قەيەردە؟ ........ 345
شاھىتلارنىڭ غەلىبىسى ........ 351
مۇناپىقلىق سەپىرى ھارپىسىدا ........ 353
ئۇيغۇر تىلەمچى ئەمەس، ئېزىلگۈچى ........ 355
بۈگۈنكى دەۋادا قورااللىق ھەرىكەت ........ 357
كورۇنالىق كۈنلەردە ئانا تىل شادلىقى ........ 362
فېيسبۇكتا جاسۇس تۇتۇش خاتىرىسى ........ 364
شۇنى ئۇنۇتماڭلار ........ 366

ئىستانبۇلغا قورققىلى چىققان..................369
تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟..................373
گەپ بار يەرلەر مىغ ـ مىغ، ئىش بار يەرلەر جىم..................377
ھەممەيلەن قاراقاشلىق..................380
ئۇيغۇردىكى مىسىرغا باغلانغان سىرلار..................385
ئاددىيلىقتىن قايىنغان قۇدرەت..................390
سازايىلىق «خائىنلار» ھەققىدە قىسسە..................395
ھەر رامىزاندا بىر تېتىقسىزلىق..................400
مۇستەقىللىق ئېتىقاد ئەمەس..................404
مۇستەقىللىق غايەم، ۋاستەم ئەمەس..................414
شاھىتلىقنىڭ سىر بولۇپ كەتتى..................418
مۇھاجىرەتتە كەم قالغان دەۋا..................422
ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇرمەن ئەخمەتجان..................429
خىتاي تۈركىيەدە كىملەرنى قانداق پايلاۋاتىدۇ؟..................432
تۈركىيەنىڭ كۆڭلى..................437
«ئۇيغۇر بۇلاق»نى مۇنداق يازدىم..................441
«ئۇيغۇر بۇلاق» ھەققىدە بولۇنغان سۆزلەرگە جاۋاب..................447
ساختا ئىسمدا يامرايدۇ سۇيىقەست..................452
قانۇن چىقتى، دەۋاگەرمۇ چىقسۇن..................457
نېمە ئۈچۈن مىسىردىن قايتۇرۇلغانلارنى ئىزدەيمىز؟..................458
ئۇيغۇر ئاياللاردىن ئۆلىما يوقمۇ؟..................461
دەۋانىڭ ۋەتەندىكى كۈچى..................463

ئىدىيە كۈرىشى ۋە زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆزى ..... 467

مۇھاجىرەتتە قىلىدىغان ئۈچ ئىش ..... 470

ئۇيغۇر شىندلېرىنىڭ پاراستى ..... 476

لاگېردىن چىققان خەت ..... 480

قازاق باغرىم، ئۇيغۇرنى ئۆچۈرسەڭ، خىتاي بىلەن رۇسنى كۆچۈرەمسەن؟ ..... 484

ئۇلۇسچى بولاي دەيمەن، ئەمما... ..... 490

قىرغىنچىلىققا گۇۋاھچى سىز ..... 497

كىمنىڭ ئەۋلادىسەن، ئۇيالساڭچۇ! ..... 500

خىيالپەرەسلىكنىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىيەتچانلىق ..... 505

قىزلىرىمنىڭ ئىنگلىزچە تىلى ..... 511

سابىر بۇغداغا باغلانغان سىرلار ..... 514

بايلارنى قۇتقۇزۇشقا يول بارمۇ؟ ..... 517

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ۋە ئاياللار ..... 520

مۇسۇلمانلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ؟ ..... 523

ب ب س غا چىققان يېڭى خەۋەرنىڭ داۋامى ..... 528

# كىرىش سۆز ئورنىدا

## بىر قېرىندىشىمنىڭ ئىنكاسىغا جاۋاب

دوكتور مەمتىمىن ئەلا

قېرىندىشىم، مەن بۇ ئىنكاسىنى بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن باشقا زىيالىيلارنى ئاقلاپ يېزىۋاتمايۋاتىمەن. چۈنكى، مەن قاتارلىق نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ مىللىتىمىز ئالدىدا ھەقىقەتەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى بار. مەن بۇ جاۋابنى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن يېزىۋاتىمەن. بىرى، مەن سىزنىڭ مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالاكەتلىك ھالغا كېلىشىنىڭ ھەممىسىنى زىيالىيلاردىن كۆرۈشىڭىزنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن. يەنە بىرى، سىزنىڭ بەزى قاراشلىرىڭىز مېنىڭ يېقىندىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان پىكىرلىرىمنى غىدىقلىدى ۋە ئۇلارنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكىنى قوزغىدى. بۇ مەنىدىن، مېنىڭ ئىنكاسىمدىكى بەزى نۇقتىلار سىز ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئالدى بىلەن، سىزنىڭ مېنىڭ يازمامغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرىڭىزدىن ئانتى-زىيالىيلىق (anti - intellectualism) خاھىشىنىڭ شولىلىرىنى كۆردۈم. بۇ خاھىشتا زىيالىيلارنى رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئاۋامنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلار دەپ قارىلىدۇ. ئېغىرلاشقانلىرىدا بولسا، زىيالىيلار خەلقنىڭ قارشىسىغا قويۇلۇپ ئىدراك قىلىنىدۇ-

بەزىدە ئۇلار ئىنقىلاب ياكى ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇش يولى بىلەن ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ ۋە ھەتتا يوقىتىلىدۇ. بۇ 1930 ـ يىللىرى ئىسپانىيەدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىتايدا، كامبودژادا ۋە ھەتتا قىسقا بىر مەزگىل ئامېرىكادا يۈز بەرگەن.

مەن زىيالىيلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارىغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئىدراك قىلىنغانلىقىنى باشقا ئامىللار بىلەنمۇ باغلاپ چۈشىنىشكە تىرىشتىم. بۇ كۆپىنچە ھاللاردا خەلقنىڭ ئۆز زىيالىيلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدى بىلەن زىيالىيلارنىڭ بۇ ئۈمىدنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشقا تۈگەللىنىدۇ. بىر مىللەت ئېغىر كۈندە قالغاندا، بولۇپمۇ كوللېكتىپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، تەبىئىيكى بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بەزىدە ئۆزىدىن، بەزىدە باشقىلاردىن ۋە ھەتتا بەزىدە تەڭرىدىن كۆرىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىيلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، بەزىلىرى ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزلىرىنىڭ رەببىلىرىدىن، ئۆزىدىن ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ يەھۋاسىدىن كۆرگەن ـ ھەتتا بەزىلىرى يەھۋاسىنى قارغىغان، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كوللېكتىپ روھىي جەھەتتە ئەڭ ئاجىزلاشقاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەردۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇشبۇ كوللېكتىپ بۇنداق قەتلىئامنى يۈرگۈزگۈچىدىن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قورقۇش سەۋەبلىك، ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىنى ئۇنىڭغا قارىتالماي، بۇ نەپرەتتىن كېلىپ چىققان پاسسىپ ئېنېرگىيەنى بىخەتەر ھالەتتە ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىدۇ. ياكى ئۆزىدەكلا ئەڭ ئاجىز، ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ۋە ئۆزىگە ئۈستىلەپ زۇلۇم يۈكلىيەلمەيدىغان ئوبيېكتتىن بىرنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن

ئاچچىقنى چىقىرىدۇ. بۇ ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئۆزىنى قوغداش مېخانىزملىرىنىڭ بىرىدۇر.

شۇڭا ئەگەر بۇ مىللەتنىڭ زالالىتىگە قايىل قىلارلىق بىر سەۋەب تېپىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىيلارنىڭ تارتىپ چىقىرىلىدىغانلىقىدىن ئانچە ھەيران قالمايمەن. چۈنكى، بىرى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر توپ چوقۇم تارتىپ چىقىرىلىشى كېرەك. يەنە بىرى، خەلق ئۇلاردىن باشقىلاردىن ھەرگىز كۈتمەيدىغان ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بەزىدە زىيالىيلار بۇنداق كۈتۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى، نومۇسسىزلىقى، رەزىللىكى ياكى قورقۇنچاقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بەزىدە ئۇلارغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. خەلق بەزىدە خۇددى بىر شەخسكە ئوخشاشلا شەخسىيەتچى كېلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئۇ زىيالىيلارنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇنىڭ چېكىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زىيالىيلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبكارى قىلىشقا جان جەھلى بىلەن ئۇرۇنىدۇ. چۈنكى، شۇندىلا، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆزىنىڭ ئادا قىلالماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئەندىشىنى ۋە بېسىمنى ئۈستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

يەنە ئەگەر بۇ مىللەتنىڭ زالالىتىنىڭ سەۋەبى زىيالىيلاردىنلا ئىزدەلسە، بۇ ھەقىقىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان تاشقى سەۋەبنى- تاشقى دۈشمەننى، يەنى خىتاينى نەزەردىن ساقىت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ «ئېشەككە كۈچىڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك مۇشتلاپ ئويناپ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئەسەبىيلىكىگە كىرىدۇ. ئەمما، شۇنىسى جىددىي ئېيتىلىشى كېرەككى، بۇ ئۆزگە نەپرەتلىنىشنىڭ بىر خىل

شەكىلدۇر. بۇ ئۆزىدىن شۇنداق نەپرەتلىنىشكى، بۇنىڭدا سىرتقا چىقىرىشقا پېتىنالمىغان، قورقالغان ۋە ئەيمىنىلگەن ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ـ نەپرەت (پاسسىپ ئېنېرگىيە) ئۆز ئىچىدىكىلەرگە بىخەتەر قويۇپ بېرىلىدۇ. بەزىدە خۇددى سىزگە ئوخشاش ئىسسىمسىز هالدا بىخەتەر قويۇپ بېرىلىدۇ. بەزىلەردە بۇ قويۇپ بېرىش شۇنداق بىر پىسخىك بىنورماللىقتا ئېلىپ بېرىلىدۇكى، قويۇپ بېرىلگۈچى قانچە داڭلىق بولسا، ئۇنىڭ «نومۇسلۇق» ۋە ھەتتا «ئەجەللىك» ئاجىزلىقىغا قانچىلىك زەربە بېرىلسە، بۇنىڭدىن ئېرىشىلىدىغان يوشۇرۇن شادلىقنىڭ لەززىتىمۇ شۇنچە شېرىن بولىدۇ. ئەمما بۇ بىر كېسەلمەن شادلىنىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزىگە نەپرەتلىنىشنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرىغا زەربە بېرىش شادلىق ئېلىپ كېلىۋەرگەنسېرى، بۇ بىر ئادەتكە ۋە ھەتتا خۇمارغا ئايلىنىدۇ. ھەتتا بۇ بەزىدە كوللېكتىپ ئادەت ۋە خۇمارغىمۇ ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە خىتايغا ئىشلەپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىگە زەربە بېرىدىغان ئەللىك سېتىلىقلارنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئۇلار قەلبىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا خىتاي تەرىپىدىن بۇنداق شادلىققا خۇمار قىلدۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆز قىلمىشىغا قارىتا كېلىپ چىقىدىغان گۇناھ تۇيغۇسى كەمدىن كەم ھېس قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بىر داڭلىق شەخس يىقىتىلغاندىن كېيىن، ھۇجۇم تەبىئىيلا يەنە بىرىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ ئاخىرىدا ھەممەيلەن ئۈزۈل ـ كېسىل ئابرۇيسىزلاشتۇرۇلغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ دەل ھازىر بىزگە ئۆز ـ ئۆزىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك زىيان ئېلىپ كېلىۋاتقان بىنورمال ئىجتىمائىي قىلمىشلارنىڭ بىرىدۇر. قالغانلىرىمىز بولسا، بۇ داڭلىق شەخسلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئابرۇيسىزلاشتۇرۇلۇشىغا شاھىت بولۇپ تۇرۇمىز. ھەتتا بەزىلىرىمىز

بۇنىڭدىن ئىككىلەمچى شادلىقنى ئېرىشىپ، بىنورمال شەكىلدە پەيزىنى سۈرىمىز. (ئەلۋەتتە، مەن يەنە ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكۈۋالغان ۋە كەلگۈسىدە تۆكۈۋالىدىغانلارنىڭ بارلىقنى چەتكە قاقمايمەن. ئەمما بۇ بىر نورماللىقتۇر).

نوپۇز يىقىتىلسا، نوپۇزلۇقلار بىر ـ بىرلەپ ئېتىبارسىزلاشتۇرۇلسا، ھېچكىم ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدىغان ۋە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئانارخىيە ـ باش باشتاقلىق شەكىللىنىدۇ. بىرەر شەخسنىڭ ئۇيغۇرلارغا لىدىر بولۇپ، ئۇلارنى يېتەكلىشى تېخىمۇ تەسلىشىدۇ ۋە ھەتتا ئىمكانسىزلىشىدۇ. نەتىجىدە ھېچكىمنىڭ نوپۇزى بولمىغان دۇنيادا پۈتۈن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ تېرەن ئۈمىدسىزلىككە غەرق بولىدۇ، چېچىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ بەزى زىيالىيلار تەنقىدلەنمەسلىكى كېرەك دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەمما تەنقىد قارشى تەرەپنىڭ قارىشىغا، نۇقتىئىنەزەرىگە ۋە نەزەرىيەسىگە بېرىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە قارىتىلماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، مەن ئابدۇۋەلى ئايۇپ ھەققىدە يېقىندا يېزىلغان بەزى تەنقىدىي يازمىلارنىڭ ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قاراشلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى قارىلاش بىلەن قارشى تۇرۇلغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئابدۇۋەلىنىڭ قارشى بىلەن روبىرو تۇرۇپ، ئەقلىي نۇقتىدىن يەكمۇ يەك ئېلىشالىغۇدەك ئىلمىي ماغدۇرنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ بىر سەگەك زىيالىي سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن قاراشلىرى بىزنى رېئاللىقىمىزغا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇ ئىجادچانلىققا ئىگە بىر ئىجتىمائىي ئوبزورچى، مەسئۇلىيەتچان بىر زىيالىيدۇر. ئەمما، ئۇ بەزىلەر تەرىپىدىن

قەستەن ئابرۇيسىزلاشتۇرۇلۇۋاتقان بىر زىيالىيدۇر. ئۇنىڭ قىسمىتىدىن يەنە كۆزگە كۆرۈنگەنلەرنى يىقىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلاردەك كۆزگە كۆرۈنەلمىگەنلىكى ئېلىپ كېلىدىغان پىسخىكىلىق تەڭپۇڭسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشىنىمۇ بايقايمىز. بۇنى ئاۋام تىلىدا ئاددىيلاشتۇرۇپ «كۆرەلمەسلىك» دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ زالالىتىمىزگە زادى كىم سەۋەبلىك؟ بۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر يالغۇز زىيالىيلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار سەۋەبلىك بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇيغۇرلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، تارىخىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان ئىنقىلابچىلىرىمىز، سىياسىيونلىرىمىز، ھەربىي قوماندانلىرىمىز ۋە ھەتتا ئاۋام خەلقىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى مەغلۇبىيەت زىيالىيلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتى بولغاچقا، بۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ قارايدىغان بارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بىز بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇشىنىڭ سان تولدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئاڭقىرىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭدىن سىرت، بىزنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا تاشقى جەھەتتىن خىتاينىڭ ۋەھشىي قەتلىئام سىياسىتى سەۋەب بولسا، ئىچكى جەھەتتىن زىيالىيلىرىمىزدىن تارتىپ دىنىي ئەربابلىرىمىزغىچە، باققاللىرىمىزدىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغىچە، بايلىرىمىزدىن تارتىپ كەمبەغەللىرىمىزغىچە ھەممىمىز مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. يەنى، بىز ھەر بىرىمىزنىڭ گەدىنىگە چۈشىدىغان مەسئۇلىيەتنى باشقا بىرىمىزگە ئىتتىرىپ قويمايمىز ھەم قويالمايمىز. شۇنداقلا، ھەقىقىي مەنىدە بۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولالايمىز. بولمىسا، ئۇيغۇرلۇق بىز تۇغۇلغاندا پېشانىمىزگە ئامالسىز پۈتۈلۈپ قالغان

قارغىشتەگكۈر بىيولوگىيەلىك سالاھىيەت بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ بىز قوبۇل قىلغان، ئىچكىيلەشتۈرگەن، پەخىرلەنگەن ۋە ئاكتىپ ئىپادىلىنىدىغان ئىجتىمائىي سالاھىيەت بولمايدۇ.

شۇنداقلا، يەنە بۇنىڭغا كۈنىمىزدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان قەتلىئامىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقالىغانلاردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ لاگېردىكى ياكى تۈرمىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقان توخۇ يۈرەكلەرگىچە، كاللىسىدا كۈندە يېڭى پىلانلارنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىۋاتقانلاردىن تارتىپ كاللىسىدىن كېتىۋاتقانلارغىچە، خىتايلاردىن ھېلىغىچە ئۈمىد كۈتۈپ ياشاۋاتقانلاردىن تارتىپ ئۇنىڭدىن ئۈزۈل كېسىل ئۈمىد ئۈزگەنلەرگىچە، قورال‌لىق كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن ئاتاپ قويغانلاردىن تارتىپ خىتاي بىلەن سۆلھى تۈزۈپ يېڭى ئاپتونومىيە رامكىسىدا ئىجىل ـ ئىناق ياشاشنىڭ چۈشىنى كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مەسئۇل بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەممىسىنىڭ تەقدىرى خىتايدىن كېلىدىغان كوللېكتىپ ئۆلۈم بىلەن تەبىرلىنىۋاتىدۇ ھەم تەبىرلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ھەممىمىزنىڭ قۇتۇلۇش يولى ئىزدىشىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇۋاتىدۇ. بىز لاگېردىن قۇتۇلۇشتىن تارتىپ خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغۇچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشەققەتلىك ۋە ھەتتا نەتىجىسى نائېنىق كۈرەشتە باشتىن ـ ئاخىر بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشىمىز كېرەك.

ئەمما، رېئاللىقىمىزچۇ؟ بىز بۇ ھەقتە سىز ئېيتىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ئەزاسى بولۇشقا لايىق ئەمەسمىز. بىز تا ھازىرغىچە بىر مىللەت شەكلىگە ۋە روھىغا تەلتۆكۈس ئۆتۈپ بولالمىدۇق. مەسىلەن، تا ھازىرغىچە ئۆزىمىزنى

ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ۋە بىر يۇرتلۇقلار بىلەن تەبىرلەۋاتىمىز، ئىدراك قىلىۋاتىمىز ۋە ھەتتا ئۇنى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغىچە ئېلىپ يۈرۈۋاتىمىز. بىر قىسىملىرىمىز ئۈچۈن، بىز تەۋە يۇرتنىڭ ۋە يۇرتلۇقلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتى باشقا يۇرت ۋە يۇرتلۇقلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ۋە ئەزىز. بەزىدە بىز رادىكاللاشقان شەكىلدە ئاقسۇلۇقلارنىڭ، قەشقەرلىكلەرنىڭ، ئاتۇشلۇقلارنىڭ، كورلىلىقلارنىڭ، تۇرپانلىقلارنىڭ، قومۇللۇقلارنىڭ، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ، خوتەنلىكلەرنىڭ ۋە غۇلجىلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىكىگە ۋە ھەتتا بىر ـ بىرىگە بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكىگە شاھىت بولۇۋاتىمىز. شۇنىسى دىققىتىمىزنى تارتىۋاتىدۇكى، ھازىر بەزى يۇرتلارنىڭ چوڭلىرى ئۆز يۇرتلۇقلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەخپىي يىغىنلارنى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى تۈزۈۋاتقانلىقى مەلۇم. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەقەت ئۇلارنىڭ يۇرتلۇقلىرىنىڭ قولىدىنلا بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېلىدۇ. باشقا يۇرتلۇقلار ياكى ئىقتىدارسىز ياكى ئىشەنچسىز ياكى ئاسىيلاردۇر. خىتاي تەرىپىدىن يۇرت، جىنس ۋە ئىقتىدار نۇقتىسىدىن ئايرىلماستىن، پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا كوللېكتىپ قەتلىئامغا مەھكۇم ئېتىلگەن بۇ مىللەتنىڭ بەزى باشلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مىللىي سالاھىيىتىنى يۇرت ئارقىلىق بەلگىلىشى ھەم مەسخىرىلىك بولسا، ھەم ئېچىنىشلىقتۇر؛ قانچىلىك زىددىيەتلىك بولسا، شۇنچىلىك ئۆز ـ ئۆزىنى ۋەيران قىلىشتۇر. مەن بۇلارنى بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرى دېمەيمەن ھەمدە بۇنداق ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان مىللەتنىمۇ ھەقىقىي ئىجتىمائىي بىرلىك، ئىقتىسادىي باغلىنىش، پىسخولوگىيەلىك ئورتاقلىق، جۇغراپىيەلىك زېمىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي توپ دەپ

كىسىپ ئىپتالمايمەن. بۇنى مەن پەقەت تولۇق مىللەتلىشىپ بولمىغان ئالدىنقى مىللەتلىك ھالىتى دىيىشكە مەجبۇرمەن ياكى بۇنداق مىللەتنىڭ ئەزالىرىنى بىر ئالامانلار (يىغىندىلار)—يەنى، تارىخنىڭ تاسادىپىي پۇرسىتىدە ۋاقىتلىق بىر مەقسەت ئۈچۈن، توپلىشىپ بىللە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىجتىمائىي توپ قارايمەن. بۇ ئالامانلار خۇددى ئاپتوبۇس كۈتۈۋاتقان يولۇچىلارغا ئوخشايدۇ- ئۇلار بىر - بىرىنى تونۇمايدۇ ھەم ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇش، تىخىمۇ مۇھىمى ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى يوق. پەقەت ئوخشاش ئاپتوبۇسنى كۈتۈشتىن ئىبارەت تاسادىپىيلىقلا ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاپتوبۇس كەلسە ئۇنىڭغا بىللە چىقىپ، بىر توپ ھاسىل قىلىدۇ. سىرتتىن قارىماققا ئۇلار خۇددى بىللە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك، نىيەتداشتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ھەممىسى ئۆزىنىڭ نىشانىغا كەلگەندە، ئاپتوبۇستىن بىر - بىرلەپ چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نىشانى ئەسلىدىنلا بىر ئەمەس- ئۇلار پەقەت ئۆزىنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسقا باشقىلار بىلەن بىللە چىقىش مەجبۇرىيىتى سەۋەبىدىنلا شەكىللىنىدىغان توپقا تاسادىپىي قاتنىشىدۇ ۋە نىشانىغا يەتكەندە ئۇنىڭدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىدۇ. دىمەك، ئۇنىڭدا ئۆزى بىللە بولغان توپقا قارىتا ھىچقانداق مەسئۇلىيەت ھىسسىي بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ھىچقاچان ھەقىقىي يوسۇندا ئۇ توپقا تەۋە دەپ قارىمايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇنداق توپنىڭمۇ يولۇچىلارنى ئۆزىگە ئۇزاق مۇددەتلىك تەۋە قىلدۇرۇش كۈچى يوق. چۈنكى، ئۇ تاسادىپىي زۆرۈرىيەتتىن بارلىققا كىلىدىغان ۋاقىتلىق، قۇراشتۇرۇلما ۋە سۈنئىي توپتۇر.

بۇ مەنىدىن، بىز قۇرماقچى بولغان دۆلەتنىڭ ئىسمى مەيلى شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستان ۋە ياكى باشقا بىر

ئىسىم بولسۇن، ئۇنىڭ ئاساسى ئالدى بىلەن ھەممىمىزنىڭ بىر مىللەت بولۇپ ھەقىقىي ئۇيۇشالىشىمىز، تەقدىرداشلىق تۇيغۇسىغا ئورتاقلىشالىشىمىز ۋە ئورتاق بىر ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق نىشانىغا تەڭ ئىلگىرىيەلىشىمىز ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇنداق مىللەتلىك دەرىجىسىگە تولۇق يەتمىگەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى كوللېكتىپ ئۆلۈم ئالدىدا بۇ مىللەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسەن بۇ مىللەتنىڭ باشلامچىلىرىنىڭ بىرلىشەلمەسلىكىدۇر. سەۋەبلەر ئاددىي - - مەنمەنلىك مىللەتنىڭ مەنپەئەتىدىن كۈچلۈك، تەۋەرۈك شايكا توپلاش ھەۋىسى مىللىي بىرلىشىش زۆرۈرىيىتىدىن ئۈستۈن، بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا خىتاينىڭ قولىنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمىسا كېرەك. شۇندىمۇ، مۇشۇنداق شارائىتتا بىز ھەممىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، بىرلىشەلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، بىرلىشىش ئەمەس، بەلكى بارغانسېرى چېچىلىپ كېتىۋاتىمىز. ھېچكىم بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا مەسئۇل بولۇشنى خالىمايدۇ. ھېچكىم قارشى تەرەپكە زەيتۇن شېخى سۇنۇشنى مىللىي بىرلىكسەپ ئۈچۈن دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە بىزنى قۇترىتىۋاتقان، ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرگۈزۈۋاتقان ئالۋۇنسىمان، ئەمما خەتەرلىك بىر «مەنمەنچىلىك» بار.

يامان يېرى، دىنىي ئەربابلار بىلەن پەننىي ئەربابلار تا ھازىرغىچە بىر يەرگە كېلەلمىدى. نېمىشقا؟ بۇ يەردە تارىختىن قالغان بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك ۋە ھەتتا بىر - بىرىنى دۈشمەن كۆرۈش ھەممىگە ھۆكۈمراندۇر. پەننىي زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى دىنىي زىيالىيلارنى بىلىمسىز، قالاق ۋە ھەتتا رادىكال

دەپ قارايدۇ؛ دىنىي زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى بولسا پەننىي زىيالىيلارنى ئىمانسىز، مىللەتچىلىكنى ئۇممەتچىلىكتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ ۋە قورقۇنچاق دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ بارغانسېرى يوغىناۋاتىدۇ. مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە، شۇنى قىياس قىلىش ئۇنچە تەس ئەمەسكى، تاڭلا ئەتە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى جامائەتكە ئايرىلىپ، ھەممىسى ئۆزى بىلگەن يولدا ماڭىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. شۇڭا، قاچانكى بىر پەننىي زىيالىي ئۆزىنى دۈشمىنى خىتاي تەرىپىدىن «تېررورچى» دەپ ئەيىبلەنگەن بىر دىنىي قېرىندىشىغا مەسئۇل، شۇنداقلا بىر دىنىي زىيالىي بىر خىرىستىيان ياكى بىر بۇددىست ئۇيغۇرنى ئورتاق ئازادلىق سەپىرىدىكى سەپدىشى دەپ قارىيالايدىكەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللىي بىرلىك ئېغىزدىكى قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداقلا، قاچانكى ھەر ئىككى خىل زىيالىيلار مىللىي ئازادلىقنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ھەرقانداق پەرقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش ئاساسىدىكى بىرلىك بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيدىكەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى بىرلىك ـ ھەمكارلىق ساختا بىرلىك ـ ھەمكارلىققا ئايلىنىدۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بارلىق كاتتا چاقىرىقلاردىن مۇستەسنا ھالدا پەقەت شۇنىلا دېيەلەيمەنكى، ئالدى بىلەن ھەققىي ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىشى كېرەك. بۇ شەكىللەنمەي تۇرۇپ، كەلگۈسىدە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلۇق بۇرۇن بار ئىدى دەپ قارالسا، ئۇ تېخىمۇ چىڭىشى ۋە ھەققىي بىر زامانىۋى، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىيالايدىغان ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرگەن مىللەتكە ئايلىنىشى كېرەك، يوقىلىۋاتقان مىللەتتىن تىرىلىۋاتقان مىللەتكە

ئايلىنالىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ۋەتەنىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار تېز سۈرئەتتە يوقىلىمىز. بۇ پەقەت بىر ۋاقىت مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

***ئىزاھات:***

مەتىمىن ئەلا ئەپەندىمىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

# قاماقتىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىمىز؟

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت ئەزالىرىغا قىلىۋاتقىنى خىتاي قانۇنىغا ۋە خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە قارشى جىنايەت. بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى كىشىلەرمىز. ئەگەر زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىز ئەرز قىلمىساق سوتچى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، سوت ئېچىلمايدۇ، سوتكۇتنى تاللىساق جىنايەتچى قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. پەرەز قىلىپ باقايلى، ھازىر چەتئەللەردە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار، شۇلاردىن 100 مىڭ كىشى ئوخشاش بىر كۈندە ئاچلىق ئېلان قىلىش، مەكتۇپ يوللاش، خەلقئاراغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىسەك، ۋەتەندىكى بۇ قانۇنسىز قىلمىشلارغا جاۋاب بولىدۇ. بۇ بىر ئەرز بولغانىكەن قانۇنغا ئۇيغۇن بولىدۇ، تەلەپلەرمۇ قانۇنغا ئۇيغۇن يېزىلىدۇ. ھەممە جەريان سىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ، ئۇيغۇرلار پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىتاينىڭ ۋە خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنىڭ ماددىلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

1. ئەگەر سىز خىتاي پۇقراسى بولسىڭىز ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى، سىز ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ پارلامېنتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى... قاتارلىقلارغا مەكتۇپ يوللىنىدۇ. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە «مەن ئۇيغۇر ئادالەتكە ئەرزىم بار» دېگەن يازمىدىن كۆرۈڭ.

2. ئەگەر سىز چەتئەل پۇقراسى بولسىڭىز دۆلىتىڭىزدىكى

سوتقا سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشەلمەيۋاتقانلىقىڭىز سەۋەبلىك ئۇچراۋاتقان روھى زەربە، بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان، كېسەللىك قاتارلىقلارنى پاكىت قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلسىز.

3. ئەگەر سىز تېخى پۇقرالىققا ئۆتۈش باسقۇچىدا بولسىڭىز يۇقىرىقىلارنى تەڭ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق ئۇيغۇر بۇ ئىككى ئىشنى تەڭلا قىلسىمۇ بولىدۇ.

4. سىز يازىدىغان ئەرز، ئىلتىجا ۋە مۇراجىئەتلەرنى خالىغان تىلدا يازسىڭىز بولىدۇ. تاپشۇرۇپ ئالغۇچى چوقۇم تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرىدۇ.

5. بۇ ھېچبىر تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ئەمەس، بۇنى پەقەت سىزنىڭ قىينىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ۋىجدانىڭىزنى چاقىرىقى دەپ بىلىڭ. بۇنى قىلغان - قىلمىغىنىڭىزنى ھېچكىمگە دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاخىرقى ئىلتىماس بۇ پائالىيەتكە قارشى ھېچ ئىش قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما بىر قېتىم بولسىمۇ، بىر پارچە خەت ئارقىلىق بولسىمۇ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ھاياتىمدا بىر قېتىم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قامالغان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن ھەق سۆزلەي دېگەنلەرنى توسمىغايسىز.

tovendiki xetttiki Aliye Erkin digen isimni ozenglarning ismigha ozgertip, tovende berilgen tutulghan uruq tuqqanlarning ismigha ozenglarnng tutulghan uruq tuqqanlirining ismini qoyup, yeshini, jinsini( ayal bolsa female, er bolsa male dep yezip) terbiyleshke elip kirip ketilgen sheherning ismini yezip bashqa yerlerni

ozgertmey tovendiki adrisqa fax, email yaki pochitin evetsenglar bolidu:

Fax:

+41 22 917 90 06

e-mail to: urgent_action@ohchr.org

pochtidin ewetilse tovendiki adrisqa ewetilidu:

Quick Response Desk

Office of the High Commissioner for Human Rights

United Nations Office at Geneva

8-14 avenue de la Paix

1211 Geneva 10

Switzerland

ewetilidighan xet:

Dear OHCHR Officer,

My Name Is Aliye Erkin, following are my relatives who were taken to a re-education camp in China six month ago, without any explanation. I have recently learned from Associated Press's news that a young Uyghur man whose name is Yasinjan disappeared in a re-

education camp and soon after Radio Free Asia confirmed that Yasinjan and another young man were killed in the re-education camp. I have had no contact with my relatives, and I am extremely worried about their safety. I learned from unofficial sources that almost half of the Uyghur population are taken to so-called China's re-education camp. Uyghurs in re-education camps include women, children, and elderly people. They are suffering from extensive torture, forcible disappearance, and some of them end up with mysterious dead or abused for organ harvesting. I would like to ask Office of the High Commissioner for Human Rights take urgent action for this case to save these innocent people's life.

Rishat Ablikim , male , age 55, resided in ghulja

Munire mijit, female, age 25, resided in Urumchi

Buhelchem rishat , female, age 60, Urumchi,

Sincerely,

Aliye Erkin, Dec 24, 2017

German citizen

2017 - يىلى 25 - دېكابىر

## پاقىدىن پاقلان چىقماس

2017 ـ يىلى ئىيۇندا ئاچام تۇتۇلغاندىن كېيىن ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئاكام، سىڭلىم قاملىپ مەن كىشىلەرنى تۇتۇلغان تۇغقانلىرىغا شاھىت بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. 12 ـ ئايدا ب د ت غا، ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق ئەللەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىغا ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئەرز قىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلدىم. دېمەك، دەسلەپ ئەرز قىلىش ھەرىكىتى بولغان، شۇ چاغدىمۇ ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە تەييارلانغان ئەرز ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان، ئەرزنىڭ قانداق يېزىلغانلىقى ھەققىدە ئۇن چىقارمىغان، ئەرزنىڭ ئۈنۈمى ئۈچۈن كۈچ قوشمىغان كىشىلەر مېنى ئۆزىنى خىتاي پۇقراسى دەپتۇ، دەپ گەپ تاپقانىدى. مەن قانۇنىي جەھەتتە خىتاي پۇقراسى، ئەمەس دېسەممۇ مەن خىتاي پۇقراسى، ئېتىراپ قىلسام قىلمىسام مېنىڭ ئىقامىتىمگە تۈرك دۆلىتى شۇنى يېزىپ قويىدى. شۇڭا مەن ب د ت غا سۇنۇلغان رەسمىي ئەرزگە خىتاي پۇقراسى دەپ يازىمەن. چۈنكى بۇ رەسمىي ئەرزنامە، مېنىڭ ئارزۇنامەم ئەمەس.

ئىمزا قويۇش باشلانغان چاغلاردا بىر بوران چىققان، بوراندا كىشىلەرنىڭ تالاشقىنى مۇراجىئەتنىڭ مەزمۇنى ئەمەس ئىسىم مەسىلىسى ئىدى. تالاشقاق ئۇلۇغلاردىن ھېچكىم بۇ ئىمزاغا قانداق قىلىپ ئادەم كۆپەيتىمىز دېگەننى ئەمەس، نېمىشقا شىنجاڭ دەپ تىرناق ئىچىگە شەرقىي تۈركىستان دەيدۇ، دەپ تالاشقان ئىدى.

جەك ئىمزا ھەرىكىتىنى باشلىغاندا بەزىلەر قەستەن سەۋىيلەرچە

مەيدانغا چىقتى. ئۇلار بۇ ئىمزانى قانچە ئۇيغۇر كۆندە قانچە ئادەمگە يەتكۈزسەك تۆت ھەپتىدە يۈز مىڭ قىلىمىز، قانداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىمىز دېمەي، «شەرقىي تۈركىستان دېمىگەن مۇراجىئەتكە ئىمزا قويمايمىز» دەپ بوران چىقاردى. كىم ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلىسە شۇ ھەقلىق بولىدىغان، كىم كۆزنى يۇمۇپ ئادەم تىللىسا قەھرىمان ئاتىلىدىغان بىر ۋەزىيەت مەيدانغا چىقتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتە قىلىدىغان تىنىچ ھەرىكىتى ئىككى تۈرلۈك. بىرى ئاممىۋى ھەرىكەت بولۇپ نامايىش، ئاچلىق ئېلان قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىقلار. يەنە بىرى ئاما قىلمايدىغان پەقەت سەرخىللارنىڭ قىلىدىغان ئىش بولۇپ لوبىچىلىق دېيىلىدۇ. لوبىچىلىق دېگەن سۆزنى كۆپىنچە ئاۋام چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسلىدىنلا سەرخىللار قىلىدىغان ئىش. ئۇيغۇرنىڭ كۆپچىلىكى ياش سەۋەبلىك ۋەتەندىن چىقىپ چەتئەللەردە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا، شۇ تىلدا يېزىپ چۈشەندۈرگۈدەك ھالغا كېلىشكە قادىر بولالمىغان. شۇڭا ئۇلارغا غەربتە ئومۇملاشقان لوبىچىلىقنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بولۇش ئاسان ئەمەس، شۇڭا قىسقارتىپ دەۋا دەپلا ئاتىساق بولىدۇ.

سەرخىللار قىلىدىغان لوبىچىلىقنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئەلدىكى ھېچقانداق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي، مەكتەپتە سىياسەت، قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت دېگەندەك كەسىپلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئۆگەنمەي، شۇ ئەلنىڭ تىلىنىمۇ تۈزۈك بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنى مەن دەۋا قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار ئادەتتە دەۋا قىلىۋاتىمەن دەپ ھەممىگە تىل سېلىپ يۈرگەن بىلەن، شۇئار بىلەن ئىدېئولوگىيەنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر. ئۇلارغا لوبىچىلىقنىڭ سەرخىللار ھەرىكىتى

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشمۇ بىر مەسىلە. ئۇلار نامايىش قىلىۋاتىمەن دېگەن ئاممىۋى ھەرىكەتنى دەۋا قىلىۋاتىمەن دەپ لوبىچىلىققا تەڭلەشتۈرىدۇ.

ھازىرقى بىر مەسىلە، سەرخىللار قىلىدىغان لوبىچىلىقتىكى ئاممىۋىلاشتۇرۇشۇش. بىر قىسىم ئاكتىپلار لوبىچىلىق ھاياتىنى توختىماي رەسىمگە چۈشۈپ ئاممىۋىلاشتۇرسا، بەزىلەر ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بۇرمىلاپ ئاممىۋىلاشتۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر لوبىچىلارنىڭ خۇسۇسى ھاياتىنى ئاممىۋىلاشتۇرسا، بەزىلەر بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ لوبىچىلىق جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان بىرەر سۆز، بىرە ھەرىكەتلىرىنى ئاۋامغا سازايى قىلىپ ئاممىۋىلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىللەتنى قايمۇقتۇرىدۇ.

مەيلى جەك ئۇچرىغان تەنقىدلەر ياكى باشقىلار يولۇققان تۆھمەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى يامان گۇمان قىلماي تۇرۇپ، لوبىچىلىقلىرىنى ئاممىۋىلاشتۇرماي تۇرۇپ شۇ شەخس بىلەن دېيىشىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىسمۇ بولىدۇ. ئەمما بەزىلەرنىڭ قەھرىمان بولۇش، ۋارقىراپ تونۇلۇش، يىقىتىپ تونۇلۇش، باشقىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش ئىستىكى ھەقىقەتەن قۇتراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قولى ئىشتا بولمىغاچقا، مىللەتكە نېمە قىلىپ بېرىشنى بىلمىگەچكە، قولىدىن بىر ئىش كەلمىگەچكە توختىماي باشقىلار قىلىنىۋاتقان ئىشتىن ئېيۋەن ئىزدەيدۇ، باشقىلار باشلاپ بولغان ئىشنى بۇزۇش تەرەپدارى بولىدۇ. ئۇلار دائىم قويىنى قونداققا سۆرەپ، پاقىدىن پاقلان تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزى بۆگۈن تەشكىلات، نامايىش ۋە دەۋانى باشلاپلا قېتىلمىغانلارنى، چىقمىغانلارنى مۇناپىق، خائىن، خىتايىنىڭ ئادىمىگە چىقىرىپ تىللاپ ھەتتا ئادەم قاتارىغىمۇ ئالمايدۇ.

بەزى تەشكىلاتچىلار ئائىلىنىڭ دەۋادىن يىراق تۇرۇشىنى، بىخەتەر يولۇشىنى چۈشىنەلمەيدۇ. سەرخىللاردىكى يۇقىرىقى نۇقسانلار سەۋەبلىك تەشكىلاتلار ئائىلىنى قوزغىتالماي دېيىلمىگەن گەپلەر قالمايدۇ. مەنچە سەرخىللارنىڭ رەسمىگە چۈشۈش ئىنقىلابى، بىر ـ بىرىگە باھا بېرىش ئىنقىلابى، جېدەل تېرىپ تاماشا كۆرۈش ئىنقىلابى، سىندا سۆزلەپ، مۇنازىرە قوزغاپ ۋەزخانلىق قىلىش ئىنقىلابى، بىر ـ بىرىنى مات قىلىشقا خىتايغان قارشى تۇرۇشتىنمۇ بەك ماھىرلىقى كىشىلەرنى دەۋادىن داد دېگۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مەن 2018 ـ يىلى ماينىڭ ئاخىردىن باشلاپ 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ دەۋادىن نەقەدەر ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بايقاپ بەك ئېچىندىم. بەزى ئۇيغۇرلار چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ بۇ قەدەر چۇۋالچاق، زىددىيەتلىك، پېتنىشماسلىق بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋەتەندە بۇلارنى بىلمەي ياشىغان بولسا ئۇيغۇرنىڭ كەلگۈسىدىن بۇ قەدەر ئۈمىدسىزلەنمەيدىغانلىقىنى، ۋەتەندە نۇقسانلارنى بىلمىگەچ چەتئەلدىكىلەردىن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

چاقىرىقلارنىڭ رولىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، مەن يەنىلا شۇ ئۈمىدسىزلەنگەن قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن سەرخىللاردىن شۇنى كۈتىمەن: قولىڭىزدا ئىش بولسۇن، قولىمىزدىكى ئىشنى بىللە قىلايلى، ھېچ ئىش قىلمىسىڭىز ئايرىم پىكىر بېرىڭ، پەقەت ئىشىڭىز بولمىسا پەرزەنتىڭىزگە ئۇيغۇرچە گەپ قىلىپ بېرىڭ، ئۇيغۇرچە ئۆگىنىڭ، ئۆگىتىڭ. ئەمما ئىش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئېسىلماڭ، كۆزىگە كىرىۋالماڭ، يولىنى توسۇپ قويماڭ. دەۋا يولىدا قىلىپ يۈرگەنلىرىڭىز كۆزلەرگە

كىچىك ئىشتانسىز بالا چىقىرىپ قويغان تەرەتتەك كۆرۈنىدۇ. سىلەر چىقارغاننى ھەر قانچە ئاقلىساقمۇ، توغرا چۈشەنسەكمۇ، ئوماقكەن دېسەكمۇ، بۇرنىلارغا پۇرايدۇ. بەزىدە سىلەرنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرىڭلارنى ساھىلدا قەلئە ياساپ ئويناۋاتقان ئىشتانسىز سەبىيلەرگە ئوخشىتىمەن. قەلئەنىڭ نەچچە مىنۇتقا پايلىمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئۆزىمۇ بىلىدۇ، ئەمما بىزگە ئۇنى ساراي دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئىشىنىشنى بەكمۇ خالايمىز، ئەمما كۆزىمىزنىڭ بارلىقى، ئەقلىمىزنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭغا ماقۇل دېگۈزمەيدۇ. شۇڭا ئاغزىڭلار گەپكە كېلىشتىن بۇرۇن قولۇڭلار ئىشقا تەگسۇن. ئىشتان كىيمەي يۈرىدىغان ۋاقىت كەتتى.

2018 - يىلى 23 - سېنتەبىر

## ئۇيغۇر سانمۇ، ئىنسانمۇ؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى لاگېرلاردا يېتىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، دۇنيا مەتبۇئاتى ئۇيغۇرلار ھەققىدە جىددىي خەۋەر ئىشلەشكە باشلىدى. غەربنىڭ تۈرلۈك ئورگان ـ تەشكىلاتلىرى تۇتقۇنلار سانى ھەققىدە ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مۆلچەردە ئۈچ مىليونغا يېقىن دېيىلدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇنى بەش مىليون، يەتتە مىليون ھەتتا توققۇز مىليون دېگۈچىلەرمۇ چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

لاگېردىكى تۇتقۇنلار سانى مەيلى بىر مىليون بولسۇن ياكى ئۈچ مىليون بولسۇن ھەتتاكى توققۇز مىليون بولسىمۇ بولسۇن، تاراتقۇلارغا قارايدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈمىزكى بىز سان پېتى تۇرۇپ قالدۇق. بىر مىليون ئۇيغۇر قاماققا ئېلىنىپمۇ بىز تېخىچە ئىستانبۇلدا قەستكە ئۇچرىغان سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مۇخبىر جامال قاششۇغى، ئامېرىكىلىق مەرھۇم جورج فلويىد ياراتقان خەۋەرنىڭ، خەلقئارا تەسىرنىڭ، ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ ئوندىن بىرىنى پەيدا قىلالمىدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىزدە تەپسىلات يوق، پاكىت يېتەرسىز، يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلغۇدەك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان ئۆمەر بېكالىدىن ئونى يوق. ئەگەر بىز پاجىئەنى پاكىتلىق ئاشكارىلىماي سانلارنى كۆنلەپ كۆپەيتسەكمۇ، بۇ سان ھېچ قانچە كىشىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزالمايدۇ.

2014 ـ يىلى دېڭىز ساھىلىگە چىقىپ قالغان بىر سەبى بالىنىڭ جەسىتى ھەممەيلەنگە ئايان. بەلكى شۇ ۋاقىتسىز كۆز يۇمغان سەبىي بالا تېخىچە ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن. شۇ رەسىم چىقىشتىن بۇرۇن يۈز مىڭلىغان ئىنسان سەرسان بولغان سۇرىيە ئۇرۇشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمىغان ئىدى. شۇ رەسىم دۇنيانى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزدى. كانادا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق سۇرىيەلىكنى ئۆز زېمىنىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ پاناھلىق بەردى، گېرمانىيە مىليونلىغان سۇرىيەلىكنى قوبۇل قىلدى. دېمەك، دۇنيانى تەسىرلەندۈرىدىغىنى قانچىلىك كىشىنىڭ قازالغانلىقى ئەمەس، قانچىلىك كىشىنىڭ ۋاپات بولغىنىمۇ ئەمەس، بەلكى شۇ تۇتقۇن ۋە ئۆلۈمنى مىليونلىغان ئىنساننىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان، جانلاندۇرالايدىغان ئىنسانلارنىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزى.

بىز مەيلى تۇتۇلغان ئۇيغۇرنى بەش مىليون ياكى يەتتە مىليون ھەتتا ئون مىليون دېسەكمۇ بۇلار پەقەت رەقەمدىن ئىبارەت. بۇ رەقەملەر پەقەت ساناش ئۈچۈنلا كېرەك بولىدۇ، ھېسابلاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىدۇ. بۇنداق رەقەم ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. تۇتۇلغانلىقنى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۈچ مىليونغا يېقىن ئىنساننىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئوندىن بىر پىرسەنتى، يەنى ئوتتۇز مىڭ تۇغقىنى گۇۋاھلىققا چىقمىسا ياكى شۇ ئۈچ مىليوننىڭ يۈزدىن بىرى بولغان ئۈچ مىڭ كىشى نامايىش مەيدانلىرىغا چىقىپ، «مانا مەن قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر، ئۇيغۇر سان ئەمەس، سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان!» دېمىسە، ساننى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن بىلەن، ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر سان ئەمەس، ئىنسان. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا

بىز يەنىلا سان پېتى تۇرۇپ قالدۇق. بۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىز سان بولۇپ ياشاۋاتقان مىڭلىغان ئۇيغۇرغا ئەمەس، ئىنسان بولۇپ ياشاۋاتقان، ئىنسان ئىكەنلىكىنى جاكارلاۋاتقان، «مەن ئىنسان، مەن زۇلۇمغا ئۇچرىدىم، چىدىمىدىم! ماڭا ئادالەت كېرەك!» دەيدىغان ئىسمى، جىسمى بىلەن مەيدانغا چىقىپ ياكى ئىسمىسىز، يوشۇرۇن تۇرۇپ بولسىمۇ ھەقنى ئاشكارىلايدىغان ئىنسانغا ئىنتىزار.

بىز مىليونلىغان ئۇيغۇر قاماقلىق دېيىلگەن سانغا ئەمەس، مانا مەن قامالغاننىڭ ئاكىسى، بالىسى، دادىسى دېيەلەيدىغان قولىدا پاكىتى بولغان ئىنسانغا زار بولۇۋاتىمىز.

ئۇنتۇمايلى، «مىليون» دېگەن پەقەت ساندىن ئىبارەت. ئەمما جايىنامازدا «ئانام»، كوچىلاردا «دادام»، كېچىلىرى ئۇخلىيالماي «بالام» دەپ تۆكۈلۈپ كەتكەن قېرىنداشىم، سىز سان ئەمەس، ئىنسان. ئۇيغۇرنىڭ سان ئەمەس ئىنسان ئىكەنلىكى سىزگە ئامانەت. قاماقتىكى ئانىڭىز، لاگېردىكى دادىڭىز بۆشۈكىڭىزنى يوقاپ كەتسەم ئىزدەرمىكىن، يىغلاپ بېرەرمىكىن دەپ بولسىمۇ تەۋرەتكەن بولغىيدى؟ ھېچ بولمىسا «مېنى تۇغقان ئانام قېنى؟» دەپ بىر يىغلاپ بېرىڭ. بىز سىزنى دوسكىدىكى سان ئەمەس، ئانىسى تۇغقان ئىنسان ئىكەن، تامدىن چۈشكەن سامان ئەمەس ئىكەن دەپ بىلەيلى.

2018 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر تىلى ھەققانىيەتنىڭ تىلى

مەندىن ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىدە سورىغانلار شۇنداقلا بۇ گۇۋاھلىق ھەققىدە ئىككىلەنگەنلەر بولدى. ئۇلاردىن بەزىلەر «ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق بەرسەڭ كىم چۈشىنىدۇ، دەردىمىزنى ئۇيغۇرچە سۆزلىسەڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دېيىشكەن ئىدى. مەن ئۇلارغا ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، پىداكار ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىقلارنى ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقى خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزۈپلا بولدى قىلغان ئىكەنمەن. بۈگۈن ئۆزبېكچە بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق فىلىملىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ھەمدە پارسچە، دارىچە يېزىلىدىغان ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرگە مەنبە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ رىغبەتلەندىم.

بىر ھەپتە ئىلگىرى ئەرەبچە ئىسمى بار بىر كىشى مېنى فېيسبۇكتىن قوشۇپ گەپ قىلدى. ئۇ مېنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ چىقىرىپ قويغان بىر قىسىم ئۇچۇرلاردىن تېپىپتۇ. پاراڭلاشسام ئافغانىستاندىكى بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى ئىكەن. مەن سەل خۇشياقمىغاندەك قىلىپ گەپنى قىسقا قىلدىم. مەندىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازماقچى بولغان خەۋەرگە ماتېرىيال تەلەپ قىلدى. مەن بىر قانچە گۇۋاھچىلارنىڭ سىن ھۆججىتىنى ۋە پىداكار ئىنى - سىڭىللار ئىشلەپ چىققان تەرجىمىسىنى ئەۋەتىپ بەردىم. بىرەر سائەتتىن كېيىن مەندىن يەنە باشقا سىنلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەن

گۇۋاھلىق ھەققىدىكى فىلىملەردىن بىرنى تاللاپ ئەۋەتىپ بەردىم، ئەمما تەرجىمىسىنى ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ بولغان چۈشتە ئۇ ئافغانىستانلىق ماگا تېلېفون قىپتۇ. ئاڭلىسام ماقالىنى يېزىپ بولغان ئىكەن. تەرجىمە قىلىنماي ئەۋەتىلگەن ھېلىقى سىن ئىسمگە كېلىپ ھەيران قالدىم، سورىسام ئۇ ھېلىقى ئۇيغۇرچە سىننى ئۆزى تەرجىمە قىپتۇ. ئەسلى ئۇ كىشى ئۆزبېكچە بىلىدىكەن. ئۇيغۇرچە بىلەن ئۆزبېكچىنىڭ تۇققانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن. مەن ئەۋەتكەن سىننى كۆرگەندىن كېيىن ئاساسەن چۈشىنىپ دارىچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىپتۇ. ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ تەبرىكلىدىم ۋە تىلىمىزنىڭ كۈچىدىن پەخىرلەندىم، ئەمەلىيەتتە بۇ تىلىمىزدىكى ھەققانىيەتنىڭ كۈچى ئىدى. دېمەك، تىلىمىزدا بېرىلگەن گۇۋاھلىق، تىلىمىزدا سۆزلەنگەن ھەققانىيەت ھامان كىشىلەرنى قايىل قىلىدىكەن.

شۇنداق، تىلىمىز ھەققانىيەتنى جاكارلايدىغان تىل، ھەقنىڭ تىلى. بىز ھەق تەرەپتە، ئادالەت تەرەپتە. شۇڭا ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان قېرىنداشلار سولمىغاي، تالمىغاي، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ھەرگىز دەۋادىن ۋاز كەچمىگەي. چۈنكى بىز زۇلۇمنى پاش قىلىپ، زۇلمەتنى ئاشكارىلاپ ھەقتە تۇرغۇچىلارمىز.

بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن مەيدانغا چىققۇچىلارمىز، بىز ئادالەتسىزلىككە قارشى شاھىتلىق قىلىپ ھەققىي شېھىتلىك دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلارمىز. بىزنى قوللاپ، تىلىمىزنى ئاڭلاپ، قولىغا قەلەم ئالغان، دەردىمىزنى ئاڭلىغان ئاخباراتچىلار ھەقنى ياقلاش بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز.

دۇنيا تىلىمىزنى چۈشەنمەي قالارمۇ، ئاۋازىمىزنى ئاڭلىماي قالارمۇ؟ دەپ دىلغۇل بولۇش بىهاجەت. ھەقنى جاكارلاپ قىلغان شاھىتلىقىمىز مەيلى قايسى تىلدا بولسۇن ھەقنىڭ ساداسىدۇر. ئۇ ھامان قۇلاقلارغا يېتىدۇ. ھەقتە تۇرغانلىقىمىز، ھەقىقەت ئۈچۈن ئېيتقانلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قەتئىي دەۋام قىلىۋاتقان دەۋايىمىز زالىمنىڭ بېشىنى پىرقىرىتىدىغان، يۈرىكىنى مۇجۇپ، تېنىگە تىترەك ئولاشتۇرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالىمىزنىڭ بىرىدۇر. بۇ قورال تىنچلىق ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان ملياردلارچە كىشىلەر بىز بىلەن تەڭ كۆتۈرۈشنى خالايدىغان قورالدۇر. بىزنىڭ قورالىمىز ھەق ئۈچۈن سۆزلەيدىغان تىلىمىز، ئادالەت ئۈچۈن باغلىغان بېلىمىز، ئىماننىڭ ماكانى بولغان دىلىمىزدۇر.

ئۇيغۇر تىلىمىز ھەققانىيەتنىڭ تىلى، ئۇنىڭغا تەرجىمان بولىدىغىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەشنا بولۇۋاتقان ھەققانىيەت. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز ھەق، دەۋايىمىز ھەق، مەدەتكارىمىز ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن تىلىمىز ھەر يەردە ئۈزۈن، يولىمىز ھەر قاچان راۋان. ئەگەر بىز ھەقنى يوشۇرمىساقلا دەردىمىز ئېكراندا ھەر دائىم ئايان بولغۇسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىمىزنى تولۇق چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھازىر دۇنيادا 50 مىليوندىن ئاشىدىغانلىقىنى، تىلىمىزنى چۈشەندۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ھەر قاچان مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيەتكە، ھەقنىڭ ساداسىغا موھتاج ئىكەنلىكىگە چىنپۈتكىنىمىزدە تىلىمىزغا يوشۇرۇنغان ھەقنى، قەلبىمىزدە ماكان تۇتقان ھەققانىيەتنى مەخپىي تۇتمايمىز. چۈنكى بىز ھەقنى دىلى بىلەن ھېس قىلىپ، تىلى بىلەن ئاشكارىلاپ، ھەرىكىتى بىلەن قوغداپ كەلگىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان بىر ھەققانىيەتچى مىللەتنىڭ

ئەۋلادلىرىمىز. بىزنىڭ بىلىمىز ھەق ئۆچۈن باغلانغان، بىزنىڭ تىلىمىز ھەققانىيەتنىڭ تىلىدۇر.

# كامالتۇرك ۋە بۇلبۇلناز

بۇ ئىككى ئىسمنى كىتاب ئوقۇغان كۆپ ئۇيغۇر بىلىدۇ. كامالتۈرك، بۇلبۇلناز دېگەن بۇ ئىسملار كىتابلارغا يېزىلغان ھەتتا ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. يالقۇن روزىنىڭ «كامالتۈرك ۋە ئۈرۈمچى» دېگەن نەسرى نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇر ئەۋلادىغا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن دەرسلىكتە بار ئىدى. تۈمەنلىگەن ئۇيغۇر بالىسى مۇشۇ تېكىستلەر كىرگۈزۈلگەن كىتابلاردىن ئىمتىھان بەرگەن.

بۇلبۇنازمۇ ئۇيغۇرغا مەشھۇر بىر ئىسىم. بۇ ئىسىم ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەسەردە بۇلبۇنازنىڭ ۋە ئىنىسى بابۇرنىڭ رەسىملىرىمۇ بار. ھەتتا بۇ ئىككى پەرزەنت ئۈچۈن مەھبۇس يازغۇچىمىز مەخسۇس سەھىپە ئاجراتقان.

بۇلنۇلناز ۋە كامالتۈرك ئۇيغۇرلاردا سۆيۈلگەن ئىسىم. پەرزەنتلەرگە بۇ ئىسمنى قويغانلىق مائارىپ كۆرگەنلىكنىڭ، كىتاب ئوقۇيدىغانلىقنىڭ، زىيالىيلارنىڭ پىكرىدىن خەۋەردارلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغانىدى. كىشىلىرىمىز كىتابلار، ئەسەرلەر ئارقىلىق يالقۇن روزى ۋە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان باللىرىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسمنى دورايدۇ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە يالقۇن روزىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرغا مەشھۇر پەرزەنتلىرى ھازىر چەتئەللەردە ياشاۋاتىدۇ. ئەمما

بۆگۆنگىچە ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە ئاۋازىنى چىقارمىدى. بابۇرنىڭ ماڭا خەت يېزىپ، مەن يېڭىلاپ مېڭىۋاتقان تۇتقۇن زىيالىيلار تىزىملىكىدىكى ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى توغرىلاپ بەرگەندىن باشقا بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىمىدىم. كامالتۈركىنىڭ ئامېرىكىدىكى ۋە تۈركىيەدىكى چوڭلارنى ئارىغا سېلىپ ماڭا دادىسى ھەققىدە يازماسلىق توغرىسىدا ئۆزۈن مۇساپىلىك پەرمان چۈشۈرگىنىدىن باشقىنى ئاڭلىمىدىم.

ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ قىزى بۇلبۇلنازمۇ ياپونىيەدە ھېچبىر ئىشتىن بىخەۋەر ياشاۋاتىدۇ. ئۇ قىزىمىزنى ئاتا ـ ئانىسى تەڭلا تۇتۇلۇپ كېتىشتىن باشقا قانداق كۆچنىڭ مەيدانغا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىغا گۇمانىم بار. چۈنكى «ئاتاڭ تۇتۇلۇپتۇ» دېسەك، «ئانام بولسىمۇ ئامان قالسۇن!» دەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدىغان باللارنى كۆرگەن ئىدۇق. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى تەڭلا تۇتۇلغانلارنىڭ، مىللەت بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن كىشىلەرگە ئىزباسار ئەۋلادلارنىڭ مىللەتكە بۇنداق سەلبىي ئۆلگە تىكلەپ ياشاپ يۈرىشى ھەيران قالارلىق.

ئۇيغۇردا مىللەتكە باش بولغان ئاجايىپ شەرەپلىك ئەجدادلار ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارىس ئۆلگىلىك ئەۋلادلار ئۆتكەن. يىراققا كەتمىسەكمۇ ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىزخان مەخسۇم، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئوغلى ئىمىرھۈسەن قازى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قىزى ئادالەت قاسىم، ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھام قاتارلىقلارنى تىلغا ئالالايمىز.

مىللەت سەركىلەرنىڭ ئىزباسارى بولغان پەرزەنتلەردىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ. بۆگۆنكى كۈندە مىللەت ئۇلۇغ ئانا ـ بۈيۈك ئاتىلارنىڭ ۋارىسلىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئۆلگە بولىدىغان

زەبەردەس پەرزەنتلەرنى كۆتۈۋاتىدۇ. مىللەت ئۆزى سۆيگەن كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن سۆيگۈ كۈتىدۇ، مىللەت ئۆزى ئۈمىد باغلىغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۈمىد بىلەن باقىدۇ.

ئوغلىمىز كامالەتكە ئوخشاش ئوغلانلار، قىزىمىز بۇلبۇلنازغا ئوخشاش نەۋقىرانلار ئۆزىنى بىر ئائىلىنىڭلا بالىسى، بىر جەمەتنىڭ ۋارىسى دەپ قاراپ قالغان بولسا خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى مىللەت كامالەتنى ئاتا ۋارىسى، يېتەكچى ئوغلىمىز دەپ چوڭ بىلىدۇ. بۇلبۇلنازنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزباسارى، چولپان يۇلتۇزىمىز دەپ ئەزىزلەيدۇ. ئۇلارنى سۆيگۈگە، ئىززەتكە، ھۆرمەتكە لايىق كۆرگەن بۇ مىللەتنىڭ قاماقلاردا، لاگېرلاردا، سۈرگۈنلەردە خار ـ زەبۇن بولغان ئەۋلادلىرى شۇنى سورايدۇ: «داداڭلار قالدى، سىلەر ساقمۇ؟ ئاناڭلار زىندانىدا سىلەر قەيەردە؟» .

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# خىتاي كىمدىن قورقىدۇ، قانداق قورقىتىمىز

بىر قانچە كۈن بۇرۇن بىر ئەجنەبىي پىروفېسسور بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ قاراشلىرى ماڭا بەكمۇ يېڭىلىق تۇيۇلدى. پاراڭلار خىتاينىڭ كىملەردىن ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغانلىقىغا يۆتكەلگەندە ئۇ بىردىنلا كەسكىنلەشتى. ئۇنىڭ قارىشىچە خىتاي غەرب ئەللىرىدىن قورقمايدىكەن. ئۇ خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. خىتاينىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىكەن.

«خىتاي مۇسۇلمانلاردىن ئەڭ قورقىدۇ» دېگەن قارىشىنى ئۇ مۇنداق دەلىللىدى:

1. خىتاي مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان ئىكەن. غەربنىڭ ئەيىبلەشلىرى خىتايىنى بىئارام قىلغان بىلەن، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە زور دەخلى يەتكۈزمەيدىكەن. ئەمما ئەگەر خىتاي مەبلەغ سالغان مۇسۇلمان ئەللەردىكى خەلق قوزغىلىپ كەتسە، خىتاينىڭ نېفىت بازىلىرى، كانلىرى، تاشيول ۋە تۆمۈر يوللىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ غايەت زور زىيان كېلىپ چىقىدىكەن.

2. غەربتە كىشىلەر خىتايغا قارشى نامايىش قىلسا تىنچلىق بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. ئەمما مۇسۇلمان دۇنياسىدا كىشىلەر خىتايغا قارشى نامايىش قىلسا خىتاينىڭ ئىشچىلىرى، خادىملىرى ۋە ئەلچىخانىلىرىنى نىشانغا ئالىدىكەن. نەتىجىدە

خىتاينىڭ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان مىليونلىغان خادىملىرى تەھدىت ئىچىدە قالىدىكەن. خىتاي بۇنىڭ جاۋابىنى خەلققە بېرىپ بولالمايدىكەن.

3. خىتاي ئۆزى يېتىپ بارغان يەرلەردە ھاكىمىيەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بايلار قاتلىمىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ نامراتلارغا، ئادەتتىكى پۇقرالارغا زۇلۇم قىلىدىكەن. مۇسۇلمان ئەللەردىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلار ۋە مۇستەبىت پارتىيەلەر خىتاينى ئارقا تىرەك قىلىپ ھاكىمىيەت سۈرىدىكەن. خىتايمۇ بارغانلار يېرىدە مۇستەبىت پارتىيەلەرنى يۆلەيدىكەن. خىتاي ھەمىشە ھاكىمىيەت ئالمىشىپ تۇرىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىگە قارشى، كۆپ پارتىيەلىك ھالەتكە مۇخالىپ ئىدىيەنى پۈۋلەپ، يۆلەپ مەبلەغ ئاجرىتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدىكەن. ئەگەر مۇنداق ئەللەردە ئۇيغۇر مەسىلىسى خەلقنى قوزغىتىپ قالسا، ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىبارەت ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىكەن. ئۇيغۇر مەسىلىسى پىلتا بولۇپ چىققان نامايىش ھاكىمىيەتكە، يولسىزلىققا، مۇستەبىتلىككە قارشى نامايىشقا ئايلىنىپ، خىتاي يۆلەۋاتقان ھاكىمىيەتنى تەختتىن چۈشۈرىدىكەن.

4. مۇسۇلمانلار ئۆزىنى دائىم نامرات قالدۇرۇلغۇچى، ئېزىلگۈچى، زۇلۇم كۆرگۈچى دەپ قارايدىغانلىقتىن، ئەگەر ئۇيغۇر مەسىلىسى پىلتا بولۇپ قالسا زىددىيەت زالىم - مەزلۇم زىددىيىتىگە ئايلىنىپ قېلىشى، پۈتۈن مۇسۇلمانلار قوزغىلىپ خىتاي ماللىرىنى چەكلىشى، خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرىنى سۈر - توقاي قىلىشى، خىتاي كارخانىلىرىنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

بۇ پىروفېسسور بىلەن بولغان پاراڭدىن كېيىن ئەمەلىيەتكە

قاراپ باقتىم. راست دېگەندەك، ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرى قوزغالغاندا خىتاي ئەلچىخانىسى ئولتۇرالماي قالدى. خىتاي مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىپ نامايىشچىلار رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. تۈركىيەدە ئەلى ئەكبەر ھاجىم باشلىغان 60 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئا ك پ ھۆكۈمىتىنى (ئەمەلىيەتتە خىتايىنى) بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ئۇيغۇر ئۆلىمالار مۇسۇلمان ئەللەردە تارقىتىلىدىغان قاناللارنىڭ زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. دېمەك، ۋەزىيەت ھازىر بىزگە پايدىلىق. بىز ھەرىكەت قىلساقلا، ھەممىمىز قولىمىزدىن كەلگەننى قىلساقلا نەتىجە قازىنالايمىز.

مەزكۇر پىروفېسسور بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، نېمە قىلغىنىمىز ۋە نېمە قىلالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئويلاندىم. ھازىرقى ۋەزىيەتتە دەردىمىزنى ئاڭلىتىشتا، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى دۇنيانىڭ دەردىگە ئايلاندۇرۇشتا قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ۋە دىققەت قىلىدىغان، پەخەس بولىدىغان نۇقتىلار مېنىڭچە تۆۋەندىكىچە:

1. تۈركىيەدە ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەردە نامايىشقا يول قويۇلمىسا، توختىماي غايىبانە جىنازا نامىزى قىلىش.

2. ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، گېرمانچە ئېلان قىلىنغان زۇلۇمغا دائىر خەۋەرلەر، سىنلار ۋە رەسىملەرنى ئەرەب، بېنگال، ئوردۇ، پارس ۋە تۈركچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش.

3. ئۇيغۇرچە گۇۋاھلىق فىلىملەرنى يۇقىرىقى تىللارغا تەرجىمە قىلىش ۋە بىۋاسىتە چوڭ تىللاردا گۇۋاھلىق بېرىش، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۈرلۈك شەكىللەردە گۇۋاھلىق بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش. بىز توپ ھالەتتە گۇۋاھلىق بېرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالمىدۇق، بۇ پائالىيەتنى قىلىشىمىز كېرەك.

4. غەربتىكىلەر ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئەللەردىكى چېركاۋ، مەسچىت؛ شەرقتىكىلەر جامى، ئىبادەتخانا قاتارلىق ھەر قانداق ئادەم توپلىشىدىغان يەرلەرگە بېرىپ دەردىمىزنى ئاڭلىتىش. دەرد ئاڭلىتىشتا، كۆرگەزمە، ناخشا ـ ئۇسسۇل، رەسىم، دىراما قاتارلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان سەنئەتلىك شەكىللەرنى قوللىنىش لازىم.

5. ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇملارغا ئائىت مەنبەلەرنى خىتاي تارقىتىۋاتقان تەشۋىقات رەسىملىرى، فىلىملەر، ماقالىلەر ۋە ھۆججەتلەردىن ئېلىش، ئۇنى ئۆزىمىزگە پايدىلىق شەكىلدە چۈشەندۈرۈش… ھەرگىزمۇ خىتايلارنىڭ، فالۇنگوڭچىلارنىڭ ياكى باشقا شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىدىكى رەسىملەرنى ئۇيغۇر دەپ تارقاتماسلىق. ئەگەر ئۇيغۇر بولمىغان قېرىنداشلار تارقاتقان بولسا چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ ئۆچۈرگۈزۈش.

6. فاشىستلىققا قارشى تۇرىمەن دەپ پۈتۈن بىر مىللەتنى كەمسىتىپ فاشىستلىق قىلماسلىق. خىتايلارنى ھاقارەت قىلىدىغان، ئۇلارنى ئىت يەيدۇ، پىت يەيدۇ، قالاق، نومۇسسىز… دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاخباراتتا ئىشلەتمەسلىك. (مەن ئىككى ئۇستازىمىزنىڭ بىر ئەرەبچە قانالغا شۇنداق دېگەنلىرىنى كۆرۈپ بەك بىئارام بولدۇم. بۇ بىزنى ئۆزىمىز قارشى تۇرۇۋاتقان ئىرقچى، فاشىستلار سېپىغا، يەنى ناھەق تەرەپكە ئىتتەرگەنلىك بولىدۇ. دەۋانى ئەقلىمىز ۋە ئەقىدىمىز بىلەن قىلايلى، بىزنىڭ دىنىمىز بىر مىللەتنى كەمسىتمەيدۇ).

7. دەۋانىڭ پىكرىنى، شەكلىنى ۋە تىلىنى يېڭىلاش، ھازىرقى مەسىلىنىڭ ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار مەسىلىسى، بىر مىللەتنىڭ يوق بولۇش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىش،

ئىنسانىي نۇقتىنى تەكىتلەپ سىياسىي پاراگلارنى ئازايتىش. مەسىلەن، بۇرۇندىن كۆنگەن مۇستەقىللىق، چىقىپ كەتسۇن... دېگەندەك شوئارلار بىلەن كىشىلەرنى «بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان چوڭ سىياسىي مەسىلە ئىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# كىملەر جاسۇس ئىزدەيدۇ؟

مەن مۇھاجىرەتتىكى بەزى ئۇيغۇرلاردىكى جاسۇس ئىزدەش قىزغىنلىقىغا شاھىت بولغىلى ئون يىللار بولدى. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيەگە كەلگىنىمدە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلاردا شۇ گەپ، شۇ قىزغىنلىق بار ئىكەنتۇق. ھالبۇكى، شۋېتسىيەدە تۇتقۇن قىلىنغان جاسۇس بابۇر مەخسۇتنىڭ ئوغلى ئەنقەرەدە ئاپئاق ياشايدىغان بولۇپ، ئۇ تېلېفون كارتىسى سېتىپ پۇل تاپاتتى.

مەن تۈركىيەدىكى چاغدا جاسۇس دېيىلگەن ئادەملەرنىڭ قاتارىدا بابۇر مەخسۇت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلىمۇ گۇمانلىق دېيىلگەنلەر قاتارىدا ئەمەس ئىدى. ئەمما تۇتۇلدى. ئەكسىچە جاسۇس ئاتالغان كىشىلەر مۇشۇ كۈنگىچە جاسۇسلۇقى بىلەن تۇتۇلماي ياشاپ يۈرمەكتە. ئۇلارنى جاسۇس دېگەنلەرمۇ بىرەر قېتىم ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلمىدى. ئەگەر شۇ جاسۇس شىكارىغا چىققان كىشىلەر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىدە سەممىي بولسا يىراقتىكى خىتاي ئۈستىدىن دەۋا قىلماي، يېنىدىكى خىتاي جاسۇسلىرى ئۈستىدىن دەۋا ئاچقان بولاتتى.

2010 ـ يىلى ئامېرىكىغا بېرىپ يەنە شۇ جاسۇسلۇق ھەققىدە قاينىغان پاراڭلارغا دۇچ كەلدىم. شۇنچە ئەقىللىق كىشىلەر، شۇنچە ئەقىدىلىك ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى جاسۇس دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچبىرى شۇ «جاسۇسلار»نىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمايتتى.

2015 ـ يىلى كۈزدە يەنە مۇساپىرلىق كوچىسىغا پالاندىم. يەنە قارىسام «ئۇ جاسۇس، بۇ جاسۇس» دېگەن گەپلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن. مۇشۇ كۈنگىچە ئامېرىكىدا ئابباس بۇرھان ئائىلىسىنى جاسۇس دېگەنلەر بولدى، ئەمما شۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى كىشى تۇغلۇق ئابدۇرازاقنىڭ قانۇنغا تايىنىپ «جاسۇسلار»نى جازالاتقانلىقى كۆرۈلمىدى. ئەپسۇسكى، دەۋاگەرلىك كوچىسىدىكى پېشقەدەملەردىن بولغان بۇ ئائىلىمۇ ئۆزىنى شۇنداقلا ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان دەۋانى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئادالەت سوتىغا مۇراجىئەت قىلمىدى. بەلكىم ئاباس بۇرھاندىن قالغان ئىلمىيلىك، كەڭ قورساقلىق، ئۇيغۇرغا خاس قەدىمىي ئەپۇچانلىق ئۇلارنى تۆھمەتخورنى ئادالەت سوتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن توسۇپ قالغاندۇ.

2018 ـ يىلى ئامېرىكىدا، كانادادا جاسۇس ئىزدەش قىزغىنلىقى خېلى يۇقىرى ھارارەت ياراتتى. ئەمما جاسۇسلۇق «پاكىتلىرى»نى ئوتتۇرىغا قويغۇچى قانداق رىۋايەتچى، تەسەۋۋۇرچى ۋە ئەپسانىكەش بولسا، بۇنى ئاڭلىغۇچىلارمۇ شۇنداق بىپەرۋا، تاماشىچى بولدى ھەتتا باز بازغا سېلىپ ئويۇن كۆرگۈچىلەر، بازارنى قىزىتقۇچىلارمۇ چىقىپ تۇردى.

2019 ـ يىلى جاسۇس ئىزدەش سەۋداسىغا گىرىپتار بولغانلار تۈركىيەدىن چىقتى. ئامېرىكىدىن 2018 ـ يىلى چىققان جاسۇسخۇمار تۇغلۇق ئابدۇرازاق بولغان بولسا، تۈركىيەدىن چىققان جاسۇسخۇمار ئابدۇراھمان ھەسەن بولدى. 2018 ـ يىلى مەتبۇئاتلاردا «خىتاي ئانامنى ۋە ئايالىمنى ئېتىپ بەرسۇن، ئوقنىڭ پۇلىنى مەن بېرەي» دېگەن ئاكتىپ دەۋاگەر ئابدۇراھمان ھەسەن يېڭى يىلدىكى تۇنجى جاسۇسلۇق زۇننارنى مېنىڭ بوينۇمغا ئاسماقچى بولۇپ ياقامغا ئېسىلدى. مەن سەل ئويلىنىپ قالدىم.

ئابدۇراھمان ھەسەن بىر سورۇندا مېنىڭ «خىتاي كىملەردىن قورقىدۇ؟» دېگەن يازمامغا قارىتا جامائەتكە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «مەن بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى، تەرجىمىھالىنى كېيىن ئوتتۇرىغا قويىمەن، ماۋۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي ئىستىخباراتى (جاسۇسلۇق ئورگىنى)نىڭ خېتى، بۇ ئۇنىڭ خېتى ئەمەس، خىتاي ئىستىخباراتى لايىھەلەپ چىقىپ، يەنە مىللەتنىڭ بېشىنى ئىسلام دۇنياسىغا بۇراپ قويماقچى بولۇپ خىتاي ئىستىخباراتى چىقىرىپتۇ... ئايۇپ ماۋۇ بىر نەرسىنى يېزىپتۇ... شۇڭا ماۋۇ شەيتاننىڭ بىر نەرسىسىنى يوللىماڭلار...».

ئابدۇراھمان ھەسەننىڭ بۇ تۆھمىتىنى ئاڭلاپ، سەل ئەمەس خېلى ئويلىنىپ قالدىم. ئەسلى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئەڭ توغرا يول ئىدى. ئەمما تۈركىيەدە دەۋا بەك ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە «ئىشىڭ بولمىسا شىكايەت قىل» دېگەن ماقال بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ خىتايغا قارشى سەرپ قىلىۋاتقان ۋاقتىم يەتمەيۋاتسا، ئۇ زاتقا چۈشۈپ قالغان ئۇ قەدەر بوش ۋاقتىم يوق. ھالبۇكى، مېنى ئويلاندۇرغىنى بۇ گەپنىڭ دېيىلىشى ئەمەس، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭرى تارقىلىشى، توپلاردا باش بارماقلارغا ئېرىشىپ ئالقىشلىنىشى بولدى.

ئۇيغۇردا نېمىشقا جاسۇسلار ھەققىدە گۇمان، ئۆسەك ۋە قۇرۇق گەپ تۈگىمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەر شۇنچە ئەپسانە بولسىمۇ بازىرى چىقىپلا تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن كىشىلەر مۇشۇنداق گەپلەرنى دېيىشكە، ئاڭلاشقا ۋە تارقىتىشقا شۇنچە خۇشتار؟

ئۈچىنچى قېتىم مۇھاجىرەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن بايقىسام، ئۇيغۇردا جاسۇس ئىزدەش تەشنالىقى خېلى كەڭ يېيىلغان بىر ھادىسە ئىكەن. سەۋەبى ئادەم ۋەتەندىن ئايرىلغاندا ئۇيغۇرنىڭ باغرىدىن ئەمەس، باشقا ئۇيغۇرغا بولغان ئىشەنچىنىمۇ مەھرۇم

قالىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىنىڭ ئەسلى ۋەسلىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەچكە، گۇمانخورلۇق قىلاي دېسە پۇرسەتلەر ماڭدامدا بىر چىقىپ تۇرىدۇ. مەنچە جاسۇسلۇققا پاكىت ئەمەس گۇمان ئىزدەش بىر بىنورمال پسىخىكا، خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا يېتىلگەن كېسەل روھى ھالەت. مۇھاجىرەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان بۇنداق ئەيىبناق روھىي كېسەللەر، مەنىۋى مەغلۇپلار ۋە پسىخىك ئايناقلار مۇنداق ئورتاقلىقلارغا ئىگە:

1. ئۆزىگە ئىشەنچ يوق، شۇڭا دائىم مۇداپىئە روھى ھالىتىدە ياشايدۇ. بۇنىڭ ئۇيغۇر ئاۋام تىلىدا ئىخچام مىسالى «قورققان ئاۋۋال مۇش كۆتۈرەر». بۇنداق كىشىلەر دائىم «باشقىلار مېنى جاسۇس دەپ قالارمۇ، جاسۇسلۇق گۇمانىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن قاچان قۇتۇلارمەن» دەپ ئويلىغاچقا، ئۆزى ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان جاسۇسلۇق گۇمانىنى باشقىلارغا يۆتكەپ راھەتلىنىدۇ.

2. ئۆزىگە ئاشىق. بۇنى زۇلپىقار بارات ئۆزباش ئۆزمەپتۇن دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇيغۇردا توختىماي باشقىلارنى جاسۇسقا چىقىرىدىغان كىشىلەردە بىر ئۆزىگە بولغان ئاشىنالىق تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى جاھاندا بىر دەپ تونۇيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېيتقان سۆزىنىمۇ يېگانە ھېكمەت دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ يېگانە سۆيۈملۈك، يەكتا مەھبۇب، دۇردانە مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزىدىن باشقا سۆيۈملۈك دېيىلىشى مۇمكىن بولغان كىشىلەرنى يوققا چىقىرىدۇ، قارىلايدۇ، قاپقانغا دەسسەتسەم دەيدۇ.

3. شۇملۇققا شەيدا. باشقىلارنى توختىماي جاسۇسقا چىقىرىدىغان كىشىلەر ھەر قانداق ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى، سەلبىي تەرىپىنى، قاراڭغۇ تەرىپىنى ئىزدەپ ياشايدۇ. بىر

يامان ئىش باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلسە، ئۇلار ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلارنى مەنبە قىلىدۇ. ئەگەر باشقىلار خۇشاللىق ئىچىدە ياشىسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاياتىدا خۇشاللىقلارنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلىدۇ. ئۇلار قانچە كۆپ كىشىنىڭ ئازابىدىن خەۋەردار بولسا، ئۆزىنى شۇنچىلىك خۇشال ھېس قىلىدۇ.

4. ھەسەتخور كېلىدۇ. باشقىلارنى جاسۇسقا چىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھاياتى باشقىلارغا ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلار توختىماي ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ياشايدۇ. ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنى كەمسىتىدۇ، ئارتۇقلارغا ھەسەت قىلىدۇ، پۇتلايدۇ. ئۇلار ھەممە ئادەم ئۇستىدىن تۆھمەت توقۇپ، غەيۋەت قىلىپ، ئۆسەك تارقىتىپ ئېرىشمەكچى، تارتىۋالماقچى بولغىنى ئۆزىدىن باشقىلار ئېرىشكەن نەتىجە. شۇڭا بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى يالغۇزلۇقتا ئۆتىدۇ، دوستلىرى كۆپ بولمايدۇ. قىلغان ئەمگىكى، بېرىلگەن ئىقتىدارى ۋە ياراتقان تۆھپىسىگە لايىق ھۆرمىتى بولمايدۇ.

ھازىر ئۇيغۇردا بىر كىشى ئاۋامغا قارشى، نوپۇزغا مۇخالىپ، نەپرەتكە لايىق بىر گەپ قىلسا، ئۇيغۇرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيانلىق دەپ قارالغان بىر يولنى تەرغىب قىلسا، ياخشىلارغا بوھتان چاپلىسا ۋە ياكى دەۋا يولىدا تىرىشىۋاتقان كىشى ۋە تەشكىلاتلارنى قارىلىسا ياكى سەل تەنقىد قىلسا خىتاينىڭ ئادىمىگە چىقىرىدىغان ئىش ئېغىرلاپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر باشقىلارنى جاسۇسقا چىقىرىدىغان كىشىلەرنى «خىتاينىڭ ئادىمى» دەپ قارايدۇ، مەنچە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بەزى كىشىلەرنىڭ تۆھمەتخورلۇق قىلىشىنىڭ، تۇيۇق يولغا خېرىدار تورپىلىشىنىڭ، نادانلىقنى تەرغىب قىلىشىنىڭ ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

ئۇلاردىكى ئىشەنچسىزلىك، ئۆزمەيتۈنلۈق، شۇملۇققا شەيدالىق ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق روھىي كېسەللەر ئۇلارنى مۇناپىقلىققا ھەر قاچان نامزات قىلىپ بولغان. ئارىمىزدىكى كىتاب ئوقۇماس، تەپەككۇر قىلماس، توغرا ـ خاتانى پەرق ئەتمەيدىغان ئەگەشكەك كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى جاسۇسخۇمارلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بازىرىنى، ئالقىشلىرىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# زالىملىقنىڭ مىللىتى يوق

تۈنۈگۈن ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا بىر ئۇيغۇر ساقچىنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇر بالىنى ئۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشى قايتا يوللاندى. سىنىنىڭ ئاستىغا بىر ئۇيغۇر «بۇنى تارقاتمايلى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىتىدىن بولغان ساقچى ئۇرۇپتۇ، چاۋىمىز چىتقا يېيىلمىسۇن» دېگەن مەنىدە ئىنكاس يېزىپتۇ. مەن دەرھال «زۇلۇمنىڭ مىللىتى بولمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز زۇلۇمنى پاش قىلىش، قارشى تۇرۇش. خىتاينىڭ فورمىسىنى كىيگەن ساقچى ئۇيغۇر بولغان تەقدىردىمۇ، خىتاي دائىرىلىرىدىن بۇيرۇق ئېلىپ ئۇيغۇرغا زالىملىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇيغۇر دەپ ئاسرىمايمىز، يوشۇرمايمىز، ئەكسىچە زالىم دەپ قارشى تۇرىمىز.» دېدىم. شۇ ئىنكاسنى يېزىپ بولۇپ ئويلىنىپ باقسام زالىمغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا زۇلۇم قىلغۇچى شەخسلەرلا ئەمەس، زالىملار تەۋە بولغان پۈتۈن مىللەت زالىملىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدىكەن. بۇنداق چاغدا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مىللەتتىن بولغانلار يا ئۆزىدىن بولغان زالىمنى بەك كۆپتۈرۈپ بارلىق تالاپەتنىڭ مەنبەسى قىلىپ تەسۋىرلەيدىكەن ياكى بىرلىكنى تەكىتلەش، مىللىي ئۇيۇشقاقلىق نۇقتىسىدىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆز مىللىتىدىكىلەر قىلىۋاتقان زۇلۇمنى يوشۇرىدىكەن ۋە ياكى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىكەن. مېنىڭچە بۇ ئىككىلا خاھىش ئاقىلانە ئەمەس، ناتوغرا بولۇپ، زالىملىقنىڭ مىللىتى بولمايدۇ.

ئۇيغۇردا بۈگۈنكى قىسمەتنى، ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان بۇ زۇلمەتنى

چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە ئۈچ خىل بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇت. ئۇنىڭ بىرى، زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى ئۇيغۇردىن بولغان زالىمغا يانتاياقلاردىن ئىزدەش. يەنە بىرى، زۇلۇمنى پۈتۈنلەي زالىمغا يۈكلەپ ئۆزىمىزدىن چىققان يانتاياقلارنى كۆرمەسكە سېلىش. ئۈچىنچى بىرى، زالىمغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئەستىن چىقارمىغان بىر قاتلامنىڭ بارلىقىنى كۆرمەسكە سېلىش. يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئۆزىمىزدىن ئىكەن، چاۋىمىز چىتقا يېيىلمىسۇن» دېگەنلىك، زالىمغا يانتاياق ئۇيغۇرنى كۆرمەسكە سېلىش تۈرىگە مەنسۇپ.

ئۇيغۇرلار 1884 ـ يىلدىن كېيىن، تولۇق مۇستەملىكە تەقدىرىگە دۇچار بولدى. شۇندىن كېيىن ئارىمىزدىن ئۈچ خىل ئادەملەر چىقتى. بىرى، زالىمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ زۇلۇمغا يانتاياق بولىدىغانلار؛ يەنە بىرى، زالىمنىڭ قولىدا ئىشلىگەن، ئەمما ھېچقاچان بۇ ئىشلەشنى مىللەتكە خائىنلىق قىلىش دەرىجىسىدە قىلمىغانلار؛ ئۈچىنچى بىرى، مۇرەسسەسىز زۇلۇمغا قارشى چىققانلار، زالىمنى ھېچقاچان تىنچ قويمىغانلار. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى تۈردىكىلەرنىڭ مۇناپىقلىقى شەكسىز. ھالبۇكى، ئىككىنچى خىلدىكىلەرنى قانداق تونۇش مەسىلىسى ئۇيغۇرلارنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكىلەر بولسا شەكسىز قەھرىمانلاردۇر. بۇلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىدە نىسبىتى ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى تۈردىكىلەرنىڭ سانى ئاز، ئەمما نام ـ ئاتىقى مەشھۇر بولغان.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈركۈمنىڭ ئىچىدە ئۆزىمىزدىن بولغان زۇلۇمغا يانتاياقلار ئىزچىل ئاساسلىق تەنقىد نىشانى بولۇپ كەلمەكتە. ھەتتا ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرمۇ كەسكىن ھۇجۇم نىشانىغا

ئايلانغان كۆنلەرمۇ بولغان بولۇپ، بۇنىڭ قالدۇق تەسىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇرنى زالىمغا دوست ياكى دۈشمەن دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىپ، زالىمنىڭ قولىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان كىشىلەرنىمۇ دۈشمەن قاتارىغا تىزىۋەتكەن. ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىش پىكرى ئېقىمغا ئايلىنىپ «ئۇيغۇرنىڭ كۆلپەتلىك بۈگۈنىگە، تارىختىكى يانتاياقلار سەۋەبكار» دەيدىغان بىر خۇلاسە ئومۇملاشقان. بۇ پىكىر، تەنقىدلەر بىر مەزگىل قوراللىق ھەرىكەتكىمۇ ئايلانغان. مەسىلەن، 1997 ـ 1996 ـ يىلى ۋەتىنىمىزدە مەخسۇس «كۆۋرۈكنى بۇزۇش ھەرىكىتى» دەپ ھۇجۇم پىلانى ئىجرا قىلىنىپ، يەرلىك كەنت مۇدىرى، سېكرېتارى ۋە يېزا ساقچىلىرى بوغۇزلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋاھابىلىققا قارشى چىققان بىر قىسىم تەقۋادار ئۆلىمالارنىڭ «ساراي مولىلىسى» دېيىلىپ نىشانغا ئېلىنغىنى بەكمۇ ئېچىنارلىق بولغان. ئۇيغۇردىكى ھەممە زۇلۇمنى ئۆزىدىكىلەردىن كۆرۈش خاھىشى ئەڭ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۆلۈم ـ يېتىمگە سەۋەب بولدى، مىللىي بىرلىك چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشىنى سەيىپدىن ئەزىزى، تۆمۈر داۋامەت ۋە نۇر بەكرى دېگەندەك كىشىلەردىن، يەنى ئۆزىمىزدىن چىققان يانتاياقلاردىن كۆرسەك، مەسىلىمىز بەكمۇ ئاددىيلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. خۇددى كەنت سېكرېتارى قانداق قولاي قەتلى قىلىنغان بولسا، نۇر بەكرى قاتارلىقلارنى قەتلى قىلىشمۇ ئۇنچىلىك مۈرەككەپ بولۇشى ناتايىن. بۇ كىشىلەر ھامان ئۇيغۇر بولغاچقا ئارىمىزدا ياشايدۇ، پائالىيەتلەردە بىللە بولىدۇ. خوش، شۇلار قەتلى قىلىنسىلا ئۇيغۇر قۇتۇلامدۇ؟ نۇر بەكرى يوق قىلىنغان بولسا بىز ھازىرقى

خارلىققا مەھكۇم بولماسمىدۇق؟ ياق، بىز مەھكۇم بولغان قارا كۈن ھازىر نۇر بەكرىنىڭمۇ بېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ھوقۇقتا تۇرۇشى زۇلۇمنىڭ سەۋەبى بولمىغاندەك، ھوقۇقسىز قىلىشىمۇ ھېچبىر ياخشىلىنىشقا، ئىجابىي ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەيلى نۇر بەكرى بولسۇن ياكى تۆمۈر داۋامەت بولسۇن كوممۇنىستىك تۈزۈمدىن ئىبارەت شۇ ياربىيار ھارۋىدىكى بىر يولۇچى خالاس، ئۇلار ھارۋىكەش ئەمەس، ھارۋىنىڭ خوجايىنى تېخىمۇ ئەمەس.

خىتاينىڭ مۇستەملىكە تۈزۈمگە ماسلاشقانلارنى ھېچكىم ئۇيغۇرغا دوست دەپ بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، سۈكۈت قىلغانلارنى دۈشمەنگە چىقىرىش، سۈكۈت ئىچىدە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلارنى كۆرمەسكە سېلىش ئادىللىق ئەمەس. ئەمما زۇلۇمغا يانتاياق بولغانلارنى يوشۇرۇش، ئاسراش، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا، سالغان زىيانلىرىغا ئۇيغۇرپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن سۈكۈت قىلىش مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا يۇقۇملۇق ۋىرۇستەك خەتەرلىك. بۇنداق خاھىشتىكىلەرنىڭ دائىم دەيدىغان گېپى «چاۋىمىز چىتقا يېيىلمىسۇن، يۈزىمىز تۆكۈلمىسۇن، خەقنىڭ ئالدىدا سەتلەشمەيلى» دىن ئىبارەت. مەن ھاياتىمدا مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ كۆپ ئۇچراپ كەتتىم. كەنتتە كاتىپ بولغىنىمدا سېكرېتارنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تازىلىققا سېلىۋاتقانلىقى، ھاشارغا ھەيدەۋاتقانلىقىغا شاھىت بولاتتىم، بۇنى يېزا باشلىقىغا ئىنكاس قىلسام، «ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇرنى چاقمايلى» دەيتتى. ئالى مەكتەپتە ئىشلىگىنىمدە كۆچۈرمىكەش ئوقۇغۇچى، ساختىپەز مۇئەللىم، قابىلىيەتسىز باشلىق قاتارلىقلارنىڭ پەسكەشلىكلىرى دائىم ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا يېپىق پېتى قالاتتى. مەن 2015 - يىلى 6 - ئىيۇل كۈنى قىزىل كۆۋرۈكنىڭ بويىدا ئابلىكىم دېگەن

ئۇيغۇر قورالـلىـق سـاقچىدىـن سەۋەبسـىز تايـاق يـەپ كـەتتـىم. ئۇنـى باشـقۇرىدىغان ئىدارىسـىگە ئەرزگـە بارسـام، مەمەتجـان دېگـەن مۇئاۋىـن باشـلىقى «ھەممىمىز ئۇيغـۇر، بولدى قىلايلى» دېگـەن، ئەمما مـەن قوشـۇلمىغان.

زۇلۇم دېگەن كىمنىڭ، قايسـى مىللەت كىشىسـىنىڭ، قايسـى دىـن مۇخلىسـىنىڭ قىلىشـىدىـن قەتئىينەزەر بەرىبىر زۇلۇم. ئەمما زۇلۇمغا ئامالسىز سۈكۈتتە تۇرغانلارنى ئۆزىنىڭ مىللىتى بولغانلىق سـەۋەبلىك توغـرا چۈشـىنىپ، يـات بولغانلىقـى سـەۋەبلىك زالىمنىـڭ قاتارىغا قوشـۇۋېتىش ئادىللىـق ئەمەس. زۇلۇم خۇددى كېسەللىك ۋىرۇسغا ئوخشايدۇ، ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ، ساقچىمۇ، ئاغرىقچىمۇ، ياشقىمۇ، قېرىغىمـۇ ئوخشاشـلار ھۇجـۇم قىلىـدۇ. زۇلۇمنىـڭ شـاخلىرى بولغـان ئادالەتسـىزلىك، مۇستەبىتلىك، مونوپوللـۇق، تەڭسـىزلىكلەر ئۇيغۇرنىمـۇ، خىتاينىمـۇ ئوخشاشـلا قىينايـدۇ، ئىككىلىسـىگە نەپرەتلىـك تۇيۇلـدۇ. خـۇددى زالىملىـق مەڭگۈ بىـر مىللەتنىڭ مىللىي خاسـلىقى بولمىغاندەك، ھەققانىيەتچىلىكمۇ ھېچبىـر مىللەتكە ئاتا ـ بوۋىسـىدىـن قالغان ئۇدۇم ئەمـەس. زالىملىـق ھېچبىـر مىللەتكـە خـاس ئەمـەس، بەلكـى ئىنسانلىق دۇنياسـىغا مەڭگۈلـۈك ھەمـراھ قـارا كۆلەڭگـە. بـۇ كۆلەڭگـە بەزىـدە گىتلېرنىـڭ سۈرىتىدە تۇغۇلسا، بەزىـدە بىـن لادىنىنىـڭ شـەكلىدە زاھىـر بولىـدۇ، بەزىـدە كىـم جوڭئـون ۋە شـى قاسساپنىڭ تەلەتـى بىلـەن ئوتتۇرىغـا چىقىـپ قالىـدۇ. ئـۇ ھەقكـە، ھەققانىيەتكـە ئەگەشـكەن ئىنسانلىقنىڭ تەتـۈرى بولـۇپ، ئـۇ ئۆزىنـى خـۇدا كۆرسـىتىش، ئـۆز مىللىتىنـى ۋە ئىدىيەسـىنى كاتتـا چاغلاپ باشـقىلارنى ئۇلۇغلاشـقا مەجبۇرلاش، ئۆزلىرى ھەقتىن، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ باشـقىلارنىمۇ شـۇنىڭغا زورلاش قاتارلىقلار ئىنسـانىيەتنىڭ ئەشـەددىي دۈشـمىنى بولغان ئىبلىسـلىق، مەلئۇنلـۇق. زۇلۇمنىـڭ مىللىتـى يـوق، زۇلۇمنىـڭ

ئىنسانغا خاس روھى ۋە ئۉنى يوق، پەقەت ئۇنىڭ مەلئۇنلارچە ساڭگىلىغان، ھەققانىيەتنى يالمايدىغان زەھەرلىك تىلى بار. ئىنسان يا شۇ تىلدىن ئاققاننى، ساقىغاننى يالاپ يالاڭتۆش، يالاقچى بولۇپ جان باقىدۇ، يا شۇ زەھەرلىك تىلنى يۇلۇپ تاشلاش ئۉچۉن جان تىكىدۇ.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۉنى

# سالاچى كېرەك ئەمەس، ئادالەت كېرەك!

ئابدۇراھمان ھەسەننىڭ مېنى جاسۇسقا چىقارغا تۆھمىتىدىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە بىر قىزىقارلىق ھادىسىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ ئاق - قارىنى، ھەق - ناھەقنى، توغرا - خاتانى ئايرىمايدىغان پرىنسىپسىز سالاچىلىق. بەزىلەر ئىككى ئادەمگە تاقىلىدىغان ئىشلا بولسا ئايرىپ باقماي، سالا قىلىدىكەن. نېمە بولدى، كىم نېمە قىلدى، نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ دېگەنلەرنى ھېچبىر سۈرۈشتە قىلىپ باقماي، «بولدى قىلىڭلار، ئايرىم دېيىشىۋېلىڭلار، كېلىشىپ قېلىڭلار، تالاشماڭلار، چاۋىمىز چىتقا يېيىلمىسۇن» دېگەنلەرنى كۆپ دەيدىكەن.

جامائەت سورۇنىدا بىر ئىغۋا ئوتتۇرىغا چىقتى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىن پىتنە تارقاتتى، تۆھمەت قىلدى دېگەن گەپ، جامائەتكە ئەتكەن ئاشقا چىۋىن چۈشتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ چاغدا پوزىتسىيە چىۋىننى ئاشقا ئارىلاشتۇرۇپ، ھېچ كىمگە تىنماي ئېچىۋېتىش ياكى جامائەتكە ئىچكۈزۈۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئاشنى تۆكىمىز، ئاندىن ئاشپەزگە تازىلىققا دىققەت قىلىڭ، بولمىسا قازان بېشىغا يېقىن كەلمەڭ، دەيمىز.

ئەگەر گەپ، تۆھمەت، ئىغۋا جامائەت سورۇنىدا دېيىلمەي، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارالغان ياكى قۇلاقتىن قۇلاققا يېيىلغان بولسا، ئېتىبار قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئەمما بىر ئۇيغۇر يەنە بىر ئۇيغۇرنى جامائەت سورۇنىدا ھېچ نېمىدىن قورقماي، ئەيمەنمەي تۆھمەت قىلىپ، يەنە تۆھمىتىگە پۇشايمان قىلىش يوق ھېلى ئايۇپنى

دېدىم، ئابدۇۋەلى دېمىدىم دەپ تېنىۋېلىپ، ھېلى ئېكرانىدا جاسۇسلۇقنى ئاشكارا دەيمەن دەپ بېشىنى ئېچىگە تىقىۋالسا توغرا بولمايدۇ. ھازىر تۆھمەتنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىسى جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاشكارا.

بىر ئۇيغۇر يەنە بىر ئۇيغۇرنى سەۋەبسىز جاسۇسقا چىقىرىش، ئىچى پۇشسا سورۇنمۇ سورۇن، تورمۇ تور تۆھمەت قىلىپ ئويناش قىلمىشى يا قانۇننىڭ ياكى جامائەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى كېرەك. بۇ پرىنسىپ، ئادالەت مەسىلىسى. بولمىسا جاسۇس ئىزدەش قىزغىنلىقى چەكلىمىسىز داۋام قىلىدۇ، ئارىمىزدىكى ئىشەنچكە دەز كېتىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز «بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززىتى كەبىدىن ئۇلۇغ» دېگەن. ئەمما ھەممىمىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ ئىززىتىگە قىلىنغان ھۇجۇمنى، تۆھمەتنى سالا بىلەن بىر تەرەپ قىلالايلى، كېلىشىپ قالسۇن دېگىنىمىز نېمە گەپ؟ نېمىگە كېلىشىپ قالىدۇ؟ ئوتتۇرىدا كېلىشەلمەي تالاشتا قالغان پۇل بارمۇ، مال بارمۇ، بالا بارمۇ؟ زادى نېمە بار كېلىشەلمىگەن؟ ھېچ نېمە يوق. بۇ يەردە تۆھمەت قىلغۇچى ۋە تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچى بار. ھەل قىلىدىغان مەسىلە، ئابدۇراھمان ھەسەن مېنى جاسۇس دەپ تۆھمەت قىلدى، شۇ تۆھمەت راست بولسا مېنى ئۇيغۇر جامائىتى سوتقا تاپشۇرۇپ بەرسۇن، ئەگەر يالغان بولسا يالغانچىنى بىلىۋالسۇن. شۇڭا بۇ يەردە سالاچىلىقنىڭ ئورنى يوق. پەقەت قانۇننىڭ ياكى جامائەتنىڭ ئادالەت بىلەن ئايرىپ قويۇشىنىڭلا زۆرۈرىيىتى بار.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## تۈركىيە ئۇيغاندى، ئەمما...

تۈركىيەدىكى تاراتقۇلاردا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كۆپەيدى. بۇ يىلنىڭ كىرىشى بىلەن ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان زۇلۇم تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا باشلىدى. گەرچە تۈركىيەدە خىتاينىڭ يېمىنى كۆشەۋاتقان، يۇندىسىغا يېپىشقان كىشىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغانلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرنىڭ دوستى تەتقىقاتچى تۇرگاي تۈفەكچىئوغلۇ ئەپەندىم. بۇ كىشى يېقىندا خىتاي ئاشناسى دوغۇ پېرىنچەك بىلەن تېلېۋىزوردا مۇنازىرىلەشمەكچى.

مەن بۈگۈن ئىككى - ئۈچ سائەت بۇ ئۇستازنىڭ يېنىدا بولدۇم. ئۇنىڭغا يالقۇن روزى ئاكىمىز چىقارغان «مۇستافا كامال» دېگەن ئۇيغۇرچە كىتابنى ھەدىيە قىلدىم ھەمدە يالقۇن روزىنىڭ كىملىكى، قانداق بۈيۈك خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى ۋە قانداق جازالارغا مەھكۇم بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

پىروفېسسور تۇرگاي تۈفەكچى ئوغلۇ بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىدا، تۈركىيەدە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ تىلىنى يېڭىلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تۈركىيەدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا بىزنى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى سەۋەبلىك ئېزىلىۋاتىدۇ، دىنى ئۈچۈن قوراللىق قارشىلىشىپ، ئېتىشىپ قىرىلىۋاتىدۇ، خىتاي خەلقى بىلەن چىقىشالماي ماجىرا

قىلىۋاتىدۇ، مىللىي توقۇنۇش سەۋەبلىك باستۇرۇلۇۋاتىدۇ دەپ قارايدىكەن. بىزنى تۈركىيەدىكى تىنچىماس تېررورچىلارغا ئوخشىتىپ قالىدىكەن.

مەنچە بىز مەسىلىمىزنى تۈرك خەلقىگە، كەڭ ئاۋامغا بۇرۇنقى سىياسىيونلارلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇستەقىللىق كۈرىشى سۈپىتىدىلا چۈشەندۈرمەي، ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسى، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى مەسىلىسى، مەجبۇرى ئاسسىمىلياتسىيە مەسىلىسى نۇقتىسىدىنمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئاڭلاتساق ئاقىلانە ئىش بولىدىكەن. چۈنكى بۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ خېرىدارى خېلى كۆپ ئىكەن.

تۇرگاي خوجام بىلەن سۆھبەتنى تۈگىتىپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، كۆزۈم بىر قاتار رەسىملەرگە چۈشتى. قارىسام بىر قىسىملىرى پۈتۈنلەي يالغان رەسىملەر ئىكەن. مەن بۇ رەسىملەرنى بىر ئىنىمىزنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ ئىنىمىز بەكلا ئېسىل بالا ئىدى. بۇنى يالغان دېسەم ئىنىمىزنىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ، يالغان دېمەي كۆز يۇمسام مىللەتنىڭ يۈزى قارىيىدۇ، ئاخىرى ئۇ رەسىملەرنى يالغانغا چىقاردىم ۋە راستلىرىنى ئايرىپ بەردىم. قوزغالغان تۈرك خەلقى خاتا پاكىتلار بىلەن ھەرىكەتلەنمەسلىكى كېرەك ئىدى.

تۈركىيەدىكى كىشىلەر، ئاخبارات ۋە داڭلىقلار ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلىگەندە پاكىتنى، ھەقىقەتنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، ساختىلىققا بەك يېقىن، ئەستايىدىل ئەمەس، مەنبەنى تەكشۈرمەيدۇ. ئەمما ھەرقانداق ياخشى نىيەتلىك يالغان گەپمۇ، شۇنداقلا يالغان ۋاستىلار ۋە پاكىتلار بىلەن قىلىنىۋاتقان ھەر قانداق چوڭ كۆلەملىك يىغىنلار، نامايىشلارمۇ ھازىر بىز ئۈچۈن خەتەرلىك.

2019 ـ يىلى كىرىپلا تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەر ۋە خەلق ئويغاندى. ئەمدى بىزنى ئىزدەيدىغان ئاخبارات، ئۆكتىچى پارتىيە ۋە كۈچلەر مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن. تۈركىيەدىكى كىشىلەر بىزدىن ئۈچۈر، رەسىملەرنى ۋە سىنلارنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەيدانغا چىقىۋاتقان كىشىلەرگە ۋە خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىشىمىز، يالغانچى بولماسلىقىمىز، ھەر قانچە پېشقەدەم دەۋاگەر ياكى ياش پىداكار بولغان تەقدىردىمۇ يالغانلىرىنى سۆكىشىمىز، يالغانچى ئىنقىلابچىغا قەتئىي يېقىن كەلمەسلىكىمىز كېرەك. ئويغانغان تۈرك خەلقى خاتا پاكىتلار بىلەن ھەرىكەتلەنمەسلىكى كېرەك.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## مۆھتەرەم ئەردوغان، ئۇيغۇرلار سىز سەۋەبلىك تۇتۇلدى

2018 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مۇنبىرىدە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ۋەقە غەربتىكى ئەڭ ئاساسلىق تاراتقۇلارنى قاپلاپ غەرب ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھالبۇكى، تۈركىيەدىكى ئاساسلىق تاراتقۇلار بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمىدى. ھەتتا ت ر ت دۇنيا دېگەن ئىنگلىزچە قانال ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەن بىلەن قىلغان سۆھبەت پروگراممىسىنىمۇ تارقىتالمىدى. ئا ك پ (ئادالەت ۋە گۈللىنىش پارتىيەسى) ھاكىمىيەت سۈرۈۋاتقان تۈركىيەنىڭ پاسسىپلىقى بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى. يېقىندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى «تېررورچىلارغا نىشان كۆرسىتىش جىنايىتى» بىلەن شىكايەتكە ئۇچرىدى. 60 كىشىدىن ئارتۇق زۇلۇمغا قارشى سەپەرگە ئاتلانغان بىر ئۆمەك ئەنقەرەنىڭ بوسۇغىسىدىن قايتۇرۇۋېتىلدى. مەۋلۇت چاۋۇش ئوغلى ئۇيغۇر پاجىئەسى توغرىلىق خەۋەرنى غەربنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشىغا باغلىدى.

بۈگۈنكى تاراتقۇلاردا ئا ك پ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر پاجىئەسىگە نېمە ئۈچۈن زۇۋانسىز قالغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن زۇۋان سۈرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە گەپ بولمىدى. مەن زۇۋان سۈرىشى كېرەك دەپ

قارايمەن ۋە مۇنداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىمەن. مەن تۈركىيەنىڭ مەسئۇلىيىتى دېگەندە بۇرۇن دېيىلگەن قانداشلىق بۇرچىنى تىلغا ئالمايمەن، مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيىتىنىمۇ سۈرۈشتە قىلمايمەن. پەقەت تۈركىيەدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلار بىۋاستە سەۋەبكار بولغان زۇلۇمنىلا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا تۈرك بايراقلىرى بار كىيىملەرنى كىيگەنلىكى، تۈرك بايرىقىدىكى ئاي يۇلتۇز بولغان زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە بىساتلارنى ئىشلەتكەنلىكى، تۈركىيە فىلىملىرىنى كۆرگەن ۋە تارقاتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى، لاگېرلارغا قامالدى ھەتتا سوراقلاردا ئۆلۈپ كەتتى. تۈركىيەنى تۈرك دۇنياسىنىڭ پەخرى، تۈركلەرنىڭ ئىككىنچى ئانا ۋەتىنى، ھەققانىيەتنىڭ ھامىيسى دەپ قارىغان، سۆيگەن، ئۇلۇغلىغان ئۇيغۇرلار بۇ سەۋدالىقنىڭ بەدىلىنى ئېغىر ئۆتەۋاتىدۇ. شۇڭا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر پاجىئەسىگە زۇۋانسىز قالماسلىقى كېرەك.

2. 2012 - يىلى ئاپرېلدا پىرىزدېنت رەجەپ تايىپ ئەردوغان ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇردىكى تۈركىيە قىزغىنلىقى پەلەككە يەتتى. تۈرك رېستورانلىرى شەرقىي تۈركىستاننى قاپلىدى، تۈرك تىجارەتچىلەر يۈزلەپ كەلدى، تۈرك مەھسۇلاتلىرى بازارلارغا تولدى، تۈركىيە ساياھىتى ئۇيغۇرلاردا مودا بولدى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئېلىۋاتقان ماللارنى توختىتىپ، تۈركىيە ماللىرىنى سېتىشقا باشلىدى. تۈركىيە بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىليونلاپ دوللارلار ئېقىپ يۈردى. ئەمما بۇ تىجارەت 2017 - يىلى ئاپرېلدىن كېيىن جىنايەت ھېسابلاندى. تۈركلەر بىلەن ئالاقە قىلغانلار تۇتۇلدى. تۈركىيەگە پۇل پېرېۋوت قىلغانلار قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇيغۇرلار بۈگۈن تۈركىيەگە قىلغان ساياھىتى، تۈركلەر بىلەن قىلغان تىجارىتى،

تۈركلەرنىڭ قولىدىن يېگەن غىزالىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقان ئىكەن، ئا ك پ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

3. 2013 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار قانۇنسىز يوللار بىلەن تۈركىيەگە كەلدى. بۇ قانۇنسىز قاچقۇنلار تۈركىيەدە ئادەم ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئالدىشى بىلەن تۈركىيە ـ سۇرىيە چېگراسىدىن ھالقىپ تېررورچىلارغا كەتتى. مەسىلەن، 2015 ـ يىلى ئۆكتەبىردە بىر ئاپتوبۇستا 54 ئۇيغۇر ئىستانبۇلدىن يولغا چىقىپ سۇرىيەگە توسالغۇسىز كىرىپ كەتتى. بۇنداق سۇرىيە سەپىرى تاكى 7102 ـ يىلى رامىزانغىچە داۋاملاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى سۇرىيەگە كەتكەن بۇ ئۇيغۇرلارنى داۋراڭ سېلىپ، پۈتۈن بىر مىللەتنى تېررورلۇق بىلەن جازالاۋاتىدۇ. شۇڭا تېررورلۇق بىلەن ماركىلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئازابلىرىغا تۈركىيەدىن سۇرىيەگە، تېررورغا ماڭغانلارنى توسمىغان ھاكىمىيەت مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

4. تۈرك رەھبەرلىرىدىن دەۋلەت باھچەلى، زافەر چاغلايان، ئاخمەت داۋۇت ئوغلۇ، رەجەپ تايىپ ئەردوغان قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا باردى. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇلارنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلدى، قۇچاقلىدى، بازارلاردا ھەدىيەلەر بىلەن ھۆرمىتىنى قىلدى. بۈگۈن مۇشۇ رەھبەلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئۇيغۇرلار قاماقتا. بولۇپمۇ، دەۋلەت باھچەلى بىلەن كۆرۈشكەن ھېيىتگاھنىڭ ئۆلىمالىرى، ئاخمەت داۋۇت ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن ئۇيغۇر مۆھتەرەملەر ۋە ئەردوغانغا چىلان سۇنغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر قاماققا ئېلىندى. سەن بىلەن كۆرۈشكەن ئادەم جىنايەتچى دېيىلىپ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن تۇتۇلغان ئىكەن، خىتاينىڭ نەزىرىدە سەن جىنايەتچىنىڭ قۇتراتقۇچىسى، خەتەرلىك ئىنسان دېگەن گەپ. بۇ چاغدا سېنىڭ بۇرچۇڭ يا خىتايدىن «مېنىڭ نەرىم خەتەرلىك؟» دەپ سورايسەن ياكى سەن سەۋەبلىك تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ

جىنايىتىنى سورايسەن. مەسىلەن، رەسىمدىكى دوپپىلىق ئۇيغۇر، ئىسمى غوجى ئابدۇللا، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قارىۋاش يېزىسىدىن، چوڭ بازاردىكى مىليونېر، 2018 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۇتقۇن قىلىنغان. ئەردوغان بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئۇيغۇر، يېڭىسار قارىۋاشتىن، ئىسمى ئىبراھىم. بۇ كىشىمۇ شۇ مەزگىللەردە تۇتقۇن قىلىنغان. جانابى ئەردوغان، بۇلار سىز سەۋەبلىك تۇتۇلدى، ئۇلارغا نېمە دەيسىز؟

مەن ئىسمى تىلغا ئېلىنغان سىياسىيونلارنى ۋە تۈركىيەدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى خىتايغا قارشى تەدبىر قوللانسۇن دېمەيمەن. ھاكىمىيەتنى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مەيدانغا چىقسۇن ياكى ئۇيغۇرغا ئىلتىپات قىلسۇنمۇ دېمەيمەن. مەن پەقەت ئۇلارنى ئۆزى سەۋەبكار بولغان زۇلۇمنى يوققا چىقارمىسۇن، يوشۇرمىسۇن، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسۇن دەيمەن. بىز ئۇيغۇرلار ئىلتىپات تىلىمەيمىز، مەرھەمەت تىلىمەيمىز، ياردەم ئىستىمەيمىز، پەقەت ئادالەت تەلەپ قىلىمىز، ھەققانىيەت سورايمىز، ئىنسانىي ۋىجدان تىلەيمىز.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# ئالتە كىشىلىك گۇرۇھ كىم؟

يالقۇن روزى، ساتتار ساۋۇت قاتارلىق «ئالتە كىشىنىڭ بىر بۆلگۈنچىلىك گۇرۇھى» ئۈيۈشتۇرۇپ جازالانغانلىقى 2018 ـ يىلى سېنتەبىردە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا خەۋەر قىلىندى. بۇ كىشىلەرنىڭ يالقۇن روزى، ساتتار ساۋۇت، تاھىر ناسىر، ئوسمانجان (فامىلىسى دېيىلمىگەن) ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، خىتاي بۇ ئالتە كىشىنى قانداق قىلىپ بىر گۇرۇھ ئۈيۈشتۇردى دەيدۇ؟

يالقۇن روزىنىڭ تۇتۇلغانلىقى مۇھاجىرەتتە مەكتەپتە ئوقۇپ باققان ھەممەيلەن ئوقۇغان «مەجبۇري مائارىپ دەرسلىكى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ كىتاب ئېلىپبەدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە بولغان 24 قىسىم كىتابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، زۆرۈر ئوقۇشلۇقتىن باشقا تاللانما ئوقۇشلۇقلارمۇ شۇنداقلا ھەر بىر كىتابنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوللانمىسى بار. ھەر بىر كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە بەش ئادەمنى مەسئۇل بولغان دېسەك، مۇشۇ دەرسلىك مەسىلىسى بىلەن تۇتۇلغان كىشىلەرلا نەچچە يۈز ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ياندىشىما مەشىق تۈزۈلگەنىدى، بەلكىم شۇلارمۇ قاماقتا. مەن مۇشۇ دەرسلىك مەسىلىسى بىلەن تۇتۇلغان زىيالىيلارنىلا مىڭدىن ئاشىدۇ دەپ پەرەز قىلىمەن. ئەمما قولۇمدا دەلىل يوق. بىز ئۈچ مىليون دېگەن سانىنى تىرىلدۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۈچ مىليون دېگەن رەقەم بولۇپ، بىز سانىنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ دۇنيانى تەسىرلەندۈرەلمەيمىز، زۇلۇمنى

ئىسپاتلىيالمايمىز.

دەرسلىك كىتاب سەۋەبى بىلەن تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ بېشى «ئالتە كىشىلىك گۇرۇھ» ـ يالقۇن روزى، ساتتار ساۋۇت، تاھىر ناسىردىن باشقا زادى كىملەر؟ بۇ كىتابنى تۈزۈشكە كىملەر قاتناشقان؟ مانا بۇ مەن ئىزچىل ئىزدىنىۋاتقان نۇقتا. ئەمما تولۇق بىر مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدىم. پەقەت ماھىبەدەر مەخمۇتنىڭ رەسىمى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىغا ئېرىشتىم.

دەرسلىك مەسىلىسى باھانە قىلىنىپ جازالانغان «ئالتە كىشىلىك گۇرۇھ»نى ئېنىقلاش ۋە دەرسلىك مەسىلىسى بىلەن زىندانغا سولانغان بارلىق زىيالىيلىرىمىزنى تېپىپ چىقىش زۇلۇمنى ئىسپاتلاشتىكى ئەڭ مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرى. شۇڭا قولىدا بىز ئوقۇغان دەرسلىك بولغانلار، دەرسلىكنى تۈزگەنلەر ھەققىدە مەلۇماتى بولغانلار، زىيالىيلار تىزىملىكىدە تونۇش ـ بىلىشلىرى بولغانلار بۇ ئىشتا قولىدىن كەلگەننى ئايىمسا دەيمىز.

ئەمەلىيەتتە «ئالتە كىشىلىك گۇرۇھ» مەۋجۇت ئەمەس. خىتاي ئۇيغۇرلاردىكى قارشىلىقنىڭ ئاساسى، نەزەرىيەلىك مەنبەسىنى ئۇيغۇر زىيالىيلاردىن ئىزدىگەن. بۇنىڭغا دەستەك سۈپىتىدە ئۇيغۇرچە دەرسلىكنى، خىتاي كوزىر قىلىۋاتقان ئۇيغۇردىكى ئاتالمىش «تېررورلۇق، ئەسەبىيلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك» دېيىلگەن ئۈچ خىل كۈچنىڭ مەنبەسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ ئالتە كىشى ساتتار ساۋۇت، تاھىر ناسىر، ئالىمجان مەمتىمىن، ئابدۇرازاق سايىم، يالقۇن روزى ۋە ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇرازاق سايىم ئۇيغۇرچە دەرسلىك تۈزۈلگەندە مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئىدى. قالغانلارنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە

دەرسلىك تۈزۈلگەندە ئاساسلىق مەسئۇل كىشىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر ھازىدار ئەمەس، ئەرزدار

يېقىندىن بېرى ھەممەيلەن يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدۇق، چۈنكى بىز كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنى كۆز ياشلار سۆزلىمىسە تىل بىلەن دەپ بولغىلى بولمايدۇ. بىز قالغان بۇ ئۇۋالچىلىقلارنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا ئاپپارات بىزگە توغرىلىنىپ بولغىچە تاراملاپ تۆكۈلۈپ كېتىمىز. كۈنىمىز سۆيۈملۈكلىرىمىزنىڭ دەرد ھەسرىتى ئىچىدە ئۆتكەچكە، كۆزىمىزگە كۆلگەن چىرايلارمۇ غەلىتە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بارا - بارا يىغلىغاننى كۆرسەكلا ئۆپكىمىز ئۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەمما بۇ ئېغىر كۈنلەردە زۇلۇمنى يېڭىدىغىنى ئازابلىنىش ئەمەس ھەرىكەتلىنىش، خىلۋەتكە بېكىنىپ قېرىنداشلارنى ئەسلەپ پەرياد چېكىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئادالەت دەرۋازىلىرىنى قېقىش، جاپا چېكىش. ھەممىمىز مىللەتنىڭ دەۋاگىرى، قەدىردانلىرىمىزنىڭ ئەرزدارى. بۇ دەۋانىڭ بىزدىن كۈتۈۋاتقىنى مۇساپىرچىلىقتا سولۇپ سارغىيىش ئەمەس، چىداپ ئىشلەش، تىرىشىپ كۈچلىنىش.

يېقىندا بىر دوستىمىز ئۇيغۇر ئۇچرىغان زۇلۇمنى تۈركىيەگە ۋە گاس دۇنياغا ئاڭلىتىشتا تىياتىر، ناخشا - مۇزىكىنىڭ رولى ھەققىدە ئەتراپلىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەنمۇ قايىل بولۇپ سۆز قاتتىم. ئەمما بىر قىسىم دوستلار بۇنى قوبۇل كۆرمىدى. ئۇلارچە مىللەت يىغلاۋاتسا ناخشا ئېيتىش جايىز ئەمەس ئىكەن. ئۆزىنى دەردمەن دېگەن كىشىنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشى كۈلكىلىك تۇيۇلارمىش. شۇنىڭ بىلەن ئىشتىراكچىلار ئارىسىدا دىندىن، سۈننەتتىن گەپ بولۇپ ئۇيان

تارتىشىپ، بۇيان تالىشىپ بىر قارارغا كېلەلمەي تاراپ كەتتۇق.

بۇ گەپ بىر قانچە سورۇندا بولغان بولسىمۇ ئىجازەتتىن ئىنكار كۆپ بولدى. ئويلاپ قالدىم، زۇلۇمنى پاش قىلىش، دەرد ئېيتىش، ھەقسىزلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن چوقۇم يىغلاش كېرەكمۇ؟ ماقۇل يىغلايلىمۇ دەيلى، كوچىدا بىر ئادەم يىغلاپ ئولتۇرسا ئەتراپىغا ئادەم كۆپ ئولىشامدۇ ياكى تازا كەلتۈرۈپ مۇزىكا ئورۇنلىسىمۇ؟ ئەلۋەتتە، مۇزىكا ئورۇنلاپ ناخشا ئېيتسا. ئەگەر ئەجدادلار بېشىغا كۈلپەت كەلگەندە ۋارقىراپ يىغلاپ بولدى قىلغان بولسا ياكى ئېزىلىپ مىشىلداپ قان قۇسقان بولسا، بۈگۈنكى مۇڭلۇق مۇقاملار، دەردلىك ناخشىلار، جەڭگىۋار ئۇسۇللار ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى.

بېشىمىزغا پالاكەت ياغقىنى راست، ئەمما مەيدىمىزگە مۇشتلاپ تىك ياشاۋاتىمىز، ماكچىيىپ كەتمىدۇق. چۈنكى بىز ئۆلۈمنىمۇ مەنىلىك قوشاقلار بىلەن ئاۋات قىلغان، مۇڭلۇق كۈيلەر بىلەن سەنئەتلىك ئۇزاتقان مىللەت. كۆز ئالدىمىزدا يۈرەك ـ باغىرلىرىمىزنى زەرداب قىلغۇدەك خارلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنى ھەقىقەت. ئەمما بىز ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشتە ئۆلۈشنى تاللىغانكى، ئازابلىنىپ ئۆلۈۋېلىشنى تاللىغان مىللەت ئەمەس.

بۈگۈن ئۇيغۇرغا كەلگىنى بىز تارىختا كۆرمىگەن بىر دەھشەتمۇ ئەمەس. بىز تارىختا بۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى كۆرگەن ۋە كۈلپەتتە دۈشمىنىمىزنى يېڭىپ كەلگەنكى، تونجۇققان مىللەت ئەمەس. بىز بۇنداق زۇلۇملاردا ھەقتىن كەچكەن، ناھەقكە باش ئەگكەن مىللەت ئەمەس. بۇنداق ئازابتىن خۇدىمىزنى يوقىتىپ ئەجدادىمىزدىن، تارىخىمىزدىن ۋە كىملىكىمىزدىن ۋاز كەچكەن مىللەت تېخىمۇ ئەمەس. شى دېگەن فاشىست بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ ئون پىرسەنتىنى قامىغان بولسا، شىنىڭ شىسەي دېگەن جاللات

ئۇيغۇرنىڭ 10 پىرسەنت نوپۇسىنى قىرغىن قىلغان. بۇندىن 82 يىل بۇرۇنقى بىر كىچىدە ئۇيغۇرنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىسى قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدە پىلىمۇتتا ئوققا تۇتۇلۇپ، جەسەتلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. قېنى شۇ شىلڭ؟ ئۆزى تەيۋەندە ئۆلدى، يېگانە تۇخۇمى كانادادا قۇرۇپ كەتتى. ئۇ يوقاتماقچى بولغان ئۇيغۇر بۈگۈنگىچە يوقالماقتا يوق، ئاۋۇپ ختايدەك جاھاندا ئىككىنچى كۈچنىڭ كۆزىگە تىكەن بولۇپ سانجىلىۋاتىدۇ.

بىز تارىختا ختاي باشلىغان جاھالەتنى سەددىچىندىن چىقارماي ئىسلامنىڭ مەشئىلىگە مۇھاپىزەتچى بولغان بولساق، تۈنۈگۈنكى ئۆتمۈشتە ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تام قوشنا مۇسۇلمان ئەللەرنى ئىستىلا قىلىشىدىن توسۇپ قالدۇق. مانا بۈگۈن بىز، بىزنى چەيلەپ ئۆتمەكچى بولغان كوممۇنىست مەلئۇنلارنىڭ ئاياغلىرىغا بىگىزدەك سانجىلىپ، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك قولىنى چېگرامىزدىكى مەسۇم مىللەتلەرنىڭ يۈرىكىگە سوزۇشتىن توسۇپ تۇرماقتىمىز. ختاي بىزدىكى كۈچنى بىلگەچكە ئۆزىدىكى ھېچبىر مىللەتكە سىنىمىغان قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، زېمىنىدىكى ھېچبىر خەلققە قىلمىغان زۇلۇمنى بىزگە قىلىۋاتىدۇ.

ئەقىدىلىك ھەر بىر ئۇيغۇرغا بۈگۈنكى كۈن مۇسىبەت ئەمەس، بەلكى سىناق. ئۇيغۇر قىلغان ئىشىدا ئەقىلگە ۋە ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدىغان مىللەت. ئەقىدىمىز بويىچە چۈشەنسەك، بېشىمىزغا كەلگىنى سىناق بولغان ئىكەن قىلىدىغان ئىشىمىز يىغلاپ ئۈنۈمسىز ھازا ئېچىش ئەمەس، بەلكى پىسەنت قىلماي تەدبىر بىلەن تەييارلىق قىلىش بولۇشى كېرەك. ناھەق بوزەك قىلىنىۋاتقىنىمىز، ئۈنسىز يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىمىز پاكىت بولغان ئىكەن، قىلىدىغىنىمىز بىر - بىرىمىزگە ھال ئېيتىش، ياش تۆكۈش،

مۇڭلىنىپ يېتىپ دۇئا قىلىش ئەمەس، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ سەۋەب قىلىش، دەۋا قىلىش، دۇنيانىڭ ئادالىتىگە ئەرز قىلىش بولۇشى كېرەك.

ئەگەر زالىمنىڭ ئالدىدا، ئادالەت سوتىدا، ھازىدار ئەمەس ئەرزدار بولۇشنى قارار قىلساق، قىلغان تەييارلىقىمىز ئەقلگە ئۇيغۇن، خەلقئارا قانۇنغا مۇۋاپىق، جاھاندا تونۇلىنىۋاتقان مۇقامغا ماس بولۇشى كېرەك. خۇددى بۈندىن 70 يىللار بۇرۇن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈمبىسىگە مىلتىق بىلەن راۋابنى تەڭ ئېسىپ جەڭگاھقا ماڭغاندەك، بىزمۇ بۈگۈن بىر قولىمىزدا دەلىل، ئەرز، پاكىتلارنى كۆتۈرسەك، يەنە بىر قولىمىزدا راۋاب ـ دۇتارنى كۆتۈرۈپ ئەرزىمىزنى ھەم يىغىنلاردا لوگىكىلىق بايان قىلىشىمىز ھەمدە سەھنىلەردە سەنئەتلىك ئايان قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا دۇنيا بۇ قەدەر ئاقىللىق بىلەن دەۋا قىلىدىغان، مەردانە ياشايدىغان بىر خەلقنىڭ، ھاياتنى شۇ قەدەر سەنئەتلىك ئۆتكۈزىدىغان بىر مىللەتنىڭ يوقىتىلىشىغا چىداپ تۇرالماس ھالغا كېلىدۇ.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

# سەممىيەت قەھەتچىلىكىدە ئۇيغۇرىيار

تۈركىيەدە سەممىيەت قەھەتچىلىكى مەۋجۇت. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ پۇقراغىچە، تاراتقۇدىن تارتىپ دەرسخانىغىچە يالغانلار ماگدامدا بىر پۈتلىشىپ تۇرىدۇ. بىر يېرىم ئاي بۇرۇن 19 نەپەر تۈرك مۇخبىرنى مېھمان قىلىپ دەردىمىزنى ئاڭلاتتۇق ۋە قامالغان زىيالىيلار تىزىملىكىنى بەردۇق. خۇداغا شۈكرى، «قارار» دېگەن گېزىت باش بەتكە مەھبۇس زىيالىيلىرىمىز ھەققىدە خەۋەر بەردى. باشقا ئۈچ گېزىتمۇ مەزكۇر خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. ئەمما مەن زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا سۆيۈملۈك ئۇستازىم راھىلە داۋۇت ھەققىدە «ئانتروپولوگ (ئىنسانشۇناس)» دېگەن ئىدىم، «قارار» دا بولسا «داڭلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى راھىلە داۋۇت» دەپ يېزىپتۇ. گەرچە بۇنى قەستەن يالغانچىلىق دېمىگەن تەقدىردىمۇ يالغان يېزىلغان. چاتاق يېرى باشقا مەلۇماتلارنى مەن بەرگەن، تىزىملىك مېنىڭ قولۇمدىن چىققاچقا يالغانغا مەنمۇ شېرىك بولدۇم.

تۈركىيەدەك سەممىيەت كەم تېپىلىدىغان، ئۇيغۇرلارمۇ يالغانچىلىق ئەيىب سانالمايدىغان مۇھىتتا يۇقۇملىنىۋاتقان، ھەتتا بىر قىسىملارنىڭ خىتايدا يۇققان ساختىپەزلىك كېسىلى باغجانلاپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئىككى ئوقۇغۇچى راست گەپ قىلدى.

2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرىيار فوندىدىن مۇكاپات ئېلىۋاتقان بىر قىز ئوقۇغۇچىمىز مۇكاپاتنى رەت قىلغان ئىدى. ئۇ قىزىمىز كونيادىكى سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ،

نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈستىگە تۈركچە ئىلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن تونۇلغان ئىدى. قىزىمىز خىزمەت تېپىپ بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇغۇدەك شارائىتقا ئېرىشىپتۇ. شۇڭا ئۇيغۇريار فوندى مۇكاپاتىنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىكەن. بىز مۇشۇنداق راستچىللارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، بىر سەممىيەت مۇكاپاتى تەسىس قىلىشنىمۇ ئويلاشقان ئىدۇق.

2019 - يىلى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان يەنە بىر ئوقۇغۇچىمىز مۇكاپاتنى رەت قىلدى. ئۇمۇ بىر شىركەتتىن ئىش تېپىپتۇ. بۇ ئوغلىمىزنىڭ راستچىللىقىدىن تەسىرلەندىم، ھەتتا راست رەت قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا سورىدىم.

ئۇيغۇريار فوندىدىكى مۇقىم مائاشلىق خادىمى يوق، ئىشخانىسى يوق، ھەممە ئادەم يېنىدىن چىقىرىپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلەيدىغان بىر فوند ئۈچۈن سەممىيەت بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى بىز تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى، پىدائىيلىق خىزمەت پىلانى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدىن باشقا ھېچ قانداق ئەھۋالىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈشكە قادىر ئەمەس. ئىككى ئوقۇغۇچى مۇكاپاتتىن ۋاز كەچتى دېگەنلىك ھەر بىرەيلەن ئېيىغا مۇقىم كىرىۋاتقان مىڭ لىرا پۇلدىن ۋاز كەچتى دېگەن گەپ. بىر ئىشچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاشى ئىككى مىڭ لىرا قىلىپ بېكىتىلگەن تۈركىيەدە بۇنداق ۋاز كېچىش ئاسان ئىش ئەمەس. دېمەك، بىز ئوقۇۋېتىپمۇ ئىش تاپالايدىغان، ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ يەنە يۇقىرى مائاش ئالالايدىغان بالىلارنى تاللاپتۇق. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىنىشى بىزنىڭ «جۈرئەتسىز ئاجىزلارنى يۆلىمەيمىز، تىرىشچانلارنى كۆچلۈكلەردىن قىلىپ چىقىمىز» دېگەن ئىدىيەمىزگە ماس كەپتۇ.

ئەسلى ئىككى يىلدا ئارىمىزدا نەپسىدىن كېچىپ مۇقىم كىرىمنى رەت قىلغان ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ چىققانلىقى ھەققىدە يېزىش زۆرۈر ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، بىز ئۇيغۇرىيار فوندىنىڭ تۈرلىرىنى سەممىيەت قەھەتچىلىكىدە قالغان بىر ئەلدە داۋام قىلىۋاتىمىز. بىز ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ، تەلەپكارلىرىمىزنىڭ سەممىيلىكى بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى تېجەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ سەممىيلىكى بىزنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياردەمسىز مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويغانلىقى خۇددى مۇستەقىللىقىمىزنىڭ شەپىسىدەك بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## ۋەتەنسىز قالدۇق، ئۈمىدسىز قالمايمىز

تۇنۇگۇن كانادادىن بىر ئىنىمىز كەلدى. 2006 ـ يىلى كاناداغا كەلگەندە يۇڭ ماشىنىلىرىغا هامماللىق قىلىپ ئىش باشلىغان ئىكەن. ئارىدىن 13 يىل ئۆتۈپ بىر شىركەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ. تۈركىيەگە ساياھەتكە كەلگەچ سەفاكۆيدىكى قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلارنى يوقلاپتۇ. قولىدا ئىش، يانچۇقىدا دوللار، كاللىدا پىلان بولغاچقا، روهى كۆتۈرەڭگۈ بۇ يىگىت ماڭا ئاجايىپ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بىرمۇنچە ئۈتۈقلۇق هېكايىلەرنى، تەسىرلىك گەپلەرنى قىلىپ بەردى.

ـ مەن كاناداغا يېڭى كەلگەندە ماشىنىغا يۈك باساتتىم، بىر هىندى شوپۇر ماڭا «بولە تېز، مەن ئالدىرايمەن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. كىملىكىنى سورىسام مەن ئىشلەۋاتقان شىركەتتىكى بىر شوپۇر ئىكەن. شوپۇرلۇق ئۈچۈن پىراۋا ئالىدىكەنمەن. خەپ دېدىم، مەن پىراۋا ئېلىپ سەندەك شوپۇر بولمايمەن، شوپۇرلارنى ياللايدىغان ترانسپورت شىركىتىگە خوجايىن بولىمەن، دېدىم. راست دېگىنىمنى قىلدىم، شوپۇرمۇ بولدۇم، پۇلمۇ تاپتىم، ئاخىرى شىركەت قۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئەتراپتىكىلەر 6 ئايدا ۋەيران بولسەن دېيىشتى. مەن ئالتە ئاي ئەمەس بىر يىل جاپا تارتتىم، ئەمما مانا هازىر ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيدىغان بىر شىركەتكە خوجايىن بولدۇم.

ۋەتەنىنىڭ جەنۇبىدىن چىقىپ دۇنيانىڭ شىمالىدىكى بىر سوغۇق شەهەردە ياشاۋاتقان بۇ ئىنىمىزنىڭ سودا پىلانلىرى

مېنى قىزىقتۇردى. ئۇ يولدا ۋە تۇتۇش جەريانىدا قەيەردە نېمىگە ئېھتىياجىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپتۇ. ئۆزى يېڭىرمە تىيىنغا تۇشۇپ بەرگەن بىر مالنىڭ قانداق قىلىپ تاختىغا 20 دوللار بولۇپ چىققانلىقىغا شاھىت بوپتۇ. ئۇ ئامېرىكا ۋە كانادا ئارىسىدا قاتناپ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدىكى سىرلاردىن ۋاقىپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ۋەتەنسىز ئۇيغۇرلاردىكى ئۈمىدسىزلىك، قانائەتخورلۇق، يۈرەكسىزلىك ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئۇيغۇرلارنى ھۈنەر ئارقىلىق قانداق كۆچلەندۈرۈش ھەققىدە كۆپرەك سىرداشتۇق.

ھامالىقتىن خوجايىنلىقىغا يۈكسەلگەن بۇ ئىنىمىز ۋە ئۇنىڭ بوغالتىرلىقتا ئوقۇپ ئېرىگە ھەمدەم بولۇۋاتقان ئايالى بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئايرىلدۇق. ئۇ خوشلىشىۋېتىپ: «ئاكا، مىللەتكە ئۈمىد بېرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىڭ، نەگە بارساق بىر - بىرىمىزگە دەرد ئېيتماي مەدەت بېرەيلى، باركاللا ئېيتايلى، ھە دېسە سەلبىي كەچمىشلەرنى سۆزلەپ روھىمىزنى چۈشۈرمەيلى، ئۆزئارا ھېچ ئىش قىلىشىپ بەرمىسەكمۇ قىلالمايسەن دەپ ئۈمىدسىزلەندۈرمەيلى، بىز ۋەتەنسىز قالدۇق، ئۈمىدسىز قالساق، چۈشكۈنلىشىپ يىقىلساق، مۇساپىرچىلىقتا يۆلۈۋالىدىغان ئادەم يوق!» دېدى. مەنمۇ ئەلۋەتتە ماقۇل بولدۇم ۋە ئۇنىڭدىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا ئۈنسىز ياردەم يوللاۋاتقان ئون نەچچە ئۇيغۇر قېرىندىشىمغا سالام ئېيتتىم.

2019 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

## ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ لەرزى

ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە خەۋەر چىققاندىن كېيىن، ماڭا تۇنجى قېتىم بىر قانچە تۈركچە تاراتقۇلاردىن تەڭلا تېلېفون كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆممەتچىلەر، مىللەتچىلەر، سولچىلار ھەممىسى بار بولۇپ، ئابلەت مەخسۇم ۋاپات بولغاندا، كېرىم ئابدۇۋەلى شېھىت بولغاندا، مەمەت سالىھ داموللام ئاللاھقا قايتقاندا تېلېفونۇم بۇنداق سايراپ كەتمىگەن ئىدى. دەسلەپ ئۆرۈمچىدىن خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىم نەتىجە بەرمىگەچكە سۈكۈت قىلدىم. شەنبە كېچە سائەت 11 بىلەن خەۋەر كەلدى، سەنئەتكار ھايات. قانداق قىلىمىز؟ تاھىر ھامۇت بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە بەزىلەرنىڭ ھاجىمنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشتۇق. چۈنكى، ھاجىم ساق. ئەمما مىليونلىغان ئۇيغۇر قىينىلىۋاتقان، ئۆلۈمنى تىلەپ ئاللاھقا يېلىنىۋاتقان ئىدى. قاراپ تۇرۇپ ساقنىڭ، ھايات بىر ئىنساننىڭ دەۋاسىنى ئۆلدى دەپ قىلىمىز ـ يۇ، ھالاكەت ئارخىپىغا ئىسمى تىزىلغان مىليونلىغان كىشىلەرنى سانغا چىقىرىپ بولدى قىلىمىزمۇ؟

مېنى ئەڭ ھاياجانغا سالغىنى ھاجىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن باشقا تۈركىيەنىڭ كېچىكىپ بولسىمۇ چىقارغان ساداسى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ باياناتى، تىترەپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان يۈزلىگەن كىشىلەرنى، ئونلىغان تاراتقۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. ماڭا ئەزەلدىن يېقىن يولىمايدىغان ئا ك پ چى گېزىتلەرنىڭ قىلغان تېلېفونلىرى ۋە قىزغىنلىقىدىن ماڭا

تۈركىيەدە ئۆچكەن ئۇمىدنىڭ شاملىرى بىراقلا يېنىپ كەتكەندەك بىلىندى. بىر ئابدۇرېھىم ھېيىت بىلەن تۈركىيە لاگېرلارنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى. ئەڭ قاتتىق دىپلوماتىك ئىبارە قوللاندى. بارىكاللا! ھاكىمىيەتتىكى كىچىككىنە ئويغانغان ئىنسانلىق. ئەگەر ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ لەرزى تۈركىيەنى تىترەتمىگەن، تۈركىيە خەلقىنى چۆچۈتمىگەن بولسا ھاكىمىيەت بۇنداق بىر كەسكىن مەيدانغا تەۋەككۇل قىلمىغان بولاتتى. باشقا ئۇيغۇر مۇلاھىزىچىلەر دېگەندەك ھېسابلارنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقمىساممۇ، ئا ك پ ھۆكۈمىتىدە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئويغانغانلىقىغا ئىشىنىشنى بەكمۇ خالايمەن. تۈرك خەلقىنىڭ بېسىمى مۇھىم رول ئوينىدى دېگەن خۇلاسەمدە چىڭ تۇرىمەن.

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئابدۇرېھىم ھېيتقا ئاتاپ مەخسۇس بايانات ئېلان قىلغاندا خىيالىم مەمەت سالىھ داموللامغا كەتتى. ئىسلامچى ئاتالغان ئادالەت ۋە گۈللىنىش پارتىيەسى ھاكىمىيەت سۈرۈۋاتقان تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۇيغۇرغا ئانا تىلدا يەتكۈزگەن كاتتا ئۆلىما ئۆلتۈرۈلگەندە سۈكۈت قىلىپ، ئۇيغۇرلۇقنىڭ گۈزەللىكى، ئازابلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى دۇتارىدا كۈيلىگەن بىر ناخشىچىغا كۆرسەتكەن بۇ قەدەر كۈچلۈك ئىنكاسى مېنى ئويغا سالدى.

ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ دۇتارنى تۇتۇپ، ھېلى ياركەنتنىڭ، ھېلى يېڭىسارنىڭ، ھېلى قومۇلنىڭ بۆكىنى كىيىپ تۇرغان سالاپىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەنچە دۇنيا ئۇيغۇر دېسە مۇشۇ سالاپەتنى، مۇشۇنداق قىياپەتنى كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ قۇرئانىمىز بار. ئەمما دۇتار ئۇيغۇرنىڭ خاسلىقى، قۇرئان ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا خاس ئورتاقلىقى. بىر مىللەتتىن جاھاننىڭ كۈتىدىغىنى شۇ مىللەتنىڭ ھېچ كىمدە يوق ئۆزگىچە

سەنئىتى، ھېچ كىمدە يوق كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئىجادىيەت بايلىقى. بەلكىم تۆركىيەنى تىترەتكەن، دۇنيانى جەلپ قىلغان، ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن تەرەپ دەل ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ئۇيغۇرغا خاس كىيىمى، ئۇيغۇر روھىنى مۇجەسسەملىگەن ئاھاڭى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى جۇلالاندۇرغان ناخشىلىرى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇر بولۇش بىلەن ئىنسانىمىز. بۇ بىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ئۇيغۇر قىلىپ تۇرىدىغان ئامىل ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بۇ ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇلۇغلىرىمىز بىزدىن ئۇيغۇرلۇقنى ئىزدەۋاتقان جاھاننىڭ نەزىرىدە ئانچە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئەمەس. جاھاننىڭ كۆزى ئۇيغۇرنىڭ ھېچ كىمگە ئوخشىماس ئۇيغۇرچە سۆزىدە، ئىنسانىيەتكە زوق قاتقۇچى ۋە ھاياجان قوزغاتقۇچى كۈيىدە، جاھانغا ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭ قوشىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىدە بولۇپ، ئۇلار بىزنى مۇشۇ خاسلىقىمىز بولغاچ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ. بوۋىلار ۋە مومايلاردىن مىراس قالغان ئۇيغۇرلۇقىمىز بىزنىڭ ھېچكىمگە ئوخشاپ قالمايدىغان تونىمىزدا، مەردانە ئۇسسۇلىمىزدا، لەرزان مۇقامىمىزدا، قىزغىن مەشرىپىمىزدە، مىڭ ئۆيدىكىدەك مىڭ يىلنىڭ تارىخىنى سۆزلەيدىغان رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە بىناكارلىقىمىزدا. ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ جاھاننى تىترەتكەن لەرزى ئۇيغۇرلۇقنىڭ لەرزى، ئۇيغۇرغا خاس مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىي دۇنيادا يوقاپ كېتىشىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن ھېسداشلىقنىڭ لەرزى.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## بىر ئۇيغۇر لاگېردىن قاچتى، ئەمما...

شۇنداق، خاتا ئاڭلىمىدىڭىز، لاگېردا ئوقۇتقۇچى بولغان ياركەنتلىك ئابدۇقادىر ساتتار 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ بېيجىڭغا قاچتى. ئۇنىڭ ھەقىقي ئىسمىنى ۋە لاگېردا ئىشلىگەنلىكىنى تېلېفون نومۇرىغا ئاساسەن ئېنىقلاپ چىقتۇق. ماڭا بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭ ئىستانبۇلدىكى ساۋاقدىشى يەتكۈزدى. ئەمما ئابدۇقادىرنىڭ ساۋاقدىشىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابدۇرېھىم دېدى.

ئابدۇرېھىم دەرھال چەتئەلگە قېچىشى كېرەك ئىكەن. بۇ سەۋەبتىن، مەندىن ياردەم ئىستەيدىكەن. مەن بېيجىڭدىكى بىر مۇخبىر بىلەن ئالاقە قىلىپ سابىق ئوقۇتقۇچى ئابدۇرېھىم بىلەن كۆرۈشتۈردۈم. ئۇ تېلېفوندا ماڭا: «مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇرېھىم، 2011 ـ يىلى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزدۈم، 2015 ـ يىلدىن بۇيان يەكەندە بىر لاگېردا ئوقۇتقۇچى بولدۇم، بولۇۋاتقان زۇلۇمنى كۆرۈپ چىدىيالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زۇلۇمنى مېنىڭمۇ كۆرۈشۈم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئەھۋال بەك چاتاق، مەن ماشىنا تىجارىتى قىلىمەن دەپ رۇخسەت سوراپ بېيجىڭغا كەلدىم. ئىدارەمدىن مېنى قايتىپ كېلىشكە زورلاۋاتىدۇ، ئەگەر دۈشەنبە كۈنى قايتىپ كەتمىسەم، مېنى بېيجىڭدىن تۇتۇپ كېتىدۇ!» دېدى.

بۇ ئىش بولغان كۈنى مەن ۋە مۇخبىر تۆرلۈك قاناللار بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئاخىرى 18 ـ دېكابىر ئۇنىڭ قۇتۇلۇش يولىنى

تاپقان بولدۇق. كانادانىڭ ۋە شۋېيتسارىيەنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئابدۇرېھىمغا پاناھلىق بېرىشكە قوشۇلدى. ئەگەر ئابدۇرېھىم مۇشۇ ئەلچىخانىلارغا كىرىۋالسا، ئۇنىڭ قۇتۇلۇش يولى ئېچىلاتتى. ئەمما ئابدۇرېھىم بىر كۈن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىستانبۇلدىكى ساۋاقدىشىغا دېگەندىن كېيىن غايىب بولدى، بىزدە بار تېلېفون نومۇرىمۇ تاقالدى. ئۇ «مەن ئەتە شۈنيىچۈگە چىقىپ باقاي، شۇ يەردە ئۆلۈپلا قۇتۇلارمەن» دېگەن مەنىدە بىر ئۇچۇرنى ۋە رەسىملىرىنى ساۋاقدىشىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق بىر قىزى بار ئىكەن.

شۇندىن كېيىن ئابدۇرېھىمنىڭ گەپلىرى قۇلاقلىرىمدىن كەتمىدى، ساۋاقدىشىدىن سورىغان بولساممۇ جاۋاب يوق. «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مېنى ئېلىپ كەتسە بەك قىينىلىپ كېتىمەن، تەربىيەلىنىۋاتقانلار كۆرگەن ئۇ كۈنگە قاراپ چىدىيالمىدىم، بېشىمغا ئۇ كۈن كەلسە مەنمۇ چىدىماي باشقىلارنى پاش قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ قاملىشىغا سەۋەبچى بولۇشۇم مۇمكىن» دېگەنىدى.

تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ئۇنى قانداق قۇتقۇزۇشنىڭ غېمىدە قېلىپ، ئۇنىڭ نە ئاتا ـ ئانىسىنى، ئادرېسىنى، نە يېشىنى سورىماپتىمەن. پەقەت ئۇنىڭ «ياركەنت شەھەر ئىچىدە 180 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم لاگېردا» دېگىنى ئېسىمدە. ئىستانبۇلدىكى ساۋاقدىشىدا رەسىمى بار ئىكەن، بەلكىم باشقا ئۇچۇرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. رەسىمدە ماشىرەڭ فورما كىيىۋاپتۇ دېگەندەك قىلغان، لېكىن ھەر قانچە چۈشەندۈرۈپمۇ لاگېردا چۈشكەن ئۇ رەسىمنى، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ساۋاقدىشىدىن ئالالمىدىم.

ساۋاقدىشىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە سۈكۈتتە تۇرۇپ، لاگېردىن

چىققان پاكىتنى ۋە باشقا مەلۇماتلارنى بېرىشنى رەت قىلغان بۇ قىزغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈپمۇ، دوق قىلىپمۇ، تەنبىھ بېرىپمۇ ھېچبىر ئۈچۈرغا ئېرىشەلمىدىم. ياركەنتلىك ئابدۇرېھىم ئۈچۈن ھېچكىم رەسمىي كۆتۈرۈپ مەنمۇ ئۇيغۇر دەپ مەيدانغا چىقمىدى. چۈنكى، شۇنداق كىشىلەر بار ئىدىكى، «مىللەت مەنمۇ ئۇيغۇر!» دەپ جاكارلاۋاتقان مەيدانلاردا مەيدانسىز ئىدى.

ئىزاھات: مەزكۇر كىشى ھەرقانداق بىر تاراتقۇلارغا چىقىشنى خالىمىغان، خەلقئارا ياردەمنى رەت قىلغان، مۇخبىر بىلەنمۇ پەقەت قۇتۇلۇشقا ياردەم ئېلىش ئۈچۈن كۆرۈشكەن. ھەتتا مۇخبىرغا ئۆزى ھەققىدە ھېچ نەرسە يازماسلىقنى ۋەدە ئالغان. ئېھتىماللىقلار پۈتۈنلەي تەييارلانغان... ئەمما بىراقلا چەتئەلگە چىقىپ، بىر بىخەتەرلىك شارائىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن دېمەكچى بولغان ئىدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن نەتىجىسىز ئاياغلاشتى. ئىستانبۇلدا ياشايدىغان مەزكۇر قىز تا بۈگۈنگە قەدەر پاكىتلارنى بېرىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن لاگېرلارنىڭ ياركەنتتىكى يۈزى ئېچىلماي قالدى. مەن بۇ يازمىنى 2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يازغان، بىر يىلدىن كېيىن قايتا ئېلان قىلدىم، سەۋەبى خەۋەرنىڭ ئاچقۇچى بىر ئۇيغۇرنىڭ قولىدا. دۇنياغا داڭلىق بىرلەشمە ئاگېنتلىقنىڭ مۇخبىرى دېيىك كاڭ ئابدۇقادىر دېگەن بۇ كىشى بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشكەن، رەسمىدىكى ھېلىقى دېگىنى ئاشۇ مۇخبىر. مۇخبىر پاكىتلارنى ئاۋازغا ئالغان ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر يازغان. ئەمما ئۇنىڭ رەسمى ۋە باشقا كىشىلىك ئۇچۇرلىرى ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ساۋاقدىشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنماي قالدى. مەردان غاپپارنىڭ خەۋىرى چىققاندىن كېيىن دېيىك ماڭا تېلېفون قىلىپ، ياركەنتلىك ئۇ قىزنىڭ ئابدۇقادىرنىڭ رەسمىنى بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك خەۋەرنىڭ تېخىچە ئېلان قىلىنمىغانلىقىنى، ئۇ خەۋەر ئېلان قىلىنسا دۇنيادا

يەنە بىر داغدۇغا قوزغىلىپ، ئىچىلمىغان ئاجايىپ پاجىئەلەرنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

دېيىك ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشكىلى تۈركىيەگە كەلدى. ئەمما شۇنچە ۋاقىت تۇرۇپمۇ ئۇ قىز رەسىمنى بېرىشكە قوشۇلمىدى. سىڭلىم، ئابدۇقادىرنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە دەپ بەردىم، بۇ يەردە باشقا گەپلەرنى دېمەي، ئاشۇ رەسىمنى بەرگەن بولسىڭىز، مەن سىزگە ناماقۇل بولاي، ئۆتۈنەي. ئىستانبۇلدا رەسىمنى بەرمىگەندە سەل قاتتىق تېگىپ قاپتىكەنمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، شۇ رەسىمنى بەرگەن بولسىڭىز، مەردان غاپپارنىڭ رەسىمى ئەمەس، ۋىدىيوسىمۇ چىقتى، مۇشۇ پۇرسەتتە ئابدۇقادىر ئاشكارىلىغان سىرمۇ سىزدە تۇرۇپ قالمىسۇن. بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىر خەۋەر كۆلى، ھەممە ئاخبارات ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ، بۇ خەۋەر چىقىپ كەتسە دۇنيانى قاپلايدۇ، بىز تېخىمۇ كۆپ ئىنسانىنى قوزغىيالايتتۇق. مەن بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمىسىڭىز دېيىككە بەرسىڭىز بولىدۇ، شۇ رەسىمنى بەرسىڭىز.

2020 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

## زۇلۇم سېنى قەھرىمان قىلدى

يۈسۈپجان، ئەلجەزىرە كەچمىشىڭنى كۆرۈرمەنلەرگە چېچىۋەتتى، بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىڭدىن قەتىرە، مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ ئەزىزلىشى، يەنە بەزىلەرنىڭ زەھەر يۇتقاندەك تولغىنىپ كېتىشى تەبىئىي. بولۇپمۇ، سېنىڭ ۋىجدانىڭنى چەيلەپ، ئەقلىڭنى كىرا قىلماقچى بولغان ئابدۇشۈكۈرنىڭ سۆزلىرىڭدىن قان يۇتقىنى ئېنىق. ئۇ ساڭا ھاقارەت قىلدى، ھەتتا سېنى تۈركىيەدىن قايتۇرۇپ كېتىمەن دەپ تەھدىت سالدى. ئەمما سەن مۇرەسسەسىز قارشىلىقنى، ھەقنى سۆزلەشنى داۋام قىلىۋاتىسەن.

يۈسۈپجان، خىتايدىكى ساقچىلاردىن توختىماي كېلىۋاتقان «تۈركىيە دېگەن قانچىلىك يەر ئىدى، سېنىڭ جېنىڭ ئالقىنىمىزدا» دېگەن ئاۋازلار ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنى ئىزتىراپقا سالىدۇ. ئەمما سەن باشقىلارەك ئىككىلەنمىدىڭ، قورقمىدىڭ. سەنىسىز قالغان ئايالىڭغا، رەقىبىڭ ئالدىدىكى تېخى ئىككى ياشقا كىرمىگەن قىزىڭغا، سەن ئۈچۈن چېچىنى سۈپۈرگە قىلغان ئاچاڭغا ۋە ساڭا بارلىقىنى بېغىشلىغان ئاناڭغا كېلىدىغان خەتەرنى بىلىپ تۇرۇپ زۇلۇمنى پاش قىلدىڭ، ھەقنى سۆزلىدىڭ، ھەقىقەتكە شاھىت بولدۇڭ. سەن قارا بايراق، قارا يۈرەكلەرگە يالالنما مۇجاھىد بولۇشنى رەت قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك تېررورچى دۆلەتكە قارشى ھەقىقىي جىھادنى قىلدىڭ.

يۈسۈپجان، تېنى ساغلام دىلى كېسەل بەزىلەر سېنىڭ جاسارىتىڭدىن تىترەپ كەتسە، ئۇلارنىڭ مەسۇم ۋىجدانلارغا

ۋىرۇس تارقاتقۇچى ئاتامانلىرى پاش بولۇشتىن قورقۇپ تىپىرلاپ كەتتى. بەزىلەر سىنىڭ تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىڭدىن شۇ سۆزۈك قەترىلەرنىڭ كانى بولغان قەلبىڭنى كۆرسە، بەزىلەر كىرلەنگەن تۇيغۇلىرىنى ئاشۇ غۇبارسىز تامچىلار بىلەن تازىلىدى، يەنە بەزىلەر سىنىڭ جاسارىتىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى، ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ خەققە تىزلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

بىلىمەن، يۇيۇلۇپ ئەينەكتەك پارقىرىغان قەلبىڭگە زىغىردەك شۈبھىمۇ ئىغىر كېلىدۇ. سۆيمىدەك بېشىڭغا چۈشكەن گۇمان تاشلىرى سېنى بىئارام قىلىدۇ. ئەمما چىدىۋەت، شۇنداق كىشىلەر باركى، گۇمان ئۇلارنىڭ ئىمانىنى، ۋىجدانىنى يەپ كەتكەن. ئۇلار گۇمانغا ئىقتىدا قىلىدۇ، گۇماندا ئىستىقامەت قىلىدۇ. گۇمانخور كىشىلەر چاشقانغا ئوخشايدۇ، يوشۇرۇن يۈرىدۇ، ھەممە يەردە تىمىسقىلايدۇ، ئوچۇقتىن، يورۇقتىن قورقىدۇ، قەيەرنى جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق قاپلىسا ئۇلار شۇ يەردە قىمىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاۋۇغان يەرنى نەس باسىدۇ. شۇنداقلار ساڭا ھەسەت قىلىدۇ، چۈنكى، سەن سەيناغا ئاشكارا چىقىپ بۈركۈتكە ئايلاندىڭ.

يۈسۈپجان، 5 ـ ئىيۇلدىكى پاجىئەدە قىرىلىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىڭغا چىدىمىدىڭ. سەن قىساس ئالماقچى، ئافغانىستاندا مەشىق قىلىپ قوشۇن باشلاپ كىرمەكچى بولدۇڭ. ئەمما 2010 ـ يىلى سەپەرگە چىقار ـ چىقماي تۇتۇلدۇڭ. سەن قاماقتىن ئوقۇپ تاۋلىنىپ چىقتىڭ، دوستۇم نىياز قاھارنىڭ كامېردا ئۇيغۇر تارىخىدىن بەرگەن دەرسىنى ھاياتىڭغا چىراغ ياققان ئامەت سانىدىڭ. زۇلۇمغا قارشى ئىرادەڭ كۈچلەندى، زالىمغا زاۋالنى ئىرادە قىلدىڭ.

يۇسۇپجان، يوشۇرۇپ يۈرمە، سەن بىرىنچى قېتىم چەتئەلگە ماڭغاندا ئوقۇۋاتقان ئاتلانغان ئەمەس، ھېچكىم تاجىكىستاندا ئوقۇمايدۇ، سەن مۇجاھىد بولىمەن دەپ چىققان. سېنىڭ مۇجاھىد دېگىنىڭ تالىبانچە ياكى ئەلقائىدىچە ياللانما جەڭچى ئەمەس ھۆرلۈك جەڭچىسى دېگىنىڭ. سەنلا ئەمەس، سۈرىيەگە كەلگەن مىڭلىغان يىگىتلىرىمىزمۇ ئەسلى ئەسەتكە قارشى مۇجاھىد بولغىلى ئەمەس، شۇ يەردە مەشىق قىلىپ ئافغانىستاندىن خىتايغا ئوت ئاچقىلى چىققان. بىز ھاڭ ئالدىغا قىستالغان مەزلۇم مىللەت، بىزنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەر قانداق يولنى تاللاش ھوقۇقىمىز بار. بىز ھۆرلۈك ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز، خۇددى خىتاي بىزگە زۇلۇم سالغاندا دۇنيانىڭ مەسىلىھەتكە سالمىغاندەك، بىزمۇ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتا خەقنىڭ قاش قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرمايمىز.

يۇسۇپجان، شاھادەت شەربىتى ئىچەلمىدىم دەيسەن، شاھادەت ھالاكەت ئەمەس، شاھادەت چوقۇم جەڭ مەيدانىدا، سۈرىيەدە، ئىراقتا ۋە ياكى ئافغانىستاندا ئۆلۈش ئەمەس. شېھىت بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈش شەرت ئەمەس. زۇلۇمغا قارشى شاھىت بولۇش، زالىمنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەش، مانا مەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، مانا مەن زۇلۇمغا قارشى، مانا مەن ئانامنىڭ دەۋاگىرى، مانا مەن مەزلۇم مىللىتىمنىڭ ئەرزدارى دەپ جاكارلاشمۇ شاھادەت. زۇلۇم سېنى زۇلمەتكە شاھىت قىلدى، زۇلۇم سېنى ئۇيغۇرغا قەھرىمان قىلدى، ئىنىم.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# ئابدۇرېھىم پاراچىنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە ئىنكاسلار

ئابدۇرېھىم پاراچ ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر شائىر. ئۇ 2014 ـ يىلى قاچاق يوللار ئارقىلىق ئاۋۋال شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا، ئاندىن تۈركىيەگە كەلگەن. ئۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرچە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىدە بىر مەزگىل رىياسەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن تويۇقسىز تۇتقۇن قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك خىزمەتتىن مەھرۇم قالغان، ئاندىن سەييارە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم 22 ـ فېۋرال سائەت 03:55 ئۆتكەندە ماڭا ئۇچۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساقچىخانىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى ئىككى مىنۇتتىن كېيىن كۆرۈپتىمەن. شۇ لەنەتلىك ئىككى مىنۇتلۇق كېچىكىش سەۋەبلىك ئۇنىڭ زادى قايسى ساقچىخانىدا ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر قالدۇق.

مەن پاراچ بىلەن بىر قانچە كۈن بۇرۇن كۆرۈشكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدا نە ئىقامەت، نە بىر قانۇنىي ھۆججەت يوق ئىكەنلىكىنى، بىر ساقچىنىڭ قولىدىكى تۇتۇش تىزىملىكىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. مەن ۋەتەنىدىن پاسپورتسىز چىققان ۋە تۈركىيەگە ئايروپىلان بىلەن كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن كىشىلەردە ئىقامەتنىڭ يوقلىقىنى بىلگەچكە، بۇنى بەك چوڭ مەسىلە دەپ قارىمىغان ئىكەنمەن.

مەن پاراچىنىڭ تېررورچى ئەمەسلىكىگە يۈز پىرسەنت ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ تۈركىيەدە لەنەتلەنگەن دائىش بىلەن ھېچبىر

ئالاقىسى يوق. تۈركىيەدە تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان فەتوچىلار[1] بىلەنمۇ ئۇنىڭ بىر باغلىنىشى يوق. ھالبۇكى، مۇشۇنداق بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن تۇتۇلدى؟ بۇرۇن يەتتە ئاي سەۋەبسىز تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلگەن پاراچقا يەنە نېمە بولدى؟

بەزىلەر ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى تۇتقۇن بولۇشىغا سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ئۇلار «ھەر قانداق دۆلەتتە گەپ سۆزگە دىققەت قىلىپ يۈرگۈلۈك، دائىشچىنى ئامېرىكىمۇ بوش قويمايدۇ، ئالدىنقى قېتىم تۈركىيەدە تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلگەن، ياۋروپادا تۇتۇلغان بولسا كېسىلىپ كېتەتتى» دەپ پاراچنىڭ سىڭگەن نېنىنى يېمىگەنلىكىگە ئېچىنماقتا.

ئېنىقكى، «گەپ سۆزگە دىققەت قىلمىسا تۇتۇلىدۇ» دېگەن قورقۇنچ ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا مەۋجۇت ئەمەس، ئامېرىكىدا بىر ئادەم بىن لادىننى سۆيىمەن، دائىشنىڭ ئىدېئولوگىيەسى توغرا دېيەلەيدۇ. مەن 2009 - يىلى «بىن لادىننى ۋاللاھى سۆيىمەن» دېگەن بىر پىروگراممىنى كۆرگەن. مەسچىتنىڭ ئالدىدا كانايدا «تېررورىزم توغرا» دېگەن تەشۋىقاتنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. شۇڭا دۇنيانى خىتاي باشقۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، خىتاي ئۆگەتكەن تەپەككۇردا، خىتاي كۆندۈرگەن ئادەت بويىچە پىكىر قىلىشنى، سۆز قىلىشنى جىنايەت ساناش ھاماقەتلىك. خىتايدا كۆنگەن خۇي بىلەن تۈركىيەدە تۇتۇلغان پاراچنىڭ شېئىرلىرىدىن جىنايەت ئىزدەپ خۇدۇكسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. پىكىردە گۇناھ يوق، پەقەت شۇ پىكىر زوراۋانلىققا ئايلانمىسىلا.

[1] 2015 - يىلى 15 - ئىيۇلدا تۈركىيەدە ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان دىنىي جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مەزكۇر جامائەتنىڭ ئاتامانى فەتھۇللاھ گۈلەن بولۇپ، ئامېرىكىدا تۇرىدۇ.

پاراچنىڭ تۇتۇلۇشىنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. تۈركىيەنى خىتايغا ئوخشىتىپ، خىتاي يادلاتقان ئىدىيە بويىچە بىر ئادەمنىڭ يازغان شېئىرىدىن جىنايەتلىك ئامىللارنى ئىزدەش ۋە بۆگۈنكى تۈركىيەنى بىر شېئىر ئۈچۈن ئادەم تۇتىدۇ دېيىش نامۇۋاپىق. تۈركىيە خىتايدەك دېموكراتىيەنى رەت قىلىدىغان دۆلەت ئەمەس. بۇ تۈركىيەنى خىتايلاشتۇرۇپ چۈشىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خىتايچە قورقۇنچنى تۈركىيەدە كۆشەپ يۈرۈش خىتايغا بىلدۈرۈلگەن روھى خۇشامەت، مەنىۋى بەيئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئابدۇرەھىم پاراچ تۇتۇلدى، نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش، ھەرگىزمۇ قورقۇپ تۈركىيەدىن كېتىش ياكى مىشىلداپ ھازا تۇتۇش ئەمەس. تۈركىيە دېموكراتىك دۆلەت، قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشى دېموكراتىك پرىنسىپ. پاراچنىڭ بىرىنچى قېتىم تۇتۇلۇشى ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلىغان بولسا، بۇ نۆۋەت ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلۇشىمۇ ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقنى ئىسپاتلاش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەمما تۈركىيە دائىرىلىرى بۇنداق قارا قويۇق ئادەم تۇتۇپ، قارا قويۇق قويۇپ بېرىشنى توختاتقىنى ئەۋزەل.

مەن ئابدۇرېھىم پاراچنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ يولسىز تۇتقۇنغا ئۇچرىغىنىغا نارازىلىق بىلدۈرىمەن.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

# داۋراڭسىز دەۋا قىلىۋاتقانلار

مەن بىلىدىغان داۋراڭسىز دەۋا قىلىۋاتقان قابىلىيەتلىك، ئوت يۈرەك ئاجايىپ ياشلار بار. مەن شۇ يىگىتلىرىمىزنىڭ سېپىنىڭ كېڭىيىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇلار قانداق ياشلار؟ ئۇلار نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار سىزدەكلا ياشلىقنى ۋە مەنىلىك ياشاش ھوقۇقىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن، زۇلۇمدىكى ئاتا ـ ئانىسى ۋە مەھكۇم ئاتا ـ ئانىلار ئۇچۇن قولىدىن كەلگەننى قىلىشنى بۇرچۇم دەپ بىلىدىغان ياشلار.

1. گۇۋاھلىق فىلىملىرىگە ئىنگلىزچە، تۈركچە، خىتايچە، ئەرەبچە، فىرانسۇزچە خەت كىرگۈزۈپ تارقىتىۋاتىدۇ.

2. ئىنگلىزچە ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىملەرنى تۈركچە، ئەرەبچە، رۇسچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ.

3. تۈرلۈك كارتونلارنى، رەسىملەرنى، فىلىملەرنى ئىشلەپ، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، يىغىن ۋە يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇيغۇرنى ۋە زۇلۇمنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ.

4. ئانا تىل ئوقۇتۇشىغا پىداكارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئانا تىلدا ژۇرنال، گېزىت ۋە كىتابلارنى چىقىرىشقا ياردەملىشىۋاتىدۇ.

5. تىرىشىپ پۇل تېپىپ، پۇل تېپىش يوللىرىنى ئېچىپ، پۇل تېپىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ مۇھاجىرەتتە قابىللاردىن بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

6. ۋىكىپېدىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىسمىنى يېزىۋاتىدۇ ۋە

تولۇقلاۋاتىدۇ. ۋىكىپېدىيا پۇل تاپمايدىغان، تەرەپسىز، ئادىل ۋە ئىلمىي مەلۇماتلارنى يېيىشنى مەقسەت قىلغان قامۇس بولۇپ، بۇ قامۇستا ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار تولىمۇ ئاز. بۈگۈنكىدەك تورلاشقان دۇنيادا ئىنسانلار مەلۇماتنى توردىن ئالىدۇ. ئەگەر توردىن مەلۇمات تېپىلمىسا تېپىلىدىغان مەلۇماتلارنى كۆرىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ دەردىمىز مىللىتىمىزنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بازارلىق قىلىۋەتتى. تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر يېمەكلىرى دۇنياۋى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇلدى. ئەمدى بىز مۇشۇ چاپچاپ بازارغا ئۈلگۈرتۈپ ئۆزىمىز ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تولۇقلىشىمىز كېرەك.

ۋىكىپېدىيادا ئۇيغۇرنىڭ بىر يېزىسىدىن تارتىپ شەھىرىگىچە، چورۇقىدىن تارتىپ گىلىمىگىچە، قوشىقىدىن تارتىپ مۇقاملىرىغىچە ھەممە مەلۇمات ئىنگلىز تىلىدا ۋە باشقا چوڭ تىللاردا بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئەڭ لازىم بولۇۋاتقىنى يۇرتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، زۇلۇم ۋە تۇتۇلغان زىيالىيلارغا ئائىت مەلۇماتلار. مەسىلەن، ئابلىكىم كەلكۈن. مۇشۇ ئىسىمنى ئىنگلىزچە بېسىپ بولغىچە ۋىكىپېدىيا دەرھال ئەڭ ئۆلچەملىك بىر تەرجىمھالنى ئالدىمىزغا تاشلىنىشى كېرەك.

ۋىكىپېدىيا بىر ئوچۇق قامۇس بولۇپ ھەممە ئادەم يازالايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ قامۇسىنى سىز يازمىسىڭىز خەق خاتا يازىدۇ، چالا يازىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ يەر ناملىرىمىز ۋىكىپېدىياغا خىتايچە پىنيىن بىلەن يېزىلغان، ئۆزىمىز يازغان بولساق ئاتا ـ بوۋىمىز مىراس قالدۇرغان زېمىنىمىزنىڭ ئىسىملىرى خىتايچە پىنيىن بىلەن يېزىلمىغان بولاتتى.

شۇڭا، مەن ياشلارنى بۇ داۋراڭسىز دەۋاغا تەكلىپ قىلىمەن. ۋىكىپېدىياغا ئۇيغۇرنى قانداق يېزىش ھەققىدە يېقىندا بىر ۋىدىيولۇق چۈشەندۈرۈش ئېلان قىلىمىز، دىققىتىڭلار بىزدە بولغاي.

داۋراڭسىز دەۋا قىلىۋاتقان، ئۆلىسىز تەر تۆكۈۋاتقان، قېرىنداشلىرى ئۆچۈن تىرىشچانلىقتىن ۋاز كەچمىگەن ياشلارغا سالام بولسۇن. دەۋانىڭ ئەرزدارى، قەرزدارى ياشلار. چۈنكى، بىزنىڭ دەۋايىمىز ئۆزۈڭغا سوزۇلىدۇ. شۇڭا، ياشلىق، شاشلىق، شىجائەت كەلگۈسىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى. بۇ ئەڭگۈشتەر چۈقاندا، داۋراڭدا ئەمەس، سەپەردە، خەتەردە لازىم بولىدۇ، بىزگە زەپەر بەخش ئېتىدۇ.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

## ئەمگەككە ھۆرمەت ۋە قىممەت

مەن تۇتۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيلار تىزىملىكىنى بۇلتۇردىن باشلاپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان، ئۇندىن كېيىن مىسىردىن تۇتۇپ كېتىلگەنلەر تىزىملىكى، قاماقتىكى ئۆلىمالار تىزىملىكى، لاگېردا قازا قىلغانلار تىزىملىكى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بىۋاستە تونۇيدىغان ۋە ئەڭ ئاسان ئۇچۇر ئالالايدىغان تۇتۇلغان زىيالىيلار تىزىملىكىنى ئىزچىل يېڭىلاپ كەلدىم. تاھىر ھامۇتنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ تىزىملىك تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. مۇشۇ كۈنگىچە بۇ تىزىملىك تۈركچە، ئىنگلىزچە تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىندى. يېقىندا تۇتۇلغان موللا - ئۆلىمالار تىزىملىكىنىمۇ مۇشۇ كۈنگىچە تولۇقلىيالىغىنىم بويىچە ئىنگلىزچە ئېلان قىلماقچى. ئەلۋەتتە، قېرىنداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا بولىدۇ.

2018 - يىلدىن باشلاپ ئەمگەكنى قىلىپ، تىزىملىكنى چىقارغان بولساقمۇ پىدائىيلار تەرىپىدىن يېڭى قۇرۇلغان بەزى توربەتلەر مەن چىقارغان تىزىملىكنىڭ كەينىدىكى «تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەك ئۈچۈن ئابدۇۋەلى ئايۇپ بىلەن ئالاقە قىلىڭ» دېگەن ئىزاھاتنى ئېلىۋېتىپ تارقىتىشنى داۋام قىلدى. بۇ تىزىملىكنى توربەتلىرىگە قويغانلار ھېچبىر مەنبە بەرمەستىن ئېلان قىلدى. ھەم يېقىندىن بېرى مۇنداق مەنبە بەرمەي ئايرىم تارقىتىدىغانلار بارغانچە كۆپىيىۋاتىدۇ.

مەن تىزىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن

بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان، شۇڭا تىزىملىكتىكى كىشىلەرنى مەيلى ئايرىم تارقىتىلىدىغان ياكى تاللاپ تارقىتىلىدىغان ۋە ياكى تۈرلەرگە بۆلۈپ تارقىتىلىدىغان، مەن بەك مەمنۇن بولىمەن. ئەمما ئەسلى مەنبەنى ئەسكەرتىڭ. چۈنكى، سىز تارقىتىشنى بىلگەن بىلەن ئەسلى مەنبەنى بىلمىگىنىڭىز ئۈچۈن، بۇ كىشىلەرنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرى سىزدە يوق. مەن «تەپسىلىي ئۇچۇر ئۈچۈن ئابدۇۋەلى ئايۇپ بىلەن ئالاقە قىلىڭ» دېگەن ئىزاھاتنى بەرگەندە نامىم چىقسۇن دېمىدىم. سىزدەك تەييار تىزىملىكنى تارقىتىدىغانلارنى تاراتقۇلارنىڭ بۇ كىشىلەر ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قالسا خىجىل بولۇپ قالمىسۇن، دەۋايىمىز زىيان تارتمىسۇن دېدىم. بىر تىزىملىككە ھەممە ئادەمنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى بېرىپ بولغىلى بولمايدۇ. مەندە ئۆزۈم بىرمۇ بىر يىغقان بۇ كىشىلەرنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرى بار، ھەتتا نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقى، قەيەردە تۇتۇلغانلىقى، قايسى كىشىلەرنىڭ بىر گۇرۇھ قىلىنىپ تۇتۇلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر بار.

بىر ئادەم ئەمگەك قىلىپ كەينىگە ئىسمىنى يازسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ تارقىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇ ئىشنى قىلغان ئادەم ئۇنىڭ گۇمانلىق، چالا، يېتەرسىز يەرلىرىنى بىلىدۇ. شۇلارنى قانداق تولۇقلاشنى تېخىمۇ بىلىدۇ. سىز بۇنى ئۆز نامىڭىزدا تارقاتسىڭىز شۇ كەم يەرلىرىگە جاۋاب بېرەلمەي قالىسىز، ئەمگىكىڭىز تولۇقلانمايدۇ، ئاتايىن مىللەت ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەك يېتەرلىك قىممەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئىش قىلىمىز دەيدىكەنمىز، قىلغان ئەمگىكىمىز قىممەتكە ئىگە بولسۇن دەيدىكەنمىز بىر - بىرىمىزنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئورتاق تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئەمگەكنى تېگىشلىك قىممەتكە،

ئەھمىيەتكە ۋە تېخىمۇ مۇھىمى ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز- مايسەم مۇتەللىپوۋا

مەن بۈگۈن كۆزۈمنى ئېچىپلا بىر شۇم خەۋەر كېلەرمۇ دەپ، ئادىتىم بويىچە تېلېفوننى ئېچىشتىن بۇرۇن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم. مۇداپىئەدە مۇدۇرۇپ كەتكەنىنىڭ خەۋىرى يەنە كەپتۇ، ئەمما كۈرەشكە ئاتلانغانىنىڭ خۇشخەۋىرى تېخىمۇ ھاياجانلىق.

دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق تەبىئىي پەن ۋە تېخنولوگىيە پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۆرەلمىشۇناس، ئىرسىيەتشۇناس ئالىم مايسەم مۇتەللىپ ھەدىمىز ماڭا خەت يېزىپتۇ.

مايسەم ھەدىمىز ماسچوستىس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى پروفېسسورى بولۇپ، ئۆز ساھەسىدە دۇنيادا تونۇلغان ئالىم. ئۇ قازاقىستاننىڭ ۋەتىنىمىزگە ئەڭ يېقىن يېرىسى، سۆيۈملۈك ئىلى ۋادىسىنىڭ قاينۇق بىلەن تۇتىشىدىغان غالجاتتا تۇغۇلغان بولۇپ، داڭلىق ئالىم شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ سىڭلىسى بولىدۇ.

مايسەم ھەدىمىزنىڭ خېتى ئۇزۇن ۋە تەپسىلىي يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر قۇرىدىن ئۇيغۇر ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكى تەپچىپ تۇرىدۇ. خەتتە دېيىلىشىچە، ھەدىمىز ئامېرىكىدا ئىككى سەنەتورنىڭ ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسىگە قول قويۇشىغا تۈرتكە بولغان بولۇپ، ھازىر يەنە بىر قانچە سەنەتورنىڭ قول قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا ئىكەن. ھەر كۈنى ئاخشام بىر سەنەتورغا خەت يازىدىكەن.

مايسەم ھەدەم بوستۇندا چوڭ بولۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلارنىڭ

ئانا تىل مەكتىپى بولماسلىق مەسلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆيىدە بىر ئانا تىل مەكتىپى ئېچىش قارارىغا كەپتۇ. ھەدىمىز مەندىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تەلەپ قىلدى.

مايسەم ھەدىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن يىغىنلاردا سۆزلەپتۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ قولىدىن قانچىلىك كەلسە ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىكى بۇ زۇلۇمنى توگىتىش ئۈچۈن، ھەر قانداق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىشكە ھازىر ئىكەن.

مايسەم ھەدىمىز ۋەتىنىمىزدە ئاتا ـ ئانىسىز قالغان بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېلىپ تەربىيەلەش ھەققىدە كۈچەپتۇ. خىتايدىكى ئۆزى تەربىيەلىگەن خىتايلارغا خەت يېزىپتۇ. ئەمما تېگىشلىك جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، بۇنى باشقا يوللار بىلەن ھەل قىلىش، ئۇيغۇر بالىلارغا دۇنياۋى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ساخاۋەت ئورگانلىرىغا ۋە بالىلارنى قوغدىغۇچى كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ تىرىشچانلىقتا ئۆتۈپتۇ.

مايسەم ھەدىمىز ۋەتەندىكى بالىلارغا ياردەم بېرەلمىگەن ئەھۋالدا تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان يېتىم بالىلارنى يۆلەش، بېشىنى سىلاش ھەققىدىمۇ ئويلىنىپتۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج ئىكەن. ئەلۋەتتە، بىز بىللە ئىشلەۋاتقان دوستلار بىرلىكتە بۇ ئىشقا كۈچ چىقىرىمىز ۋە ھەدىمىزنى ئىستانبۇلدا كۈتۈۋېلىپ تېگىشلىك ياردەمدە بولىمىز. ھازىر ھەدىمىز تۈركىيەدىكى يېتىم بالىلارنى قانداق قىلىپ ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىپ ئوقۇتۇش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# سىز سىياسىيون ئەمەس، ئالىم ئەمەس، بەلكى دەۋاگەر

مەن بىر تۈركلۈم ھۆججەتلىك فىلىملەر ئۈچۈن، ئۇيغۇرنى تەپسىلىي زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن ئاۋام ئۇيغۇرنى دەۋاگەرلىكنى قاملاشتۇرالمىسا، ئادەم تىللاپ شەھەر ئالىدىغان، دۇنياغا تەتۈر مۇقام چېلىپ، شوئار توۋلاپ، خىتايىنى تىللاپ قەھرىمانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىگەن ئىكەنمەن. گەرچە ئارىمىزدىن بىرى بىر ئوبدان پائالىيەتنى باشلاپ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتسا، يەنە بىرى قەستەن چاتاق چىقىرىدىغان ئىشلارنى كۆرسەممۇ، بۇنداق تەتۈرلۈكلەرنىڭ ئانچە خېرىدارى يوقتەك ھېس قىلىپ كارىم بولمىغان ئىكەن.

يېقىندىن بېرى مۇخبىرلار بىلەن بىللە ئۇيغۇر دەردمەنلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا كىشىلىرىمىزنى ھەقىقەتەن سەن ئاق تاغلىق، مەن قارا تاغلىق دېگەن تارىختىن قالغان بىھۇدە زىددىيەت قايىنىمىغا كىرىپ قالغاندەك، مەن دېيىشنى تاشلاپ بىز ھەققىدىكى شوئارلارغا مەپتۇن بولۇپ قېپىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. زىيارەت جەريانىدا بۇنداق قايمۇقۇشنىڭ، تەتۈرلۈكنىڭ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ ئەكس ئەتتى.

ماگا فېيىسبۇك ۋە باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قىزىيدىغان «ئاپتونومىيەچى - مۇستەقىلچى» مۇنازىرىسى زېرىكىشلىك، ئەھمىيەتسىز، ئارتۇقچە تالاش - تارتىشلاردەك بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ كىشىلىرىمىز ھېچ بولمىسا مۇشۇنداق تالىشىپ يۈرۈپ

نىمىنىڭ ئاپتونومىيە ۋە نىمىنىڭ مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ قالار دەپ قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگەن ئىدىم. مىنىڭ قۇلاق سالماي ئىشىمنى قىلىشىم، بۇ ئۇقۇملارنى بەك بىلىپ كىتىپ ياكى پەقەتلا بىلمەي قىلىپ ئەمەس، ماڭا بۇ گەپلەر قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك بىلىنىپ كارىم بولمىغانىدى.

يىقىندا فىلىم ئىشلىگۈچىلەر بىلەن ئىشلەش جەريانىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقە مىنى ئويغا سالدى. مەن كىشىلىرىمىزنىڭ ئاللىقاچان مۇستەقىلچى ۋە ئاپتونومىيەچى دەپ ئىككى سەپكە ئايرىلىپ بولغاندەك، ھەممە ئادەم مۇتەخەسسىس، تارىخچى، سىياسىيون بولۇپ كەتكەندەك ھىس قىلدىم.

بۇ قىتىمقى زىيارەتتە بالىلىرى ۋەتەنىدە قالغان، ھەر كۈنى پەرزەنت پىغانىنى چىكىۋاتقان ئانىلار تىمىسى بىر ھەپتىلىك فىلىم ئىشلەشتىكى ھالقا ئىدى. زىيارەتنىڭ ئاخىرىدا مۇخبىر داۋاملىق «سىز مۇشۇ زىيارەتنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەردىن نىمىنى تەلەپ قىلىسىز؟» دىگەن سوئالنى سورايدۇ. جاۋابلار مۇنداق: «بىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز، خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن، مۇشۇ تەلەپ ئەمەلگە ئاشمىسا قالغىنى قۇرۇق گەپ!».

مەن بۇنداق جاۋابنى بىرىۋاتقان ئانىلارغا قاراپ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيەچى، كىشىلىك ھوقۇقچى ئەمەسلىكىنى، «مى تۇ (Me too ـ مەنمۇ) ئۇيغۇر»چى ئەمەس، مۇرەسسەسىز شەرقىي تۈركىستانچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا جۈرئەت قىلدى. ئەمما مۇخبىر تەرجىمەمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كىتىپ، يەنە شۇ سوئالنى باشقا شەكىلدە، يەنى «سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ياشىغان كەچمىشىڭىزگە قايتقۇڭىز يوقمۇ؟ بالىڭىزنىڭ تىپىلىشىنى تەلەپ قىلمامسىز؟» دەپ سورايدۇ. جاۋاب يەنە پەرقلەنمەيدۇ. «خىتايلار بىزنى 1949 ـ يىلدىن

كېيىن بېسىۋالغان، شۇندىن كېيىن بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ كۆڭگە قېلىشىمىزغا، بالامدىن ئايرىلىپ كېتىشىمگە مۇستەقىل بولالمىغىنىمىز سەۋەب بولغان!» بۇ جاۋابتىن كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كېلىدۇ. توپ توغرا، ئەمما بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بۇ ئەمەس.

مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئەي دەردمەن قېرىندىشىم، ئالدىمىزدىكى مۇخبىر بىز بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغان خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئەمەس ياكى شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش ئالدىدىكى ب د ت قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ئەمەس ۋە ياكى شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق بېرىش ياكى بەرمەسلىك كومىتېتىنىڭ ئەمەلدارى ئەمەس، ئۇ بىر مۇخبىر. ئەي جاۋاب بېرىۋاتقان قەشقەرلىك ئانا، ئەي خوتەنلىك دادا، سىزنىڭ كۆز ياشلىرىڭىزدىن، بالىڭىزنىڭ پىراقىدىن تەسىرلىنىۋاتقان كۆرۈرمەنلەر سىزدەكلا ئىنسان، ئۇلارمۇ بالىسى، ئانىسى، قېرىنداشلىرى بار بىر ئادەم. مۇخبىر پەقەت سىزدىن ئېكران ئالدىدىكى مىليونلىغان ئاددىي كىشىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىسىز دەۋاتىدۇ!

كۆرۈرمەنلەر شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق ئېلىپ بېرەلمەيدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆرۈرمەنلەر بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلىسا قولۇمدىن كەلمەيدىكەن، دەپ ئويلاشتىنىمۇ ۋاز كېچىدۇ! چۈنكى، كىشىنىڭ ئېسىدە گېپىڭىزنىڭ خۇلاسىسى قالىدۇ. سىز دەردنى مەن دەپ يىغلاپ باشلاپ، خۇلاسىنى بىز دەپ مۇستەقىللىق شوئارى بىلەن تۈگەتسىڭىز، كىشىلەر بۇنچە يوغان دەۋاغا ئۆزىنى ناقابىل هېس قىلىپ باشتىكى يىغىڭىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

زىيارەت جەريانىدا چىققان يەنە بىر زىددىيەت شىنجاڭچى ۋە شەرقىي تۈركىستانچى مەسىلىسى. شىنجاڭ دېمەي شەرقىي

تۈركىستان دەيسەن دەپ مۇخبىرنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشلار بىچارە مۇخبىرنى ئامالسىز قويىدۇ. مۇخبىرنىڭ «سىز قايسى ئاتالغۇنى دېسىڭىز بولىدۇ، ئەمما مەن تەرەپسىز بولۇشۇم كېرەك» دېگىنى كەسىپي پرىنسىپ. شۇڭا، شىنجاڭ دېمەيسەن، شەرقىي تۈركىستان دەيسەن، دېيىشلەر مۇخبىرغا كار قىلمايدۇ.

ئادەتتە گېزىتنىڭ مۇخبىرلىرى ياكى رىياسەتچى كۆرۈنمەيدىغان فىلىملەرنىڭ ئىشلىگۈچىلىرى سىز خالىغان سۆزنى دەپ قويىدۇ، ئەمما رىياسەتچى كۆرۈنىدىغان ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەيدىغانلار تولا كېسىپ ئۇلاشنىڭ سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستان دەپ قويمايدۇ. سىز بۇنى تالىشىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىسىڭىز كىشىنى بىزار قىلىسىز.

مۇخبىرلارنى تەڭلىكتە قويىدىغان يەنە بىر ئىش، سانلارنى قالايمىقان ئىشلىتىش. ئادەتتە مۇخبىرلار تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار ئۈچۈن بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە دېگەن ساننى ئىشلىتىدۇ. ھالبۇكى، زىيارەت قىلىنغان بەزى دوستلار بىر ئۇيغۇرلار 35 مىليون، 40 مىليون، 50 مىليون دەپ گەپنى باشلاپ مۇخبىرنىڭ سوئالىنى تۈزىتىدۇ. تۇتۇلغانلارنى بەزىسى بەش مىليون دېسە، بەزىلەر ئون مىليون دەيدۇ. بەرھەق، سان ھەققىدە ھەر نېمە دېسە بولىدۇ، ئەمما ئاساس بولۇشى كېرەك. سىز «خىتاينىڭ ئىستاتىستىكىسى بويىچە 11 مىليون 800 مىڭ ئۇيغۇر بار دېيىلىدۇ، ئەمما بىزنىڭ تەخمىنىمىزدە بۇنىدىن كۆپ» دېگەنگە ئۇيغۇر ئازلاپ كەتمەيدۇ، ئەمما سىز ئاساس بىلەن گەپ قىلغان بولىسىز. ھېچبىر مەنبە كۆرسەتمەي، ھېچبىر ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويماي 40 مىليون، 50 مىليون دەپ قويسىڭىز خەق سىزنىڭ قالغان گەپلىرىڭىزگىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ماڭا بىر مۇخبىرنىڭ «خاپا بولمساڭ، بۇگۈن بىر خانىم 100 مېتىردا بىر تەكشۈرۈش پونكىتى بار، 95 پىرسەنت ئادەم تۇتۇلدى، دېدى. مەن قەشقەردىن بىر ھەپتە بۇرۇن كەلگەن، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق تەكشۈرۈشنى 500 مېتىردا بىردىن بار دېسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ پەقەت شەھەرلەردە شۇنداق.» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن شۇ گەپنى تەرجىمە قىلغان ئىدىم. راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ ئىشىنىپ قالغان ئىكەنمەن. نېمىشقا دائىم كۆپتۈرىمىز؟ بىز ئەجەبا بىرنى بىر دەيدىغان ئۇيغۇر ئەمەسمىدۇق!

بىر كامېرانىڭ ئۇيغۇرغا توغرىلىنىشى مىليونلىغان كۆزلەرنىڭ بىرگە تىكىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ كۆڭلىدىكىنى دەپ باقمىغان ئاۋام ئۇيغۇرغا كامېراغا قاراپ سۆزلەش ئاسان ئەمەس. ئەمما شۇ قېرىنداشلىرىمىغا دەپ قويغۇم كېلىدۇ. سىز ئۇيغۇر سىياسىيون بولسىڭىز «ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز» دەپ سۆزلەشكە ھوقۇقلۇق، ئەمما سىز بىرەر تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ بىر مىللەت ياكى بىر تۈركۈمگە ۋاكالىتەن «بىز» دەپ مۇستەقىللىق شوئارى توۋلىشىڭىز بىھاجەت. ئەگەر نېمىنى تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى سوئال دولقۇن ئەيسادىن، رابىيە قادىردىن، ھىدايىتۇللا ئوغۇزخاندىن، ئىلشات ھەسەندىن سورالسا گەپنى بىز دەپ باشلىسا ۋە مۇستەقىللىق شوئارىنى توۋلىسا بولىدۇ. ھالبۇكى، سىز پەقەت بالىڭىزنىڭ دەردىنى ئېيتقۇچى ئانا، ئاكىڭىزنىڭ ئەرزىنى سۇنغۇچى سىڭىل، مومىڭىزنىڭ ئازابىغا شاھىت بولغۇچى بىر نەۋرە. شۇڭا سىزدىن «سىز كۆرۈمەنلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىسىز؟» دېسە، «بىز ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز!» دېيىشىڭىز سورىمىغان سوئالنىڭ نامۇۋاپىق جاۋابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېكران ئالدىدىكى قېرىندىشىم، زادى قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇلغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاچاندىن بېرى بېسىۋېلىنغانلىقى، خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇيغۇرنى مۇستەملىكە قىلىش تارىخىنى مۇخبىرغا سىز سۆزلىمەيسىز. مۇخبىر بۇنى مۇشۇ ساھەدىكى ئالىمدىن سورايدۇ. سىز بۇلارنى مۇخبىرغا چۈشەندۈرمىسىڭىزمۇ، شۇنچە جاپا تارتىپ فىلىم ئىشلىگەن مۇخبىر ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىمغا مۇراجىئەت قىلىشنى بىلىدۇ. سىزدىن مىللەتكە تارىختا ۋە رېئاللىقتا نېمە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى سورالمايدۇ، مىللەتنىڭ قانلىق ئۆتمۈشى سورالمايدۇ، مىللەتنىڭ سىياسىي تەقدىرى تېخىمۇ سورالمايدۇ. بۇ سوئاللارنى سىزدىن ئەمەس، شۇ ساھەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان مۇتەخەسسىلەردىن سورايدۇ. سىزدىن پەقەت سىزگە نېمە بولدى، قايسى زۇلۇمنى كۆردىڭىز؟ دېگەن مۇشۇ سوئاللار سورىلىدۇ.

مەن مۇشۇ كۆڭۈلچە ھېچبىر مۇخبىرنىڭ بىر ئادەتتىكى ئۇيغۇردىن سىز ئاپتونومىيەچىمۇ، مۇستەقىلچىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقچىمۇ دەپ سورىغىنىنى ئاڭلىمىدىم. مەن ھېچبىر مۇخبىرنىڭ بىر گۇۋاھچىدىن مىللەتنىڭ تارىخىنى، خىتاينىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 10 يىللىق، ئەللىك يىللىق پىلانىنى سورىغىنىغا شاھىت بولمىدىم. ئەمما دائىم ئۇيغۇر گۇۋاھچىلارنىڭ خىتايلارنىڭ زالىملىق تارىخى، مۇستەملىكىچىلىك تارىخى، سۇيىقەستچىلىك پىلانى ھەققىدە مۇخبىرغا دەرس بېرىپ كەلگىنىگە شاھىت بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

مەن مۇخبىرلار بىلەن ئىشلەش جەريانىدا شاھىت قېرىنداشلىرىمىنىڭ مۇخبىرنىڭ ئالدىدا تووۇلغان «يا مۇستەقىللىق يا ئۆلۈم!»، «خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن!» دېگەن

شوئارىغا، «ئىنسانغا تەس، ئاللاھقا ئاسان، بىز خىتايلارنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىسلامى دۆلەت قۇرىمىز» دېگەن يالقۇنلۇق ساداسىغا تەرجىمان بولۇپ كەلدىم. ئەمما بىلەمسىز؟ قېرىنداشلىرىم بۇ سوئاللار سىزدىن سورالمىغان ئىدى.

ئۆزىنى دەۋاگەر، ئەرزدار دەپ قارىماي، سىياسىيون، ئالىم ساناپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىمغا مۇخبىرلار كەتكەندە چۈشەنچە بەردىم. ئەمما بۇ چۈشەنچە گەپ دېيىلىپ بولغاندا، مۇخبىر كەتكەندە ئايرىم بېرىلىدۇ. قائىدە بويىچە بۇلارنى ئالدىن دەپ قويۇشقا بولمايدۇ. مۇخبىرلارمۇ ھازىر بىلىپ كەتتى. مەن دەردمەن قېرىنداشلار بىلەن ئازراق كوتۇلداشسام، «ئۆگەتمە، كۆڭلىدە بارنى دېسۇن!» دەيدۇ. شۇڭا بۇنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەي زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچى قېرىندىشىم، سىز تەلپىمىز مۇستەقىللىق دەپ ئىپادە بىلدۈرىدىغان سىياسىيون ئەمەس، سىز خىتاينىڭ زۇلۇم تارىخىنى سۆزلەيدىغان ئالىم ئەمەس، سىز خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى يوقىتىش پىلانىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئەمەس. سىز پەقەت مۇخبىرنىڭ تەلپى بويىچە، بىرنى بىر دەيدىغان ئۇيغۇرچە سەممىيەت بويىچە ئىچىڭىزدە بارنى دەڭ. سىز سىياسىيون ئەمەس، مۇتەخەسسىس ئەمەس، پەقەتلا دادىڭىز، ئانىڭىز ۋە بالىڭىز ئۈچۈن دەۋاگەر، ئەرزدار دۇرسىز.

2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# تىلەنگەن ۋە مۇقەددەسلەشكەن ئۆلۈم

4 ـ مارت كۈنى ۋايىس ئاخبارات قانىلى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدىنىش ئەسناسىدا بىر ئۇيغۇر قىزنى زىيارەت قىلدى. قىزنىڭ دادىسى قەشقەردىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىكەن. شۇ دادا بۇ قىزنى چەتئەلگە قاچۇرۇش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالغان، شۇنىڭ بەدىلىگە قاماققا ئېلىنغان ئىدى.

مۇخبىر بىلەن بولغان سۆھبەت بەكمۇ ئۇزۇن داۋاملاشقان ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن باشلاندى. قىزنىڭ مەزكۇر ئائىلىدىكى قاماققا ئېلىنماي ساق قالغان يىداكار كېلىندىن ئالغان بىر پارچە خېتى خەۋەرنىڭ مۇھىم خۇرۇچى بولدى. خەتتە كېلىن ئېيتقان «چەتئەلدە سوروشتىسى بولغانلار بەك ئېغىر كېسىلىپ كەتمىدى، كېسىلگەنلەرمۇ ھېچ بولمىغاندا قولغا كېسىم قەغىزى ئالدى. بولسا بىزگە زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا يۇقىرى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويالا، ئاڭلىساق بۇ ئىشتىن ب د ت خەۋەرسىز ئىكەن. تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، شۇ چاغدا بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ ئىسىملىرى تىزىملىكتىن چىقىپ قالسا بىر ۋاق تاماقنى بولسىمۇ ئادەمدەك يەر، بىرەر خالاسى بار كامېرغا ئالمىشىپ قالار. ھەر تەكشۈرۈشكە ئادەم كەلسە شۇ چەتئەلدە تۇغقىنى بارلارنى ئالاھىدە تاللارمىش، شۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ دەيدۇ...» دېگەندەك ئۆتۈنۈشلەر بار ئىدى.

ئۇيغۇر قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەرجىمانلىق قىلدىم. سۆھبەتتە ئاڭلىغان بىر سۆز مېنى ھەيران قالدۇردى. مەزكۇر سۆز ماڭا بۇ

زىيارەتتە ئەڭ تەسىر قىلغان سۆز ئىدى. مەن بۇ سۆزنى تەرجىمە قىلىشتا بەك قىينالدىم. قىلماي دېسەم بولمايدۇ، ئۆزگەرتىپ قىلسام يالغانچىلىق بولىدۇ.

مۇخبىرنىڭ سوئالى «دادىڭىز ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ، سىز ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟» ئىدى. جاۋاب «دادام قاماقتا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادىتىنى قىلالمايۋاتقان بولسا، ئۆلۈپ كەتكىنى ئەۋزەل» بولدى. مەن بىر دەقىقە تۇرۇپ قېلىپ ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

ئەلۋەتتە، بۇ ئۇمىدسىزلىككە مەنمۇ چۈشكەن، مەنمۇ ياشاشنىڭ تاللاش ئەمەس زورلاشقا ئايلانغان دەملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، قامالغان دەسلەپكى ئۈچ ئايدا ئۆلۈشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باققان. ھالبۇكى، مەن ھېچكىمگە ئۆلۈم تىلىمىگەن، ھېچكىمنى ئۆلۈمگە دەۋەت قىلىپ باقمىغان، ئەكسىچە ياشاشقا ئۈندىگەن، نەسىھەت قىلغان، ئۆزۈم چىدام بىلەن ياشاپ مەدەت بەرگەن.

«دادام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادىتىنى قىلالمايۋاتقان بولسا، ئۆلۈپ كەتكىنى ئەۋزەل» دېگەن بۇ جۈملىنى تەرجىمە قىلدىم، ئەينەن شۇنداق قىلدىم، ئەمما مەن پەقەت توغرا تەرجىمە قىلالمىدىم دەپ قارايمەن. شۇڭا ئۇنتالمايمەن. شۇ سەمىمىي سىڭلىمىزنىڭ مۇڭلۇق چىرايىنى، ئىخلاسمەنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى، دۇئالارغا تويۇنغان سۆزلىرىنى ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. ماڭا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى ئۇنىڭ ئۆزى قايتا بىر كۆرۈش ئۈچۈن ياشاۋاتقان دادىسىغا ئۆلۈم تىلىشى ئىدى.

مەن يۇقىرىقى جۈملىنى ياخشى چۈشىنىمەن دەپ قارايمەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۆز ئۆلۈم تىلەش ئەمەس، بەلكى جەننەتنىڭ ئارزۇسى. بۇ يەردە چۈشەنچە شۇكى، بىر كىشى قاماقتا

ۋاپات بولسا شېھىت بولغان بولىدۇ. بىر كىشى شېھىت بولسا شۇ كىشىنىڭ جەمەتىدىن 70 كىشىنىڭ جەننەتلىك بولۇشىغا شاپائەت قىلىدۇ. قىزنىڭ تىلىگىنى مەنچە دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئەمەس، بەلكى شېھىتلىك مەرتىۋىسى. قىزنىڭ ئېڭىدا شېھىتنىڭ قىزى شاپائەتكە ئېرىشىدۇ.

مۇھاجىرەتتە بۇنداق ئۆلۈم تىلەشنى تۇنجى ئاڭلىغان بىلەن ئۆلۈمگە تەشەببۇس قىلىشنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك بولغىنى تۈركىيەدە تۇرۇپ قالغان بىر ياشنىڭ ۋەتەندە قالغان تۇغقانلىرىدىن «كەلگەن» خەت.

خەتتە دېيىلىشىچە بىر ئۇيغۇر مۇساپىر جىھاد قىلىش ئۈچۈن سۇرىيەگە ئاتلىنىدۇ، ئەمما تۈركىيەگە كەلگەندە بارالماي توختاپ قالىدۇ. ۋەتەندە تۇرۇپ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئانا قاتتىق ئازابلىنىدۇ. باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ مەزكۇر ياشنىڭ سۇرىيەگە بارماي تۈركىيەدە «پىتنە ـ پاسات، غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنىڭ ئىچىدە، ئىسلامى ھاياتتىن مۇستەسنا» ياشاۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ پۇچىلىنىپ كېتىدۇ. خەتتە تۇغقانلار بۇ ياشتىن دەرھال جىھاد مەيدانىغا ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىش مەرتىۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شاپائەت بىز ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىدىغان شاپائەت، شەپقەت سۆزلىرىدىن پەرقلىق مەنىدە. شاپائەت دېگەن سۆز بۇ يەردە بىر كىشى جىھاد مەيدانىدا شېھىت بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

مەزكۇر ياشنىڭ سۇرىيەگە جىھادقا بارمىغانلىقىدىن پۇچىلانغان ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار شۇ 70 كىشىنىڭ بىرى بولۇش ئارزۇسى بىلەن تۈركىيەدە تۇرۇپ قالغان بۇ ياشقا ھېلىقى خەتنى يازغان.

ئۇنداق خەتنىڭ يېزىلغان ياكى يېزىلمىغانلىقى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس، ئەمما بۇ يەردە ئۆلۈمنىڭ تەرغىب قىلىنىۋاتقانلىقى ھەقىقەت. مەيلى شۇ خەت راست بولسۇن ياكى توقۇلغان بولسۇن تەشەببۇس قىلىنىۋاتقىنى مۇقەددەسلەشكەن ئۆلۈم.

مېنىڭ چۈشەنمىگىنىم، نېمە ئۈچۈن بۇ قىز ياكى ۋەتەندىن خەت ئەۋەتكەن ئانا ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇشۇ دۇنيادا ساۋابلىق ياشاپ، ئىبادەتلىك ئىشلەپ، قۇرئاندا قويۇلغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ جەننەتلىك بولۇشنى تىلىمەيدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇلار جەننەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆزى تىرىشماي، ئۆزى تەر تۆكمەي تۇرۇپ باشقا بىرىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ جەننەتلىك بولۇش ئۈچۈن نېمىشقا چوقۇم بىرىنى ئۆلۈمگە ئەۋەتىش ۋە ياكى ئۆلۈم تىلەش كېرەك؟

مەن بۇ ھاياتنى ھۇزۇرلۇق ئۆتكۈزىدىغان، جەننەتتەك جەلپكار قىلىپ ياشايدىغان، دوزاختەك مېھرسىزلىكنى تاشلاپ جەننەتلىك قەلبكە ئىگە بولۇپ ياشاشنى تاللايدىغانلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن باشقىلارغا ئۆلۈم تىلەشنىڭ، باشقىلارنى ئۆلۈمگە يوللاشنىڭ ئادالەتسىزلىك بولىدىغانلىقىغا چىنپۈتىمەن. مەن ھاياتنىڭ جەننەتتەك كۈلكە، ئۈمىد، بەختىيارلىق بىلەن زىننەتلىنىشىنى، ئۈمىدسىزلىككە پاتقانلارنىڭ بولماسلىقىنى، ئازىيىشىنى ۋە ھەرىكەت قىلىش، سەۋەب قىلىش ئارقىلىق جەننەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باق دۇنيا

بۈگۈن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلىۋاتقان بىر ياپونىيەلىك مۇخبىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باقتى. ئۇ كەلگەندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگىنىم ئۈچۈن، دەسلەپكى كۈنى بىر كۈنلۈك ئۇيغۇرلۇق ئۇنىڭغا يات كەلمىدى، زىيارىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلدى. ئۇيغۇر بولمىغان كۈنلەردە ئۇ داستىخانغا تىزىلغان گېزەكلەرنى يېمەي، زىيارەتچىلەرنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن ئۆتۈشنى ئۇقماي، كىملەر بىلەن قانداق قول ئېلىشىپ ياكى ئېلىشماي سالاملىشىشنى بىلمەي، ھەتتا ھاجەتكە چىقىشنىمۇ ساھىبخانغا دېيەلمەي جاپا چەككەن ئىدى.

ياپونىيەلىك ئۇسامىغا ئۇيغۇرلۇق يېقىپ قالدى. ئېچىلىپ كۈلگەن، ئىچىدىكىنى تۆككەن ۋە دۇئايى سالاملارغا ئېرىشكەن چاغلىرى كۆپ بولدى. بولۇپمۇ، بارغانلا ئۆيىمىزدە زىيارەت تۈگىگىچە تاماقلارنىڭ پىشىپ، مەززەلەرنىڭ تىزىلىپ تۇرۇشى ئۇنى تاڭ قالدۇردى. ئادەتتە مۇخبىرلىق قائىدىسىدە فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ جابدۇقى يۆتكەلگەن بولسا چوقۇم ئەسلىگە قايتۇرۇپ قويۇش كېرەك ئىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلار ئېگىز - پەس قىلىۋېتىلگەن جاھازلارنى ئۆزى رەتلەپ بىرنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ھەتتا بۈگۈن فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆينىڭ بىر تېمىنى ئاقلاپ، قالغان تاملىرى كونا رەڭدە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەر قانچە تەلەپ قىلساقمۇ ساھىبخان قالغان تاملارنى سىرلاتقۇزمىدى.

ئۇيغۇرلار ۋە ياپونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق.

بىزدە ياشانغانلارنىڭ ھۆرمەتلىك ۋە باللارنىڭ ئالاھىدە ئىززەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئۇسامى: «سىلەر دېڭىزدىن شۇنچە ئۇزاق ياشىغان مىللەت تۇرۇپ دېڭىز بويىدىكى ياپونلاردىنمۇ كۆپ قول يۇيىدىكەنسىلەر، سىلەردە ئايالىلارنىڭ ھەممىسى كەسىپىي ئاشپەزلەردەك تاماق ئېتەلەيدىكەن، سىلەر ئۆيلۈكلاردىكى ئەڭ ياخشى نېمەتلەرنى ئۆمۈرلۈكلاردا كۆرۈپ باقمىغان، قايتا بىر كۆرۈشۈش ئىمكانىسىز بولغان مېھمان بىلەن ئورتاقلىشىدىكەنسىلەر، ئۇيغۇرچە ياشاش بەك ھوزۇرلۇق ئىكەن» دەپ كەتتى سۆيۈنۈپ.

ئۇسامى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تاماقلىرىنى تېتىپ، چايلىرىنى ئىچىپ، مېھماندوستلۇقىدىن ھوزۇر ئالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئېتىقادىنى ھېس قىلىپ باقتى، شام ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىنىپ ناماز ئوقۇدى. دۇئانىڭ مەنىسىنى ئۆگەتسەم، قانداق قىلىشنى سورىدى. مەن «بىز ئۇيغۇرلار ئاللاھتىن پۇل، ئۆي ۋە ماشىنا تەلەپ قىلمايمىز، نەپسىنىڭ ھوزۇرى ھۆرلەرنىمۇ تەلەپ قىلمايمىز، پەقەت ئاتا ـ ئانىلارغا، ئايال ـ باللارغا ۋە دۇنياغا ھۆرلۈك، تىنچلىق، سالامەتلىك، بەخت ۋە ئاسانلىق تىلەيمىز. بولۇپمۇ بىز كۆرۈشكەندە دۇنياغا، ئىنسانغا ۋە ھەتتا بارلىق جانلىقلارغا تىنچلىق تىلەيمىز، شۇڭا بىز ‹تىنچلىقمۇ!› دېيىشىپ ئەھۋال سورايمىز. ئەگەر سەنمۇ دۇئانى ئۇيغۇردەك قىلاي دېسەڭ، بىزدەك ئۆزۈڭنىڭ، ئەۋلادىڭنىڭ، مىللىتىڭنىڭ ۋە بارچە ئىنسانىنىڭ غۇرۇرى، ئۆملۈكى، تىنچلىقى، بەختەرلىكى ۋە پاراغىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن،» دېدىم.

زىيارەتلەرنى تۈگىتىپ ئۇسامى بىلەن بىر پەس ھال ـ مۇڭ قىلىشتۇق. ئۇ: «بۇ سەھەر ئۇيغۇرچە ياشاشقا قارار قىلىشنىڭ ئالدىدا بۇقەدەر ئېچىنىشلىق، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن بىر ۋەزىيەتتە، مەن بىر نورمال ئادەم سۈپىتىمدە بىر ئۇيغۇر بولالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىگەن

ئىدىم. ئەمما مەن پەرەز قىلغان بىر كۈنلۈك ئىغىر كەيپىياتىنىڭ ئەكسىچە بىر كۈنلۈك ئۇيغۇرچە هايات ماڭا بەرداشلىق، مەردلىك، مېھماندوستلۇق، ئورتاقلىشىش، تەمەسىزلىك، ياردەمسۆيەرلىكنى ھېس قىلدۇردى. زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى ماڭا ئۇيغۇر بولۇشنىڭ بىچارىلىك، ساراسىمىلىك، سولغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمىدى، مەن مۇشۇنداق ئۇيغۇرچە ياشايدىغان كۈنۈم دائىم بولسا ئىكەن دەيمەن» دېدى.

ئۇسامى بىلەن خوشلىشىپ ماڭغاچ ئويلىنىپ قالدىم. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كىشى مەيلى خىتاي، مەيلى ھىندى، مەيلى خىرىستىيان، مەيلى بۇددىست بولسۇن، بىزنى دۈشمەن كۆرسۇن ياكى دوست كۆرسۇن مۇشۇ ياپونىدەك بىر كۈن ئۇيغۇر بولۇپ باققان بولسا، ئىنسان ئاتلىقتىن قىزغانمايدىغان داستىخىنىمىزدا بىر ئولتۇرۇپ، بارلىق نەپرەتنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان بىر پىيالە قىزىق چېيىمىزغا داخىل بولۇپ باققان بولسا، دىنىسىزغىمۇ دۇئا قىلىدىغان بۇ مىللەت بىلەن بىر دەردلەشكەن بولسا ـ ھە!

دۇنيا بىر كۈن ئۇيغۇر بولۇپ باقسا، مەيلى لاگېردا تۇتقۇن ئۇيغۇر بولسۇن ياكى سىرتتا ئۆركۈپ ـ مۆكۈپ يۈرگەن قاچقۇن ئۇيغۇر بولسۇن ۋە ياكى مۇساپىرلىقتا بوغۇلۇپ، يا چىشلىيەلمەي، يا كىشنىيەلمەي، ئىچىگە تىنىپ چىداپ كېتىۋاتقان جۇشقۇن ئۇيغۇر بولسۇن، بىر ئۇيغۇر بولۇپ باقسا. بىزگە نەپرەتلەنگەن خىتاينىڭ زالىملىرى، زۇلۇمنى ھەقلىق كۆرگەن مۇسۇلمانىنىڭ خائىنلىرى، ئۇيغۇرنى چۈشەنمىگەن، ئىشەنمىگەن، ناھەقچىلىككە ئېرەنشىمىگەن، مۇستەبىتلىككە كۆڭۈلشمىگەن ئىنسانلىق دۇنياسى بىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاپ باققان بولسا ـ ھە!

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

## ئۆلۈكمۇ بىتەلەي ئۇيغۇر

جۈمە نامىزىغا تەييارلانغان 49 نەپەر مۇسۇلمان يېڭى زېللاندىيەدە قەتلى قىلىندى. قاتىللىقىدا، قانخورلۇقىدا، رەزىللىكىدە، ۋەھشىيلىكىدە راستچىل بىر ئاق تەنلىك فاشىست ئۆزىنىڭ بارلىق قىلمىشىنى دۇنياغا ئۆزى يايدى. شۇئان خىيالىمغا تەبىئىيلا قانخورلۇقىدا يالغانچى، رەزىلللىكىدە ساختىپەز، ۋەھشىيلىكىدىمۇ نامەرد كوممۇنىست خىتاينىڭ مىڭلىغان ئۇيغۇرغا قىلىۋاتقان يوشۇرۇن قاتىللىقى كەلدى. ئويلىغانچە ئازابلىنىشتىن باشقا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىدى.

يەردە ياتقان جەسەتلەرگە قاراپ، ئوقتا ئەمەس خورلۇقتا ئۆلۈۋاتقان، ئاشكارا قىرغىنىدا ئەمەس مەخپىي ئىسكەنجىدە تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان، ئازابتا، قىيناقتا ئىڭراۋاتقان ئەزىزلىرىمگە سەۋر تىلىدىم، چىدام، جاسارەت تىلىدىم. دۇنيادىن بىخەۋەر ئۆلۈۋاتقان، ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ خورلىنىۋاتقان قەدىردانلارغا ئالللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدىم. ئۆزۈمگە: «ئى ئالللاھىم، ماڭا شۇ ئاق تەنلىكتەك بىر مەرد دۈشمەننى ئەۋەتكىن، ئوقتا ئۆلەي! ئاشۇنداق مەسچىتتە، سەجدىدە ئۆلەي! قېرىنداش ئۈنسىز قىرغىن قىلىنىۋاتسا غىڭ قىلمىغان ئىمانىنىڭ ئالدىدا، كامېرلارنى بوياۋاتقان، سوراقخانىلارنى سىرلاۋاتقان قىپقىزىل قانلارنى كۆرەلمەيدىغان قارىغۇ ۋىجدانىنىڭ كۆزىدە ئۆلەي! ئەگەر ئۇ قاتىل مېنى ئۆلتۈرۈپ دۇنياغا مانا مەن ئۇيغۇرغا ئۆچ، مەن خىتاي كوممۇنىست بولغاچ ئۇلارنى قىرىمەن، ئۇيغۇرلارنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم

دېسۇن، بىر ئەمەس مىڭ ئۆلەي، مىليون ئۆلەي!» دەپ دۇئا قىلدىم. ئەمما ئۇنداق بىر مەرد قاتىلنىڭ قولىدا ئۆلۈش نېسىپ بولىدىغاندەك ئەمەس.

پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن سەفاكۆيدە ئۇچراشقان ياشلار مېنىڭ ئىنكاسىمنى سورىدى، شۇ قاتىلغا قارشى بىرەر يازما يېزىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلارغا ئاللاھتىن ئۆزۈمگە شۇنداق بىر مەردانە قاتىلنى تىلىگىنىمنى دېمىدىم، دېگۈم كەلمىدى. مېنى خاتا چۈشىنەتتى، ئەيىبلەيتتى. بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ دەردى ئاز كەلگەندەك، خەقنىڭ دەردى ئۈچۈن كۆڭۈللەر زېدىلىنەتتى. ئۇلارغا: «ئىنىلىرىم، 49 نەپەر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن شۇ ئاق تەنلىك قاتىلنىڭ ئورنىدا ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈۋاتقان بىر خىتاي قاتىللار پارتىيەسى بار، 70 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرنى قەتلى قىلىۋاتقان، شۇ قاتىل ئۆزى ئېيتقان، ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە مەنبە بولغان كوممۇنىست قاتىل تۈزۈم بار. ھازىر ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق قېرىنداشىمىز بوغۇزلىنىشقا تەييار قويدەك شۇ قاتىل تۈزۈم ۋە پارتىيەنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا خارلىنىۋاتىدۇ، بۇ قەتلىئامغا بىز دات - پەرياد چېكىۋاتىمىز، ئەمما ئىسلام دۇنياسى قانداق ئىنكاس بىلدۈردى؟ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى كىم تەرەپتە تۇردى؟ سىلەرچە بىزدە كۈندە ئۆلۈۋاتقان يۈزلىگەن مۇسۇلمان يېڭى زېللاندىيەدە شېھىت بولغان 49 نەپەر مۇسۇلماندىن نېمىشقا قەدىرسىز؟ بىر مۇسۇلمان ئاق تەنلىكنىڭ ئوقىدا ئۆلسە شېھىت، خىتاينىڭ پوق - سۈيدىكىدە ئۆلسە ميتمۇ؟» دېمەكچى بولدۇم - يۇ، سۈكۈت قىلىشنى تاللىدىم.

بۇ قاتىللىق ھەققىدە دۇنيانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ چىقتىم. دۇنيا تەۋرەپ كېتىپتۇ، تالىباندىن ئەلقائىدىگىچە، خىرىستىياندىن بۇتپەرەسكىچە، ئافرىقىدىن ئامېرىكىغىچە پۈتكۈل

ئىنسانىيەت قاتىللىنى لەنەتلىدى. تۈركىيەدە يەرلىك سايلام ئۆتچۈن بىلەت توپلاشقا كىرىشكەن جانابى ئەردوغان ۋە باھچەلى بۇنى خىرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئىسلامغا ئاچقان ئۇرۇشىغا، چاناق قەلئەدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ داۋامىغا ئوخشىتىپ ئۆلگۈردى. چاناق قەلئە ئۇرۇشىدا ياۋروپا دۆلەتلىرى بىرلەشمە قوشۇنغا قارشى تۈركىيەنىڭ غەلىبىسى دائىم مۇسۇلمانلارنىڭ خىرىستىيانلار ئۈستىدىن غەلىبىسى سۈپىتىدە سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، غەربتە بولغان بۇ ۋەقەمۇ دەل ئۆلارنىڭ تەشۋىقاتىغا خوپ كېلىپ بېرىپتۇ. ئەمما شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان، جان ۋە ماللىرىنى پىدا قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈن جازا لاگېرلىرىدا خار ئىدى. شۇ ئۇرۇشقا پۇل ئىئانە قىلغان شەرقىي تۈركىستان پەرزەنتلىرى بۈگۈن ئادالەتكە زار ئىدى.

تۈركىيەدىكى بىر يازغۇچىنىڭ ئىنكاسى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ بۇ قاتىللىقنىڭ كەينىدە ئىسرائىلىيە ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ بارلىقىنى ئىما قىلىدى. مەزكۇر يازغۇچى غەربنى ئەيىبلەپ ئۆلارنى ھىيلىگەر تۈلكىگە ئوخشاتتى. غەرب تەرغىب قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېگەن ئۇقۇملارنى تازا قېنىپ مەسخىرە قىلغاندىن كېيىن، «تۈلكىدىن توخۇلارغا ئادالەت كەلمەس، ئەگەر تۈلكىلەر توخۇلارغا ئادالەت تەلەپ قىلىۋاتقان بولسا بۇ يەردە چوقۇم بىر شۇملۇق بار» دېدى. قاتىللىققا تۈركىيەدىكى پىرلاردىن بولغان ئەردوغان ۋە باھچەلىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە مۇنۇ يازغۇچىنىڭ تەھلىلى ماڭا ئۇيغۇرنىڭ تەلەيسىزلىكىنى، يالغۇزلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. ھەممە ئەل ئۆزى دۈشمەن تۇتقان تەرەپنىڭ پېشىدە ئىدى.

مۇسۇلمان دۇنياسىدا شېھىت سانالمايۋاتقان مەرھۇم ئۇستازلارنى ئويلىدىم، 80 ياشتىن ئاشقاندا قەتلى قىلىنغان ئابلەت مەخسۇم

هاجىم، كېرەم قارىم، مەمەت سالىھ داموللاجىم، ئابلىمىت داموللاجىم، سۇلايمان قارىھاجىملار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى... ئۇلار ئىسلامنىڭ سەددىچىندىكى مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى. تۈركىيەدىكى گىلەمچىلەرنى يىلىغا بەش - ئالتە مىليون دوللارلىق زاكاز بىلەن باي قىلغان، 40 ياشقا كىرەر - كىرمەي ئۆلتۈرۈلگەن تاھىر مىجىتنى ئويلىدىم. ئۇنىڭغا ئوخشاش تۈركىيەنىڭ مىللىنى سېتىپ، مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلىپ جان ئۈزگەن يۈزلىگەن ئۇيغۇر تۈركچىلىك قۇربانلىرى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ئىسمى نە مۇسۇلمان ئىلىمدارنىڭ تىلىدا، نە تۈرك ئەمەلدارنىڭ نۇتۇقلىرىدا ياڭرىمىدى. بىر ئاق تەنلىك فاشىستىنىڭ قولىدا ئۆلگەن دىققەتكە سازاۋەر مۇسۇلمان ۋە فاشىستلارنىڭ ئاتامانى خىتاينىڭ قولىدا جان بەرگەن سۈكۈتكە سازاۋەر مۇسۇلمان ئوخشاش ئالاھقا ئىبادەت قىلاتتى، ئەپسۇس ئوخشىمىغان مۇئامىلىگە دۇچار بولدى. ئاق تەنلىكنىڭ، خىرىستىيانىنىڭ قولىدا ئۆلۈش نېسىپ بولمىغان، مەردانە رەقىبىنىڭ ئوقىدا ئەمەس، شەرمەندە دۈشمەنىنىڭ پوقىدا خورلۇقتا قالغان، ئىمانى، ۋىجدانى، ئىنسانلىق غۇرۇرى پايخان بولغان ئاشۇ يۈرەك باغرىلىرىمغا دۇئا قىلدىم. ھېس قىلدىمكى، غەربلىكنىڭ، ئاق تەنلىكنىڭ ياكى بىر خىرىستىيانىنىڭ قولىدا ئۆلمىگەن ئۇيغۇرغا مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى پىرلار قارىلىق تۇتمايتتى، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كوممۇنىستىنىڭ قىيىن-قىستاقلىرىدا شېھىت بولغان ئۇيغۇرغا ئىسلام دۇنياسى ئىنكاسسىز ئىدى. بۇ مىللەت خىتايىنى زالىم دېمەيدىغان، خىتايچە كوممۇنىزم ۋە فاشىزمنى دۈشمەن كۆرمەيدىغان مۇسۇلمان دۇنياسىدا بۇغدا ئاتامدەك تەلەيسىز، يېگانە ئىدى.

2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

## نورۇزنى چەكلىگەن كىم بار؟

ئۇيغۇرنىڭ داد ـ پەريادى خەلقئارالاشقاندىن كېيىن، بىزدىكى بايراملارمۇ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. نورۇز كېلىشتىن بىر قانچە ھەپتە بۇرۇن مۇخبىرلار ئۇيغۇردىكى نورۇز ھەققىدە خەۋەر ئىشلەشكە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. 20 ـ مارتقىچە تەشكىلاتلاردىن بۇ ھەقتە سوراپ باققان بولسامۇ جاۋاب ئالالمىدىم. بىر تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ نورۇزلۇق بىر پائالىيىتى بارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، ئەمما نورۇزغا مۇناسىۋەتسىز ئىكەن. دېمەك، تۈركىيەدە ھېچبىر ئۇيغۇر تەشكىلات بۇ يىل نورۇز ئۇيۇشتۇرمايدىكەن. تۈركىيەدە بىز قىلمىغانغا نورۇز كەم، مۇخبىرغا يازىدىغان دەرد كەم ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆرمەكچى بولغىنى دەردمەن ئۇيغۇرنىڭ خاسلىقى، ئۇيغۇرچە نورۇز ئىدى.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىدىكى كاداگىلارنىڭ يىللاردىن بۇيان نورۇز قىلمايدىغانلىقى، ھەتتا نورۇزنى رەت قىلىدىغانلىقى، شۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىپ بولغانلىقى سىر ئەمەس ئىدى. ۋەتەندە بىدئەتكە چىقىرىلغان نورۇزنىڭ مەنبەسىمۇ دەل ئاشۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىتتىن قورقمايدىغان، چەتئەللەردىكى ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ مىللەتنى ھېلى ھىجرەتكە، ھېلى جىھادقا دەۋەت قىلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ ئەرەبكە ئوخشىمايدىغان بارلىق خاسلىقىنى رەت قىلىدىغان ئۇلۇغلار ئىدى.

نورۇزغا قارشى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قارشى، ئۇيغۇرغا خاس بارلىق ئامىللارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىدە

ئىستانبۇلدا بىر نورۇز قىلايلى، نامايىش قىلالمساق يىغىلىپ نورۇز ئىشى يىسەكمۇ ھېساب دەپ ئويلىدۇق. بىر قانچە چوڭلارغا بىر قانچە قېتىم دەپ باقتۇق، ئىرەن قىلمىدى. بىر ياش تەشكىلاتچىغا دېگەن بولساقمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۇسلىقىدىن ئەيمىنىپ قالدى. ھەتتا ئىستانبۇلدىكى بىر كىچىك ئاشخانا نورۇزلۇق تاماق تارتىشتىنمۇ كاداڭلارنىڭ پەتىۋاسى سەۋەبلىك ئىككىلىنىپ قاپتۇ. دېمەك، خىتايدا ئەمەس، تۈركىيەدىمۇ خالىغان شەكىلدە ئۇيغۇر بولماق تەس، ئۇيغۇرغا خاس ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋام قىلغان مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلماق تەس. كۆنىمىزدە ئۇيغۇرلۇققا قىلىنىۋاتقان تاجاۋۇز، يەكلەش ۋە چەكلەشلەر دۈشمىنىمىز زالىم خىتايدىنلا ئەمەس.

ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تونۇپ نورۇزنى رەت قىلىۋاتقانلار تۈركىيەدە ياشايدۇ، تۈركىيەنىڭ دۆلەت بايرىمىنى رەت قىلالمايدۇ. قېنى، سىلەر دەۋاتقان بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىلا بايرىمى؟ كۆپىيىپ قالدىغۇ ئەمدى؟ تۈركلەر مۇسۇلمان ئەمەسمىكەن. تۈركىيەدە تۈركلەرمۇ، كۈرتلەرمۇ نورۇز قىلىدۇ. ئەجەبا تۈركىيەنىڭ دىيانەت مىنىستىرلىكى نېمىشقا سىلەر بەرگەن پەتىۋانى بەرمەيدۇ؟ نورۇزنىڭ ھاراملىقىنى ئۇلار بىلمەي قالغانمىدۇ؟ پەتىۋا چىقىرىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەگەر پەتىۋايىڭلاردا سەممىي بولساڭلار، ئۇيغۇرغا نورۇزنى چەكلىگەندەك، قورقماي تۈركىيە دۆلەت بايرىمىنىمۇ بىدئەت دېمەمسىلەر؟ ئۇيغۇرغا ھارام قىلامسىلەر؟ قېنى، بىزنىڭ 12 ـ نويابىردىكى دۆلەت بايرىمىمىزنى چەكلەپ باقامسىلەر؟

بەزىلەر، بىز نورۇزنى چەكلىمەيمىز، جامائەت قوشۇلمايدىكەن، دېيىشىدۇ. نورۇزنى بىدئەت دەپ پەتىۋانى بېرىپ قويسا، قوشۇلۇپ كېتىدىغان قايسى جامائەتكەن ئۇ! ئىستانبۇلدا نورۇز تەشكىللىمىگەنلىك، يېقىن يولىمىغانلىق نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

بۈگۈنكى ئىستانبۇلدا تۈرك دۇنياسى ۋەخپى ئۇيۇشتۇرغان، تۈرك دۇنياسى باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇزدا 03 پىرسەنتتىن كۆپ قاتناشچى ئۇيغۇر. جامائەت خالىمايدۇ، دەيسىلەر - يۇ، قاتناشقان ئۇيغۇرلار جامائەت ئەمەسمۇ؟

نورۇزنى بىزنىڭ ئەمەس دېگەن، نورۇز دېگەن سۆزنى پارسچە دەپ يەكلەۋاتقان كىشىلەرگە شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. توغرا، نورۇز پارسچە سۆز ئۇنى ئۆتكۈزمەيلى، ئۇنداقتا نانمۇ پارسچە ئۇنى يېمەيلى. نامازمۇ پارسچە ئۇنىمۇ ئوقۇمايلى، داستىخان پارسچە ئۇنى سالمايلى، جايناماز پارسچە ئۇنىمۇ ئىشلەتمەيلىمۇ؟ بىر بايرامنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە بولمىسا ئۇنى ئۇيغۇرنىڭ دېمەيدىغانغا قانداق زاكۇنىمىز بار؟ نورۇزنى رەت قىلىۋاتقان شۇ كىشىلەر نېمىشقا پەيغەمبىرىمىزنى پارسچە ئاتايدۇ؟ پەيغەمبەر دېگەن سۆز، بەر دېگەن تارقاتقۇچى دېگەن مەنىدە، ئەجەبا سىز بۇ سۆزنىمۇ پارسنىڭ، شىئەنىڭ، مەجۇسىنىڭ دەپ چەكلىمەكچىمۇ؟

نورۇز خۇددى نان، ناخشا، ناماز، ناۋا، مۇقام دېگەنگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە ئورتاق بىر سۆز، ئورتاق بىر مەنىۋىيەت. ئۇنى قايسى مىللەتنىڭ بۇرۇن تەبرىكلىگەنلىكىگە دائىر ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئۇيغۇرلار بۇ بايرامنى تارىختىكى كۆسەن ئىمپېرىيەسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى، قاراخانىيلار دۆلىتىدىن تارتىپ 1933 - يىلدىكى بىرىنچى جۇمھۇرىيەت، 1944 - يىلدىكى ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتكىچە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بولۇپمۇ، بۇ بايرامنى شىڭ شىسەي ئون يىلدىن ئارتۇق چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋاقتىدا تېخىمۇ داغدۇغا بىلەن تەبرىكلەنگەن.

خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلگەندىن كېيىن، نورۇزنى تەبرىكلەش ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلەشكە ئېلىپ

بارىدۇ دەپ قارىلىپ تەقىب قىلىنغان. شۇ سەۋەبلىك نورۇز بىر بايرام دەپ بېكىتىلمىگەن، خەلقمۇ ئاشكارا تەبرىكلەشتىن قورقۇشقان. خىتاينىڭ پايتەختىدە خەمىت تۆمۈر باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار 1980 ـ يىللىرىدا بۇ بايرامنى تىرىلدۈرگەن بولسىمۇ، خىتاي ئىزچىل نورۇزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلەپلىرىگە قۇلاق سالمىغان. مەن 90 ـ يىللاردا ناخشىچى شامىل شاكىرنىڭ نورۇزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خىتاي پايتەختى بېيجىڭغىچە ئىلتىماس سۇنۇپ كەلگەنلىكىگە شاھىت بولغان ئىدىم.

ئۇيغۇر تارىخىدا نورۇزنى ئاشكارا چەكلىگۈچى پەقەتلا جاللات شىڭ شىسەي. ئۇ مەلئۇنمۇ بۇگۈنكىدەك مىللەتنىڭ بايلىرى ۋە زىيالىيلىرىنى يوقاتقان. ئۇيغۇرنىڭ 10 پىرسەنت ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغان. نورۇزنى بىدئەت دەۋاتقان، چەكلەۋاتقان، يەكلەۋاتقان جانابى ھەزرىتىم، سىلىنىڭ شىڭ شىسەيدىن پەرقلىرى نېمە؟ سىلى نورۇزنى قوللىغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋارىسىمۇ ياكى شىڭغا سېتىلغان، ئۇنى «يەنە بىر پەيغەمبەر كەلسە شىڭ شىسەي پەيغەمبەر بولاتتى» دېگەن شاپتۇل داموللامنىڭمۇ؟ سىلى نورۇزنى، باھارنى، يېڭى كۈننى رەت قىلىپ، بىزنى زىمىستانغا، كونىغا، قاراڭغۇ گۆرىستانغا مەڭگۈ بەند قىلاي دەملا!

2019 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# ئۇيغۇرلۇقتىكى قارا كۆلەڭگە

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى تاراتقۇلاردا تۈگۈلگەن پېتى قازا قىلغان، قارىغانلا ئىنسانىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىدىغان، قارىغا ئورانغان بىر ئايالنىڭ رەسىمى ئېقىپ يۈردى. بۇ رەسىم ھەققىدە «مۇجاھىد، سۇرىيەدە شېھىت بولغان» دېگەن گەپلەر تارقالدى. مەن بۇ رەسىمنى كۆرگەنلا يەردە يۈيۈپ ماڭدىم، بەھىرلىگۈچىنىمۇ ئاساسەن چەكلىۋەتتىم. مۇشۇنداق بىر پاجىئەنىڭ پاكىتىنى خۇددى بەش پۇتلۇق پاقىلاننىڭ رەسىمى يوللىغاندەك ئەۋەتىشىپ تاماشا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىنسانلىقى ماڭا دەرگۇمان تۇيۇلىدۇ. تورلاردىكى مەرھۇمغا بېغىشلانغان «ئاللاھ شېھىتلىكىنى قوبۇل قىلسۇن، يېنىدا ئەتلەستەك بىر رەخت تۇرىدۇ، بارماقلىرى زىكىرگە تەمشىلىپ تۇرۇپتۇ» دېگەن قۇرلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

«ئۇيغۇردا جىھادچىلىق بارمۇ؟» دېگەن ماقالەمدىن كېيىن، ئايرىم ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، نامىزىم، ئەقىدەم ۋە ئەقلىمدىن گۇمان قىلغانلار چىقىپ تۇردى. دېيىلىشىچە مەن «خۇددى نامازدەكلا پەرز قىلىنغان جىھاد ئىبادىتىنى ئىنكار قىلغان» ئىمىشمەن. گەپ قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ بولالماي ئاخىرى چەكلەپ، سۈكۈت قىلىپ، بىپەرۋا بولۇپ قۇتۇلغان بولدۇم. ھالبۇكى، بۈگۈن يازغۇچى كۇرەش ئاتاخاننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئاستىغا فىرات بويلىرىدا خارۇ ـ زار بولۇپ تېنەپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ رەسىمنى چىقىرىپ قويۇشى يەنە يۈرەكنى ئەزدى، يارامنى تاتىلىدى. دېيىلىشىچە 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر

چۆللەردە خار.

مېنىڭ فرات بويلىرىغا جىھادقا كەتكەن قېرىنداشلاردىن خەۋىرىم بار. ھەتتا مەندە ئۇلارنىڭ ۋە قارا كۆز پەرزەنتلىرىدىن بىر قىسمىنىڭ تىزىملىكمۇ بار. مەن 2015 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىستانبۇل كوچىلىرىدا تېلېفوننى قۇلىقىغا ئەمەس ئاغزىغا تۇتۇپ سۆزلەيدىغان، ئۇزۇن ساقال قويۇپ بۇرۇتنى قىرقىۋەتكەن، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنى قىسقا كېسىپ، چاچنى ئۇزۇن ئۆستۈرگەن ياشلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ئاغزىدا قايسى جامائەتنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئۈزۈلمەيتتى. بۇ يولنى توسۇش ئۈچۈن يېزىشقا تۇتۇنغان بولساممۇ، دوستلۇرۇمدىن تەنبىھ ئېلىپ توختاپ قالدىم.

ھىجرەت، جىھاد بارىدا تۈركىيەدىكى بىر ئوتتۇرھال يول تۇتىدىغان ئالىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ۋەتەنگە قايتىپ ئايروپىلانلاپ كېلىۋاتقانلارنى ھىجرەتتىن توسۇماقچى بولدۇم. ئەمما خىتاينىڭ يەنە تۇتۇپ قاماپ قويۇشىدىن قورقتۇم ۋە قورقۇتۇلدۇم. ۋەتەندىن قىرنى بۇزغان سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى توسۇش ئۈچۈن قەلەم كۈرىشى قىلماقچى بولۇپ، خەلىپىلەر ئارا جىھادىزمنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەندىم.

ئۇيغۇرلاردا ئەۋج ئالغان جىھادىزىم ھەرىكىتى ۋە خەلقئارا جىھادقا ئەسكەر تولۇقلاش ئۈچۈن تەرغىب قىلىنغان ھىجرەتنىڭ مەنبەسى ھەسەنۇل بەننا، سەييد قۇتۇپ ۋە مەۋدۇدىنىڭ پىكىرلىرىگە تاقىشاتتى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ پىكىرلىرى چېگرانىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى ئۇيغۇرلاردا دىن دېيىلىپ ئوقۇتۇلماقتا، تەبلىغ قىلىنماقتا ئىدى. ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ دىنى تەلىم ئالغان پاكىستاندا مەۋدۇدى پىكرىنى تەرغىب قىلىدىغان ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇيغۇر ئۆلىمالار ئىلمىنىڭ مەككىسى

دەپ مەدھىيەلەيدىغان مىسىردا ھەسەنۇل بەننا قۇرغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئۇيغۇرچە دىنى چۈشەنچىلەرنى زەرەتلەپ تۇراتتى. بۇ ئىككى تەشكىلاتقا تەۋە مەتبۇئاتلارنىڭ كىتابلىرى ئۇيغۇرلاردا دىنىي كىتاب دېيىلىپ ۋەتەندە مەخپىي، مۇھاجىرەتتە ئاشكارا توختىماي نەشر قىلىنىپ تۇراتتى. 2016 ـ يىلى سەيىد قۇتۇپ شېھىت قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا ئاتاپ ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب شۇ يىلى نەشر قىلىنغان، دۇنيادا سەيىد قۇتۇپنىڭ شېھىتلىك خاتىرىسىگە ئاتالغان يېگانە ئەسەر بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار دۆلەت دەپ ئاتايدىغان، ئەرەبچە قىسقارتىلمىسى دائىش دېيىلىدىغان، خەلقئارالىق تېرروركلۇق تەشكىلاتىغا نام بولغان ئىسلام دۆلىتى دېگەن ئۇقۇمنى سەييىد قۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. دۇنيادا ئىسلامىزم، جىھادىزم، سىياسىي ئىسلام دېيىلىدىغان بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ تەرغىباتچىسى شۇ سەيىد قۇتۇپ. مۇشۇ توقۇناقنى يەشمىگەندە ئۇيغۇرنى سۇرىيەدىن توسىدىغان مۇداپىئەنى ھاسىل قىلغىلى بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن مەن «ئۇيغۇردا قۇتۇپچە ئىسلام»، «بىر نەپرەت قوللانمىسى»، «ئاشقۇنلۇققا ئولجا باللار» دېگەن ئۈچ پارچە ماقالىنى يازدىم.

خەلقئارا جىھادچىلىقنىڭ ئۇيغۇردىكى تەسىرىنى تۆگىتىشتە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى قۇربانلىرىنى ھىدايەتكە باشلاشمۇ زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئاچقۇچى مائارىپ بولۇپ، باللارنى مەدرىسەلەردىن مەكتەپلەرگە باشلاش شۇ ھىدايەتنىڭ بىسمىللاھسى ئىدى. مەن بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەدرىسەلەر» دېگەن ماقالىنى يازدىم ۋە ئۇنى تۈركىيەنىڭ دۆلەتلىك ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىغا پروگراما قىلىپ سۇندۇم. تۈركىيەدىكى مەدرىسەلەرنى تەكشۈرۈش ۋە بىر مەدرىستە ئىشلەش جەريانىدا ئۇيلىغانلىرىمنى

«ئوقۇماسلىق گۇناھ»، «يۈز يىل بۇرۇنقى شىۋېتلار ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇردا مائارىپ مەسىلىسى ۋە چارىلەر»، «مىلىي يىلنامە ساۋاق»، «ھەقىقىي زىندان»، «باش ئامان بولسا» دېگەن تېمىلاردا يازدىم.

بۇ يازمىلىرىم ۋە نۇتۇقلىرىمنىڭ تۈركىيەدىكى جامائەتچىلىكتە زىيىنى بولسا بولدىكى، ئاساسەن پايدىسى بولمىدى. مەن ئەسەرلىرىم ئارقىلىق ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشۋاتقانىدەك تۇيغۇ بېرىپ تېخمۇ بىزارلىق پەيدا قىلدىم. ئۇيغۇرنىڭ جىھادچىلىق ئىشتىياقى مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنىڭ تەتۈر سىچە كۆچەيدىكى ئازايمىدى. مەن بۇ يولدا تىرىشقانچە جامائەتنىڭ ۋە كاتتىلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالدىم. 2017 - يىلى رامىزاندا قەيسەرىدىكى قېرىنداشلارنى يوقلاپ، مەكتەپتە ۋە مەدرىستە ياخشى ئوقۇغان باللارنى مۇكاپاتلاپ قايتىپ كېلىپ بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم. 58 ئائىلىلىك ئۇيغۇر سۇرىيەگە دائىشقا قاتناشقىلى كېتىپتۇ. جىھادچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى تېخى 40 كۈنلۈكمۇ بولمىغان بوۋاق ئىكەن. سۈرۈشتە قىلسام ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇيدىكەنمەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاراقاشلىق بىر تاغىمىز ۋە كورلىلىق بىر ئاكىمىز بىلەن ھال - مۇڭ قىلىشقان ئىدۇق. كورلىدىن چىققان ئاكىمىز بىزنى ناشتا قىلدۇرغان ئىدى. ئاتا - ئانىسى بىلەن كەتكەن بەزى سەبىيلەر تىزىملىكى ھېلىغىچە دەپتىرىمدە تۇرۇپتۇ. ئىست! كىملەرگە خار بولغانسەن قارا كۆزلىرىم.

2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىرزتىراپتا تېنەپ قالغانلىقى بۈگۈن يۈرەكلەرنى تىلغاپ، يارىلارنى تاتىلىماقتا. بۇ قېرىنداشلارنى بىز خىتايغا ئوخشاش «بىر ئوچۇم كىشىلەر» دەپ رەت قىلالمايمىز. ئۇيغۇرنىڭ يېتەكچىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى، ئىلىم ئەھلى ھېسابلانغان بىزلەر بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئىككىلا دۇنيادا

قىچىپ قويالمايمىز. چۈنكى، بىز ئۇيغۇر ئۇقۇمۇشلۇقلىرى، شەرقىي تۈركىستانلىق ئالىملار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىرەر بايانات ئېلان قىلىپ جامائەت سۈپىتىدە ئۇلارنى توسۇپ باقمىدۇق. سۈرىيە تەشەببۇسچىلىرىنىڭ تەشۋىقات كىتابلىرىغا، رىساللىرىگە قارشى تۈرىدىغان ئەسەرلىرىمىز بولمىدى. مەخسۇس يوللىغۇچى تەشكىلات ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما مەخسۇس توسۇغۇچى جەمئىيەت مەيدانغا چۈشمىدى. مانا ئەمدى، بىز شۇ چۆللەردە سەرسان، ختاينىڭ قولىدا پايخان بولغان قېرىنداشلار ئالدىدا پەقەتلا مەغلۇبىيىتىمىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق. گەرچە ھازىر جىھادچىلىق ھەققىدە تەنقىد يازالايدىغانلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئەمەلىي كۈچى يوق. ئۇنداقلار يازغان ئەسەرنى ئەسلىدىنلا جىھادچىلىققا قىزىقمايدىغان كىشىلەر ئوقۇيدۇ، خالاس.

مەنچە خەلقئارالىق جىھادچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىك چاقىرىقى بولغان ھىجرەتچىلىك ئۇيغۇرغا قارا سايىدەك ئەگەشكىنى ئەگەشكەن. بۇ سايىنى دىن دەپ قارايدىغان ئەللامەلەر «نامازدەكلا پەرز قىلىنغان جىھاد ئىبادىتىنى ئىنكار قىلغان» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ ھەر قانداق ئەقلىنى ئەسنىتىپ، ھەر قانچە شاش روھنىمۇ لال قىلىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ قەلبىنى بۇ قارا تۇماندىن، بۇ قاباھەتلىك جاللاتتىن، بۇ ئېزىتقۇ ئالۋۇندىن ئازاد قىلغۇچىلار باشقىلار ئەمەس، دەل ئۆلىمالىرىمىز. مەنچە بۇنداق ئىككىلا دۇنيادا ئىقبالىمىزنى يورۇق قىلىدىغان، بىزنى دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك قىلىدىغان مىللىي بۇرچىنىڭ ھۆددىسىدىن ئىلاھىي ئىلىملەردىن بىخەۋەر يېتەكچىلەر چىقالمايدۇ. ئۇيغۇرلۇقنى بۇ جاللات كۆلەڭگىدىن قۇتقۇزماي تۇرۇپ جانلارنىڭ ئامانلىقى، ئەقللەرنىڭ سەگەكلىكى، روھلارنىڭ ئويغاقلىقى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇيغۇر ئاقىل بولماي، ئەقىل

بىلەن ئۈيۈشماي، تەرەققىياتقا، زامانغا، ئىلىمگە ئۇيغۇنلاشماي، ئۇيغۇرلۇقتا ئويغانماي تۇرۇپ ھۆرلۈكنىڭ ئاشىقى ئەمەس ئاۋارىسى بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

## تۈركىيەگە پۇقرا مۇھىممۇ ئايا سوفىيامۇ؟

بۈگۈن بازفىيدتا تۈرك پۇقراسىدىن ئالتە كىشىنىڭ خىتايدا تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان سەبى بالا بولۇپ، ئۇلار دارىلئېتام دېيىلىدىغان بالىلار لاگېرىغا قاماقلىق. خەۋەردە دېيىلىشىچە، تۈركىيە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇيغۇر ئەسلىلىك پۇقرالىرىنىڭ خىتايدا تۇتۇلغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلمىغان. خىتايمۇ مۇخبىرنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئالىغا پەرۋا قىلمىغان. مېنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ۋە شەخسلەردىن ئۇقۇشىمچە خىتايدا قامالغان تۈركىيە پۇقراسى ئۇيغۇر نەچچە ئوندىن ئاشىدۇ.

خىتايدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر پۇشتىدىن بولغان تۈركىيە پۇقرالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن باشقا، تۈركلەر بىلەن تويلاشقان ئۇيغۇر ئەرلەر ۋە ئاياللارمۇ نەچچە ئون كىشىدىن ئاشىدۇ. ئەرلىرى خىتايدا تۇتۇلۇپ تۇلغا ئايلانغان ئانىلار، ئاياللىرى كۇھقاپقا يەم بولغاندەك بىر كەتكەنچە غايىب بولغان ئەرلەر، تىرىك يېتىم بولغان بالىلار ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ، سەفاكۆي، چاپا قاتارلىق مەھەللىلىرىدە ئىزتىراپتا ئۆنسىز ياش تۆكىدۇ. ئۇلارغا يا ئا ك پ ھۆكۈمىتىدىن ئىلتىپات، يا دەردىنى ئاڭلايدىغان تەسىرى چوڭراق تاراتقۇلاردىن مۇخبىرلار كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنقەرەدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئاللاھقا دۇئا قىلىشتىن باشقا ئامالى يوق.

تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋىرى تۈركىيەدە قايناق بىر كەيپىيات ياراتمىغان بىلەن، ئاياسوفىيا ئاجايىپ بىر قىزغىنلىق ياراتتى. نەچچە ئونلىغان تۈرك پۇقرالىرىنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا قاملىپ ۋەتىنىگە قايتالماسلىقى دىققەت تارتمىغان بىلەن، ئاياسوفيانىڭ جامەگە قايتىشى ئاخباراتقا جان كىرگۈزۈۋەتتى. چوڭ مەتبۇئاتلار بەس ـ بەستە خەۋەر قىلدى. تۈركىيە رەئىسى ئەردوغان ئاياسوفيانىڭ بۇندىن كېيىن مۇزېي ئەمەس بۇرۇنقىدەك جامە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، تۈركىيەدە ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدا يەنە بىر رەت قەھرىمان بولدى. بولۇپمۇ ئەردوغاننىڭ بۇنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئېرۇسالىمنى ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختى دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا قارشى بۇ جاۋابىنى قايتۇرۇشى تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى غۇرۇرلاندۇردى. بۇ مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئاجايىپ بىر جاسارەت سانالدى. ماڭا غەلىتە بىلىنگىنى پەلەستىنىدىكى ئېرۇسالىمغا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگەن ئەردوغاننىڭ تۈركىيەدىن خىتايغا بىر بارغانچە يوقاپ كەتكەن ئالتە ئۇيغۇر پۇقراغا قەتئىي كۆڭۈلشمەسلىكى، سۈكۈت قىلىشى بولدى.

ئاياسوفيانىڭ جامەگە قايتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تۈركچە قىزغىن خەۋەرلەر، ھاياجانلىق باياناتلار بىلەن ئالتە ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىگە قايتالماسلىقى، خىتايدا يوقاپ كېتىشى ھەققىدىكى ئىنكاسسىز ئىنگلىزچە خەۋەر كۈچلۈك سېلىشتۇرما ئىدى. تۈركىيەدە ئاخباراتتىن مەھرۇم تۇتقۇندىكى ئالتە پۇقرا ۋە بۇ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھېچقانداق ئاشكارا ئېتىراپىقا، باياناتلارغا نائىل بولالماسلىقى ماڭا دىندار ئا ك پ ھۆكۈمىتىدە ئەمەل قىلىنمايۋاتقان بىر ھەدىسنى ئەسلەتتى. دىنىمىزدا مۇسۇلمان پۇقرا مۇھىممۇ جامەمۇ؟ ئەگەر رەسۇلىمىزغا ئەگەشكەن مۇسۇلمان بولساق، ئەگەر ئىمانىمىزدا سەمىمي بولساق، مۇسۇلمان كەبىدىن ئۇلۇغ.

ئەلۋەتتە، قۇرئاننىڭ روھى بويىچە ئىنسان ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. پەيغەمبىرىمىز بۇندىن 1400 يىل بۇرۇن مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتىنى كەبىدىن ئۇلۇغلىقىنى تەكىتلىگەن (سەھىھ ھەدىسلەر قاتارىدىكى نومۇرى 3420). مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەيلى ئەردوغان ياكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بولسۇن ئىبرۇسالىمنى، ئاياسوفيانى كەبىدىن ئۇلۇغ دېمەيدۇ. رەسۇلىمىز بىر مۇسۇلماننى كەبىدىن ئۇلۇغ دېگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن خىتايدا تۇتقۇن تۈركىيە پۇقراسى ئالتە ئۇيغۇر مۇسۇلمان بۇ ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ؟ ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەسمۇ، ئۇلار تۈرك ئەمەسمۇ، ئۇلار ئىنسان ئەمەسمۇ؟

پەلەستىندىكى بىر قۇددۇس ئۈچۈن مەيدىسىگە مۇشتلاپ مەيدانغا چىققان ئەردوغان، يىغىلىشلاردا «ئەي ترامپ، ئەي ئامېرىكا» دەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ لىدىرى سانالغان بىر زات، نېمە سەۋەبتىن خىتايدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۈچۈن «ئەي شى جىنپىڭ، ئەي خىتاي» دېيەلمەيدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ قۇددۇسنى پايتەخت دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا قارشى ئاياسوفيانى جامە بولىدۇ دەپ جاكارلاشقا جۈرئەتلىك بۇ جەسۇر مۇسۇلمان رەھبەر، نېمە ئۈچۈن ھۆرمىتى كەبىدىن، ئاياسوفيادىن ئۇلۇغ بولغان، ئۆز پۇقراسى بولغان ئالتە ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئۈچۈن جاسارەتلىنەلمەيدۇ؟ خىتاي ئامېرىكىدىنمۇ كۈچلۈكمۇ؟ دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ئامېرىكىنى ۋە پۈتكۈل غەرب دۇنياسىغا قارشى مەيدىسىگە مۇشتلىغان ئەردوغان نېمىشقا خىتايغا كەلگەندە سۈكۈت قىلىدۇ؟

تۈركىيە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتلىك رەئىسى، ئەمما بۇ تەشكىلات يېقىندا خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇشىنى تېررورلۇققا قارشى تەدبىر دەپ قوللاپ

قوۋۋەتلىدى. تۈركىيە بۇ تەشكىلاتتا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركلەرنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قارشى ھەق تەرەپتە تۇرمىغان بىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئەلچىخانىسىنى قۇددۇسقا كۆچۈرۈشىگە قارشى ب د ت يىغىنىدا قارار ئېلىنىشقا تۈرتكە بولدى. تۈركىيە ئا ك پ ھۆكۈمىتى نېمە سەۋەبتىن پەلەستىن ئۈچۈن ب د ت دا كۆرسەتكەن بۇ ھىممەتنى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەر ئۈچۈنمۇ كۆرسەتەلمەيدۇ؟ بىر شەھەر ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرغان، خەلقئاراغا خىتاب قىلغان، مەيدانلارنى تولدۇرغان ئا ك پ ھۆكۈمىتى نېمىشقا بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇ كەسكىنلىكنى نامايان قىلمايدۇ؟

مەن مىليونلىغان ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا تۈركىيەنى سۆيىمەن. مەن رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى كەبىدىن ئۇلۇغ دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلىمەن. مۇسۇلمانلىق مەيدانىدا تۇرۇپ دۇنياغا خىتاب قىلىۋاتقان مۆھتەرەم ئەردوغان ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى ۋەدە قىلىۋاتقاندەك كۈچلۈك بولغانلارنىڭ ئەمەس ھەقلىق بولغاننىڭ يېنىدا بولۇشىنى، ئاياسوفياغا، قۇددۇسقا ئىگە بولغاندەك، قەلبى ئاياسوفيا سۆيگۈسى ۋە قۇددۇس مۇھەببىتى بىلەن تولغان، جازا لاگېرلىرىدا خارلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلارغىمۇ ئىگە بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر پۇشتىدىن بولغان ئالتە پۇقراسى ھەققىدە خىتايدىن ئاشكارا ھېساب سورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. زۇمەر سۈرىسىدە «ئاللاھ يالغانچىنى ۋە تۇزكورنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېيىلگەن. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى رەسۇلىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان تۇزكورلاردىن، ھەقنى قوغداشقا بەرگەن ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلمايدىغان يالغانچىلاردىن قىلمىسۇن. بىز ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا قايتا قۇچاق ئاچقان ئاياسوفيا ئۇلۇغ،

ئەمما ئالتە ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى كەبىدىن ئۇلۇغ بولغانىكەن ئاياسوفىيادىن ئەلۋەتتە ئۇلۇغ. تۈركىيە پۇقراسى ئالتە كىشىنى خىتاي ئىسكەنجىسىگە تاشلاپ قويغانلىق تۈركىيەنىڭ غۇرۇرىنى خىتاينىڭ قارا قولىغا تاشلاپ قويغانغا باراۋەر.

## بارىن ئىنقىلابى دەمدۇق جىھادمۇ؟

يېقىندىن بېرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردا ئىنقىلابلار «جىھاد، جىھادىي ئەمەلىيەت»، تەشكىللىنىشلەر «جىھادىي جامائەت» دېيىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «بارىن ئىنقىلابى»غا ئوخشاش ئۇيغۇر قوراللىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھاجىرەتتە «جىھاد» دەپ بايان قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. بۈگۈنكى قارشىلىقنى «جىھاد» دېگەندىن باشقا تارىختىكى قوراللىق قارشىلىقلارنىمۇ قايتا قۇراشتۇرۇپ جىھادلاشتۇرۇش مېنى ئويلاندۇردى. بۇرۇنقى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىھاد دەمدۇق؟ دېسەك نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ بۈگۈن بولۇۋاتقان قارشىلىقلارنىچۇ؟

مەنچە ئۇيغۇر تارىخىدىكى قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىھاد دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇردىكى نوپۇزلۇق كىتابلاردا قارشىلىق ئۈچۈن ئۇنداق ئاتالغۇ قوللىنىلمىغان. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «بابۇرنامە»، «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق كىتابلىرىمىزدا جىھاد سۆزى يوق، غازات سۆزى بار. ئۆلىمالىرىمىز تەرىپىدىن ئەڭ كېيىن يېزىلغان يەنى 1916 - يىلى «تارىخى ئەمنىيە»دىن ئۆزگەرتىلىپ قايتا يېزىلغان «تارىخى ھەممىدى»دە ئىنقىلابلىرىمىز جىھاد دېيىلمىگەن.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى»، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى

رەشىدىي» دېگەن كىتابىدا «جىھاد» دېگەن سۆز ئۇچرىمايدۇ. ھەقىقىي مەنىدە جىھاد قىلغان بۇ زاتلار كىتابلىرىدا جىھاد سۆزىنى تىلغا ئالمىغانلىقى ئۇلارنىڭ جىھادنىڭ قانداق مەنىلەردە ئىكەنلىكىنى تولۇق ۋە توغرا بىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەرەبچىدىكى نۇرغۇن دىنى كەلىملەرنى ئەسەرلىرىدە شۇ پېتى ئىشلەتكەن بۇ كىشىلەرگە ھېچكىم چەك قويغان ئەمەس.

يېقىنقى يۈز يىلدا ۋەتىنىمىزدە كوممۇنىست ۋە گومىنداڭچى خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى جەڭلەردىن ئەسلىمە قالدۇرغان مۆتىۋەر كىشىلىرىمىزدىن ئىمىن ۋاھىدى، نىزامىدىن ھۈسەيىن، بارات ھاجى، مۇھەممەت ئىمىن ئىسلامى ۋە ئابدۇشۈكۈر ھاجى كېرىملەر بۇ ئۇرۇشلارنى ھېچقاچان جىھاد دېمىگەن. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى سەپداشلارنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بىزگە «جىھاد قىلدى» دەپ يېزىپ قالدۇرمىغان.

تارىخچى، سىياسەتچى ۋە ئەدىب بولۇپ تونۇلغان، ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتچىلىرى مۇھىم مەنبە دەپ قارايدىغان يۇقىرىقى كىتابلار تىلغا ئالمىغان جىھاد سۆزىنى ئۆزىمىزچە كەڭرى قوللىنىپ، تارىخنى قايتا جابدۇپ جىھادلاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى سۆز - ئۇتۇقلىرىمىزدا ۋە تور دۇنياسىدا تارقىتىپ يۈرۈشىمىز نامۇۋاپىق.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ مۇئەللىپى، بەدەخشاننى فەتىھ قىلىپ 30 يىل سورىغان مىرزا ھەيدەر كوراگان ئالىم ئىدى. ئىنقىلابلاردا ئالدىنقى سەپتە تۇرغان موللا مۇسا سايرامى، ئىمىن ۋاھىدى، مۇھەممەت ئىمىن ئىسلاملار دىنىي ئۆلىما، مۇدەررىس ئىدى. ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈدەك، جىھاد ياكى ئەمەس ئىكەنلىكىنى دېيەلمىگىدەك كىشىلەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا تارىخ تارىخچىمىزنىڭ تەسۋىرلىگىنى

بۇيىچە بولغىنى ياخشى. ئۇيغۇر تارىخىدا قوزغىلاڭ دېيىلگىنى قوزغىلاڭ بولسۇن، ئىنقىلاب دېيىلگىنى ئىنقىلاب بولسۇن. تارىخنى ياراتقان بوۋىلارنىڭ، ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە رەھبەر بولغان پېشىۋالىرىمىزنىڭ روھى قورۇنماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار نېمە دېگەن بولسا، بىزگە قانداق يېزىپ قالدۇرغان بولسا، شۇنداق ئۆگىنىپ تارىخنى ئۇلاپ ماڭغىنىمىز ئاقىللىق.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى جىھاد دېيىشمۇ شەكىللىككە قالپاق كىيدۈرگەندەك بىر ئىش. 1990 - يىلى 5 - ئاپرېل كۈنى يۈز بەرگەن بارىن ئىنقىلابى ھەققىدە بۈگۈنگىچە ئىككى پارچە ئەسلىمە چىقىپتۇ. كىتاب ھەققىدىكى گەپ ئىككى، ئەمما مەزمۇن بىر بولۇپ ئىككىلىسىدە «بارىن ئىنقىلابى» دېيىلىپ «جىھاد» دېيىلمىگەن ئىكەن.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئىنقىلابنى جىھاد دېيىش ھەسەن مەخسۇم ئافغانىستانغا چىققان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قوراللىق ھەرىكەتلەر باشلانغان يىللارغا توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا جىھاد سۆزىنى رەسمىي قوللانغان. بۇ تەشۋىقات خەلقئارا جىھادچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي دەۋاسى دۇنياۋى دىنىي دەۋاغا قاراپ كېڭەيگەن. ئۇيغۇر رەھبەرلەر جىھادنى تەرغىب قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلابتا دىنىنى قوزغاتقۇچ كۈچ، تەشۋىقات قورالى قىلىپ ئىشلەتكەن. ئەمما بۇ قورال ئۇ چاغلاردا ئاللىقاچان خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ پىلانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولغاچقا، شۇئار ياتتىن ۋارقىراش بىزدىن، پىلان ياتتىن ئىجرا بىزدىن بولىدىغان ھالەت بارلىققا كەلگەن. ھالبۇكى، شۇ چاغلاردىمۇ بارىندىكى

ئىنقىلابىنى جىھاد دېيىش ئومۇملاشقان ئەمەس.

بارىن ئىنقىلابىنى بارىن جىھادى دېيىش سۇرىيەگە چاقىرىق قىلىنغان جىھاد، ھىجرەت تەشۋىقاتىغا ئەگىشىپ تىللارغا چىققان. رەسمىي ئۇيغۇر مەتبۇئاتلاردا 2017 ـ يىللىرىمۇ شۇنداق دېيىلىپتۇ. 2018 ـ يىلغا كەلگەندە نۇتۇق ۋە تورلاردا شۇنداق دېيىلىش رەسمىيلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

زەيدىن يۈسۈپ باشلىغان ئىنقىلاب ئەينى دەۋرىدە جىھاد دېيىلمىگەن. بۇنى ئۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەمەس، شۇنداق دېسە پايدا ئالىدىغان ئۇيغۇرنىڭ دۈشمىنى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ دېمىگەن. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنداق بىر ئاتالغۇ يوق، سوراق ۋە سوت خاتىرىلىرىدە ئۇنداق بىر ئاتاش يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى بارىن ئىنقىلابىنى ئىسيان دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇر تىلىدا بار بولغان بۈگۈنكى جىھادنىڭ مەنىسىگە يېقىن غازات سۆزى بىلەنمۇ تەسۋىرلىمىگەن. بۇ ئىش ئەينى دەۋردە دىندىن مۇستەسنا ھالدا ھۆكۈمەتكە قارشى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى دېيىلگەن.

زەيدىن يۈسۈپتەك ئۆزىنى مۇجاھىد، ھەرىكىتىنى جىھاد دېمەيۋاتقان كىشىنىڭ ئاغزىدىن «قۇرئان مازارلىقتا ئوقۇيدىغان كىتاب ئەمەس، جىھاد قىلىش مىزانىدۇر» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. ئورامدىن قارىغاندا بۇ گەپ 1997 ـ يىللىرى قەبرە بېشىدا قۇرئاندىن بىر قانچە سۈرە ئوقۇش بىدئەت دەپ چەكلەنگەن دەۋردە دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كۈنگىچە بۇ گەپنى «زەيدىن يۈسۈپ دېگەن» دەپ يازغانلار كىمدىن ئاڭلىغان، نەدە ئاڭلىغان، قاچان ئاڭلىغان، قانداق سورۇندا ئاڭلىغان دېگەن سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇردى.

مەن 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا، قاتىللىق جىنايىتى

سەۋەبىدىن مۇددەتسىز كېسىلگەن بىر تۇڭگان بىلەن بىللە ياتقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بارىندا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى جامال مۇھەممەت بىلەن بىللە ياتقان ئىكەن. مەن بۇرۇن بارىنغا بىر قانچە قېتىم بارغان. ھەتتا مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ ئىنقىلاب يۈز بەرگەن ئورۇن، ئېتىشقان يەر، ھۆكۈنگەن جايلارغىچە تەكشۈرگەن ئىدىم. ئەمما جامال مۇھەممەتنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىلمەيدىكەنمەن. مۇنداق مۇھىم بىر كىشىنىڭ قانداق بولۇپ ھايات قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاماقتىن چىققاندىن كېيىن سۈرۈشتە قىلدىم. ھەقىقەتەن بىز مۇئاۋىن باش قوماندان دەۋاتقان جامال مۇھەممەت شۇ تۇڭگان دېگەن تۈرمىگە قامالغان ئىكەن. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋاڭ دېگەن بىر خىتايمۇ (تۈرمە خاتىرىلىرىمدىكى «دوزاققا كىرمىسۇن دېدىم» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ) ماڭا بارىن ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مىنىستىرلار بىلەن بىللە ياتقانلىقىنى دېگەن ئىدى. تەكشۈرۈپ بىلىشىمچە بارىندىكى ئىنقىلابتا قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق بىر مىللىي دۆلەت قۇرۇش پىكرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.

بۈگۈن بىز مۇھاجىرەتتە ۋەتەندە قوراللىق قارشىلىق قىلىۋاتقانلار، سۆز بىلەن زۇلۇمغا قارشىلىقنى ئىپادە قىلىۋاتقانلار، سۈكۈت بىلەن نەپرەتلىنىۋاتقانلار ھەققىدە سۆز قىلىۋاتىمىز، پائالىيەتلەرنى تەشكىللەۋاتىمىز. ئاۋۋال قىلىدىغىنىمىز شۇ قەھرىمانلارنىڭ سۆز، پىكىر ۋە ئاتاشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتۇر. ئۇلار قارشىلىقلارنى قانداق ئاتىغان بولسا، زالىمغا قارشى نېمە دېگەن بولسا، ئۇلار بىزگە نېمە قالدۇرغان بولسا، نېمىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، شۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى، لەۋزىنى، سۆزىنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. بۈگۈنكى كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر نۇتۇق، بىر پائالىيەت ئۈچۈن قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكەت، نۇتۇق ۋە ھىممەتلىرىنى بۇرمىلاش، قايتا قۇراشتۇرۇش ياكى تۈرلۈك ئۇيدۇرمىلارنى قوشۇپ، بىزەپ

جابـدۇش سەممىيەتسـىزلىك، ساداقەتسـىزلىك، ئېغىرراق دېسـەك تۇزكورلـۇق بولىدۇ.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياراتقىنى تارىخ، بۈگۈنكىلەرنىڭ يارىتىدىغىنىمۇ شـۇ. تارىـخ بىـر ئىلىـم بولـۇپ، ئـۇ ئىلىـم ئەھلىنىڭ ئىشـى. تارىخنى پاكىتـلار بىلـەن خۇلاسـە قىلىنغانـدا، تارىـخ ھەققـدە سـۆزلىگەندە پاكىتقـا، ئىلىمگـە ۋە كىتابلارغـا مۇراجىئـەت قىلىنغانـدا مۇشـۇنداق ئاغزىغـا كەلگەننـى دەيدىغان ئىشـلار يۈز بېرىـدۇ. بەزى رەھبەرلەرنىڭ دەۋايىمىزنـى دىنىـي دەۋا دېيىشـتىن توختـاپ، مىللىـي دەۋا دەپ ئېتىـراپ قىلىشـى تەبرىكلەشـكە ئەرزىگـۈدەك بىـر ئىـش. ئەممـا ئاغزىمىـزدا مىللىـي دەۋا دەپ تـۇرۇپ، ھازىر دىن نامىدا قىلىنىۋاتقان، بىـر قىسـىم كۈچلەرنىـڭ ئالىقىنىـدا ئويۇنچۇققا ئايلانغـان خەلقئارالىق مالىمانچىلىقنىـڭ ئورتـاق ئىسـمى بولـۇپ قالغـان جىھاد سـۆزى بىلەن تارىخىمىزنـى ۋە ھازىرقـى ئىنقىلابىمىزنـى قايتـا خاتىرىلـەپ، بۇرۇنقـى ئەسـلىملەرنى جىھادلاشـتۇرۇپ چىقساق، دەۋايىمىزغـا، ئىلىمگـە، ئەجدادقـا، ئەخلاققـا ئۇيغـۇن بولمىغـان بىر ئىشـنى قىلغـان بولىمىز.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# مۇشۇكلەر قۇتراۋاتىدۇ

ئۇيغۇرلاردا ئۆيلەردە مۇشۇك باقىدىغان ئادەت بار. ئەمما ئۇيغۇرچىدا قارلىغاچ، بۆرە، يولۋاسلارغا ئوخشاش مۇشۇككە ئاتالغان چىرايلىق تەرىپلەر يوق. «مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك»، «مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇۋالماق»، «مۇشۇككە ئويۇن چاشقانغا قىيىن» دېگەن تەمسىللەردە مۇشۇكنىڭ ئوبرازى دائىم سەلبىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇردا مۇشۇكنى ئالۋاستىغا ئوخشىتىدىغان بىر ئادەتمۇ بار. شۇڭىمىكىن ئانام مۇشۇكنى ياقتۇرمايتتى. مەنمۇ مۇشۇكنى كۆرسەم بىر خىل شۈركىنىمەن. مۇشۇككە ئوخشىتىلغان ئەسلىمىلىرىم ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىزنىڭ ئۆيدە مۇشۇك باقمايتتۇق. ئەمما قىلىقلىرىم دائىم مۇشۇككە سېلىشتۇرۇلاتتى. بىر قېتىم قوشنىمىزنىڭ قىزلىرى ئۆيىمىزگە ئوينىغىلى كىردى. كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈندى بولغاي ئۇلارنىڭ بىر قەلىمىنى تىقىۋالدىم. ئانام چىرايلىق گەپ قىلىپمۇ، قولۇمغا قوشۇق بىلەن ئۇرۇپمۇ ئېقرار قىلدۇرالمىدى. ئاخىرى، قوشنىمىزغا «رابىيە ئاچا، مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇۋالسا ئامال يوق ئىكەن، بالا ئەتە ـ ئۆگۈن ئويناپ زېرىككەندە قايتۇرۇپ بەرسۇن» دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۆزۈمنى بىر مۇشۇكتەك ئويلىغان بولسامۇ مۇشۇك كۆزىنى يۇمۇۋالسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، يەنە بىر رەت مۇشۇككە ئوخشاپ قالدىم. شۇ كۈنى چۈشتىن

كېيىنكى دەرستىن قېچىپ، بالىلارنى باشلاپ پىشلىغلى كەتكەن ئىدىم. بىز قەشقەردە سۇغا چۆشمەك دېگەننى پىشلماق دەيتتۇق. پىشلىپ كەلسەم، رەھمەتلىك نۇرنىسا خانىم «باشقىلارغۇ دەرسنى بىلمەي قاچسۇن، سەنمۇ قاچتىڭمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ مۆشۈك بالىسىنى يېگەندەك بۇ ئايلىق قىزىل بايراقنى يېدىڭ مانا!» دەپ بىر مۇنچە تەنقىد قىلدى. بەلكىم باشقا گەپلەرنىمۇ دېگەندۇ، لېكىن «مۆشۈك بالىسىنى يېگەندەك» دېگەن گەپ ئېسىمدىن چىقمىدى. مۆشۈكنىڭ بالىسىنى يەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. سىنىپتا بىر ئاقساقال بولغىنىم ئۈچۈن بالىلارنى باشلاپ قاچسام، سىنىپىمىزنىڭ بايراقدار بولالمايدىغانلىقى ماڭا روشەن ئىدى. لېكىن قانداقسىگە مېنىڭ ئويۇنپەرەس قاچقۇنلۇقۇم بىلەن مۆشۈكنىڭ بالىسىغىمۇ رەھىم قىلمايدىغان ئاچقۇنلۇقى باغلىنىپ قالدى؟

بالىلىقىمدىكى ئەسلىمەم سەۋەبلىك بولسا كېرەك تۈركىيەدە مۆشۈكنىڭ بۇ قەدەر كۆپلۈكى ماڭا ئانچە سۆيۈملۈك بىلىنمىدى. قورققان يەردە جىن بار دېگەندەك، كېچىدە كۆزلىرى فوسفۇردەك يانىدىغان مۆشۈكلەر بىلەن ياشىماي بولمىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، مەندەك كىچىكىدە نەچچە قېتىم ئىتلارنىڭ قورشاۋىدا يارىلانغان ئادەمگە ئىتلار بىلەن تولغان ئىستانبۇل كوچىلىرىدا يۈرۈش مەجبۇرىيەت بولدى. ئەمما تۈركىيەدىكى ھايات، شۇ ئىت - مۆشۈكلەر بىلەنمۇ قورقماي ياشاشقا ئۆگەتتى.

تۈركلەرنىڭمۇ مۆشۈك ھەققىدە تەرىپلىرى بار ئىكەن. ئۇلار «مۆشۈك بالىسىنى يېمەكچى بولسا چاشقانغا ئوخشىتارمىش» دەيدىكەن. بۇ گەپ ماڭا تەپەككۇردىكى بىر ئوخشاشلىقنى ئەسلەتتى. مۆشۈكنىڭ بالىسىنى يېيىشتىن بۇرۇنقى باھانىسىدە بىر خۇيسەنلىك بار ئىدى. قىزىق يېرى، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن

ياكى تۈرك بولسۇن مۈشۈكنى خۇپسەنلىكنىڭ تەمسىلى دەپ قارايدىكەن. ئانامنىڭ «مۈشۈكتەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى» دېگىنى قەلەمنى ئېلىپ تۇرۇپ، ئالمىدىم دېگەن خۇپسەنلىكمگە قارىتىلغان بولسا، نۇرنىسا خانىمنىڭ «مۈشۈك بالىسىنى يېگەندەك يېدىڭ» دېگىنى، دەرستىن قاچسام بايراقتىن قۇرۇق قالدىغىنىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ قاچقان خۇپسەنلىكمگە قارىتىلغان ئىكەن. رەھمەتلىك ئانام ۋە ئۇستازىمنى غەزەپلەندۈرگىنى مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس، خۇپسەنلىكىم ئىكەن.

تۈركىيەدىكى ھاياتىم ماڭا ئەتراپىمدا مۈشۈكلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ئۆگەتتى ۋە بارغانچە ئۆگىتىۋاتىدۇ. نەچچە كۆرۈشكەن، ياردەملەشكەن، نەچچە تېلېفونلاشقان ئىنسانلارنىڭ كۆزىنى يۇمۇپلا «دىنغا ھۇجۇم قىلدى، دىنسىز، كاپىر، ئۆلىمالارغا ھاقارەت قىلدى» دېيىشلىرى ماڭا مۈشۈكنىڭ ئوبرازىنى ئەسلەتتى. قانچە قېتىملاپ تۈز تائام يېگەن، ھەمتاۋاق بولغانلارنىڭ شۇ چاغدا ئالدىمدا دېمەي، ئۆرۈلۈپلا «خىتاينىڭ ئادىمى، شەيتان، جاسۇس» دېيىشلىرى كۆز ئالدىمغا بالىسىنى يەۋاتقان مۈشۈكلەرنى كەلتۈردى.

نېمە ئۈچۈن مۈشۈك بالىسىنى يېيىشتىن بۇرۇن ئۇنى چاشقانغا ئوخشىتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر بىللە پىكىرلەشكەن كىشىگە، يېنىدا ناماز ئوقۇغان كىشىگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى جاسۇسقا، دىنسىز كاپىرغا چىقىرىدۇ؟ سەۋەبى يېيىشكە باھانە تېپىش، قوغلاشقا شايكا توپلاش، ئۇ ـ ئۇرغا جامائەت پىكرى ھازىرلاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرنىڭ مۇلايىم مۈشۈكنى يېنىدا ياتسىمۇ يامان كۆرۈپ، ياۋۇز يولۋاسنى تاغدا يۈرسىمۇ ياخشى كۆرۈشىدە بىر ھېكمەت بار. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەن تەمسىللەرنى

توقۇپ، ۋەھشىيلىكى سەمىمىي بولغان يولۋاسنى ئۇلۇغلىغان. ئەمما دائىم ياندا سۈۋانسىمۇ كۆزى قاچىمىزدىكى ئاشتىن ئۆزۈلمەيدىغان مۈشۈكنى مۇلايىملىقىغا يوشۇرۇنغان ساختىپەزلىكى، خۇپسەنلىكى سەۋەبلىك ئۆچ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەسكەرتىش: ئەسلى يازمىغا «مۈشۈكلەر پاجىئەسى» دەپ ئات قويماقچى ئىدىم. پەرھات تۇرسۇن ماڭا يىللار بۇرۇن «مۈشۈكلەر پاجىئەسى» دەپ بىر رومان يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنى ئۈچۈن، ماۋزۇ كۆچۈرگەندەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئىشلەتمىدىم. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، ماۋزۇسىنى بولسىمۇ ئوغرىلىغاندەك بولۇپ قالماي.

2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

## ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟

ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ ۋەتەنسىزلىكتە قەلەمكەشلەرگە پۇشايمان بار. يازغۇچىلار ۋەتەندىكى چاغلاردا بىر - بىرىنى ئورۇنسىز، مەنتىقسىز ئەيىبلەشكەن، سەن سوپىزىمچى دېسە سەن غەربچى دېيىشىپ، مۇنبەر مۇنبەرلەردە مۇنازىرە قايناپ كەتكەنىدى. ھەقىقەتەن سوپى شائىرلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ سوپىلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئاپاق خوجىنى ئىسلامنىڭ بايراقدارى، قاراخانىيلارنىڭ كۈيئوغلى قىلىپ لاپ ئۇراتتى. سوپىلىقنى ئاپاق خوجىدەك كۆرۈپ ئۆچ كۆرىدىغانلار، خىتاينى رەت قىلغاندەك رەت قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھازىر قارىسام ئىككىلا تەرەپ قاماقتا. سوپى يازغۇچىلار ئەسەبىي دەپ تۇتۇلسا، سوپىغا قارشىلار بۆلگۈنچى دەپ قاماقلىق.

ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ ئاۋانگارتلارغا ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئاۋامغا ئۆكۈنۈش بار. ھازىر مۇھاجىرەتتىكى ئاۋانگارتلاردىن تەشۋىقات قىلغانلار، ۋەتەندىكى ئاۋانگارتلاردىن ماسلاشقانلار ئوخشاشلا ئازابتا. بىرى مەھبۇسلۇقتا مۇددەتلىك كېسىلسە، يەنە بىرى مۇساپىرلىقتا مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتتى. ۋەتەندىكى زىندىيەتتە تەرەپ تۇتقانلارغا، يەل بەرگەنلەرگە، چاۋاك چېلىپ تاماشا كۆرگەنلەرگە ۋەتەنسىزلىكتە بىر ھەپتىلىك تاماق ئۈچۈن مىڭ مەرتەم ئېگىلىپ پۈكۈلۈش بار. ۋەتەندە «دىنىغا ھۇجۇم قىلدى، پەيغەمبىرىمىزگە ھاقارەت قىلدى» دەپ تەنقىد قىلغان ئوبزورچى قانداق كۈن كۆرۈۋاتقان بولسا، شۇ سەۋەبتىن قۇتراپ «دىنىنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن قىلىنغان ھۇجۇمدا

تاياق يېگەن، تەنقىد قىلىنغان يازغۇچىمۇ ئەمدى خىتاينىڭ مۇمىسىنى يەۋاتىدۇ.

ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ ئۆلىمالارغا نادامەت بار. ئۇلارمۇ دائىم ئىككى قۇتۇپ بولاتتى. ھازىر قارشى قۇتۇپقا چىقىرىلغان ھۆكۈمەتنىڭ يالاقچىسى، شەيتان دېيىلگەن خوتەندىكى ئابلىمىت داموللام قامالغان تۈرمىدە شۇ كىشىگە شەيتانلىق شاھادەتنامىسىنى سۇنغان ئەللامەلەر قاپسىلىپ يېتىۋاتىدۇ. سەن بىدئەتچى مەن سۈننەتچى، سەن شېرىكچى مەن تەۋھىتچى دەپ جېدەل قىلىپ، يۇرتقا پاتمىغان تەقۋادار سەركىلىرىمىز كامېرلارغا تىپتىنىچ پېتىپ كەتتى. «ئامىن»نى تېشىدا دەيمىزمۇ ئىچىدىمۇ؟ ساقالنى ئۇزۇن قويىمىزمۇ قىسقىمۇ؟ يۈزنى يۆگەيمىزمۇ ئوچۇقمۇ؟ ھۆكۈمەتكە ئىشلەش ھالالمۇ ھاراممۇ؟ دەپ تالاشقان ھەتتا بىر ـ بىرىنى خىتايغا چېقىشىپ، چىشلىشىپ چاناشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر كېسىلىپ كەتتى.

ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ مەرھۇم ئۇستازلارنىڭ تەلىمىدىن يانغان ھېكمەت ، ئىزلىرىدىن قالغان ئىبرەت بار. نورۇزنى ھالال سانىغان داموللاملارنى ئۆلتۈرگەن خىتاي، ھارام سانىغان مەخسۇم ھاجىملارنىمۇ ئامان قويمىدى. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىگە تەھرىر بولغان ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇقادىر جالالىدىننى بىز «دىنىدا ئوقۇمىغان، ساھەمىزگە ئارىلاشمىسۇن، قۇرئانغا تەھرىر بولۇشقا سالاھىيتى يوق» دەپ ئۇلارنىڭ دىندارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدۇق، خىتاي ئۇلارنىڭ دىندار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ قاماپ قويدى.

ۋەتەنسىزلىكتە نېمە بار؟ تالاشقانلاردىن قالغان بىر ھەقىقەت بار. «زىيالىيلار شۇنداقمۇ؟» دەپ نەزمە يازغان موللامنى تۇتقان خىتاي موللىنى مەسخىرىلىگەن شائىرنىمۇ ئاياپ قويمىدى. بىز

ئايرىدۇق، بىر دەريادىكى ئىككى قاشنى، بىر تىلدىكى ئىككى ياشنى ئىككى دۇنيا، ئىككى پىر بىلىپ پىشنى تۇتتۇق، ئىككى سەپ بولدۇق. ئەمما خىتاي بىز ئايرىغان سەپلەرنى، قاشلارنى بىرلەشتۈردى. تالاشقانلاردىن بىزگە قالغىنى بىر ھەقىقەت: «سىنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇڭ شەكسىز، باشتاق بولساڭمۇ، باش كۆزۈڭنى يۆگىۋالساڭمۇ، ساپايى كۆتۈرۈۋالساڭمۇ، قۇرئان يۈدۈۋالساڭمۇ، ساقچى بولساڭمۇ، دەۋەتچى بولساڭمۇ، دەججال يالاقچى بولساڭمۇ، تەقۋادار جىھادچى بولساڭمۇ، دەھرىي مىللەتچى بولساڭمۇ، جاھىل ئۈممەتچى بولساڭمۇ ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان بولساڭ، شەرتسىز خىتاي بولالمىساڭ جىنايەتچىسەن».

ۋەتەنسىزلىكنىڭ بىزگە ئۆگەتكىنى كىم ئىكەنلىكىمىز، كىم ئەمەسلىكىمىز، كىم بولالمايدىغانلىقىمىز. ۋەتەنسىزلىكنىڭ بىزنى ئەڭ ئازابلايدىغان يېرىمۇ كىملىك كىرىزىس، يەنى بىز ۋەتەنسىزلىكتە كىملىكسىز، بىز ھېچكىم ئەمەس. بىز ماكانىمىزدا ئۈچ كىچىكنىڭ ئاكىسى بولساق، بەش نەۋرىنىڭ ھامىسى ئىدۇق. ياياق يۈرسەكمۇ يول ئۆزىمىزنىڭ، تاياق يېسەكمۇ چىۋىق بېغىمىزنىڭ ئىدى. ياشاي دېسەك يايلىقىمىز، يايراي دېسەك تېغىمىز بار ئىدى. مانا ئەمدى، كوچىلارنى بىر كۈن كەزسەكمۇ سالام قىلىدىغان، ئاغرىپ بىر يىل ياتساقمۇ سالامەتلىكىمىزنى سورايدىغان ئادەم يوق، بۇندىمۇ ئارتۇق مەۋھۇملۇق بارمۇ؟ شۇڭا بىز تورلاردا ھەر كىمگە ئۆزىمىزنىڭمۇ كىملىكسىز جىن، تىلسىز شەيتان ئەمەسلىكىنى ئادەمگە خاس ئىسملار بىلەن دەپ قويغىمىز، سىنغا چىقىپ كىملىكىمىزنى بىلدۈرۈپ سۆز قىلغۇمىز، ھۆركىرىگىمىز كېلىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل كىملىكىمىزنى تېخى قولىمىزغا ئالالماي، خەق بەرگەن كىملىكتىن روھىمىزنى تاپالماي، خىتاي بەرگەن

كىملىك بىلەن تېخى راھەت بولالمىغاچقا، باشقىلارغا قول شىلتىپ تۇرۇپ «كىمۇ سەن!» دەپ ۋارقىرىغىمىز كېلىدۇ. مەقسىتىمىز قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش، بىلدۈرۈپ قويۇش. چۈنكى، ھەممىمىز بىر كىملىك ئىزدەپ يۈرگەن كىملىكسىز مەۋھۇملار.

ۋەتەنسىزلىكتە ئىبرەت، ھېكمەت ۋە ھەقىقەت بار. ئەگەر بۇ ئايرىلىش ئىختىيارىمىز، خاھىشىمىز بولغان بولسا ئىدى، بارغان يېرىمىزدە كەسپىمىز ئاقسا ئىدى، كەيپىمىز ۋە كۆڭلىمىز سەل تەسكىن تاپاتتى. ئەمما كۆپىنچىمىز تەييارلىقسىز سۈرگۈنلەر، قوغلاندىلار، قاچقۇنلار بولغىنىمىز ئۈچۈن كىملىكىمىزنى بىلەلمەي، بېكىتەلمەي، باشقىلارنىڭ كىملىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز. شۇڭا ئۆتمۈشتىن ئىبرەت، ئۆتكەنلەردىن ھېكمەت، پاجىئەدىن ھەقىقەت ۋە بىللە ماڭىدىغان يول تاپالمايۋاتىمىز.

ۋەتەنسىزلىكتە بەزىلەرنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىمىزنى تاسادىپىيلىق، تەقدىر ۋە ۋاقىتلىق ھادىسىلەر سۈپىتىدە كۆرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئەمما بۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان پىلان ۋە پىشقان ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى؛ بۇ تەقدىر ئەمەس تەدبىرلەرنىڭ تۇتۇرۇقسىز، كونا، چالا، خام ۋە يېتەرسىز بولغانلىقى؛ بۇ ۋاقىتلىق ئەمەس، ھەممە ئادەم ئۇزۇنغا چىداپ ھىممەت كۆرسەتمىسە، ھەر ۋاقىت ھەرىكەتكە ئۆتمىسە، ھارماي ئىزدەنمىسە بولمايدىغان يول. چۈنكى، دۈچ كەلگىنىمىز بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھايات ـ ماماتلىقتۇر.

مەنچە بۇ ۋەتەنسىزلىكتە مەھرۇم قالغان سەردارلىرىمىزدىن، ئاۋانگارتلاردىن ئالىدىغان ئىبرەت بار. زامانغا، جاھانغا، ھالىمىزغا باقماي قىلغان ئەمەللىرىمىز سەۋەبلىك چېچىلغان بېنزىنلاردا

كۆيگەن ئاتا - ئانىلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىز، باللىقىمىز، بالىلىرىمىز، باراۋەتلىرىمىز بار. خاتالىقلار ھەققىدە ئويلىنىدىغان، مەھرۇملۇقتىكى ئىلاھىي ئەمەس ئەمەلىي، ئىنسانىي سەۋەبلەرنى تاپىدىغان، ئورتاق خاتالىقلار؛ تەكرار سەۋەنلىكلەرنى ئىزدەيدىغان، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدىغان، ساۋاقلارنى خۇلاسە قىلىدىغان، تارىختىن بىرى بىز ئېرىشەلمىگەن كۈچۈلدىكىدەك بىر ئىمكان بار دەپ بىلىمەن. مەن بۇ ئورتاق ئايرىلىش، مىسلىسىز تۇتقۇن ۋە مۇددەتسىز ئازابتا بىزنى خاھىشنى، ئىدىيەنى، دىندارلىقنى بويلاپ قاش ئايرىشتىن تەدبىرنى چۆرىدەپ جۇغلىنىشقا باشلايدىغان، كىشىنى ئاساس قىلغان گۇرۇھلىشىشتىن ئىشنى ئاساس قىلغان ئىتتىپاقلىشىشقا ئۆتىدىغان بىر زۆرۈرىيەت بار دەپ قارايمەن. مەن بۇ ۋەتەنسىزلىكتە ئۇزاقتىن تەلپۈنگەن نىشانىمىز ۋە باسىدىغان يوللار ھەققىدە بىرلىكتە پىلانلارنى تۈزۈپ، ئورگانلارنى قۇرۇپ، ئۆملۈكتە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر پۇرسەت بار دەپ ھېس قىلىمەن.

2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

## ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە تەييارلانغان قۇللۇق

13 ـ ئاپرېل كۈنى ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇقېيۇم ئىمىن، ھەزرەتئېلى مەمەتتۇرسۇن قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. تەئەججۈپلىرىم ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىغا ئەمەس، شۇنچە تونۇلغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇلۇپمۇ كىشىلەرنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلانماي، مۇنازىرە قىلىنماي، ئىزدىنىلمەي قالغىنى سەۋەبلىك بولدى. مەن بۇ خەۋەرنى يەنە بىر قانچە كىشىدىنمۇ سوراپ باقتىم، ئۇلار ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتۇلغىنىغا ئىككى يىل بولغانلىقىنى ئېيتىشتى.

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىدىن ئىگىلىشىمچە، ئەختەم ئۆمەر 2017 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئايالى بىلەن بىراقلا تۇتقۇن قىلىنغان. تۇتقۇنغا سەۋەب ئۆز نوپۇسىدىكى ئاكىسىنىڭ ئوغلىنى مىسىرغا دىن ئوقۇشقا ئەۋەتكەنلىكى بولغان. ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتۇلۇشى ئۈرۈمچىدە قاتتىق غۇلغۇلا قىلىنغان. بۇ مەزگىل دەل مىسىردا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئېلىپ، يۇرتلار بويىچە ئارخىپلاشتۇرۇپ بولغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە يىغىن ئېچىپ، مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلاۋاتقان چاغلار ئىدى. ئەختەم ئۆمەرنىڭ جىيەنى ئەختەم ئۆمەر ئائىلىسىگە خەتلەنگەن

بولغاچقا ئەر ـ ئايال بىراقلا تۇتۇپ كېتىلگەن.

2017 ـ يىلى 7 ـ ئايلارغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە كىرىپ ـ چىقىشلىرى داۋام قىلغان، كىشىلەر ئۆيدىكىلەر بىلەن قىسمەن بولسىمۇ ئالاقىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان بولۇپ، مۇشۇنداق ئالاقە راۋان مەزگىلدە ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇنىسىز سۆكۆتكە يەم بولۇپ كېتىشى، مۇھاجىرەتتە گېپى بولماسلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ تۇتۇلىشىغا بولغان بۇنداق بىپەرۋالىقنى مەن ئادەتلىنىپ قېلىش بىلەن باغلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم.

تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم ھەرقانداق سېسىق پۇراققا 10 مىنۇتتىن كېيىن كۆنۈپ كېتىدىكەن. ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىدىن ئالسام ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلارنىڭ جۇدالىقى ئۈچ ئايدىن كېيىن تەدرىجي نورماللىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ كېتىدىكەن.

توغرا، زۇلۇم خەتەرلىك، ئەمما كۆرۈشەلمەسلىك، تۇتۇلۇپ كېتىش، ئۆلۈپ كېتىش دېگەندەك قوبۇل قىلغۇسىز ئاقىۋەتلەرمۇ ئادەتلىنىپ قېلىش سەۋەبلىك نورمال ھاياتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالسا، زۇلۇمنىڭ ئاڭدا مىراس قېلىشىنى پەيدا قىلىدۇ، مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋەت. بولۇپمۇ، ئەختەم ئۆمەردەك بىر ئادەمنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنى بىر نورمال ئىش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ نامسىز، نىشانسىز يوقۇلۇپ كېتىش ۋە بۇنداق يوقۇلۇشنىڭ بىر نورماللىق كۆرۈلۈپ قوبۇل قىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. زۇلۇمنىڭ ئاقىۋەتتە ئەڭ خەتەرلىك يېرى ئۇنىڭ نورمال كۆرۈلۈشى، قوبۇل قىلىنىشى، ھەقلىق كۆرسىتىلىشى. زۇلۇمنىڭ قوبۇل قىلغۇسىز

نەتىجىسى بىزنىڭ قاماقتىكى مەھبۇس قۇللۇق، قاماقتىن چىققاندىن كېيىنكى ئەمگەكچى قۇللۇق، ئىدارە ئورگانلىرىدىكى مائاشلىق قۇللۇق، مۇھاجىرەتتىكى ھاياتقا قۇللۇقنى نورمال تۇرمۇش ۋە ياشاشنىڭ يولى دەپ قوبۇل قىلىشىمىز بولۇشى مۇمكىن.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

## ب ب س ئىستانبۇلدا نېمە قىلماقچى؟

بۇ قېتىم ب ب س دۇنيانىڭ دىققىتىنى بىر پاجىئەگە بۇرىماقچى. ئۇلار بۇ نۆۋەت ۋەتەنىدە يېتىملار لاگېرى، ئاتالمىش يەسلىلەر ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئاتا ـ ئانىسىز ئازاب چېكىۋاتقان باللارنى ۋە پەرزەنتسىز يۈرەكلىرى ئۆرتىنىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنى تەڭلا ئېكرانغا چىقىرىپ دۇنياغا سوئال قويماقچى، ۋىجدانلارغا خىتاب قىلماقچى، سىياسەتچىلەرنى جاۋابقا ئۈندىمەكچى .

بىزنىڭ ئېگىلىشىمىزچە، ئىستانبۇلدا باللىرى ۋەتەندە قېلىپ قالغان ئاتا ـ ئانىلار 200 دىن ئاشىدۇ. بۇ قېتىم پەيشەنبە كۈنى سائەت بەشتە بولىدىغان ئاممىۋي گۇۋاھلىقتا بىز شۇ 200 كىشىنىڭ كەمىدە يېرىمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ دەۋايىمىزنىڭ راستلىقىغا شاھىت بولمىساق بولمايدۇ. بۇ ب ب سى دەك بىر قانالنىڭ بىزگە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ياردىمى ۋە ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ۋەتەندە قالغان يۈرەك پارىلىرىمىزگە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ بىۋاستە پىداكارلىقىمىز.

ب ب س ئىستانبۇلدا پەقەت ئىككى كۈنلا تۇرىدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئۇيچە گۇۋاھلىق ئالىدۇ، جۈمە كۈنى كۈندۈزدە بىر قانچە ئۇيغۇر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم پاراڭلىشىدۇ، جۈمە كەچتە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىت تولىمۇ قىس، پۇرسەت بەكمۇ قىممەتلىك.

ب ب س نىڭ بۇ قېتىملىق ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىشى دەل خىتاينىڭ ياۋروپا بىرلىكىنىڭ زىيارىتىگە قوشۇلغان پەيتىگە توغرا كەلدى. شۇڭا ھەر ئىشتا بىر پۇرسەت، ھەر پۇرسەتتە

بىر ئىمكان بار. قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئىشتا گۇمان، قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىپ، ۋەتەندىكى باللىرىغا ئېكراندا «بالام مەن بار، سېنى قۇتقۇزىمەن، مەنلا بولىدىكەنمەن سېنى خىتايغا خار قىلمايمەن!» دەپ خىتاب قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ گۇۋاھلىقتا باللارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇشى شەرت ئەمەس، پەقەت بالىڭىز بىلەن كۆرۈشەلمەيۋاتقان بولسىڭىز، يېنىڭىغا ئېلىپ كېلەلمەيۋاتقان بولسىڭىز، خەۋىرىنى ئالالمايۋاتقان بولسىڭىز بۇ بىر زۇلۇم دېگەنلىكتۇر.

پەيشەنبە كۈنى باللارنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ، كىملىكلىرىنى چوڭايتىپ، ئېكراندا كۆرۈنگۈدەك، خىتاي تېنىۋالالمىغىدەك قىلىپ ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسكەرتىش: ئەتىگەن يېزىلغان ئادرېسىنى ئۆزگەرتتۇق، پەيشەنبە سائەت بەشتە سەفاكۆي ۋە زەيتىنبۇرنۇدىكى ئۇيغۇر ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ زاللىرى بىكار ئەمەس ئىكەن. شۇڭا زەيتىنبۇرنۇدىكى بىر توي زالىغا توپلانماقچى. مەزكۇر پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆيگە جايلاشقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە تەتقىقات ۋەخپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. پائالىيەت بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى چارشەنبە كۈنى كەچتە مەزكۇر ۋەخپە پىلاندىن ۋاز كەچتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرنىڭ پائالىيىتى كۆك بايراقلار ئېسىلغان ئۇيغۇرنىڭ ماكانىدا ئەمەس، توي جابدۇقلىرى قويۇلغان بىر زالدا ئۆيۈشتۇرۇلدى. ئورۇن بىر كۈن قالغاندا ئەمەلدىن قالغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن قېرىنداشلار بىخەۋەر قېلىپ 200 كىشى كېلىدۇ، دېگەن زالغا 100 گە يېقىن ئادەم كەلدى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# مەن ساراڭ

ئەي دۇنيا، ساڭا دەردىمنى ئېيتتىم، بىپەرۋا يۈردۈڭ، ساڭا ئەرز قىلدىم، سوراپ بولالمىدىڭ. ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم، پاك قۇلاقلىرىڭغا يەتمىدى پەريادلىرىم. مانا مەن زۇلۇم كۆردۈم دېدىم، مانا ئاكام قامالدى دېدىم، مانا ئاچام خورلاندى دېدىم، مانا سىڭلىمنى يەپ كەتتى دېدىم، گۇۋاھلىق بەردىم، سەن يەنە گەپتىن باشقىنى قىلمىدىڭ، يىغىندىن باشقىنى ئاچمىدىڭ، باياناتتىن باشقىسى قولۇڭدىن كەلمىدى.

ئاڭلا دۇنيا، مەن قېرىنداشلىرىمسىز، ئۆلارنىڭ ئاۋازىسىز، ئەركىسىز، بىر ئېغىز گېپى، بىر قۇر بولسىمۇ خېتىسىز خاراب بولدۇم. ۋەسىيەتنىمۇ ئاڭلىيالماي ئۆلۈمنى ئاڭلىغان ئانامسىز تىرىك ۋەيلۇن دوزاختا كىردىم، ۋەيران بولدۇم.

مېنى تونۇۋال ئەي دۇنيا! مەن سەن بىلىدىغان نورماللىقتىن چىقتىم. مەن ئۇيقۇسىز، مەن ئارامسىز، مەن تورمۇزسىز. شۇڭا چېچىلسام ھەيران قالما، چاتاق چىقارسام جىددىيلەشمە، جېدەل چىقارسام ئېتىۋەت، تۇتۇپ ئاۋارە بولما. چۈنكى، مەن سېنىڭ ئەركىنلىك دەپ ئاتىۋالغان تۈرمەڭدىن تويدۇم.

شۇنى بىلىپ قال، مەن ساراڭ، مەن ئەمدى كاللامغا كەلگەننى قىلىمەن. قولۇمدىن كەلگەنگە قولۇمنى ئۇزىتىمەن، كۆزۈمگە ئىلىناشقانىنى ھەرگىزمۇ بوش قويمايمەن. نېمىشقا؟ دېمە. چۈنكى، مەن ساراڭ.

مەن ساراڭ، ئەمدى قاراپ تۇر، مەن كۆيىمەن، ئۆرتۈنىمەن،

چاقمەن، ئۆرتەيمەن، كۆرۈپ قالسەن. دىدىم ئاڭلىمىدىڭ، يازدىم ئوقۇمۇدۇڭ، چىقتىم دىققەت قىلمىدىڭ. ئەمدى كۆرۈپ قالسەن، مەن دىگىنىمنى قىلمەن.

مەن ساراڭ، يا مىنى داۋالا يا يەر شارىدىن قوغلىۋەت. مەن ساراڭ، يا مىنى كىسەلخانىغا ئال يا مىنى ئىنسانىيلىقتىن چىقىرىۋەت. مەن ساراڭ! سولايمەن دەپ ئاۋارە بولما، مەن هامان پارتلايمەن، قان بولۇپ كىتمەن، قانخور بولۇپ كىتمەن. دۇنيانى قارىغا بويىمسۇن دىسەڭ، ئىنسانىيەتنى قارىغۇ دىمىسەڭ، مىنى يا ساقايتىۋەت يا ساقايماس قىلىۋەت! مەن ۋەز ئەمەس، ۋەسىيەت قىلىۋاتىمەن.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

***ئىزاهات:***

ئەسلى «مەن ساراڭ» دىگەن ئەسەردىكى مەقسەت ۋەتەندىكى زۇلۇمنىڭ مۇساپىر ئۇيغۇرلارنى روهىي جەهەتتىن ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا داۋا قىلىنمىسا تەلۋىلىكنىڭ كىلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا مۇساپىر ئۇيغۇرغا قۇچاق ئاچقان ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قاچان هەل قىلسا بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، دەۋالىمىسا بولمايدىغان كىسەل سۈپىتىدە تونۇشى كىرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئىدى. مەن ساراڭ دىيىش ئارقىلىق، مىنى داۋالا دىگەننى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاممىۋى هەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئىدى. مەنچە مىللىتىم يوقۇلۇپ كىتىۋاتىدۇ دىگەندىن، قىرىنداشلارنى كۆرەلمەسلىك، يوقىتىش ۋە يوقۇلۇش خەۋپى مىنى ساراڭ قىلدى، دىيىش

بەكرەك دىققەت تارتىشى مۇمكىن ئىدى.

مەنچە بىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇم سەۋەبلىك پسىخىك بىنورماللىققا گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئەگەر بۇ زۇلۇمغا تەدبىر قوللىنىلمىسا، بىنورمال پسىخىكىنىڭ ئىنسانىي بىنورمال ھەرىكەتلەرگە باشلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق شۇ دۆلەتنى كەسكىن ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئىدى. مەنچە پسىخىكا بىنورماللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە بىز ياشاۋاتقان دۆلەتكە دەۋاگەر سۈپىتىدە ئەمەس، بىمار سۈپىتىدە مۇراجىئەت قىلىشىمىز بەكرەك ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئامىمىۋى ھەرىكەتنى قانداق قىلىمىز؟ بۇ توغرا كۆرگەنلەر ئويلىشىپ باقىدىغان مەسىلە.

# تاشلاپ كەتمىدىم، تاش ئېسىپ كەتتىم

تۈركىيەدىن تۇيۇقسىز ئايرىلدىم، خۇددى يىللار بۇرۇن شەھەرلىك دوستۇمغا «ئاللاھقا ئامانەت» دەپ قويىماي توققۇزاققا چىقىپ كەتكەندەك، دوستلارغا خوش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئايرودۇرۇمغا يول ئالدىم.

ھەممە ئىش شۇنچىلىك تېز ۋە تاسادىپىيلىقتا ئوخشاشلا يۈز بەردى. ئىستانبۇلدىكى فرانسىيە ئەلچىخانىسى ماڭا ئۆزۈم ۋە ئائىلەم ئۈچۈن ۋىزا ئىلتىماسى سۇنۇشنى ئېيتىپ تېلېفون قىلدى. ماڭا بىر ئايلىق ۋاقىتلىق كىملىك بېرىلىپتۇ. ۋىزامنىڭ چىقىشى تېز بولدى. خۇددى بىرى كېلىپ قولۇمدىن ۋاقىتلىق چېگرادىن چىقىش قەغىزىنى تارتىۋالىدىغاندەك دەرھال بىلەت ئالدىم.

خۇددى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندا ئوغرىدەك غىمىسسىدە ماڭغاندەك، ئىستانبۇلدىنمۇ شۇنداق ئايرىلدىم، بىر قورقۇنچ مېنى قىينايتتى. قولۇمدىكى پاسپورت ئەمەس بىر ۋاراق قەغەز، ئەگەر چېگرادىن چىقارماي قويسا... دېگەن گۇمان مېنى سوغۇق تەرلىتەتتى. خۇددى ۋەتەندىن ئايرىلغاندا قىلغىنىمغا ئوخشاش دوستلارغا مەن فرانسىيەگە بېرىپ، ئايروپىلاندىن چۈشۈپ سىرتقا چىقمىغىچە خەۋەر قىلمىدىم.

پىداكار ئىنىلىرىمىزنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى، قىزىمغا دوست، ئايالىمغا سىرداش تېپىلدى. ئەمما مەن ھېچ ماسلىشىپ بولالمىدىم. خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئىدى، خۇشاللىق ياشلىرىغا ماسلىشىپ يىغلىشىم، ئېچىلغان چىرايلارغا ئېچىلىپ

بېقىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما ئېچىلالمىدىم. يۈرىكىمگە ۋەتەندىن چىققاندا بىر تاشنى ئېسىپ چىققان ئىكەنمەن، بۇ تاش ھىجران ئۇزۇنغا سوزۇلغانچە، قەدەملىرىم ئانا تۇپراقتىن يىراقلاشقانچە ئېغىرلاپ بارماقتا ئىدى.

مەن ئىستانبۇلدىن ئۇچقان ئايروپىلانىنىڭ ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا پەرۋاز قىلىشىنى، ئايروپىلاندىن چۈشكەندە قۇرغاق ھاۋانىڭ دېماقلىرىمغا ئۇرۇلۇشىنى، ھارارەتلىك ئاپتاپنىڭ يۈزلىرىمنى كۆيدۈرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما كەلگىنىم پارىژ، تاش بىنالار بىلەن زىننەتلەنگەن شەھەر. ئەگەر ئالدىمغا چىققىنى مېھرلىك ئۇيغۇرلىرىم بولمىغان بولسا، مەن يۈرىكىمگە ئېسىلغان تاشنىڭ دەستىدە بۇ تاش شەھەردە پۈكلىنىپ قالغان بولاتتىم.

تۈركىيەدىمۇ پارىژدىكىدەك قەلئەلەر تاش، مەسچىتلەر تاش ئىدى. تارىخى بىنالار تاش بىلەن ياسالغاچقا مۇستەھكەم، پۇختا ئىدى. تۈركىيەدە ياشاش ئۈچۈن ئاشۇ تارىخى تاش بىنالاردەك پۇختا بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. بۇ قاتتىق رېئاللىق كىشىلەرنى تاشتەك بولۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى. قېرىنداشلىرىمىز كۆرۈۋاتقان تاشتەك قاتتىق تۇرمۇش قەلبلەرنى قاتۇرماقتا ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ چارىسىزلىكتە قەلبىمدىكى تاشمۇ ئېغىرلاپ، داۋاملىق ئەنسىز پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

تاش سېپىلدا قورشالغان ئىستانبۇل ماڭا ئۇيغۇرنىڭ تىنىقلىرى بىلەن ھايات ئىدى. تاش بىنالار ئارىسىدا ياشاپمۇ تاشتەك قاتمىغان ئۇيغۇرچە قەلبلەر، ئاتەش نەپەس ئەزىزلەر، تاماسىز ئەزىمەتلەر، ئارماندا يۈرگەن ئاسلانلار، ئامالسىز قالغان ئاق چاچ، قارا كۆزلەر ئۈچۈن تۈركىيەدە قىلىدىغان ئىشىمىز، تۆكىدىغان تەرىمىز كۆپ ئىدى. تاشلار ئارىسىدا ئۈنۈپ چىققان گىياھلاردەك سەبىيلەر ئۈچۈن ئىشلىگۈم بار، تىرىشقۇم بار، ئەمما ئىمكانىم

يوق، كەتكۈم يوق ئىدى. تۈركىيەدە بىللە ئىشلەپ ئۆنىسىز ئەجىر قىلغان ئىنىلەر، پىداكارلىقتىن باشقا ھېچبىر تەسەللىسى بولمىغان سىڭىللار، قولىدىن كەلگەننى ئايىماي مەزلۇم مىللىتىمىز ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمىغان دوستلىرىمىز بار ئىدى. بەزىدە يولۇمنى توسۇپ تىللاپ سالىدىغان ئاچچىقى يامان، ئەمما باغرى يۇمشاق تاغىلىرىمىز، ھامىلىرىمىز، باغرىلىرىمىز بار ئىدى. شۇلارنى قويۇپ كەتتىم، ئۇيغۇرنىڭ ماڭا ئەڭ ئىللىق ئېچىلغان قوينىدىن يىراقلاپ كەتتىم.

ئۇيغۇرنىڭ دەردى ئەڭ كۆپ يەردىن كەتتىم، قىلىدىغان ئىشىم ئەڭ كۆپ، قىلغانچە ئىش ئازلىماي بۇرچ كۆپىيىدىغان ئەلدىن كەتتىم، ئىشلىگەنچە يېنىكلەيدىغان قەلبىمگە ئېسىلغان تاشنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ يىراقلاپ كەتتىم. چۈنكى، مەن كىملىكسىز، كىملىكىمگە ئىمكانسىز، كىملىكىم ھەققىدە ئېنىق قانۇن ـ نىزامسىز بىر ئەلدە، كەلگۈسىمگە پىلانسىز شۇ ھاياتنى بەزلەپ بولالمايتتىم.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# ئۈرۈمچىگە تۇتاشقان پارىژ كوچىلىرى

پارىژنىڭ كوچىلىرى ئۈرۈمچىگە ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدىغان يېرى. بىر كوچىغا كىرسىڭىز ئاشخانىمۇ، ساتىراچخانىمۇ، قاۋاقخانىمۇ، دورىخانىمۇ تەڭ تېپىلىدۇ. بۇ جەھەتتە پارىژ ۋاشىنگتوندىن بەكرەك ئۈرۈمچىگە يېقىن.

پارىژدا كىشىلەر ئۈرۈمچىدىكىدەك پىيادە يۈرۈشىدۇ، ھەممە يەردە ھەر ئىرققا مەنسۇپ كىشىلەر كېزىپ يۈرىدۇ. قارىماققا كۆسەيدەك ئېگىز، كۆمۈردەك پارقىراق قارا تەنلىكلەر بۇ شەھەرنىڭ گەۋدىلىك رەڭگى. بۇ دىياردا قوڭۇر كۆزلەر، بۇغداي ئۆڭلەر كۆپ سانلىقتا ئىكەن. خىيالىمىزدىكى كۆك كۆز، سېرىق چاچلارنىڭ ماكانى بولغان بۇ شەھەردە ئۇلار «ئاز سانلىق مىللەت».

ئاق، قارا، قوڭۇر ۋە سېغىز رەڭ يۈزلەرگە ياراشقان سۇرۇقلۇق ۋە سۇرۇقسىز ئېغىزلاردىن خ، غ ۋە ژ تاۋۇشلىرىغا باي بىر تىل جاراڭلايدۇ. بۇ تىل فرانسىيەنىڭ رىتمى بولۇپ، پارىژ كوچىلىرىدىكى لەۋلەر بۇ رىتمغا كەلتۈرۈپ يا تاڭگۇ ئوينايدۇ يا ۋالسقا چۈشىدۇ. بۇ رىتمغا ساما سالغىلىمۇ بولىدۇ.

ئېغىزلاردىكى ئەڭگۈشتەر بولغان بۇ تىلنى ھۈنەرگە، سەنئەتكە، تېخنىكىغا ۋە پەنگە كەلتۈرەلىگەن ئۇيغۇر تەجرىبىخانىلاردىن، سەھنىدىن، كوچىدىن ۋە سارايلاردىن رىزقىنى ئالىدىكەن، ئۇيغۇرچىغا خاس تاۋۇشلارغا باي بۇ تىل ئۇيغۇرنى خار قىلماپتۇ. تىرىشچان قوي كۆز ۋە قارا قاشلىق ئۇيغۇرلىرىمىنىڭ كۆپىنچىسى زىيالىي ئىكەن، تىجارەتچى ئىكەن، ئۇتۇقلۇق خادىم ئىكەن.

بۇ تىلنى تىلەشتىن باشقىغا ئىشلەتمەيدىغان رەڭدار كىشىلەر ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئىزدەپ يۈرگەندەك تىمىسقىلاپ قالىدىكەن. ئۇنداقلار بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ھورۇنلۇقنى ھۆددىگە ئالغان پېتى ياشايدىكەن. بىچارە ئورۇندۇقلار، قىسىلچاقلار، خالى جايلاردا يېتىپ كەتكەن ھورۇنلۇق، تىلسىزلىق ۋە دىتسىزلىق كىشىنى «ئۇھ» دېگۈزىدىكەن.

پارىژدەك رومانتىكلارنىڭ جەننىتى سانىلىدىغان شەھەردە ئۇيغۇرنىڭ مۇقام رېستورانىدا ئۆچرەتكە تۇرۇش ئۈرۈمچىگە قايتىدىغانغا بىلەتكە تىزىلغاندەك ھاياجانلىق. دۇنيادىكى ئىرقلارنىڭ كۆرگەزمىسىدەك تىزىلىپ ئولتۇرغان خېرىدارلارغا قاراپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىنى ھېس قىلىسەن. يېقىملىق بېزەلگەن ئۇيغۇرچە مۇھىت، سۆيۈملۈك ئەتلەس ۋە ئاتا مىراس پىيالە، چەينەكلىرىمىزدىن ۋەتەن بالقىيدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ قەدىناس پۇرىقىنى ئەسلىتىدۇ.

پارىژغا كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى، رومانتىك يوللار ھەقىقەتەنمۇ ئۈرۈمچىگە تۇتاشتى. مۇقام رېستورانىنىڭ بىر مەرغۇلى بولغان ئۈرۈمچى رېستورانى ئۆگرە، پولۇ ۋە كاۋاپلىرى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالدى. ئەپسۇس، فىرانسۇزلاردىن سامسا ئاشمىدى. سەل چاققان بولمىساق، ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر باشقا تاماقلارنىمۇ يەپ كەتسە، ئۇيغۇرچە تائاملار بىزگە ئاشىدىغاندەك ئەمەس.

كىچىك قىزىم «فىرانسىيەنىڭ پولۇسى ئوخشايدىكەن» دېگەندە خوجايىن دوستىمىز «ئۇيغۇر پولۇسى» دەپ تۈزىتىش بەردى.

پارىژ كوچىلىرى ئۈرۈمچىگە تۇتاشقاندىلا غېرىبلىققا دورا تېپىلدى.

2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

## ئاخۇنئاكام نېمە قىلىدۇ؟

كىچىكىمدە «ئاخۇنئاكام نېمە قىلىدۇ، تىكىپ سۆكۈپ ئىش قىلىدۇ» دەيدىغان چوڭلارنىڭ بىر نەقلىنى ئاڭلىغان. «ئاخۇنئاكام» دېگەن ئۆزبېك قېرىنداشلارنىڭ بىزلەرنى كىنايىلىك ئاتىشى ئىدى. بۇنداق كىنايەلەردە «ئاخۇنئاكا» دېگەن «ئەخمەق، دىتسىز، كالتە پەم» دېگەندەك مەنىدە كېلىدۇ. ماڭا يېقىندىن بېرى بولۇۋاتقان «ئۇيغۇر دەمدۇق تۈركمۇ؟ ئۇيغۇرچە دەمدۇق كاشغەر تۈركچىسىمۇ؟ ئۇيغۇر دەۋاسى دەمدۇق، تۈركىستان دەۋاسىمۇ؟» دېگەن مۇلاھىزىلەر ئاخۇنئاكامنىڭ تىكىپ سۆكۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

يېقىندىن بېرى بەزى سەرخىل ۋە ئاۋامغا مەنسۇپ ئاكتىپلار قىلغان «ئۇيغۇر دېسەك مىللەتچى، ئاپتونومچى بولۇپ قالىمىز، شۇڭا شەرقىي تۈركىستانلىق دېيىش كېرەك»؛ «ئۇيغۇر دەۋاسى دېگەن ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ دەۋاسى، ئۇ بىزگە ئاپتونومىيە ئېلىپ كېلىدۇ»؛ «مۇستەقىلچى ئەجدادلار تۈرك ئۇلۇسىنىڭ دەۋاسىنى قىلغان، شۇڭا ئۇيغۇرلۇق ئەمەس تۈركچىلىك دەۋاسى قىلىمىز، تىلىمىزنىمۇ ئۇيغۇرچە ئەمەس، كاشغەر تۈركچىسى دەيمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى، نۇتۇقلارنى ۋە سۆھبەتلەرنى ئاڭلىدىم.

مەن «قۇتۇپلۇق تەپەككۇر ۋە قۇتۇپلۇق رېئاللىق» دېگەن بىر ماقالەمدە كىشىلىرىمىزنىڭ مەسىلىنى دائىم قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ ئويلاشقا كۆندۈرۈلگەنلىكىنى يازغان ئىدىم. بىر مەزگىل ۋەتەندە «بىز مۇسۇلمانمۇ ئۇيغۇرمۇ، قىلغىنىمىز بىدئەتمۇ

سۇئىنەتمۇ؟» دېگەن تالاش - تارتىشلار ئەۋج ئالغان، ھەتتا بىر - بىرىنى چېقىشقا، سولتىشقا سەۋەب بولغان ئىدى. مۇھاجىرەتتە بىر مەزگىل «مۇستەقىلچى، ئاپتونومىيەچى» تالاش - تارتىشى چىقتى. بىر قىسىم كىشىلەر شۇئىنداق سەتلەشتىكى، بىر - بىرىنى بۇرۇنى - قۇلاقلىرىغىچە قويغۇزۇۋەتتى. گەرچە ماقالەمدە كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر مەسىلىنى دائىم ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈپ ئويلاپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ مۇنازىرە قىلىپ، ئىككى سەپكە ئايرىلىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسامۇ، مەسىلىنى چۈشەندۈرگەنلىك ھەل قىلغانلىق ئەمەس ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە بىز چوقۇم تۈرك بولۇپ ئۇيغۇر بولماسلىقىمىز شەرت ئەمەس. بىز تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەزاسى، تىلىمىز تۈركىي تىللارغا مەنسۇپ، مەدەنىيىتىمىز تۈركىي مىللەتلەردىن بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا يېقىن. بىز مەدەنىيەت، تارىخ ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتە تۈرك، ئەمما مىللىي كىملىك، سىياسىي كىملىك جەھەتتە تۈرك ئەمەس. تۈرك دېگەنلىك ھازىرقى تۈركىيەدە ياشايدىغان، تۈركىي تىللارنىڭ ئوغۇز شاخچىسىغا تەۋە تىلدا سۆزلەيدىغان بىر خەلق، ئۇ يەنە تۈركىيەدە پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى.

توغرا، تارىختا تۈرك ئاتالغۇسى بارلىق تۈركىي تىللاردا سۆزلەيدىغان خەلقلەرنى كۆرسەتكەن. ئەمما تارىختا يەنە بارلىق تۈركىي تىللاردا سۆزلەيدىغان خەلقلەر ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتالغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە. ھالبۇكى، بىز ئۆتمۈش تارىختا ياشاۋاتمايمىز. ھازىر دۇنيادا تۈرك دېسە كىشىلەر تەبىئىي ھالدا تۈركىيەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، ھېچكىم ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. تۈركىيە دېگەن بۇ ئىسىم

تۈرك دېگەن مىللەت بىلەن قان بىلەن گۆشتەك بىرلىشىپ كەتكەن. بىز ئۆزىمىزنى مەدەنىيەت جەھەتتە تۈرك دېسەك بولىدۇ، ئەمما سىياسىي جەھەتتە، كىملىك ۋە يۇقىرالىق جەھەتتە مىلىي قېتىم ئۇنداق دېسەكمۇ ئاقمايدۇ. شۇڭا ھازىر ئۇيغۇر ئايرىم، تۈرك ئايرىم.

تىلىمىزنى چوقۇم ئۇيغۇرچە ئەمەس كاشغەر تۈركچىسى دېيىشىمىز بىھاجەت. چۈنكى، تىلىمىز تارىختا كاشغەر تۈركچىسى دەپ ئاتالغان، تىلىمىز مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە بارلىق تۈركى تىللارنىڭ ئۆلچىمى، ئەدەبىي تىلى بولغان. تىلىمىز تارىختا بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغاچقا، قەشقەر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغاچقا كاشغەر تۈركچىسى دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، ھازىر قەشقەر بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئەمەس، كاشغەر تۈركچىسىنىڭ داۋامى بولغان ئۇيغۇر تىلىمۇ بارلىق تۈركىي قوۋملارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى ئەمەس. ھازىرقى ۋەزىيەتتە تارىخ بىلەن بۈگۈننى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ياكى تارىخقا قايتىش قىزغىنلىقى پىكرىمىزنى مەشغۇل قىلماسلىقى كېرەك.

تارىختا مەتىمىن بۇغرا قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ تۈركچىلىك دەۋاسى قىلىشى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، شۇ دەۋردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. ئەمدى بۈگۈن بىز بوۋىلارنىڭ مۇستەقىللىق سەپىرىنى داۋام قىلىمىز دەپ تۈركچىلىك دەۋاسى قىلساق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ. تۈركچىلىك دەۋاسى بىزنى مۇستەقىللىققا، ئۇيغۇرلۇق دەۋاسى بىزنى ئاپتونومىيەگە باشلايدۇ، دېيىش ئەمەلىيەتكە، مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، مەتىمىن بۇغرا دەۋرىدە مىللەتلەر بۈگۈنكىدەك ئېنىق ئايرىلمىغان، ئۇ چاغدا غۇلجىدا قازاق ئوبلاست، ئوتتۇرا ئاسىيادا

قازاقىستان دۆلىتى مۇستەقىل مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قازاق مىللەتچىلىكى، قىرغىز مىللەتچىلىكى بۈگۈنكىدەك كۈچلۈك ھالەتتە ئەمەس ئىدى. شۇ تارىختا تۈرك دېيىش بىرلىك ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق ئىدى. ئەمما بۈگۈن ئۇنداق پايدا كۆز ئالدىمىزدا يوق. بىز قىزىلسۇدىكى قىرغىزنى، ئالتايدىكى قازاقنى سەن تۈرك دېسەك ئاقمايدۇ، ئۇلارمۇ بىزنى ئۇيغۇر دەيدۇ، تۈرك دېمەيدۇ.

بىز تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، بوۋىلىرىمىز دېگەننى بۈگۈنمۇ دەيمىز دېسەك، مىللەتنى قايمۇقتۇرىمىز. بۇنى تارىخچىلار، زىيالىيلار ئۆز ئارا دېيىشىۋالسا، مۇھاكىمە يىغىنلاردا مۇنازىرە قىلىشسا بولىدۇ. ئەمما بۇ تارىختىن پايدىلىنىپ بۈگۈنگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئېمىزگۈ سېلىش، رېئاللىقنى ئىنكار قىلىش، تارىخنى نەقىل قىلىپ بۈگۈننى قايتا قۇرماقچى بولۇش كۆز ئالدىمىزدا قىلىدىغان مۇھىم ئىشلار سۈپىتىدە مىللەتكە سۇنۇلماسلىقى، مەسىلە پەيدا قىلماسلىقى، زۆرۈرىيەت سانالماسلىقى كېرەك.

بۈگۈن تۈركچىلىك دەۋاسىنى مۇستەقىللىق دەۋاسى، ئىسلام دەۋاسى دەپ غايىۋىلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۇيغۇرلۇق دەۋاسىغا زىتلەشتۈرۈش، تۈركىستان دەۋاسىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا قارشى ئۇلۇس دەۋاسى قىلىپ قويۇشنىڭ تېگىدە بىر بولسا غايىپەرەسلىك بار، شۇنداقلا خىيالپەرەسلىكمۇ بار. ئۇندىن باشقا ئىنتايىن ئاز كىشىلەردە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قارىلاشمۇ مەۋجۇت. بەزىلەرنىڭ خىيالىدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا خىزمەت قىلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئۆچمەن كىشىلەردە د ۇ ق نىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاپتونومىيە يولى دەپ قارىلاش، ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى مىللەتنى خاتاغا يېتەكلەيدۇ، دەپ يوققا چىقىرىشتىن ئىبارەت بىر غۇم

بار. چۈنكى، پەقەت ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمىلا ئاخباراتچىلىق قائىدىسى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دېمەستىن ئۇيغۇر ئېلى دەيدۇ. پەقەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىسمىدىلا شەرقىي تۈركىستان دېگەن تۈركچىلىك دەۋاسىغا سىمۋول بولىدىغان ئىبارە يوق.

ئۇيغۇر تىلىدا «ئاخۇنۇم» ئىلىم ئەھلىگە قارىتىلغان سۆز بولۇپ، بۈگۈننىڭ زىيالىيلىرى بەلكىم ئەينى دەۋرنىڭ ئاخۇنۇملىرى بولۇشى مۇمكىن. بىز بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تارىخ بىلەن بۈگۈننى، رېئاللىق بىلەن خىيالنى، ئارزۇ بىلەن نىشاننى، نىيەت بىلەن زۆرۈرىيەتنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. تارىختا كاشغەر تۈركچىسى ئاتالغان تىلىمىزنىڭ بۈگۈن ئۇيغۇرچە ئاتىلىپ بولغانلىقىنى بىر تەتقىقاتچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىساق بولىدۇ، ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقنى مىللەتنىڭ نىشانىدەك ئوتتۇرىغا قويۇش بىھۇدە. ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر دېمەي تۈرك دېيىشنى نىيەت قىلساق بولىدۇ، ئەمما ئۇنى مىللەتكە زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە سۇنۇشنىڭ پايدىسى يوق. ئۇيغۇر دەۋاسىنى قىلماي تۈركىستاننىڭ تۈركچىلىك دەۋاسىنى ياكى تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دەۋاسىنى ئارزۇ قىلساق بولىدۇ، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىنى قىلىشنى ئاپتونومىيەچىلىك دەپ تۆھمەت قىلساق بولمايدۇ. بىز زىيالىي، ئاخۇنۇم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىشىمىز تىكىش، تېرىش، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش بولسا بولىدۇ، ئەمما سۆكۈش، بۆسۈش، بارنى يوق قىلىپ قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بولسا ئەقلىگە ئۇيغۇن بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ «ئاخۇنئەكەم» دېگەندەك مەسخىرىسىگە يەنە قېلىشىمىز مۇمكىن.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## شۇ كوممۇنىست ئۇيغۇر ئاتىلار

ئاياللىم ئىپتارغا تەييارلىق قىلىۋېتىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا قوپماي ئولتۇرغىنىمغا رەنجىپ قالدى. دادىسى ھەر ئىپتاردىن بۇرۇن بازاردا نېمە تەملىك، نېمە يېيىشلىك بولسا سېتىۋېلىپ ئىپتار ئۈچۈن داستىخانغا تىزار ئىكەنتۇق. شۇئان دادام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئاياللىمنىڭ دادىسىغا ئوخشاش رەھمەتلىك داداممۇ رامىزان كۈنلىرىدە «سېخىيلىشىپ» كېتەتتى. سەھەردە زوھۇرغا قوپساقلا روزا تۇتمىساقمۇ دېگەنلىرىمىزنى ئېلىپ بېرەتتى. «دوستلىرىڭ بىلەن خەجلە، ساۋاب بولىدۇ» دەپ پارچە پۇللارنى بېرەتتى.

رامىزان مەزگىلىدە توختىماي بىر يەرلەرگە باراتتۇق، مېھماندارچىلىق قايناپتتى. دادام مەھەللىدىكى قوشنا ـ خولۇم، يېقىن ـ يورۇقلارغىلا ئەمەس، يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقچىلىك تۇغقاندارچىلىقى بولغان، ئادەتتە ئىزدەشمەيدىغان كىشىلەرگىمۇ ئىپتارلىق بېرەتتى. بىزدەك سەبىيلەر يېڭى يەرلەردە يېڭى دوستلارنى تاپاتتۇق. كىچىكىمدە ئەڭ قېنىپ ئوينىغان كۈنلىرىم رامىزان چاغلىرى ئىدى.

ئاياللىم بىلەن باللىقتىكى رامىزان، ئىپتارلىق ۋە زوھۇرلۇقتا تەييارلانغان داستىخان ھەققىدە پاراڭلىشىپ گەپ دادىمىزنىڭ دىنى ۋە كوممۇنىستلىقىدا توختىدى. مېنىڭ دادام كومپارتىيە ئەزاسى، ئاياللىمنىڭ دادىسىمۇ بىر يېزىغا سېكرېتار بولغان، 80 ـ يىللاردا ئارامغا چىقىپ ھەج ئىبادىتىنى تامام قىلغان كىشى ئىدى.

ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە، رەھمەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى كۈرەش ـ پىپەن جەريانىدا سەھنىگە كىم بۈگۈنى تارتىپ چىقىرىلسا، تاياقتا بېسىلسا، ئەتىسى شۇ كىشىگە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈزۈندىلىرىنى يادلىتىپ قويىدىكەن. ماۋ زېدۇڭ ئۈزۈندىسىنىڭ يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىنى كىم يادلاپ زاكون قويسا، شۇ ئاسان قۇتۇلاتتىكەن.

شۇنداق دادىلىرىمىز كوممۇنىست بولغان، ئەمما مۇسۇلمانلىقنى قولدىن بەرمىگەن، چامىنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇرغا ياخشىلىق قىلغان. ئادەتتە كوممۇنىستلىق بىلەن روزىدارلىق سىغىشالمايدىغان ئىككى ئۇقۇمدەك بىلىنىدۇ. دىيارىمىزدىن باشقا يەردە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر ـ بىرىگە قان چاچىدۇ. شۇڭا بەزى ئەرەب ئەللىرىدە ۋە تۈركىيەدە دىندا ئوقۇغان دوستلار پەننى مەكتەپتە ئوقۇغانلارنى دىندارلىقتىن ئايرىپ، «كوممۇنىستنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇپ ئېتىقادى بۇلغىنىپ كەتكەن» دەپ قويۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئويلاپ باقساق دادىلار ئۈچۈن كوممۇنىستلىق جان بېقىشنىڭ ئېھتىياجى بولسا، دىن ئۇيغۇرلۇقنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنتۇق.

تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردا ھېچكىم كوممۇنىست ئەمەستەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلار دىنسىزلىقىغا شۇ قەدەر سادىق ئىكەنكى، روزا، ناماز ۋە زاكات دېگەنلەر بىلەن ئىشى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، كوممۇنىست خىتاينى كەبىدەك كۆرۈپ چوقۇنىدىكەن. تۈركىيەدىكى ۋەتەن پارتىيەسى ھازىر ئۇيغۇرنى قارىلاشتا، بىزنى تۈرك جەمئىيىتىگە تېررورچى، ئاشقۇن، بۆلگۈنچى دەپ ئەيىبلەشتە خىتايدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم خىتايغا سېتىلغىنى يا ئەسلىدىنلا دىنسىز رۇس كومپارتىيەسى يا ۋېنگرىيە ياكى رومىنىيە كومپارتىيەسى ئەمەس، تىلىمىز ۋە دىنىمىزنى ئەڭ

ياخشى بىلىدىغان تۈركلەرنىڭ كومپارتىيەسى بولغىنى. ئۇيغۇرلار كوممۇنىستىنىڭ زۇلمىدا ياشىغىلى 70 يىلغا يېقىن بولغان بولسىمۇ، تۈرك كوممۇنىستلىرىدەك ئۇ قەدەر لاياقەتلىك، ساداقەتلىك ۋە قەتئىي كوممۇنىستلاردىن، دىنسىز، دىيانەتسىزلەردىن بولۇپ چىققىنى يوق.

بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما ئاغزىمىزنى ئايەتكە، روھىمىزنى دىيانەتكە، قەلبىمىزنى ئاللاھنىڭ مېھرىگە چۆمدۈرەتتى. بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما قىلغان ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا كۆندۈرەتتى، قىلغان ياخشىلىقلىرى بىلەن ئىمانىنىڭ خىسلەتلىرىنى سىڭدۈرەتتى. بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما ھەر بىر ھەرىكىتىدە گۇناھ بىلەن ساۋابنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ ماڭاتتى. بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيتتى، يېگۈزمەيتتى. بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما يالغان ئېيتساق رىزقىمىزنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. بىزدە دادىلار كوممۇنىست ئىدى، ئەمما كوممۇنىزمغا ئەمەس ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ مېھرىگە، ئادالىتىگە، ھەققانىيىتىگە ئىشىنەتتى.

ۋەتەن ئاسمىنىنى تەگرىتاغدەك تىرەپ تۇرغان كوممۇنىست دادىلىرىمىز مۇسۇلمانلىقىدە مۇستەھكەم ئىدى، ئەمما بىزگە موڭغۇلنىڭ كۈرەسىگە، شىبەنىڭ بۇتخانىسىغا، خوشۇتنىڭ ئىبادەتخانىسىغا، خىتاي ئاچقان قاۋاقخانىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگەتمەي، ھاراقكەشلەرگە قاراپ توۋا قىلىشنى، ئىبرەت ئېلىشنى، دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. كوممۇنىست دادىلىرىمىز بىزگە كىشىلەرنى مۇسۇلمان - كاپىر دەپ بىرىنى ئەزىز، يەنە بىرىنى خار كۆرۈشنى ئۆگەتمەستىن، ئىنسانىنى ياخشى - يامان دەپ ئايرىپ ياخشىلىقنى مۇسۇلماندارچىلىق، يامانلىقنى كۇپۇرلۇق دەپ

تەلىم بەرگەن. كوممۇنىست ئاتىلار بىزگە ئىنسانىنىڭ ئېتىقادىغا ئارىلىشىپ، قەلبىدىكى ئىمانىغا ھاقارەت قىلىشنى ئەمەس، قىلىقى بۇزۇقلارنى، ياۋۇزلارنى، ئەشەددىي زالىم، ۋەھشىي قاۋانلارنى كاپىر دەپ نەپرەتلىنىشكە ئۆگەتكەن. مانا بۇ ئۇيغۇرچە كوممۇنىستلىق، مانا بۇ ئۇيغۇرچە دىندارلىق ئىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ رامىزان ئايلىرىدا شۇ كوممۇنىستلىق قىزىل كىنىشكىسىنى تازىلىق قەغىزىدەك يېنىدىن ئايرىمىغان بىلەن، بىر مىنۇتمۇ ئىماندىن، مۇھەببەتتىن، ئادالەتتىن، ھەققانىيەتتىن ئايرىلماي، ئۇيغۇرچە مۇسۇلمانلىقنى قوغداپ ياشىغان ئاتىلارنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلسۇن.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# كەلگۈسىنىڭ نۇزۇگۈملىرى

س ن ن مۇخبىرلىرى دادىسىدىن مەھرۇم بىر جۈپ قىز ۋە مۇساپىر ئانا ئۈچۈن ئىستانبۇلغا كەلدى، ياق ئۇلار ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ كۆز ياشلىرى ئۈچۈن، مىسلىسىز ئازابلىرى ئۈچۈن كەلدى. ئۇ مارتنىڭ سوغۇق شاماللىرى ئىستانبۇلنى شۈمشەيتىپ تۇرغان بىر كۈنى ئىدى. لاگېردا تارتىلغان سىن كۆرۈنۈشتىن يولدىشىنى تېپىۋالغان ئانا ھەجەر خانىم ئامېرىكا س ن ن قانىلىنىڭ داڭلىق مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. ئۇ بۇرۇن بىر قانچە قېتىم گېرمانىيە د ۋ (D W) قانىلىنىڭ ۋە گېرمانىيەدىكى بىر رادىيو ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. زىيارەتلەر قىلىندى، فىلىملەر ئىشلەندى، بىراق ئىككى ئوماق قىزنىڭ دادىسى، ھەجەر خانىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئابدۇغوپۇر تۇراپتىن ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى.

مەن ھەجەرنىڭ بالىلىرى تارقاتقان گۇۋاھلىق ۋىدىيوسىدىن بۇ ئائىلىنىڭ پاجىئەسىدىن خەۋەر تاپقان ئىدىم. فېيسبۇكتىن ئىككى سەبىينىڭ دادىسىنى ئىزدەپ بەرگەن گۇۋاھلىق سىننى كۆرگەندىن كېيىن ئانا بىلەن ئۇچۇرلاشتۇق. ھەجەر خانىم بەك دېلىغۇللۇق ئىچىدە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ رۇخستى بىلەن فىلىمنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ مۇخبىرلارغا يوللاپ بەردىم.

ئەڭ ئاۋۋال ھەجەر خانىنىڭ دەردىنى ئاڭلاتقىنى مەن ئىستانبۇلدا تونۇشۇپ قالغان مۇستەقىل مۇخبىر، ئامېرىكىلىق قىز

دۇررى بولدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى گېرمانىيەنىڭ بىر رادىيوسىدا ئېلان قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي گېرمانىيەدىكى چوڭ قانالالارنىڭ بىرى بولغان د ۋ بۇ ھەقتە بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەشكە قوشۇلدى. ئەمما مۇخبىر ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى، خالىسام ماڭا سوئاللارنى ئەۋەتىپ بېرىپ بىر ئوپېراتور يالالاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھۆججەتلىك فىلىمگە ئىستانبۇلدىن بالىسىنى ئىزدەۋاتقان تۇرغۇنجان، ئائىلىسىنى ئىزدەۋاتقان ئىشقىيارنىڭ كەچمىشلىرىمۇ قوشۇلىدىغان بولدى.

د ۋ ھۆججەتلىك فىلىمنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي خۇشخەۋەر كېلىشكە باشلىدى، ئالدى بىلەن ئىشقىيارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى لاگېردىن ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئىشقىيار بۇ خەۋەرنى ھاياجان بىلەن يەتكۈزگەندە ئىچىمدىن بىر «ئۇھ!» دېگەن سادا چىقتى. بۇ ھارغىنلىقنىڭ ئېشىپ كېتىشىمۇ ياكى ھارغىنلىقنىڭ چىقىپ كېتىشىمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىيار ئۈچۈن، غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا كېسىلىپ كەتكەن بىگۇناھ دادا، بالىلارنى دادىسىز چوڭ قىلىپ، ئەمدى «ئۇھ» دەپ قاماقتىن چىققان ئېرىنى كۈتىۋاتقان، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي يەنە مەھرۇم قالغان ئانا ئۈچۈن خۇش بولدۇم. ئەمما خۇشلۇقۇم يېرىم، ھاياجانلىرىم مەزگىللىك ئىدى. چۈنكى، ئېكرانلاردا گۇۋاھلىق بەرگەن يۈزلىگەن دادا، ئانالار، بالىلار ۋە ئىنى ـ سىڭىللار كۆزلىرىمگە قاراپ جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى.

رامىزان كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى خۇشخەۋەرنى ھەجەر خانىمدىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ يولدىشى، نەزىرە ۋە نەئىيمەلەرنىڭ قەدىردان دادىسى قويۇپ بېرىلىپتۇ. خۇددى رامىزان تۇۋلاپ چىقىپ، كەمپۈت بىلەن تارتۇقلانغان كىچىك بالىدەك سەكرەپ كەتتىم. «پايدىسى بولامدۇ؟» دەپ ھەر سورىغاندا مەن مىڭ

قىينىلىدىغان رەھىمسىز سوئالغا، ھەجەر خانىمغا ئاخىرى بىر نەتىجىلىك جاۋاب بەرگەن بولدۇم.

ھەجەر ئەخمەت خانىم ئىككى قىزى بىلەن ئىبرىنى ئىزدەش دەۋاسىدا ئىككىلەندى، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئىزچىل دەۋا قىلدى، تىرىشتى، ئاخىرى نەتىجىسى چىقىپ يولدىشىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ھەر قېتىم، مۇخبىرلار سىزنى ئىزدەيدۇ دېسەم، «ئۇلار ئىبرىمنى چىقىرىپ بېرەمدۇ؟» دەپ سورايتتى. مەن «ھەئە» دەي دېسەم تېخى، «ياق، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن» دەي دېسەم، «بولدى كۆرۈشمەيمەن پايدىسى يوق ئىشنى قىلمايمەن» دەپ قالارمۇ دەپ يۈرەك پوك - پوك ئىدى.

ھەجەر ماڭا بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئابدۇغۇپۇر ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزلىرى نەزىرە ۋە نەئىيمە ئۈچۈن خۇش بولدۇم. بۈگۈن بۇ ئانىلار بايرىمىنى ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، مېنى قىزلىرىمدەكلا ياقتۇرۇپ قالغان، قىزلىرىمدەك قۇچاقلىغان نەزىرە ۋە نەئىيمەگە شۇنى دېگۈم كەلدى: «قىزلىرىم، ئانىلار بايرىمىدا ئاناڭلاردىن پەخىرلىنىڭلار، ئۇ سىلەرنى يالغۇز بېقىپ، داداڭلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ غەلىبە قىلدى. قىزلىرىم سىلەر ئۆزۈڭلاردىن پەخىرلىنىڭلار، سىلەر داداڭلارنى ئازاد قىلدىڭلار، سىلەر جاسارەتنىڭ، ھەق دەۋادا چىڭ تۇرۇشنىڭ، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ مېۋىسىنى تېتىدىڭلار، سىلەر قىزلىرىمغا ۋە بارلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىزگە قورقماس، ئاقىل، قەيسەر ۋە جەسۇر بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردىڭلار، ماڭا كەلگۈسىنىڭ نۇرزۇگۇملىرىنى ئەسلەتتىڭلار، رەھمەت سىلەرگە!».

2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# رامىزاندا زاكات ۋە پاكلىنىش

بەھرام سىنتاش چېقىلغان مەسچىت ۋە جامەلىرىمىز ھەققىدە ئىزدىنىپ تىزىملىك تۈرغۈزۈۋاتىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىنگلىز تىلىدا بىر دوكلات ھازىرلاپ چىقتى، مەزكۇر دوكلات داۋاملىق كېڭەيتىلىش ئالدىدا. ھالبۇكى، مەسچىت ئەڭ كۆپ بولغان قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، ئاقسۇ قاتارلىق ئۇيغۇر كۆپ ۋىلايەتلەردە چېقىلغان مەسچىتلەر تىزىملىكى تولۇق ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟

ماڭا ئەۋەتىلگەن چېقىلغان مەسچىتلەرنىڭ تىزىملىكى بىر، ئۇ بولسىمۇ قەشقەردىكى چېقىلغان مەسچىتلەر ھەققىدىكى مەلۇمات. شۇ بىر مەلۇماتتا پەقەت مەسچىتنىڭ ئىسمىلا بار، چېقىلغانلىقى ئېيتىلغان، ئەمما ئورنى، ئېنىق ئادرېسى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ ھالدا بەھرام قۇربان سىنتاش بۇ مەسچىتلەرنى بوشلۇقتىن تاپالمايدۇ ۋە چېقىلغان - چېقىلمىغانلىقىنى جەزم قىلالمايدۇ. سىز ماڭا چېقىلدى دەپ بىر تىزىملىك يوللايسىز، ئەمما ئۇنى پاكىت دەپ دوكلاتقا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى گۇگۇل خەرىتىسىدىن ئىزدەپ چېقىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. سىز چەتئەلدە بولغىنىڭىز، نەق مەيدانىنى كۆرمىگىنىڭىز ئۈچۈن سىزنىڭ بايانىڭىزنى پاكىت دېگىلى بولمايدۇ.

چېقىلغان مەسچىتلەردىن باشقا تۇتۇلغان ئىماملار، خاتىپلار، مەزىنلەرنىڭ تىزىملىكىنىمۇ بىللە قىلىش كېرەك ئىدى. مەھەللىڭىزنى، مەسچىتنىڭ ئورنىنى، ئېنىق ئادرېسىنى، ئىمامنى، مەزىننى ۋە خاتىپلىرىنى دەپ بەرسىڭىز، مېنىڭ «تۇتۇلغان

دىنىي زاتلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى تىزىملىكى» مۇكەممەل بولۇپ كېتەتتى.

چېقىلغان مەسچىت ۋە تۇتۇلغان ئۆلىمالارنىڭ تىزىملىكى تولۇق بولماسلىقى بەكمۇ ئېچىنىشلىق. بۇ ھەقتە ئۇچۇر بېرىدىغانلارنىڭ كەمدىنكەم چىقىشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق. چەتئەلگە يېنىپ چىقالىغانلار ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىغا، ئۇنۋانىغا بېقىنىپ ياشايدىغان زىيالىيلار كۆپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، باشقا بىرىنى كېپىل قويۇپ چىقالىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئەمما ئاللاھقا شۈكۈرى، ئۆلىمالىرىمىز ۋە تالىپلىرىمىزدىن چىقالىغانلار خېلى بار. لېكىن بەش ۋاقىت نامازنى مەسچىتتە ئوقۇيدىغانلار قاتارىدا مەسچىتنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلىدىغان، مەھەللىسىدىكى ئەھلى ئىلىملەرنى تونۇيدىغان شۇ كىشىلەر ئەجەبا مەسچىتلەرنىڭ ئورنىنى ۋە نامازخان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پەقەتلا دەپ بېرەلمەسمۇ؟

ۋەتەندىكى مەسچىت ۋە مەسچىتلەرنىڭ پەرۋىشكارلىرى بولغان ئۆلىمالىرىمىزغا ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىق بىزنىڭ ئىمانىمىزنى سىناۋاتىدۇ. مەسچىتلەر بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز شۇ ئىستىھكاملار ئۈچۈن جان بەرگەن قەھرىمانلىرىمىز. بىز ئىستىھكامنى تاشلاپ چېكىنىدۇق، دوستلارنى نۆۋەتچى قويۇپ قاچتۇق، ئەمما بىزنىڭ ئۇلارغا ۋاپا قەرزىمىز بار، ئىستىھكاملارغا جان قەرزىمىز بار، بىز ئۈچۈن يېتىۋاتقانلارغا ئۆمۈر، ھايات قەرزىمىز بار.

بەھرام مەسچىتلەر تىزىملىكىنى تولۇقلىيالمايۋاتىدۇ، مەنمۇ ئۆلىمالار تىزىملىكىنىڭ نە ئۇيغۇرچىسىنى نە ئىنگلىزچىسىنى يېڭىلىيالمايۋاتىمەن. ھەر قېتىم ئۆلىمالارنىڭكىنى ئەمەس زىيالىيلار تىزىملىكىنىلا يېڭىلىغىنىمدا قاماقتا يېتىۋاتقان ئۆلىما قېرىنداشلارغا

يۈز كېلەلمەيۋاتقانـدەك، ئۇلارنـى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانـدەك، ئۇلارنىڭ دەۋاسـىغا ئېرەنشـىمگەندەك تۇيغـۇدا ئازابلىنىمـەن.

چېقىلغـان مەسـچىت ۋە تۇتۇلغـان ئەھلـى ئىلىملەرگـە ئېرەنشىمەسـلىك ۋەتەنئىنىـڭ ماددىـي ۋە روھـى تۈۋرۈكلىرىگـە بىپەرۋالىـق قىلغـان بىلـەن ئوخشـاش بولـۇپ، بۇنـداق بىپـەرۋا كىشـىلەرنىڭ نـە ۋەتىنـى نـە دىنىـي بولمايـدۇ. توغرىسـى قەلبىگـە قورۇلغـان ۋەتىنـى بولمىغـاچ ھېـچ نېمىسـى بولمايـدۇ.

رامىـزان زاكات بېرىـش، زاكات ئارقىلىـق پاكلىنىـش پەرسـىتى. رامىزانـدا روھۇرلۇقتىـن كېيىـن بىر مىنۇت ۋاقتىنـى مەھەللىمىزدىكى مەسـچىت ۋە شـۇ مەسـچىتنىڭ پاسـىبانلىرىغا ئاجرىتايلـى، مەنچـە بـۇ بىزنىـڭ تۇتۇۋاتقـان روزىمىزدا سـەممىي ياكى ئەمەسـلىكىمىزنى ئىسـپاتلايدىغان بىـر بەلگـە. بـۇ بىزنىـڭ رامىزانـدا ئۇنتـۇپ قالساق بولمايدىغـان ۋەتىنىمىزنىـڭ زاكىتـى، ۋاقتىمىزنىـڭ زاكىتـى، بىلىمىمىزنىـڭ زاكىتـى. زاكات پاكلىنىـش دېگـەن مەنىـدە، شـۇ زاكاتلارنـى ئۆتـەپ قېرىنداشـلارنىڭ ئالدىـدا، ۋەتەنئىنىـڭ ئالدىـدا، تـاڭلا مەھشـەردە ئاللاھنىـڭ ئالدىـدا يۈزىمىـز يـورۇق بولغـاي، پاكلانغايمىـز.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# ئۇيغۇريار فوندى زۇلۇمغا قارشى شاھىتلارغا يار

بۈگۈن «شاھىت بىز» تورىنى قۇرۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى زۇلۇمغا ئائىت پاكىتلارنى توپلاۋاتقان پىداكار جىنى بۈنىن لاگېرلاردىن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان شاھىت قېرىنداشلارنىڭ قىينىلىپ قالغانلىقىنى يېزىپتۇ. مەن دەرھال ئۈچۈر قالدۇرۇپ ئۇيغۇريار فوندىنىڭ زۇلۇمغا قارشى شاھىت بولغانلارغا، ئاخباراتتا خىتاي زۇلۇمغا قارشى گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە پىداكارلىق ياردىمى بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ مەندىن ياردەمگە موھتاجلارنىڭ ئۇيغۇر ئەمەس قازاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇريارنىڭ زۇلۇمغا قارشى مەيدانغا چىققان ھەر قانداق ئىنسانغا يار ـ يۆلەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇريار پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان فوند ئەمەس. 2017 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مىسىردا تۇتقۇنغا ئۇچرىغاندا، ئۇيغۇريار فوندى ئالتە قازاق ئوقۇغۇچىغا ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىستانبۇلغا ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلىشىگە ياردەم قىلدى. شۇ چاغدا بىز ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇپ قازاقنى ئايرىپ قويمىدۇق. ئۇيغۇريار فوندى يەنە قىرغىزىستانلىق بىر ئاسپىرانت قىزنى مۇكاپات بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈن لاگېرلاردىن ساق قۇتۇلۇپ چىققانلار قازاقىستان ۋە تۈركىيەدە مەۋجۇت. بىز مۇشۇ كۈنگىچە پەقەت تۈركىيەدە گۇۋاھلىق بېرىپ كېلىۋاتقان لاگېر شاھىتلىرىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ كەلگەن، ئەلۋەتتە ئۇيغۇريار فوندى بۇرۇن بىخەۋەر

قالغان بولسىمۇ، ئەمدى قازاقىستاندىكى لاگېر شاھىتلىرىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بەلكىم لاگېر شاھىتلىرى قىرغىزىستاندا بولۇشى مۇمكىن، بۇندىن كېيىن لاگېر شاھىتلىرى خىتايدىن قۇتۇلۇپ بەلكىم ئۆزبېكىستان، تاجىكىستانغىمۇ كېلىشى مۇمكىن. پەقەت ئۇلار ھەققانىيەتنى ياقلاپ، خىتاينىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىشقا قوشۇلسىلا ئۇيغۇريار فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇيغۇريار فوندى لاگېر شاھىتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىلا ئەمەس، پاكىستان، ئەرەبىستانلاردا بولسىمۇ ياردەمگە تەييار. چۈنكى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا لاگېر شاھىتلىرى مۇشۇ دۆلەتلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. تۈركىيەدە مەن كۆرۈشكەن، ئەمما شاھىتلىقتىن چېكىنگەن خوتەندىن ئىككى، غۇلجىدىن بىر، ئاتۇشتىن بىر، قەشقەردىن بىر، ئۈرۈمچىدىن بىر لاگېر شاھىتى بار. شۇلارمۇ رامىزاننىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن شاھىتلىق مەيدانىغا چىقسا، ئۇيغۇريار فوندىنىڭ پىداكارلىق مېدالىغا ۋە دائىملىق پىداكارلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

رامىزان ئايلىرىدا گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىپ، سەۋەنلىكلەر يۇيۇلىدۇ. قۇرئاندا شېھىت سۆزى بىلەن شاھىت سۆزىنىڭ تومۇرى بىر بولۇپ، ئاللاھ زالىمغا قارشى تۇرغۇچىلارغا، شېھىتلارغا ۋە مۇجاھىدلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى ۋەدە قىلىدۇ. بىز مەززىلىك ئىپتارلار ۋە ھۇزۇرلۇق زوھۇر نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىمىزدا، قېرىنداشلىرىمىز ئىلمان سۇ ۋە خام مومىغا زار بولۇپ ياشاۋاتىدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللەر دەستىدىن تولغىنىۋاتىدۇ، زالىم قاۋانلارنىڭ قولىدا قىينىلىۋاتىدۇ، ۋەھشىي چايانلارنىڭ پاسكىنا ئاياقلىرىدا خورلىنىۋاتىدۇ. ئاللاھتىن قورقىدىغان ھەر قانداق مۇسۇلمان مۇشۇ ئۇلۇغ ئايدا زۇلۇمنى يوشۇرمايدۇ، ئۆزىنى ئىنسان سانايدىغان ھېچبىر كىشى ئىمانى پايخان بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ داد -

پەريادلىرىغا قۇلاق يوپۇرۇپ سۈكۈت قىلمايدۇ.

زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغان تىلسىز شەيتانلارغا، زۇلۇمغا يانتاياق بولغان ئاچكۆز قاۋانلارغا، زالىمغا ھەممەپەس، ھەمتاۋاق بولغان نەپسانىيەتچى يىلان ـ چايانلارغا خەلقىمىزنىڭ مەيدانى ئېنىق، جاۋابى كەسكىن، پەقەتلا جازاسى نېسى. بىز شۇنداقلارنى مەيلى شەخس، مىللەت ياكى دۆلەت بولسۇن كۆرۈپ قويدۇق، بىلىپ ئالدۇق، تونۇۋالدۇق. بۇ زۇلۇم بىزگە دوست كىم دۈشمەن كىم دېگەننى بەك چىرايلىق ئۆگىتىپ قويدى. بىز ھەققىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان، تىلىمىزنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولغان، دىنىمىزنى پايخان قىلغانلارغا قانداق نەپرەتلەنسەك، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغان، دات ـ پەريادقا قۇلاق يوپۇرغانلارغىمۇ نەپرەتلىك قۇرلاردىن ئورۇن ئايرىپ قويدۇق. ئەمما ئەپۇچان قەلبىمىز سۈكۈتتىكىلەرگە، ئېزىققانلارغا، قايمۇققانلارغا ھەر قاچان ئوچۇق. ئاللاھتىن شاھىتلىقتىن باش تارتىپ كېلىۋاتقانلارغا ئىنسانىي جاسارەت، ئىمانى پىداكارلىق تىلەيمىز.

ئۇيغۇريار فوندى زۇلۇمغا قارشى ھەرقانداق شاھىتقا يار ـ يۆلەك بولىدۇ، خورلۇققا قارشى ھەرقانداق ئىنسانغا ياردەمچى، ۋىجدانىمىزنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا قارشى ھەر قانداق بىر ھەرىكەتكە مەدەتكار.

**ئىلاۋە:** ئۇيغۇريار فوندىنىڭ تۈركىيەدىكى خەلقىمىزنى ھۈنەر ئارقىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى نىشان قىلغان ھۈنەر مۇكاپاتى، پەرزەنتلەرنى مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىخ مۇكاپاتى، ياشلارنى تۈركىيەنى پەشتاق قىلىپ غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئوقۇتۇشنى ئىرادە قىلغان ئىستىقبال مۇكاپاتى داۋاملىق قېرىنداشلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن قوللىشىغا موھتاج.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## رامىزاندا ئۆيغۇرلۇق

رامىزان ئۆيغۇرلۇقنى، مەدەنىيلىكنى بەرپا قىلىدىغان خاسىيەتلىك پۇرسەت. بىز ئۆزىمىزدە مەدەنىيلىكنىڭ ئۆيغۇرچىسى بولغان ئۆيغارلىق، ئۆيغۇرلۇقنى ئويغىتىدىغان، كۆچلەندۈرىدىغان كۆنلەردە ياشاۋاتىمىز. بەزىلىرىمىز رامىزاننىڭ بەرىكەتلىك ئىپتارلىرىدا دوستلۇقنى، ھەمكارلىقنى، پىكىرداشلىقنى، ئىلىم ۋە پەزىلەتنى ئۆگىنىۋاتىمىز، تارقىتىۋاتىمىز، ئورتاقلىشىپ كۈچلەندۈرۈۋاتىمىز. بەزىلىرىمىزنىڭ رامىزاندىن بۇرۇنقى كۆنگەن تاتلىقىمىز، يەنى جاھالەتلىك قىتىغۇرلۇقىمىز، زەھەرخەندىلىكىمىز، ئادەۋەتخورلۇقىمىز، نەپرەتۋازلىقىمىز داۋام قىلىۋاتىدۇ.

رامىزان ئايلىرىدا شەيتان باغلىنىدۇ دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئەمما بىر تىللىق، بىر مۇسىبەتلىك قېرىنداش ئۆيغۇرغا شەيتاندىنمۇ قەبىھ دۈشمەنلىك قىلىدىغان، ئىبلىستىنمۇ بەكرەك زەھىرىنى سانجىۋاتقانلارغا قاراپ خاراكتېرى خارابلىشىپ پەزىلىتى پايخان بولغان، ئادىمىيلىكتىن نېسىۋىسى بۆشۈكىدىلا نېسى قالغان ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىشىنىڭ بېشىمىزدىكى ۋابا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. ئۆيغارلىقتىن يىراقلاپ، ئىنسانلىقنى تىرىكلىك ۋە تىرىكچىلىك دەپ چۈشىنىدىغان جان باقار، دىنساتارلارنىڭ ئۆيغارلىقنىڭ بەلگىسى بولغان مۇسۇلمان دەۋاسىنى زورۇقۇپ تالىشىشلىرى، ئىمان مەيدانىدا سۈرەن سېلىشلىرى قۇلاقلىرىمىزنى ھەقنىڭ ساداسىدىن مەھرۇم قويۇۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلىق ئىنساندىن ھەقكە ئىمان ئېيتىپ، ئۆزىنى

ھەقىقەت، ئادالەت، تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇشنى، ئۆزىنى ھاياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى، مەدەنىي قائىدە، نىزام ۋە پرىنسىپلارغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇيغارلىق، مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بوۋىلاردىن تەۋەررۇك قالغان، موملاردىن مىراس قالغان مۇسۇلمانلىقى.

ئۆتمۈشتە بوۋىلارنىڭ ئوغۇزخانغا ئۇيۇشى ھۆر ياشاش، ھايات قېلىش ئۈچۈن ھەمكارلىققا ئۇيغۇنلاشقىنى، ئۇيغۇر بولغىنى ئىدى. 40 نەپەر بەرنا قىز ۋە زەبەردەس يىگىتنىڭ مىڭ يىل ئىلگىرى سۇتۇق بۇغراخانغا ئۇيۇپ، قۇلدارلىقنىڭ ھامىيسى بولغان ئوغۇلچاق بۇغراخانغا قارشى ئاتلىنىشى ئازادلىققا، ئادالەتكە، ھەققانىيەتكە ئۇيغۇنلاشقىنى ئۇيغۇر بولغىنى ئىدى.

ئاپاق خوجا جاھالەتكە قارشى ھەقىقەتنى ياقلاپ چىققان مەشرەپ ھەقىقىي مۇسۇلمان، چىن ئۇيغۇر ئىدى. چۈنكى ئۇ نوپۇزغا، كۈچكە، زەرگە، زەردارغا بويسۇنغان ئەمەس، قورالغا، قىلىچقا، ئەسكەر ۋە سەردارغا ئۇيغۇنلۇقنى تاللىغان ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ياشاشنى، زالىمغا قارشى ئۇيغۇر بولۇشنى، ھەقنى جاكارلاشنى ئۇيغۇن كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ يولى ئۇيغارلىق، ئۇيغۇرلۇق يولى ئىدى.

بۈگۈن تەرەققىياتقا، ئادالەتكە، دېموكراتىيە، ھەققانىيەتكە ۋە ھۆرىيەتكە نەپرەتلىنىۋاتقان، قېرىنداشلىقنى، تەقدىرداشلىقنى، مىللىي مۇھەببەت ۋە مىللىي ئىستىقبالنى زېدىلەيدىغان زىددىيەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ھەر يەردە، ھەر سورۇندا، ھەر پۇرسەتتە تىكىپ، تېرىپ يۈرگەنلەر ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن بىلەن ئۇيغارلىقتىن ياتلاشقان ياتلاردۇر، تاتلاردۇر. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرىچە ئۇيغارلىقنىڭ تەتۈرىنى تاللىغانلار تاتلار دېيىلگەن. شۇڭا تاتلىقنى داۋام قىلىۋاتقان، تاتلىقنى مۇسۇلمانلىق

دەيدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلىگۈچىلەرنى زامانغا، تەرەققىياتقا باشلاش مىللىي ئىستىقلال ۋە ئىستىقبالنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلۇغ رامىزاننىڭ تەقەززاسى.

رامىزان بىزدىكى ئۇيغارلىقنىڭ تارازىسى، ئۇنىڭ تارتقۇچىسى ئاللاھ بولۇپ، تۆھپىمىزگە، ساۋابىمىزغا شاھىت بولغۇچىلار بولسا ئەتراپىمىزدە ياشاۋاتقانلار. رامىزاندىكى ئىبادەتلىرىمىز، يېگەن زوھۇرلۇق ۋە ئاچقان ئىپتارلار روھىمىزدا پىشمىغان، ھەرىكىتىمىزدە چالا قالغان، خۇلقىمىزغا سىڭمىگەن ئۇيغارلىقنىڭ بەرپاچىسى. ئەگەر بۇ مۇساپىرلىق، بۇ سەرسانلىق، بۇ خارلىق ۋە ماتەملىك ھاياتىمىز بىزنى تاتلىقتىن، ياۋايىلىق، يالقاۋلىق، يامان خۇيلۇقتىن ئازاد قىلالمىسا، ھەممىمىزنىڭ بېشىغا تېگىۋاتقان زۇلۇم تاشلىرى بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە ھەمكار، ھەمدەم، ھەمنەپەس قىلالمىسا، نېمە قىلارمىز تاماق يېمەي، ئۇسسۇزلۇقنى باسالماي قىينىلىپ.

ئۇلۇغ رامىزان مۇسۇلمانلىق ھەققىدە ئويلىنىش، نادانلىقتىن، جاھىللىقتىن، خۇراپاتلىقتىن، جاھالەتلىك ئادەتلەردىن سەسكىنىپ ئۇيغارلىقتا ئويغىنىشنىڭ، ئۇيغۇر بولۇشنىڭ مۇقەددەس باشلانمىسى. ئۇيغارلىقنى بەلگە قىلغان ئۇيغۇرلۇق تارىختىن بېرى بىر مىللەتنىڭلا خاراكتېرى ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلۇق بىر مىللەتكە نىسبەتەن بىر مەنزىلنىڭ، بىر پەللىنىڭ، بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىسمى، بىر ئىنسانغا نىسبەتەن بارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ مۇجەسسەمىدۇر.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# مۇھاجىرەتتە مۇرىتۋازلىق

«پۇستانىلىقلار دەرنەك قۇرۇپتۇ» دېگەن گەپنى خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان كىشىلەردىن ئىستانبۇلدا ئاڭلىدىم. قەيسەرىدىمۇ پالانىلىق ۋە پوكۇنىلىق دېگەن زىتلىقلارنى ئاڭلىغان ئىدىم. قەيسەرىدە «پالانىلىق ئۇنداق قىلدى، پوكۇنىلىق مۇنداق قىلدى» دېگەننى ئاڭلىغاندا چىرايلىق كېلىشتۈرۈپ چۈشەنچە بەرگەن ئىدىم. شۇڭا بۇ گەپلەرگە ھەيران قالمىدىم. چۈنكى شۇ قەيسەرىدىكى يۇرتۋازلىقنىڭ پىلتىلىرى، پىرلىرى مۇرىتۋازلار بولۇپ، ئۇلار ئىستانبۇلدا، باش ئىشتاپمۇ شۇ يەردە ئىدى. قەيسەرىدىكىلەر مۇرىت، ئىستانبۇلدىكىلەر پىركالان، باشلامچىلار ئىدى.

دەرنەك قۇرماقچى بولغان پۇستانىلىقلار يىغىلغان بىر توپ بارلىقىدىن خەۋىرىم بار. بۇ پىداكارلار مىسىردا ئۇيغۇر تۇتقۇن بولغاندا كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدى. ئىستانبۇلدا مۇخبىرلارغا ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىشتا ياخشى ماسلاشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ دەرنەك، يەنى ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇش پىلانى ماڭا تازا لايىق كەلمىدى. ئۇلارنىڭ «دەرنەك قۇرمىز، يەر ئېلىپ بولدۇق» دېگەن گېپى، ماڭا «سۆز ـ چۆچەكنى كۆپەيتىشكە سەۋەب بولمىسۇن» دېگەندەك ئاڭلاندى. «بىز ئۇيغۇريار فوندىنىڭ تۈركىيەدىكى ئىقتىسادىنى، تۈرلىرىنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى، يېڭىدىن بىر ئىش قىلغىچە بارنى بىللە داۋاملاشتۇرايلى» دېدىم، ئەمما جاۋاب كەلمىدى.

مەن قەيسەرىدىكى پالانىلىق ـ پوكۇنلۇق دېگەن زىددىيەتنىڭ

ئىستانبۇلدىكى داۋامى بولغان بەسلىشىپ دەرنەك ۋە جەمئىيەت قۇرۇشلارنىڭ تېگىدە يۇرتۋازلىق بار دەپ قارىمايمەن. زىددىيەتلەرگە تۇتتۇرۇق بولۇۋاتقىنى گۇمانخورلۇق، يەكلەشلەرگە سەۋەب بولۇۋاتقىنى يۇرتۋازلىق ئەمەس، مۇرتتۋازلىق. مەسىلە خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان، قەشقەر شېۋىسىدە ۋە غۇلجا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان، ئۆز يۇرتلۇقلىرى بىلەن ئاسانراق بىر يەرگە كېلەلەيدىغان ئاۋام ئۇيغۇردا ئەمەس. مەسىلە ھەر ئىشتا، ھەر پەتىۋادا ئۇلۇغلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان خەلقتە ئەمەس، بەلكى شۇ ئىككى يۇرتنىڭ خەلقىنى مۇرىت قىلغان ئىلىم ئەھلىدە، پېشىۋالاردا، يېتەكچى ۋە يولباشچىلاردا.

مۇرىتۋازلىق تارىختا بولۇپ كەلگەن ئىش بولۇپ، بۈگۈنكى يېڭىلىق ئەمەس. ئەمما ئۇيغۇرغا چاپلاشقان بۇ مەرەزنىڭ يېڭىلىنىپ، تون، دوپپا، گالىستۇك ئالماشتۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، كىتاب، ۋىدىيو ۋە ژۇرناللارنى چىقىرىپ مۇرىتلارنى كۆپەيتىپ تۇرۇۋاتقانلىقى خەتەرلىك. ئاپاق خوجا ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ كارامەتلىك مۇرىتۋاز ئىدى. ئۇ مۇرىتلىرىنىڭ مېڭىسى، گېلىنى كونترول قىلىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئەقلى ۋە روھىنى تىزگىنلىۋالغان. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇرىت، جامائەت بولغان كىشىلىرىمىز مەيلى قەشقەر تەلەپپۇزىدا، قۇمۇل لەۋزىدە ياكى تارانچى شېۋىسىدە سۆزلىسۇن، قىزلىرىنى سۇنۇپ، قويلىرىنى سويۇپ، جانلىرىنى پىدا قىلىپ «جەننەتنىڭ يولخېتى»گە ئېرىشمەكنى تاما قىلغان.

مۇرىتۋازلىقنىڭ ئاپاق غوجىدىن قالغان جېدەل - ماجىرالىرى ئۆزۈلمەي كەلگەن. ئۇنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق ئەۋجى تۈركىيەدىن «سۇرىيەدە جىھاد قىلىش» جەريانىدا 2015 - يىلى كۆرۈلدى.

مۇرتەۋزلىقنىڭ پىرلىرى ئۇيغۇرنى دۆلەتچى[2]، چوڭ جامائەتچى[3] ۋە كىچىك جامائەتچى[4] دەپ بۆلۈپ، توختىماي مۇرىت توپلاشنىڭ كويىدا تەبلىغ قىلىشاتتى. ھەتتا ئۇ چاغلاردا تويمۇ مۇرىت تالىشىپ قىلىنغان ۋەزلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بۇ ئاپەت مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ جەسەتلىرىنى چۆللەردە قەبرىسىز قويۇپ، مىللەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئايىغى چىقماس قاراڭغۇ جاڭگاللارغا بەند قىلىۋەتتى.

مۇرتەۋزلىقنىڭ قۇربانى بولغان بەيئەت قىلغۇچى، ئەگەشكۈچىلەر جەننەتكە، مىللەتكە ئاشىق ساپ كىشىلەر بولۇپ، پىر ئۇستازلار بولسا مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشلۈك زاتلار ئىدى. ئەگەشكۈچى مۇرىتلار ئىقتىدا قىلىشتىن باشقىنى بىلمىگەن بىلەن، پىركالار ۋە مۇرشىت ئەزىملەر قىلىۋاتقانلىرىنىڭ شۆھرەت، ئىناۋەت، كۈچ ـ نوپۇزدىن باشقا ھېچ نەتىجىگە ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى مۇھاجىرەتتە شان ـ شۆھرەت، خۇشامەت ۋە قاتارلىشىپ كەتكەن، يىغلىپ قول باغلىشىپ تۇرغان مەسۇم مۇرىتلارنىڭ خوش ـ خوشلىرىدىن مەنىلەرگە ئېرىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار مۇرىتلارنىڭ كۆپىيىشىنى نەتىجە دەپ قارايدۇ. ئىناقسىزلىق، پىتنە ـ پاسات، بەسلىشىش، ئىسراپ ۋە داغۋازلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇ بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن پەيدا قىلىپ مۇرىت توپلاۋاتقانلارنىڭ دىن، مىللەت ۋە ۋەتەن نامىدا قويۇۋاتقان ئويۇنى.

مۇرتەۋزلار ۋەتەنسۆيەرلىكنى، دىندارلىقنى، مىللەتچىلىكنى ۋە يۇرتۋازلىقنى ۋاستە قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى سۆزلىرىدە، دەۋاسىدا

[2] دائىشچى، يەنى شام ـ ئىراق ئىسلام دۆلتى تەرەپدارلىرى

[3] تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى تەرەپدارلىرى

[4] سۈرىيەدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى گۇرۇپپىغا قېتىلمىغان يەنە بىر گۇرۇپپا جىھادچىلارنىڭ تەرەپدارلىرى

راستچىل ئەمەس. ئۇلار مەلۇم پىكىرنى تۇتقا قىلىپ، بىر ھىدايەتنى پەيدا قىلماقچىمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى بازار تېپىش، بازارنى كېڭەيتىش ۋە بازار تالىشىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ توختىماي تۆھپە تالىشىشلىرى، دەۋا تالىشىشلىرى، قارشى تەرەپنى ئۇچى، بۇچى، دۇمباقچى دېيىشلىرى مۇرتلىرىنىڭ باشقا پىرغا ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭلا توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چاۋاك ئېلىش، سان ۋە مال كۆپەيتىش ئۈچۈن.

مۇرتۋازلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنى ماشىنا قىلىپ چىقىپ، دىنىمىزنى دوپپا قىلىۋالسا، يەنە بەزىلىرى مىللىي ھېسسىياتىمىزنى كاستۇم قىلىپ كىيىۋالىدۇ. ئۇلاردا قانماس ئەمەل تاماسى، شۆھرەت سەۋداسى ۋە نەپسانىيەتچىلىك بار. ئۇلار نەپسى ئۈچۈن دەۋادىكى يولىدىن، ئىدىيەسىدىن، دەۋادىكى دوستلاردىن كەچسە كېچىدۇكى، ئەمەلدىن كەچمەيدۇ. شۇڭا توختىماي دەرنەك قۇرۇلىدۇ، توپ قۇرۇلىدۇ، بىرلىك، ھەرىكەت، جەمئىيەت ئىسمىدىكى تەشكىلاتلار يېغىپ كېتىدۇ.

مۇرتۋازلىق دېموكراتىيە تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان ئەللەردە ئېغىر بولۇپ، مۇرتۋاز يولباشچىلار مائارىپتىن مەھرۇم قالغان كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئالقىشلىنىدۇ، ئىخلاسمەنلەر ئارىسىدا بەرىكەت بازارلىق. ئۇلار ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى كەينىگە سېلىپ پائالىيەت قىلىدۇ. مۇرتۋازلىقنى بازارلىق قىلىدىغان ئىچكى ئامىل ئارىمىزدا مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، تەپەككۇر قىلىپ، سۆزلەپ خاتالىشىشتىن قورقىدىغان، پىكىر بايان قىلىشتىن خۇدۇكسىرەيدىغان، كىچىكىدىن يادلاشقا، ئەگىشىشكە، ئۈلگە ئېلىشقا كۆندۈرۈلگەن توپ - توپ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى.

مۇرىتئۆزلىقنى يوقىتىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك چارە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، يەنى ئومۇملاشتۇرۇش، نۇتۇق ۋە يېزىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش، دىنىي مەلۇماتلارنى ئانا تىلدا قولايلاشتۇرۇش، ئامىۋىلاشتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. مۇرىتئۆزلىقنى يوقىتىدىغان قىسقا مۇددەتلىك چارە بولسا، سايلامنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشكىلاتلاردا ئەمەلدارلارنىڭ، ھەيئەتلەرنىڭ، ئەزالارنىڭ يىغىلىنىشىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، خىزمەتتە ئاۋامغا ئاشكارىلىقنى، خىزمەت پىلانىدا ۋە جەريانىدا جامائەتكە، مۇتەخەسسىسلەرگە ئوچۇقلۇقنى تەلەپ قىلىپ، مالىيە ۋە خىزمەتلەردە ئامىۋى نازارەتنى قوبۇل قىلدۇرۇش بولۇشى مۇمكىن.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

## بۇ رامىزاندا قازانمىغان ساۋابلار

مېھرلىك رامىزان كۈنلىرىنى پارىژدا قېرىنداشلارنىڭ مول داستىخىنىغا داخىل بولۇپ ئۆتكۈزۈۋالدىم. رامىزاندا پارىژدىكى ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزى چاڭقاپ تۇرسىمۇ بىر مىنۇت ۋاقتىنى، بىرەر پۇرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەي تىرىشقىنىغا، بالىلىرىمىزنىڭ دىلىغا ئانا تىلنى مۇھەببەت بىلەن قۇيۇشلىرىغا شاھىت بولدۇم. مۇساپىر ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بىللە ئىپتارلىشىپ، ئەتراپلىق ئويلىشىپ يىغىلغان پىتىر ۋە زاكاتلارنى قىينىلىپ قالغانلارغا يەتكۈزگەنلىرىدىن سۆيۈندۈم. ئۇيغۇر مۇشۇنداق قېرىنداشلىرىغا پىداكارلىقتا، پىكىر ۋە ھەرىكەتتىكى ئۆملۈكتە ئۇيغۇر. ئۇيغۇر بارنى تەڭ كۆرىدىغان، يوققا بىرلىكتە چارە قىلىدىغان پەزىلىتى بىلەن قەدىردان.

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى غېرىب تۇيغۇلار ئىچىدە دوستلارنىڭ سالاملىرىنى قايتۇرۇپ، تەبرىكلىرىگە جاۋاب بېرىپ، خۇشال بولۇشقا تىرىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئولتۇرۇپ بۇلتۇرقى رامىزان بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالدىم. پەيغەمبىرىمىز ئىككى كۈنى ئوخشاش ئۆتكەن مۇسۇلماننى زىيان ئىچىدە دەپ، ئويلىنىشقا دەۋەت قىلغان ئىكەن. مەنمۇ ئىككى قېتىملىق رامىزاننىڭ پەرقى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

2018 - يىلىدىكى رامىزاندا مەن ئىستانبۇلدا ئىدىم. ئۇ چاغدا بىز بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 2015 - يىلدىن بۇيانقى دەردىنى، كەچمىشلىرىنى ۋە گۇۋاھ بولغان زۇلۇملارنى تەكشۈرۈپ

چىققان ئىدۇق. نەتىجىدە مۇخبىرلارنى تېگىشلىك پاكىت، لايىق گۇۋاھچى ۋە يېتەرلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇر پاجىئەسىنىڭ قۇلاقلارغا ئاڭلىنىشى، يىغىنلاردا مۇنازىرە قىلىنىشى ۋە پارلامېنتلاردا مۇزاكىرە قىلىنىشىغا شارائىت يارىتىلغان ئىدى.

2019 ـ يىلى رامىزاندا پارىژدا بولدۇم. بىر ئاي يېمەي ـ ئىچمەي، ئەتىگەن سائەت 4 بىلەن زوھۇرلۇق يېگەنچە كەچ سائەت ئونغا يېقىنلاشقۇچە چىداپ، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قازانماقچى بولدۇم. ئەمما زادى نېمە قىلغانلىقىم ئېسىمدە يوق.

بىر قانچە كۈن بۇرۇن بىر ئەنگلىيەلىك يەھۇدىينىڭ بۇ يىل مارتتىن باشلاپ ھەر ھەپتە لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلغانلىقىنى ئوقۇپ ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمىگەندەك بولۇپ قالدىم. مەن ئۇيغۇر ئىدىم، كۈندە قان يىغلاۋاتقان سىڭلىمنىڭ ئاكىسى، مېنى دەپ قىيناقلاردا يېتىۋاتقان ئاكامنىڭ ئۇكىسى، مەن بىلەن سەپەرداش، سەپداش، قەلبداش بولغان يۈزلىگەن ئەقلى ئويغاق زىيالىينىڭ دوستى ئىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇ يەھۇدىي قىلغان نامايىشنى مەن پارىژدا خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا كۈندە قىلمىدىم؟ ماڭا رامىزانلىق ساۋاب يېزىلماسمىدى، گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنماسمىدى، شۇ سەۋەبنى قىلغان بولسام ئاندىن مېنىڭ دۇئالىرىم ئىجابەت بولماسمىدى؟ شۇلارنىڭ بىرىنى قىلغان بولسام ھېچنېمە بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبىر نەتىجە قازىنالمىغان تەقدىردىمۇ، 3 مىليوندىن ئارتۇق مەھبۇس ئۇيغۇرنىڭ ئالدىدا ئىككىلا دۇنيادا يۈزۈم يورۇق بولماسمىدى؟

پارىژدا مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى پارىژ نوپۇسىنىڭ 10% دىن ئارتۇق ئىكەن. رامىزان مەزگىلىدە ھەر جۈمە كۈنى بىردىن جامەگە بېرىپ قاماقتا يېتىۋاتقان، روزا تۇتۇش تۈگۈل ئاللاھنىڭ ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالالمايۋاتقان، ئىپتار قىلىش ئەمەس ھارام

مەخلۇقنىڭ لەشلىرىنى يېيىشكە زورلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ دات ـ پەريادلىرىنى ئاڭلاتقان بولسام ماڭا ساۋاب بولماسمىدى؟ پارىژدىكى 700 مىڭدىن ئارتۇق تۈرككە بىز تارتىۋاتقان خورلۇقلارنى سۆزلىسەم ئۇلار ھەرىكەتكە كەلمەسمىدى؟ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەلمىسىمۇ ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ بىرىنىڭ دىلىغا سېلىپ بىر پىدائىيلىققا سەۋەب بولماسمىدىم؟ مۇشۇلارنى قىلغان بولسام شۇ مەھبۇسلۇق ئازابىنى تارتىۋاتقان باغىرلىرىمىزنىڭ يارىسىغا مەلھەم بولماسمىدى؟ زۇلۇمغا قارشى سەۋەب قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئەجىر ئەزىمگە ئېرىشمەسمىدىم؟

ئامېرىكا، ئەنگلىيەلەردە دەۋاگەرلىرىمىز چېركاۋلاردا نۇتۇق سۆزلىدى. يەھۇدىيلارنىڭ سىناگوكلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىدەك ناتسىستلارچە جازا لاگېرلىرىغا قامالغان مىللىتىمىزنى قۇتقۇزۇشقا چاقىردى. نەتىجىدە بۇ ئىككى دۆلەتتىكى يەھۇدىيلار ئويغاندى. فىرانسىيە ئامېرىكىدىن قالسىلا يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ دۆلەت ئىكەن. نېمە ئۈچۈن مەن شۇ يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنى ئىزدەپ دەردىمىزنى ئېيتىپ باقمىدىم؟ نېمە ئۈچۈن چېركاۋلاردا زالىم خىتاينىڭ فاشىستلىقىنى پاش قىلمىدىم، نېمە ئۈچۈن زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغاندەك روزامنى تۇتۇپ، دۇئانى قىلىپ ياتتىم؟ تۆۋە! مەن نېمە ئۈچۈن فىرانسىيەگە فىرانسۇز بولۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەندەك ئۆزۈمنىڭ غېمىنى يەپ، ھاياتنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىغا پېتىپ كەتتىم؟

بۇلتۇرقى رامىزانغا سېلىشتۇرۇپ ئويلىسام بۇ رامىزاندا بوشاپ قاپتىمەن، ئەپقاچتى گەپلەرگە، تۇتۇرۇقسىز ئىشلارغا بوغنۇقۇپ يۈرۈپتىمەن. ئەمەلىي ھەرىكىتىمنىڭ، قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ تايىنى يوق بولغاچ ئۈمىدلەنگۈدەك نەتىجە قازانماپتىمەن. ئادەم زۇلۇم كۆرۈۋاتقان قېرىنداشلار كۆپ بولغان يەردىن، زۇلۇمنىڭ

ئـاۋازى قۇلاقلارغـا ئاڭلىنىـپ تۇرىدىغـان مەنبەلەردىـن، مەزلـۇم چىرايلارغـا يۈزلىنىـپ ياشـايدىغان مۆھىتتىـن يىراقـلاپ كەتسـە، ئـۆز بىلـەن بولـۇپ ئـۆز غېمىنىـڭ كويىـدا قالىدىغـان ئوخشـايدۇ. ئـى ئاللاھ، گۇناھلىرىمنـى مەغپىـرەت قىلغايسـەن. ئـى ئاللاھ، مەزلـۇم مىللىتىمىزنىـڭ دەردىدىـن يىراقـلاپ ئـۆز خىيالىمغـا پەرۋانە بولـۇپ ياشاشـتىن، ئۆزۈمنىـڭ كۆمىچىگـە چوغ تارتىـپ خورلۇقنىڭ چوغدانلىرىـدا تولغىنىۋاتقـان قېرىنداشـلارغا بىپـەرۋا يۈرۈشـتىن ساقلىغايسـەن.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# ئۆركەش دۆلەت كىم؟

ئۆركەش دۆلەت 1989 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن كۈنى باستۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيلىرىدىن بىرى. بۇ ھەرىكەتنىڭ پىلتىسى بولسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىسلاھاتچى باش سېكرېتارى خۇ ياۋباڭنىڭ ئۆلۈمى ئىدى. خۇ ياۋباڭ خىتايدا دېموكراتىيەگە يول ئاچقان، ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى (بىڭتۇەن) نامىدىكى پۇقراچە كىيىنگەن مۇستەملىكىچى كۈچلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەرغىب قىلغان، ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان كىشى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ «ئۈچتە 60 پىرسەنت» دېگەن يولىيورۇقى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە خىتايلارنىڭ نەزىرىدە ئىنچىل ئەمەلگە ئاشقاندەك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۈچتە ئاتمىش پىرسەنت بولۇش، «ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ 60 پىرسەنتى يەرلىك مىللەتتىن بولۇش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كادىرلارنىڭ 60 پىرسەنتى يەرلىك مىللەت بولۇش، ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلغان ھەر قانداق زاۋۇت، شىركەت ۋە كان ـ كارخانىلاردا ئىشچى خىزمەتچىنىڭ 60 پىرسەنتى يەرلىك مىللەتتىن بولۇش»تىن ئىبارەت. خۇ ياۋباڭ ئەينى چاغدا «پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى، پارتىيە بىلەن كارخانىنى، پارتىيە بىلەن ئىقتىسادنى ئايرىش»نى تەشەببۇس قىلىپ، كومپارتىيەنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئويغاق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قايغۇغا سالغان ۋە كوچىغا ئاققۇزغان.

ئۆركەش دۆلەت 1968 ـ يىلى خىتاي پايتەختى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. دادىسى نۇرمۇھەممەت دۆلەت مىللەتلەر نەشرىياتىدا بىر مەزگىل مۇھەررىرلىك قىلغان. ئۇ ئۈرۈمچىدە 8 ـ ئوتتۇرىدا خىتايچە ئوقۇپ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1998 ـ يىلى 12 يېشىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسىغا ئايلانغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى خىتاي باش مىنىستىرى لى پېڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى جاسارىتى، كەسكىنلىكى ۋە ناتىقلىق ماھارىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئۆركەشنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زىيالىي كىشىلەر بولۇپ، ئۇيغۇردا ئەڭ بۇرۇن فامىلە قوللانغانلارنىڭ بىرى. ئۆركەشنىڭ ۋە دادىسى تەتقىقاتچى، مۇھەررىر نۇرمۇھەممەت ئەپەندىنىڭ فامىلىسى دۆلەت ئىدى. ئۆركەشنىڭ ئائىلە شارائىتى ئۇنىڭ بىلىم، پەزىلەت ۋە ماھارەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلىشىگە شارائىت ياراتقان. نۇرمۇھەممەت دۆلەت ئەپەندى دۇنياغا داڭلىق شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنى رەتلەپ، تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلىغان. نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلەپ ئۇيغۇرلارغا دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» دېگەن ژۇرنالنى چىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۆركەش دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تالانتى، تەشكىللەش ماھارىتى ۋە ناتىقلىقى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا نامايان بولۇشقا باشلىغان. ئۇ 8 ـ ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان. 1989 ـ يىلىدىكى نامايىشتىمۇ

بىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللىگۈچى بولۇشتىن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، بارلىق نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ داھىيسىغا ئايلانغان. مېنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇشۇمغىمۇ ئۇنىڭ نامايىش جەريانىدىكى يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى ئىلھام بولغان. مەن 1992 ـ يىلى بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارغىنىمدا بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنى ئۆركەش دېگەن ئىسىم بىلەن باغلىۋالغىنىغا شاھىت بولغان ئىدىم.

ئۆركەش دۆلەت بۇ يىل، يەنى 2019 ـ يىلدىكى تىيەن ئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا ئۇيغۇر پاجىئەسىنى ئەڭ جىددىي، ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ قايغۇلۇق ئىبارىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا ئۆركەش دۆلەت خىتايدا ئۆز ئىسمىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى مىسالغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆركەش دېگەن ئىسىمنى قويالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پايخان قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۆركەش ئۇيغۇرغا يۈرگۈزۈلگەن مىللىي كەمسىتىشكە ئۆزىنى مىسال ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ 30 يىلدىن بېرى پاسپورت ئالالمايۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن 30 يىلدىن بېرى كۆرۈشەلمەي كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىدىن باشقا خىتايلاردىن بولغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى رەھبەرلىرى ۋە خىتاي كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، پەقەت ئۆزىنىڭلا ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆركەش دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇمنى باشقىلارغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ چەكلىنىشى بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ، بىز

كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنى دىنىي ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىش مەسىلىسى دەپ قارىمايدۇ. ئۇ مەسىلىنى خىتاينىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى دۈشمەن دەپ قارىغانلىقىغا ۋە يوقاتماقچى بولغانلىقىغا باغلىدى. ئۇ «ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلۇم ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى سەۋەبلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەت ياكى سۆزلەردە بولغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن» دېدى. ئۇ ئۇيغۇلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتىنىڭ تىيەن ئەنمېندە بولغان قىرغىنچىلىقتىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئامېرىكا سىياسىيونلىرىنىڭ سەمىگە سالدى.

ئۆركەش دۆلەت جىددىي بىر يىغىنى بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبتىن گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدىن بۇرۇنراق چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتتە ئۇيغۇر پاجىئەسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ۋە بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەنلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئۆركەش دۆلەت 1989 ـ يىلى مۇھاجىرەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشتى. بولۇپمۇ 2009 ـ يىلدىكى ئۈرۈمچى تومۇز پاجىئەسىدىن كېيىن، ئۇ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا ھەمدەم بولۇپ كەلدى. ۋەتەنىدە لاگېرلار قۇرۇلۇپ ئۈچ مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنى تەيۋەندە ۋە باشقا خەلقئارالىق مېدىيالاردا ئىزچىل پاش قىلىپ، قەلەمگە ئېلىپ ۋە نۇتۇقلاردا، يىغىنلاردا تەكىتلەپ كەلمەكتە.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## گۈل ئانا ۋە «ئۇيغۇر كۆنى»

گۈلنار ئىمام نورۋېگىيەدە ياشايدىغان ئانا تىل پىداكارى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم كىچىك ئوغلى كۆرەش ئوقۇيدىغان يەسلىدە ئۇيغۇر كۆنى قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئوغلى ئۆتكۆرنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئۇيغۇر كۆنى قىلىپ مەدەنىيىتىمىزنى نامايان قىپتۇ. مەنچە ئۇنىڭ بۇ تەجرىبىلىرى ھەممەيلەننىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. يىغا ـ زارە ۋە غەزەپلەنگەن ئاۋازلىرىمىز بىلەن ۋارقىراپ زۇلۇمنى ئاڭلىتىش يېگانە ئۇسۇل ئەمەس. بىز چوقۇم پەرقلىق ئۇسۇللارنى ئويلاپ چىقىشىمىز كېرەك. گۈلنارنىڭ ئۇسۇلى شۇ پەرقلىق شەكىللەرنىڭ بىرى. بىز ئاۋۋال ئۇيغۇرلۇقنىڭ گۈزەللىكىنى چۈشەندۈرسەك، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا بۇ گۈزەللىكنىڭ بۇگۈنكى قىسمىتىنى سورايدۇ. بىز بۇ پۇرسەتتە دەردىمىزنى ئاڭلاتساق، قايىل قىلارلىق بولىدۇ. مەسىلەن، مەن گاچا فىرانسۇزچەم بىلەن سىنىپتا نورۇزىمىز بارلىقىنى دېدىم ۋە مىللەتنىڭ 3 مىليون ئەزاسى قامالغاچقا، ھازىر قۇتلايدىغان كەيپىيات ۋە ئادەم يوق دېدىم. ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن. ئۇيغۇر پاجىئەسىدىن ئەمەس، ئۇيغۇر دېگەن ئىسمدىن ئوقۇتقۇچى قوشۇلغاندا 16 ئادەمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن، ئەڭ تۆۋىنى تولۇق كۇرۇسنى تۈگەتكەن، كىچىكى 25 ياش. دېمەك، يوقىتىلىۋاتقان مەدەنىيىتىمىزدىن 99 پىرسەنت ئادەمنىڭ خەۋىرى يوق. شۇڭا ھەر بىرىمىز قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىشىمىز كېرەك.

دەۋا دەپ تار يولغا قىستالمىساقمۇ، سەھنە تالاشمىساقمۇ،

تەشكىلات ۋە جەمئىيەت قۇرۇشتا بەسلەشمىسەكمۇ بولىدۇ. دەۋا قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىدار، ئەمەلدار بولۇشىمىز شەرت ئەمەس. بىزنى بىلمىگەن، زۇلۇمنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرگە سۆزلەش بىزنىڭ بۇرچىمىز. قۇللۇق، مەھبۇسلۇق ۋە خورلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلمىغانلارغا ھېس قىلدۇرۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

بىز زالىملىقتىن قۇتۇلغانلارغا بۇ دۇنيادا ھېلىمۇ زالىملىقنىڭ، فاشىستلىقنىڭ، قۇلدارلىقنىڭ، ۋەھشىيلىكنىڭ يامراپ بىر مەدەنىيەتنىڭ خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى قولىمىزدىن كەلگەنچە ئاگاھلاتساقمۇ دەۋا قىلغان، دۇئا قىلغان، ساۋاب تاپقان، ئىنسانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز.

دېمەكچى، دەۋا قىلىش، زۇلۇمنى پاش قىلىش ئۈچۈن پەقەتلا تەشكىلات قۇرۇپ، نامايىش قىلىپ، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلاردا بولۇش شەرت ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلاردىن باشلاپ قىلساق، تۆگىمەس پۇرسەتلەرنىڭ بىزنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز گۈلناردىن ئۆگىنەيلى، قېنى كىم باللىرىنىڭ مەكتىپىدە ئۇيغۇر كۈنى قىلىدىكىن؟

**تۆۋەندىكىسى گۈلنار خانىمنىڭ تەجرىبىلىرى**

يەسلىدە ئۇيغۇر كۈنى قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ئۇيغۇر كۈنىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە كاللىمىزدا پىلان تۈزۈۋالغان ئىدۇق. كېيىن توپتىكى ئۇستازلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بەزى يېڭى پىلانلارنىمۇ قىلدۇق. لېكىن بۇگۈنكى پائالىيەتكە تەييارلىقىمىز يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى دەپ ئويلايمەن. ئەسلى پىلاندا بىز ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر باللارغا خاس سىن ئىشلىمەكچى، بۇنى دادىسى مەسئۇل بولۇپ ياسايدىغان بولغان. لېكىن پۇرسەت بولمىدى.

مەن باللار ئۈچۈن قىزىقارلىق تېپىشماقتەك بىر ئويۇن تەييارلايلى دەپ ئويلىغان. لېكىن ئوغلۇم ئۈكىسىنىڭ يەسلىسىدە ئوينىغان ئويۇننى قىلايلى دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئويۇننى ئوينىدۇق. پەيشەنبە كۈنى ئىدارىدە ئالتە سائەت دەرس ئۆتۈپ كېلىپ بەك چارچاپ كەتكەنلىكىم سەۋەبلىك باللارغا سامسا قىلىپ چىقىش پىلانىمنى كىچىك پىتىر توقاچقا ئالماشتۇرۇۋەتتىم. ئالدىمىزدا مۇئەللىمنى ئۇزىتىش يىغىلىشىمىز بار. تاماقنى شۇ يەرگە قىلىپ باراي دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە بۇندىن كېيىنكى پائالىيەت كۈنلىرىدە سىلەرگە ئەسقىتىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۈگۈنكى پروگراممىمىزنىڭ تەرتىپىنى نومۇر قويۇپ يېزىپ قوياي.

1. مەن ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، ھەممەيلەننىڭ «ئۇيغۇر كۈنى»گە كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىقىمىزنى ئېيتتىم.

2. بالام powerpoint تا ئىشلىگەن ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنى ۋە ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇردى. قىسقىچە تارىخىمىز، تىلىمىز، دىنىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ قىسقىچە جۇغراپىيەسى، ھاۋا كىلىماتى، مېۋە، يەل يېمىش، كىيىم ـ كېچەك، مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇلىمىز، تاماقلىرىمىزنى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تونۇشتۇردى. ئېكرانىدا ئاساسلىقى رەسىملەر ۋە ماۋزۇ چىقىپ تۇردى. قالغىنىنى ئۆز تىلىدا ئۆگەنگەنلىرىگە ئاساسەن ئاغزاكى بايان قىلدى. ماڭا كېرەك دېگۈچىلەرگە بۇ ماتېرىيالنى ئەۋەتىپ بېرىمىز.

3. «راكا راكا دۇم»نى ئاڭلىدۇق. باللار ناخشىنى بەك ياخشى كۆردى. ئوقۇتقۇچىلار بەرنانىڭ ناخشا ئېيتىش تالانتىغا تاڭ قالدى.

4. ئۇيغۇرچە سۆز ئۆگىنىش ئويۇنى ئوينىدۇق. باللار خالىغان بىر نورۋېگچە سۆزنى دېدى. بالام ئۇيغۇرچىسىنى دەپ ئۆگىتىپ قويدى.

5. دادىسى قىسقىچە قىلىپ ئىسلام، ئىسلام كالېنـدارى، رامىـزان ئېيـى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. نېمە ئۈچۈن روزا تۇتىمىز؟ قانـداق روزا تۇتىمىـز؟ رامىـزان ئېيـىدا يەنـە قانـداق ئىشلار بـار؟ ئانىدىـن ھېيتنـى سـۆزلىدى.

6. ئانىدىـن دادىسـى سـەنۇبەر تۇرسـۇننىڭ بىـر ناخشىسـىغا چېلىـپ بـەردى. مـەن ناخشىسـىنى ئېيتىـپ بەردىـم. ئارىلىقتا ئۇسسـۇل ئوينـاپ بەردىـم.

7. ئانىدىـن تىزىـپ قويغـان كۆرگەزمىنـى كـۆردۇق. بالىـلار ۋە مۇئەللىملـەر بـەس ـ بەسـتە سوئـال سورىـدى. بالىـلار دوپپىلارنـى بـەك ياخشـى كـۆرۈپ كىيىۋالـدى ۋە مەنىدىـن رەسـىم تارتىـپ ئاپـام بىلـەن دادامغـا ئەۋەتىـپ بەرسـىڭىز بولىـدۇ، دېـدى.

8. ئانىدىـن يەنـە ئولتـۇرۇپ، مـەن تەييارلىغـان بىـر ماتېرىيـال بىلـەن ئۇيغۇرلارنىـڭ ئەھۋالىنـى تونۇشـتۇردۇم. بۇنـى «ئىنسـانلار نېمشـقا ۋەتىنـى تـۇرۇپ دۆلەتتىـن دۆلەتكـەن كۆچـۈپ يۈرىـدۇ؟» دېگـەن سـوئالدىن باشـلىدۇق. بالىـلار سـەۋەبلىرىنى ئـۆزى قـول كۆتـۈرۈپ دەپ، سـىنىپتىكى ھەممەيلەنـنى بەك ھاياجانغا سـالدى. ئاندىن ئۇيغۇرلار نېمە سەۋەبتىن كۆچمەن بولدى؟ دەپ خىتاينىڭ زۇلۇمىنـى بالىلارغـا بايـان قىلىـپ سـۆزلەپ بەردىـم. بۇنىمـۇ كېرەك دېسـەڭلار ئەۋەتىـپ بېرىمـەن.

9. ئانىدىـن ئۆگەنگـەن ئۇيغۇرچە سـۆزلەردىن ئىمتىھان ئالدۇق، يەنى بىر باشـتىن سورىدۇق. 16 بالا ئېسـىدە تۇتۇۋاپتۇ.

10. ئاخىرىـدا يازلىـق تەتىللىـك كىتـاب ئوقۇشـىغا بىـر كىتـاب تىزىملىكى (ئىسـلام، كىشـىلىك ھوقۇق، كۆچمەنلەر ھاياتى، يېڭى دۆلەتتـە يېڭـى ھايـات، باشـقا ئەلدە ئانا تىـل ئۆگىنىش، كۆچمەن بولـۇپ كەلگـەن بالىـلار ھەققىدىكـى كىتابـلار) ۋە شـەرىپە مۇئەللىم

لايىھەلەپ بەرگەن كىتاب قىسقۇچنى تارقاتتۇق. باللار ئاجايىپ ياخشى كۆرۈپ كەتتى.

11. ئاندىن ساغلام، ھالال كەمپۈت خالتىسى تارقاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

باللار دوپپىلىرىنى كىيىپ تىزىشقا، مەيدانغا چىقىپ تەنەپپۇس قىلدى. ئاندىن قايتىپ كىرگەندە باللارنىڭ دوپپىسىنى سالغۇسى كەلمەي قالدى. پۈتۈن كۈن كىيسەك بولامدۇ؟ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دوپپىلارنى بىر كۈن كىيگىلى دەپ باشلىرىغا كىيىلگەن پېتى قويۇپ قويدۇق. دېمەكچى بىر كۈن ئالماي كىيىپتۇ.

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

## ماتەم كەلدى ئۇيغان ئۇيغۇرۇم

ۋەتەندىن يەنە بىر مۇسىبەت:

ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن بىرى، تىز پۈكمەس دىيارىمىز خوتەننىڭ غۇرۇرى، ئەسەرلىرى بىلەن ئەلنىڭ يىغىسىغا يىغلاپ، كۈلكىسىگە كۈلگەن يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ساقچىلار تەرىپىدىن ئائىلىسىگە ئۆلۈك ھالدا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

مەرھۇم يازغۇچى ۋاپات بولۇشتىن يەتمىش كۈن بۇرۇن سورايدىغان گەپ بار دېگەن باھانە بىلەن ساقچىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئېلىپ كېتىلگەن كۈنىلا كېسىلى قوزغىلىپ قالغان، ئەمما دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىگە نۆۋەت تەگمەي يەتمىش كۈن ساقلىتىلغان ۋە 6 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جەسىتى بېرىلگەن. جەسەت بېرىلگەندە پۈتلىرىدىكى كىشەن تېخى ئېلىۋېتىلمىگەن. مەرھۇمنىڭ لاگېردا ياكى لاگېردىكىلەر قامالغان بىر دوختۇرخانىدا قازا تاپقانلىقى ياكى سوراقتا قىيناققا ئېلىنىپ ئۆلۈپ كەتكىنى ئېنىق ئەمەس، ئەمما تۇتقۇن جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكىنى ئېنىق. ئاللاھ مەرھۇم ئۇستازنىڭ روھىنى ئەمىن قىلغاي.

بۇ ماتەملىك خەۋەر يۈرەكنى مۇجۇدى، ئەمما بىز بۇ مۇسىبەت سەۋەبلىك مۈكچىيىپ كەتمەيمىز. لاگېردىكىلەر ۋە قاماقتىكىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئۆلۈمگە شاھىت بولماسلىق ئۈچۈن قولىمىزدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىمىز.

1949 - يىلى 12 - ئايدا خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۈل

يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1966 ـ يىلى خوتەن شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1973 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومدا كاتىپ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. گەرچە ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى كېچىكىپ باشلانغان. بىز ئۇنىڭ كېيىنكى مول، ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ئىجادىيەت ھاياتىغا نەزەر سالغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كېچىكىپ باشلانغانلىقىنى قانداقتۇر كېيىن قېلىش ئەمەس، بەلكى كېيىنكى مول ئىجادىيەت ھاياتى ئۈچۈن كۈچ، جۇغلانما توپلاش باسقۇچى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. «ئەدەبىي ئەسەرلەرنى جىق ئوقۇيتتۇم، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدىكى ئابدۇللا قادىرى، ئايبېك، مىرزا كېرەمبايېوف[5]، سەدىردىن ئەينىدىن، رۇس ئەدەبىياتىدىن گوگۇل، لېرمۇنتوف، چېرنىشۋسكى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتۇم. تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ‹زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى›نى مەن بابلىرى بويىچە يادلىۋالغان ئىدىم. نەسر ئىجادىيىتىمدىكى تىل ئىشلىتىشىمدە لۇ شۈننىڭ، جىبراننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى كۆپ بولدى. ئەگەر ئەدەبىياتتا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيەلىنىش ياخشى بولمىسا ھامان بىر يەردە چېنىپ قالىدۇ. ئەمەلىي ئوقۇش كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ. رومانلارنى توختىماي ئوقۇپ قويۇش كېرەك. بىز 60 ـ يىللاردا مەيلى تاشكەنت، ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىپ بىزگە كىرگەن كىتابلار بولسۇن، مەيلى بېيجىڭدا نەشر

---

[5] «پارلاق يول» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى

قىلىنغان كىتابلار بولسۇن ئۇيغۇرچىسى چىققانلا بولسا ھەممىنى ئوقۇپ چىققانىدۇق».

ئۇ ھازىرغا قەدەر بەش پارچە پوۋېست، ئەللىك نەچچە پارچە ھېكايە، بىر نەسرلەر توپلىمى، ئوتتۇز پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، قىسسە ۋە ئەسلىمىلەرنى... ئېلان قىلىپ روشەن خاراكتېرلىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۆزگىچىلىك، ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان كەيپىيات ـ تەسىرات پەيدا قىلىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە يول تۇتقان، بولۇپمۇ تىل ئىشلىتىش، بايان سەنئىتىدە ئۆزگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرەلىگەن تەسىر كۈچى زور يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. قىسقىسى، «ئۇنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىزدىكى ئەسەرلىرىنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، ساپاسى بىلەن داڭق چىقارغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى».

يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى 1984 ـ يىلى «قاشتېشى»دا ئېلان قىلىنغان «بويناق ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق نەسرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغاندىن تارتىپ، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «بەش تۇپ سەگۈ تېرەك»، «ئاجايىپ كەسپى ئائىلە»، «ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي»، «ئالتۇن»، «سېخىيسەن ئانا دەريا ـ يۇرۇڭقاش»... قاتارلىق ھېكايىلىرى، «شاھ مەشرەپ خوتەندە»، «قوشتاغدىكى مۇشائىرە»، «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ»... قاتارلىق مۇنەۋۋەر تارىخىي ھېكايىلىرى، «ئامانەت»، «شەھلا كۆز»، «چۆل ئوغلى»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ناملىق پوۋېستلىرى، «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق نەسرلەر توپلىمىنى ئېلان قىلىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى ۋە ئۆزىدىكى ئەدەبىي

جۇغلانمىنى نامايان قىلدى. ئىستىبداتلىق بۇ يازغۇچىمىز جەمئىيەتتىكى بەزى ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى ھەم كىشىلەرنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە بولغان ئىنكاسىنى پەقەت ھېكايە، پوۋېست بىلەنلا ئىپادىلەپ بەرگەندە تېز، دەل ۋاقتىدا خەلققە يەتكۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىپادىلەشتە ھېكايە، رومانغا قارىغاندا «شامالدەك تېز»، «كاتىردەك يېنىك» بولغان ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىغىمۇ قول ئۇزارتتى. ھەرۋاقىت ئاۋام ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئالغا ئىنتىلىۋاتقان، تىرىشىۋاتقان ياشلىرىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبىگە  ئۈلگىلىك ماياك تىكلەشنى ئويلاشقان يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى مانا مۇشۇنداق بىر جەڭگىۋار ژانىرنى ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم قازىنىش بىلەن بىللە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى.

نۇرمەمەت توختى ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەسلىمە، ئەدەبىي خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىپ جەمئىيەتتىكى خەلق ئاڭلىغان، كۆڭۈل بۆلگەن، بىلىشكە قىزىققان نۇرغۇن زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، بۇلاردىن كىشىلەرنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن خەۋەردار قىلدى. ئۇ ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدا ئەتراپىمىزدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىلىق ئۇچۇر بېرىپ، خەلقنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي يەنە سىياسىي ساھەدىكى، كارخانا ساھەسىدىكى، ئىجادىيەت ساھەسىدىكى يولباشچى شەخسلەر توغرىلىق يېزىپ ئىزدىنىۋاتقان، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىۋاتقان ياشلارغا ئۆز ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى قەھرىمانلىرى ئارقىلىق ئىلھام ۋە مەدەت بەردى، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەتلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كىشىلەرگە تونۇتتى، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ساخاۋەتلىك ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ ئۇلارنىڭمۇ قەلبىنى ئىللىتتى

ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتتى، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان داڭلىق شەخسلىرىمىزنى ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. بەلكىم يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكى ۋەقەلەرنى باشقىچە ژانىر بىلەن يازغان بولسا، ھازىرقىدەك ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشى ناتايىن ئىدى. يازغۇچى ئەدەبىياتتىكى «چەۋەنداز ژانىر»نى تاللاش بىلەن بىرگە يەنە، ئەدەبىي ئاخباراتنى قانداق قىلغاندا خەلق ياقتۇرغۇدەك قىلىپ يازغىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا ھەم ئېستېتىك زوق بېغىشلىغىلى ھەم تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بولغان ئىجادىيەت مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، تىرىشىش، يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىنىڭ سەۋىيەسىنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرەلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ تەرجىمھال 2009 ـ يىلى يېزىلغان.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

## ئۇيغۇردىن دالايلاما چىقسۇنمۇ؟

2016 ـ يىلى رامىزانىدا «ئۆزگىرىش مارشى» دەپ بىر ھەرىكەت باشلاپ ھەر كۈنىگە بىردىن يازما يوللىغان ئىدىم. شۇلارنىڭ قاتارىدا «داھىي ئىزدەيمىز» دېگەن بىر ماقالىمۇ بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈنلەردە ئارىمىزدا بىر دىنىي داھىي چىقىرىپ ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈش، دالاي لامادەك بىر دىنىي داھىي ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ھەرىكەتكە ئۆتۈش ھەققىدىكى ئارزۇلارنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. «داھىي ئىزدەيمىز» دېگەن ماقالەمدە سىياسىي داھىي ھەققىدە توختالغان ئىكەنمەن. بۇ قىسقا يازمامدا كىشىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدىكى دالاي لامادەك دىنىي داھىي چىقىرىش ئارزۇسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى يازغۇم كەلدى.

كىشىلىرىمىز ئۆزۈندىن بۇيان دالاي لاماسى بولغان تىبەتلەرنىڭ دەۋاسىغا قايىل بولغىنى ئۈچۈن ۋە ئۇلاردىكى بىرلىكنى خاتا ھالدا كۆپتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دەۋادىكى تەرەققىياتىنى بىر دىنىي داھىينىڭ بولغانلىقىغا باغلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بىزدىنمۇ بىر دىنىي داھىينىڭ بولۇشىنى مۇھىم بىلگەن بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنداق ئويلاشنى ۋە ئارزۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئارىمىزدىن دىنىي داھىي چىقىرىش ھەققىدىكى بۇ تەكلىپ ئەقلىگە ئۇيغۇندەك، مۇھىمدەك تۇيۇلغان بىلەن ئۇنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكى، مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكى، ئەگەر مۇمكىن بولسا قانچىلىك مۇمكىن ئىكەنلىكى ئويلىنىدىغان مەسىلە.

تەكشۈرۈشىمچە، ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ

مۇسۇلمانلار ۋە بىر قىسىم سوپىلىق تەرىقەتلەرگە ئەگەشكەنلەردىن باشقا مۇسۇلمانلاردا دىنىي داھىي دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ مۇنداق بىر ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ ئۇقۇم گەرچە خىرىستىيانلارنىڭ بەزى مەزھەپلىرىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، پەقەتلا سىمۋول خالاس، ئۇنىڭ ئەمەلىي رولى يوقنىڭ ئورنىدا. شۇڭا خىرىستىيانلاردا نامدا بار، ئەمەلدە يوق بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۇيغۇردا بولۇشىمۇ زۆرۈر ئەمەس ھەمدە بۇ ئۇقۇم بىزگە بىرەر ئەمەلىي قىممەت ۋە ئەھمىيەتنى ئاتا قىلالمايدۇ.

دىنىي داھىي ئۇقۇمى تىبەتلەردە بار. چۈنكى، دىنىي داھىيلىق تۈزۈمى تىبەت بۇددىزمىدا مەۋجۇت. تىبەتلەردە دىنىي داھىينىڭ ئەمەلىي رولى بار. تىبەتلەر ھەقىقەتەنمۇ دالايدەك بىر دىنىي داھىيسى بولغانلىقى بىلەن تەلەيلىك. دالاي لاما دېگەندىكى تالوي، تالاي دېگەن ئەسلى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، دېڭىز دېگەن مەنىدە. بۇ نام ئۇيغۇرلار باخشى ـ ئۇستازلىق مەرتىۋىسىدە بولغان موڭغۇل ئوردىسى تەرىپىدىن تىبەت بۇددىزمىنىڭ ئالىي رەھبىرىگە بېرىلگەن. ئەمما بۇ ئۇقۇمنى ئۇيغۇردەك مۇسۇلمان مىللەتكە تەتبىقلاش شۇ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ۋە باشقا تارىخى باسقۇچلاردا بولمىغان، بۇ ئۇقۇم غوللۇق ئىسلام چۈشەنچىسىدە بۇرۇنمۇ مۇمكىن بولمىغاندەك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدا بۈندىن كېيىنمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلىق بىر مىللەتنىڭ تاللىشى ئەمەس شەخسنىڭ تاللىشى بولغان. ھەر بىر قوۋمنىڭ بىردىن دىنىي داھىيسى بولغان ئەمەس، بەلكى ھەر بىر قوۋمغا ھەقنى يەتكۈزگۈچى بىردىن پەيغەمبەر كەلگەن. ئەمما ئاللاھ ھېچبىر پەيغەمبەرگە پۈتۈن بىر مىللەتنى ئۈممەت قىلىپ بەرمىگەن.

بىر مىللەتكە ئەمەس شەخسكە چۈشىدىغان، نازىل قىلىنىدىغان ۋەھىي ئۈچۈن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى تاللىغان ۋە ئۇلارنى ھەقنى

تەۋسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. تارىختا ئاللاھتىن ۋەھىي ئالغان پەيغەمبەرلەر ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن بىر شەخس سۈپىتىدە جامىنىڭ يېتىشىچە كىشىلەرگە ھەقنى يەتكۈزگەن. ئەمما ئاللاھ ھېچبىر پەيغەمبەرگە بارلىق ئىنسانلارنى دىنغا كىرگۈزۈشنى، بىر مىللەتنى پۈتۈنلەي بىر دىندا قىلىشنى بۇيرۇغان ئەمەس.

ئىسلام پەيغەمبىرىمىزدىن ئىبارەت مۇبارەك بىر شەخسكە چۈشۈپ، تەدرىجىي بىر جامائەتنىڭ دىنى بولغان، ئاندىن قىتئەلەرگە كېڭەيگەن. دىنىمىز ھەرگىزمۇ بىر مىللەتكە چۈشۈپ، شۇ مىللەتنىڭلا دىنى بولغان ئەمەس. ھازىرمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەس. ئىسلام دېسە كىشىنىڭ ئەقلىگە ئەرەبلەر كەلگەن بىلەن، خىرىستىيان ئەرەبلەرنىڭ سانى بارلىق ئۇيغۇرنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ.

شۇڭا مەيلى تارىختىن، ئىسلام دىنىدىن ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن قارايلى، مىللەتكە ئەمەس شەخسكە چۈشكەن، قىيامەتتە شەخسلەردىن قىلغان ئەمەللىرى ھەققىدە ھېساب ئېلىنىدىغان بىر دىنغا ئىشەنگەن ئۇيغۇرنىڭ، ئورتاق بىر دىنىي داھىيسى بولۇشنى ئارزۇلاش زۆرۈر ئەمەس.

ھەر بىر ئىنساننىڭ دىلىغا خىتاب قىلىدىغان، ئادەمنىڭ تىلىنى نەشتەرلىكتىن توسۇپ، قىلىقنى قىلىقسىزلىقتىن تۈزەيدىغان دىنىمىز ھەققىدە قىيامەتتە ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز بېشى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. شۇڭا كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى ھۆرلۈككە دەۋەت قىلىدىغان دىنىمىزغا بىردىنبىرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان، مۇستەبىتلىكنى، قۇلچىلىقنى، ئەگەشمىلىكنى پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق روھانىي رەھبەر، دىنىي باشلىق، مەنىۋى باشچىلار كېرەك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىمىزگە بىردىن باش ياراتقان، ھەممە ئادەم ئاللاھ بەرگەن شۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ـ ئىشلەتمىگەنلىكى بىلەن سوراققا تارتىلىدۇ.

ئۇيغۇرغا مۇھاجىرەتتە دالاي لامادەك دىنىي داھىي ئىزدەپ،

بارلىق ئىشلارغا بىرلا كىشىنى مەسئۇل قىلىش، قۇتۇلۇشنى بىرلا دىننىي نىجاتچىدىن كۈتۈش خاھىشى ھېچبىر ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنە دىننىي داھىينىڭ چىقىشىنى كۈتۈش مۇسۇلمانلىققا توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى زاماندا دۇنيا دىن ۋە مەزھەپ توقۇنۇشلىرىغا پاتقان ۋەزىيەتتە بىر مىللەتنىڭ بىر ئۆمۈر بىرلا دىنىي داھىيغا ئەگىشىشى خەيرىلىك ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇ ھەۋەس قىلغۇدەك ئىش ئېخمۇ ئەمەس. تىبەتلەرنىڭ شۇ دالاي لاما قازا قىلسا يوقىتىدىغانلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق، بىرلا ئادەمگە يۆلەنگەن بۈگۈنكى دىنىنىڭ، دەۋانىڭ، تەپەككۇرىنىڭ قانچىلىك ئۆمرى بارلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

دالاي لامانىڭ بولۇشى تىبەتلەردە ئۇلارنىڭ لاما دىنى تەلەپ قىلغان ئىش. ھالبۇكى، بىزدە ئۇيغۇرنىڭ ئىسلام ئەنئەنىسىدە بولغان، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. دىنىي مەسىلىمىزدە 2016 - يىلى قۇرۇلغان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ بولۇشى يېتەرلىك. بىر توپ ئۆلىمالار تۇرغان يەردە مەخسۇس بىر دىنىي داھىينى باش قىلىش بۈگۈنكى تەخىرسىز زۆرۈرىيەت ئەمەس. ئەگەر دىنىي داھىي ئىزدەشكە ئاللاھ ئۇ دۇنيادا ئالىدىغان ھېسابنى، سوئال - سوراقنى بۇ دۇنيادا شۇ بىرلا ئىنسانغا تاپشۇرۇپ خاتىرجەم بولۇش، بىر داھىينىڭ دۇئاسىدىن نىجاتلىق كۈتۈش، دىنىي چۈشەنچىلەردە شۇ بىرلا داھىيغا بېقىنىش، دىن ھەققىدىكى ئىلىم ۋە مەلۇماتلارنى بىرلا ئادەمگە تاپشۇرۇپ مۇستەقىل تەپەككۇردىن، تەنقىدىي ئويلىنىشتىن، ئەركىن ئىزدىنىش ۋە مەسئۇلىيەتتىن قېچىش خاھىشى يوشۇرۇنغان بولسا تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# «قۇرئان»چە ۋە ئۇيغۇرچە پىتنە

## 1. بۇلاقنىڭ بېشى لاي ئىدى

«پىتنە» ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز. تىلىمىزدا بۇ سۆزگە پارسچە «خور» دېگەن قوشۇمچە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن كۆپ. بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئىلىملەر، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن كىرگەن بولسا، بەزىلىرى مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تىجارەتتىنكى تەسىر جەريانىدا پارس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا سىڭىپ كىرگەن. شۇڭا ئۇيغۇرچىغا كىرگەن بەزى ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئەسلى تەلەپپۇزغا ئەمەس پارسچە تەلەپپۇزغا يېقىن.

ئۇيغۇرلاردا سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلىپ مىللىي ئاڭ ئاجىزلىغاندىن كېيىن، مەدرىس مائارىپىدا پارس تىلى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ ئەرەب تىلى ۋە بارلىق دىنىي ئىلىملەر پارس تىلىدا ئوقۇتۇلغان. بىز كىچىكىمىزدە ئايەت ئۆگەنگەن، ھەپتىيەك كۆتۈرۈپ يۈرگەن چاغلاردا دەرسخانىدىكى ئاتالغۇلار پارسچە ئىدى. مەسىلەن، «يەك زەبەر، دۇ زەبەر» دېگەنلەر پارسچە بولۇپ، بىر زەبەر ۋە ئىككى زەۋەر دېگەن مەنىدە. ھەپتىيەك دېگەن سۆزمۇ پارسچە بولۇپ، قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىر قىسمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ھالەت تاكى يېقىنقى يىللارغا قەدەر داۋام قىلغان.

ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر پارسچە

تەلەپپۇزنى ساقلىغاندىن باشقا ئىستېمالدا ئۆزگەرگەن، يەنى ئەسلى ئەرەبچە مەنىسى يوقۇتۇپ ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن. بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا سۆزلەر قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەنىلىك سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بولۇپ كېتىدىغان ياكى ئەكسىچە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىر مەنىلىك بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن «دىن»، «هايۋان»، «مىللەت»، «پىتنە»، «زەربە» سۆزلىرى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندىن كېيىن بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر بۇ ئامىل نەزەرگە ئېلىنماي، ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىدە بۇ سۆزلەر ئۇچرىغان هامان ئۇيغۇرچىدا بارغۇ دەپ ئويلاپ، ئۇيغۇرچىغا شۇ پېتى يېزىپ قويۇلسا مەسىلە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدىكى «زەربە» سۆزى «زەربە بېرىش، ئۇرۇش» دېگەندىن باشقا «ئايرىۋېتىش» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆزنىڭ پەقەت «زەربە بېرىش» دېگەن بىر مەنىسىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇنى ئويلاشمىغاندا قۇرئاندىكى «ئاياللارنى ئايرىۋېتىڭلار»[6] دېگەن مەنىدە كېلىۋاتقان «زەربە» سۆزىنى «ئاياللارنى ئۇرۇڭلار» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ. «هايۋان» سۆزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ سۆز ئەسلى ئەرەب تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، هاياتلىق، جانلىق، هايۋان دېگەن مەنىلىرى بار. قۇرئاننىڭ مەھەممەت سالىھ داموللام تەرجىمە قىلغان، تۈركىيەدە چىققان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئەنفال سۈرىسى 22 ـ ئايىتىدە بۇ سۆز خاتا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە هايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى گاس بولۇۋالغان، گاچا بولۇۋالغان، ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەردۇر». ئېنىقكى، بۇ يەردە

[6] نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت

گەپنىڭ بېشى ھايۋان بىلەن باشلىنىپ ئاخىرى كىشىلەر بولۇپ قالغان، سەۋەبى ئەرەب تىلىدىكى ھايۋان سۆزىنىڭ جانلىقلار، ھاياتلار، ھاياتلىقلارغا قارىتىلغان مەنىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ۋە تەرجىمىدە شۇ سۆزلەردىن مۇۋاپىق بىرى تاللانمىغاچقا تەرجىمىدە خاتالىق كېلىپ چىققان.

## 2. پىتنە دېگەن زادى نېمە؟

ماقالىمىزدە مۇلاھىزە قىلىنىدىغان «پىتنە» دېگەن سۆزدىمۇ يۇقىرىقى ھادىسە مەۋجۇت. بۇ سۆزنىڭ مۇھىملىقى، بىرى بۇ بىر ئادەتتىكى سۆز ئەمەس، قۇرئاندىكى مۇھىم بىر ئۇقۇم. يەنە بىرى بۇ ئۇقۇمنىڭ خاتا چۈشىنىلىشى سەۋەبلىك ئادەتتىكى ئىشلارمۇ ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، نەتىجىدە كىشىلەردە پىتنىدىن قورقۇش پسىخىكىسى ئەۋج ئېلىپ تەنقىد بېرىش، پىكىر قىلىش، تەكلىپ - لايىھە سۇنۇش دېگەنلەرمۇ يوقاپ، كىشىلەر سۈكۈتنى ئەلا بىلىدىغان ھالەتكە يۈزلەنمەكتە. پىتنە سۆزىنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئاياللارغا، تەنقىدچى ۋە باشقىچە پىكىر قىلغۇچىلارغا كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش ۋە زەربە بېرىش ئۈچۈن كۆپرەك قوللىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يېشىپ بۇ كېسەل روھىي ھالەتنى تەھلىل قىلىش مۇھىم بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلىدا «پىتنە» تۆھمەت، يالغان، ئۆسەك سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ «ئىغۋا»، «پاسات» سۆزلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. بۇ سۆز ئادەتتە «يامان سۆز، ئاساسى يوق گەپ، قۇتراتقۇ ئىبارە» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ سەلبىي مەنىسى بۇندىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا مۇقىملاشقان بولۇپ، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دېگەن كىتابتىمۇ «پىتنەگەر» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ.

مەنىسى پىتنە پەيدا قىلغۇچى.

«پىتنە» سۆزى ئەرەبچە لۇغەتتە «سىناق، ئىمتىھان، زارلىنىش، بىر نەرسىنى ياقتۇرۇش، پىكىر ئوخشاشماسلىقى، قالايمىقانچىلىق، ساراڭلىق، زالالەت، ئازغۇنلۇق، ئالداش، زوراۋانلىق، قىيىن-قىستاق، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بالا - قازا، مۇسىبەت، يامانلىق، مىننەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ سۆز تۈركچىدە «ئازدۇرۇش، يولدىن چىقىرىۋېتىش، پاسات، ئارىسىنى بۇزۇش، ئىختىلاپ، ئاپەت، مۇسىبەت، قىيىنچىلىق، بالا - قازا، جازا، ساراڭلىق، دىنسىزلىق، ۋەھشىيلىك، قالايمىقانچىلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ كەلىمە قۇرئاندا 30 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كۆپ مەنىلىك ئۇقۇملاردىن بىرى. پىتنە قۇرئاندا ئىمتىھان (بەقەرە، 102)؛ بالا - مۇسىبەت (ھەج، 11)؛ ئازدۇرۇش (مائىدە، 41)؛ ئالداش (ساففات، 162)؛ قايمۇقتۇرۇش، ئېزىقتۇرۇش (ئەئراف، 27)؛ ساراڭ (قەلەم، 6)؛ ئازاب (ئەنفال، 25؛ زارىيات، 14 - 13)؛ سەۋەب ۋە چارە (ئەنئام، 23)؛ گۇناھ (تەۋبە، 40)؛ ئۇرۇش قىلىش - ئۆلتۈرۈش (نىسا، 91؛ ئەھزاب، 14)؛ قالايمىقانچىلىق، بۇزغۇنچىلىق (ئالئىمران، 7؛ تەۋبە، 48 - 47) ۋە بېسىم، زۇلۇم، ئەزىيەت، يامانلىق (بەقەرە، 191، 193، 217؛ نىسا، 101؛ ئەنفال، 39) قاتارلىق مەنىلەردە كەلگەن.

«پىتنە» سۆزى قۇرئاندا ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش بىر مەنىلىك ۋە پۈتۈنلەي سەلبىي مەنىلىك سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىلمىگەن. مىسالغا ئالساق، مال - مۈلۈك ۋە باللارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بىر «پىتنە» (يەنى ئىمتىھان) ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنغان (ئەنفال، 28). ئىنسانلارغا «پىتنە» (يەنى زۇلۇم، بېسىم، قىيىن - قىستاق، ئەزىيەت ۋە يامانلىق) قىلىشنىڭ ئادەم

ئۆلتۈرۈشتىنمۇ چوڭ ۋە ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىمۇ (بەقەرە، 191، 217) بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان پىتنە ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. قۇرئاندا پىتنە (بېسىم، زۇلۇم، ئاسارەت) تۈگىتىلگىچە كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇلغان.

«پىتنە» سۆزىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئەرەب تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆز بولغانلىقى، تۈس جەھەتتىن مۇتلەق سەلبىي ياكى ئىجابىي دېگىلى بولمايدىغان بىر سۆز ئىكەنلىكى يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم. ئەمما قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆز بەزى جايلاردا خۇددى زەربە دېگەن سۆزنى بىرلا مەنىدە ئالغانغا ئوخشاشلا بىر مەنىدە ئېلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، ئەنفال سۈرىسى 39 ـ ئايەت «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار...». قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇرمەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ئەرەبچە لۇغەت مەنىسىنى ئويلاشمايدۇ. تەبىئىيلا بۇ سۆزنى پىتنە ـ پاسات، پىتنە ـ ئىغۋا دەپ چۈشىنىدۇ. سۈرە مەزمۇنىدىن قارىغاندا بۇ يەردىكى «پىتنە» زۇلۇم دېگەن مەنىدە. ئۇندىن باشقا بەقەرە سۈرىسى 217 ـ ئايەتتە «... پىتنە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر...» دېيىلگەن. ئۇيغۇرچە ئوقۇپ، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئوقۇرمەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا «پىتنە» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى «ئېتىقاد، چۈشەنچە ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلىش، زۇلۇم قىلىش» دېگەن مەنىلىرىنى بىلمىگەچكە، پىتنىخورلۇق قىلىشنى قاتىللىقتىنمۇ ئېغىر گۇناھ ئىكەن دەپ خاتا ئويلاپ قالىدۇ.

### 3. بىزدىكى «قۇرئان»غا زىت پىتنە

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پىتنە سۆزىنىڭ قۇرئانغا زىت ھالدا كۆپرەك ئاياللارغا زۇلۇم قىلىش، ھاقارەت قىلىش، ئۇلارنىڭ

پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقانلىقى كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. پىتنە - پاساتنىڭ ئاياللارغا مەنسۇپ قىلىنىشى مۇستەبىت تۈزۈمدىكى كۆچكە، بايلىققا، ھوقۇققا چوقۇنىدىغان جەمئىيەتتە يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىكى. ئادەتتە پادىشاھلىق، كوممۇنىستلىق ۋە مۇستەبىتلىك ئاساس قىلىنغان ئەللەردە كىشىلەر بىر - بىرىنى باراۋەر كۆرمەيدۇ. بولۇپمۇ جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز كىشىلەر كەمسىتىلىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئاياللار بارلىق يامانلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايان ئىشلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ.

ئاياللارنىڭ پىسخىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەتلىك تارىخىنىڭ بىر قىسمى. ياۋروپانىڭ چېركاۋلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىڭ يىلغا سوزۇلغان قاراڭغۇ يىللىرىدا «ئاياللارنى ئىنسان دېيىش كېرەكمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مۇنازىرە بولغان. ئاياللارنى جامائەتتىن، ھاياتتىن ئايرىپمۇ قانائەت قىلماي تۆمۈردىن تامبال كىيىشكە مەجبۇرلىغان ۋە بۇنى دىنىي مەجبۇرىيەت قىلىپ چۈشەندۈرگەن. خىتايدا ئاياللارنى ئۆيدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى بوغۇلغان ۋە ئۆيدىن چىقماي ئاۋۋال ئېرىگە، ئېرى ئۆلسە ئوغۇللىرىغا قۇل بولۇشنى ئاياللىق ئەخلاقى دەپ تەرغىب قىلىنغان. شىمالى ئافرىقىدا ئاياللارنىڭ خەتنىسى قىلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ قەبىلىۋى ئادەت ئىسلامغا ئۇيغۇن دېيىلىپ داۋاملاشماقتا.

ئاياللارنى قۇل قىلغان، كەمسىتكەن، بوغقان جاھالەتلىك تارىخ ھەممە مىللەتتە بولغان، ئەمما بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا بەزىلەرنىڭ ئاياللارنى پىتنە مەنبەسى دەپ قۇرئاننى دەستەك قىلىشى ھەقىقەتەن يىرگىنچلىك. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلىپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىلمەستىن ئەسلى قۇرئان ۋە ھەدىستە باشقا مەنىدە كېلىۋاتقان

كۆپ مەنىلىك پىتنە ئۇقۇمىنى ئۇيغۇرچە پىتنە دېگەن بىرلا سۆزگە باغلاپ، ئايالّلارنى كەمسىتىشنى دىنغا ئۇيغۇن قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى ئاياللارنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرمەسلىكنى، ئۇرۇشنى ئەركەكلىك بەلگىسى دەپ چۈشىنىدىغانلارنىڭ قۇرئاندىكى ئاياللارنى ئايرىۋېتىڭلار، ئايرىلىپ تۇرۇڭلار دېگەن مەنىدىكى «زەربە» سۆزىنى «ئۇرۇش» مەنىسىدىكى زەربە دەپ چۈشىنىپ، ئايالنى دۇمبالىغاندەك بىر ئىش.

ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان سۆز ـ چۆچەك قىلىشنى قەستەن ئاياللارغا باغلاپ، بۇ گەپكە قۇرئاننى شېرىك قىلىپ ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە مەسخىرە قىلىش مەدەنىيەتسىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇ پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ جاھالەتلىك كالىسىغا سىڭىپ كەتكەن ياۋۇزلۇق، ھاكاۋۇرلۇق ۋە ياۋايىلىقنى دىننى بۇرمىلاش ئارقىلىق ھەقلىق كۆرسىتىپ، داۋام قىلماقچى بولۇشىدىن ئىبارەت كېسەل خاھىش، خالاس.

قارشى پىكىردىكىلەرنى پىتنىخور دېيىشمۇ كوممۇنىستىك، پادىشاھلىق تۈزۈملەردە ياشىغان كىشىلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان بىر كېسەلنىڭ ئالامىتى. ئۇلار قارشى پىكىر قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشتە پىتنە قىلدى دېگەننىڭ ئورنىغا باشقا گەپ قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا تۆھمەت، ئۆسەك دېسە تامامەن بولىدۇ. ئەمما قۇرئاندا پىتنە كۆپ ئورۇندا ئۇچرايدىغان سۆز، كەسكىن رەت قىلىنغان ئىش بولغاچقا ۋە پىتنە قىلىش ئەڭ كەسكىن ئايەتلەر بىلەن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، پىكىر قىلغان كىشىلەرگە پىتنە قىلدى دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ گۇناھكار قىلىش مەقسىتىدە قەستەن شۇنداق دەيدۇ. پىتنە سۆزى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىنلا پىتنە چەكلەنگەن ئايەتلەر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرقلىق پىكىر قىلغان، تەنقىدتە

بولۇۋاتقان ياكى خىزمەتلەردىن نارازى بولغان كىشى ئۆزىنى پىتنە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ بولدى قىلىدۇ.

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان پىتنە سۆزىنىڭ بىز بۈگۈن چۈشىنىۋاتقان پىتنىخورلۇق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. پىتنىنىڭ يامانلىق، ئازدۇرۇش، ئاسارەت ۋە ئەزىيەت، زۇلۇم دېگەن مەنىسىگە لايىق ھەرىكەتلەرگە ئەرلەر ئاياللاردىن بەكرەك قابىل بولۇشى مۇمكىن. قۇرئاندا ئۆسەك سۆزلەش ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىقى ئەر ـ ئاياللارغا ئورتاق بولۇپ، بۇلاردىن جىنس ئايرىماي ساقلىنىش ساۋاب[7]. گەپنىڭ خۇلاسىسى، پىتنىنى ئاللاھنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە چۈشەنسەك، پىتنە سىناقتۇركى، بىزگە كەلگەن ھەر مۇسىبەت، يامانلىق ۋە خىرىسلار بىزنى تاۋلايدۇ، ساۋابقا، غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. پىتنە زۇلۇمدۇركى، ئاللاھ بىزنى ھەر ۋاقىت دىلىمىز، تىلىمىز ۋە ھەرىكىتىمىز بىلەن قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. پىتنە سەۋەبتۇركى، جاھاندا ھەرقانداق چاتاق، چىگىش ۋە ھەر بىر توقۇناق بىر سەۋەبكە باغلانغان بولىدۇ. ھېچ قانداق بىر نەتىجە سەۋەب قىلىنماي قولغا كەلمەيدۇ. پىكىر قىلىش، ئەقىل ئىشلىتىش قۇرئاندا ھەر زامان تەكىتلەنگەن ئىبادەت. قۇرئاندا پىكىر، تەنقىد ۋە ئۆكتىچىلىك قىلغانلار پىتنىخور دېيىلمىگەن، تەپەككۇر چەكلەنمىگەن، بەلكى پىكىر قىلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ھەقىقىي پىتنە دېيىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قەبىھ گۇناھ دېيىلگەن.

2018 ـ يىلى فېۋرال ئەنقەرە

ئاپتورنىڭ «تەپەككۇر ۋە تۇزاق» دېگەن كىتابىدىن

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

---

[7] نۇر سۈرىسى، 12 ـ ئايەت

# شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسمۇ ئۇيغۇر مىللىتىمۇ؟

**قايغۇرۇشتىن قايمۇقتۇرۇشقا**

2019 ـ يىلى باھاردا قوزغالغان «مەنمۇ ئۇيغۇر» ھەرىكىتى دەۋايىمىزنى ئاخباراتتا تۇتۇپ تۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى. ئەمما دەل ۋاقتىدا بۇ ھەرىكەتكە قارشى «دەۋادا خاتا كەتتۇق» دېگۈچىلەر چىقىپ «ئۇيغۇر دېمەي شەرقىي تۈركىستانلىق دەيتتۇق» دېگەن شوئارلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ زىددىيەتنىڭ مەنبەسىنى پەملىگەن بولساممۇ، دەپ دەپ تۈگەپ كېتەر دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. ۋاھالەنكى، بۇ زىتلىقلار ئەۋجىگە چىقىپ، ئاخىرىدا ئۇيغۇر بولۇش ئاپتونومىيەگە، شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇش مۇستەقىللىققە باشلايدىغاندەك بىر پىكىر مۇھاجىرەتتىكى مېڭىلەرنى مەشغۇل قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەنىلا مۇستەقىللىق ۋە ئاپتونومىيە تالاش ـ تارتىشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ئاخىرىدا ھەتتا مىللەتنى ئىنكار قىلىش، تارىخنى رەت قىلىش، ئەمەلىيەتتىن، ئىنسانىيلىقتىن، دۇنياۋى قىممەتلەردىن چەتنەش دېگەنلەرگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. مەن مۇھاجىرەتتە بۇ گەپلەرنىڭ باش ـ ئاخىرىدىن خەۋىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

2006 ـ يىلى مەن تۈركىيەدە دوكتور ئەركىن ئەكرەمنىڭ بىر ماقالىسىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دەۋاسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئايرىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر دەۋاسى كىشىلىك

ھوقۇق دەۋاسى دېيىلگەن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى بولسا مۇستەقىللىق دەۋاسى دەپ تەبىرلەنگەن. شۇ چاغلاردا يەنە بۇ ئۇستازنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ 50 يىللىق پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئېسىمدە قالغىنى بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، ئۇ كىملىك بەرپا قىلىش ئىكەنتۇق. بۇ باسقۇچتا شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى بەرپا قىلىش تەكىتلەنگەن. دېمەك، مۇستەقىللىقنىڭ بىرىنچى قەدىمى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى بەرپا قىلىنىشتىن باشلىنىدۇ، دېيىلگەن.

مەن دوكتور ئەركىن ئەكرەمنىڭ 2006 ـ يىلدىن كېيىن يۇقىرىقى، ئۇيغۇر دەۋاسىنى قىلىش كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلغانلىق بولىدۇ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىش مۇستەقىللىق دەۋاسىغا مەنسۇپ، مۇستەقىللىقنىڭ بىرىنچى قەدىمى شەرقىي تۈركىستانلىق دېگەن كىملىكنى، يەنى ئۇلۇس بەرپا قىلىش بولۇشى كېرەك دېگەن قارىشىدا ئۆزگىرىش بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ بىلمەيتتىم. يېقىندا بىر دوستۇم ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق پىلانىنىڭ يېڭى نۇسخىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بىرىنچى باسقۇچ يەنە بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كىملىك بەرپا قىلىش دېيىلگەن. بىرىنچى تارماق مەزمۇن شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى دېگەن كىملىكنى شەكىللەندۈرۈش ئىكەن.

يېقىندا بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ سىنلىق سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاپ چىقتىم. ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلارنى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ پەرقلىق ۋارىيانتلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئىپادىلەنمەكچى بولغىنى، ئۇيغۇر دەۋاسى كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مۇستەقىللىق دەۋاسىدۇر، ئۇيغۇر دېگەن بىر ئېتنىك مىللەت، ئېتنىك مىللەتنىڭ دۆلەت

قـۇرۇش ھوقۇقـى بولمايـدۇ، بـىز ئۇيغۇرنىـڭ دەۋاسـىنى قىلساق مۇستەقىللىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شـۇڭا شـەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسـى بەرپا قىلىپ، شـۇ پېتى دەۋا قىلساقلا مۇستەقىل بولالايمىز دېگەنلەردىـن ئىبارەت ئىكـەن. بۇنىدـن باشـقا تارىختـا مەسئۇت سـەبرى بايقـۇزى، ئەيسا يۈسـۈپ ئالىـپ تېكىـن ۋە مەمتىمىـن بۇغرالارنىـڭ ئەينـى چاغدا خىتـاي دۆلىتىگـە ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر قاتارلىـق تۈركـىي تىللىـق خەلقلەرنـى تـۈرك دېگـۈزۈش، تـۈرك ئۇلۇسـىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى مىسالغا ئېلىنىـپ، تـۈرك ئۇلۇسـى بەرپـا قىلىـش، تىلىمىزنـى ئۇيغۇرچـە دېمـەي كاشـغەر تۈركچىسـى دېيىشـمۇ ياقلىنىشقا باشـلاپتۇ. ھەتتـا تىلىمىزنـى خىتـاي كومپارتىيەسـى كېلىشـتىن بۇرۇنقـى يىللارغـا قايتـۇرۇش، ئۇيغـۇرلار 70 يىلدىــن بېرى ئادەتلەنگەن سـۆز، قىلىق ۋە يېمەكلەرنى ئىنكار قىلىش تەشەببۇسلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

مـەن 2010 ـ يىلـى ئېتنىـك (يەرلىـك) مىللـەت، سىياسـىي مىللـەت (يەنـى ئۇلـۇس) دېگەن ئۇقۇملار ھەققىـدە «ئۇيغۇر قانداق مىللـەت؟» دېگـەن ماۋزۇدا ماقالە يازغـان، بۇ ماقالەمدە چالا قالغان مەزمۇنلارنـى «چـالا تەرجىمـان كىمنـى ئۆلتۈرگـەن، كىملىكنـى ئۆلتۈرەمـدۇ؟» دېگـەن مـاۋزۇدا تولۇقـلاپ يېزىـپ تـوردا ئېـلان قىلغـان. شـۇڭا مىللـەت، يەرلىـك مىللـەت ۋە سىياسـىي مىللـەت (دۆلـەت مىللىتـى، يەنـى ئۇلـۇس) دېگەنلەرنىـڭ پەرقىنـى تەكـرار يېشـىپ يۈرمەيمـەن. پەقـەت يەرلىك مىللـەت ئۇقۇمى بىلەن ئۇلۇس ئۇقۇمىنـى يېشـىپ بېرىشـىم كېـرەك.

ئۇلـۇس دېگـەن بىـر دۆلەتتـە ياشـاۋاتقان كىشـىلەرنىڭ ئەسـلى يەرلىك مىللىتى نېمە بولسا بولسـۇن دۆلەتكە تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، ئۆزىنى شـۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسـى دەپ بىلىشـىگە قارىتىلغان بولۇپ، بىـر ياشـىغان تۇپراقنىـڭ مىللـەت قۇرۇلمىسـىغا نىسـبەتەن ئـۇ

دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن شەكىللىنىدىغان ئۇقۇم. مەسىلەن، گېرمان دېگەن سۆز بۈگۈنكى گېرمانىيە ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇن بىر يەرلىك مىللەتنىڭ نامى ئىدى. ئەمدى بۈگۈن گېرمانىيەدە گېرمان دېگەن سۆز پەقەت شۇ كىشىنىڭ مىللىي كىملىكىنى كۆرسەتكەندە ئېتنىك مىللەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر گېرمانىيەدىكى بارلىق پۇقرالارنى كۆرسەتكەندە دۆلەت تەۋەلىكىنى، يەنى ئۇلۇسىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركىيەدە تۈرك دېگەن سۆز تىلى تۈركچە بولغان، ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن، ئۆزىنى كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ ۋارىسى دەپ بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسەتسە ئېتنىك مىللەت مەنىسىدە كېلىدۇ، ئەگەر تۈركىيە پۇقرالىقىنى ئالغان بارلىق كىشىلەرنى كۆرسەتسە ئۇلۇس مەنىسىدە كېلىدۇ. خىتايلارنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى دېگەن سۆزى خىتاي ئۇلۇسى دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرىيە دېگەن نامدا ئەگەر بىر دۆلەت قۇرۇلسا، شۇ دۆلەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنى ئۇيغۇر ياكى ئۇيغۇرىيەلىك دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى گېرمانىيەدىكى بارلىق پۇقرالار گېرمان دېيىلگەندەك. ئەمما پەقەت ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىلا ئېتنىك ئۇيغۇر، بارلىق ئۇيغۇرىيە پۇقرالىرىنى ئۇيغۇرىيە ئۇلۇسى دەيمىز. يەنە بىر تەكرارلىساق ئاۋۋال ئۇلۇس بەرپا قىلىنىپ ئاندىن دۆلەت قۇرۇلمايدۇ، ئاۋۋال دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلۇس ئۇقۇمى بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە ماس قەدەمدە مائارىپ بىلەن ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلىدۇ. ئۇلۇس كىملىكى دۆلەت بەلگىلىگەن تۈرلۈك مۇراسىم، قائىدە - يوسۇنلار ئارقىلىق مەلۇم مەزگىللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىدۇ.

ئەگەر مۇھاجىرەتتە شەرقىي تۈركىستانلىق دېگەن بىر ئۇلۇس ئۇقۇمىنى بەرپا قىلىش مۇستەقىللىقنىڭ بىرىنچى شەرتى دېيىلسە، ئۇنداق بۇ بەرپاچىلىقتىكى تەشۋىقات ئوبيېكتى

ئۆزىنى ئاللىقاچان شەرقىي تۈركىستانلىق دەپ قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى ئۇنداق قارىماسلىقى مۇمكىن بولغان تۇڭگان، موڭغۇل، شىۋە، داغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر بولۇشى كېرەك. ئەمما مۇشۇ كۆنگىچە مەن ئۇلۇس تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئۇلۇس بولۇشقا، يەرلىك مىللەت بولۇشتىن ساقلىنىپ شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشقا دەۋەت قىلغىنىنى كۆردۇم، ئەمما ئۇنداق قارىمايدىغان مىللەتلەرگە تەشەببۇس قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇلۇسنى تەرغىب قىلغانلار ئۇيغۇر، ئوقۇرمىنى ئەسلىدىنلا ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق دەپ قارايدىغان ئۇيغۇر، ئەمما مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ئۇيغۇردىن باشقا ھېچبىر مىللەت كىشىسىنىڭ بۇنداق بىر دەۋەتلەرنى ئاڭلاپ ئىنكاس بىلدۈرگىنىنى ياكى ئۇلارنىڭمۇ دەۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم.

گەرچە تۈركىيەدە ئۇلۇس بەرپا قىلىش تەشەببۇسىغا ئون يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەن سىرتىدىكى باشقا مىللەتلەر ئەمەس تۈركىي مىللەت بولغان، بىز بىلەن تۈركىيەگە بىللە كۆچمەن بولغان زەيتىنبۇرنۇدىكى قازاق دەرىنىكىمۇ تېخى ھېچبىر ئۇلۇسچى ئۇستازىمىزنى لېكسىيەگە قوبۇل قىلغىنى يوق، ئۇلاردىن ھېچكىم ئۇلۇس تەشۋىقاتىغا ئەركىن دۇنيادا ئاۋاز قوشقىنى يوق. بىز بىر تۈركىيەدە، بىر ئىستانبۇلدا، بىر زەيتىنبۇرنۇدا تۇرۇپ بىللە پائالىيەت قىلالمىغان، ھەمكارلىقتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەۋاسىنى قىلالمىغان، بىر ئۇلۇس بولۇشقا شارائىت بار تۇرۇپ ئۇلۇس بولالمىغان يەردە قانداق قىلىپ ۋەتەندىكى ھاياتىنىمۇ ساقلاپ قالالمايۋاتقان، قاماقلاردا ھالاك بولۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنى شەرقىي تۈركىستانلىق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مۇستەقىللىقكە يول ئاچىمىز دېيەلەيمىز؟ ئەگەر مەقسەت مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىلا شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى قىلىش بولسا قېنى قايسى ئۇيغۇر

مەن خىتاي، شەرقىي تۈركىستانلىق ئەمەس ياكى مەن پەقەتلا ئۇيغۇر مىللىتى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى ئەمەس دەپ دەۋا قىلدى؟ ھېچبىر ئۇيغۇر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئۇلۇس تەشۋىقاتىنىڭ زۆرۈرىيىتى نەدە؟

مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئاۋۋال شەرقىي تۈركىستانلىق دېگەن كىملىكنى بەرپا قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىقلارنى بىر ئۇلۇس ئاستىغا جۇغلاش تولىمۇ چىرايلىق بىر پىكىر. ئەمما بۇ پىكىرنى نەدە تەشۋىق قىلىمىز؟ تەشۋىقاتنى قانداق قىلىمىز؟ كىمگە قىلىمىز؟ ئۈنۈمى قانچىلىك؟ ۋەتەندىن قازاقستانغا بارغان قازاق قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى قازاقستانلىق دەيدۇ، قازاقستان بايرىقىنى بايرىقىم دەپ بىلىدۇ. قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان قىرغىز باغىرلىرىمىز ئۆزىنى قىرغىزىستانلىق دەيدۇ. ئەسلى مەقسەت شۇ بولغاچقا شۇ ئەللەرگە كۆچكەن. چەتئەللەردە ئۇيغۇردىن باشقا خېرىدارى بولمىغان بۇ پىكىرلەرنى نېمىشقا يەنە ئۇيغۇرغا تەشۋىق قىلىمىز؟ مەنچە بىزدىن باشقا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دۆلەتلىك، پەقەت ئۇيغۇرنىڭ مېنىڭ دەپ كۆچىدىغان دۆلىتى بولمىغاچقا دۆلەت قۇرىمىز دېگەن بۇ دەۋادا كېتىۋاتىدۇ ۋە زىيالىيلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ. شۇڭا دۆلىتى بار مۇھاجىرلارغا دۆلەت قۇرۇپ بېرىمىز دېمەي، بىز بىلەن بىر ئۇلۇس بولۇشقا يېنىمىزغا كەلمىگەنلەرنى تاما قىلماي، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىمىزنى ئويلاشقىنىمىز ئەۋزەل.

زىيالىيلار ئارىسىدا يېڭى پىكىرلەرنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش، پىكىر ئوخشىماسلىقى بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئىختىلاپ ۋە تالاش - تارتىشلارنىڭ بولۇشى بىزنىڭ تەلىيىمىز، شۇڭا پەيغەمبىرىمىزمۇ ئىختىلاپ (بىر - بىرىدىن پەرقلىق قاراشلار)نى رەھمەت دېگەن

ئىكەن. ئەمما زىيالىيلار ئوتتۇرىغا قويىدىغان بەزى پىكىرلەر پەقەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا دېيىلسە، ئۆزئارا يېزىشىدىغان تەقرىزلەردە تىلغا ئېلىنسا بولىدۇ. لېكىن تاراتقۇلاردا تېمىنىڭ باش - ئاخىرىدىن بىخەۋەر، كەسپى ئاتالغۇلاردىن خەۋەرسىز، كەسپى بىلىملىرى يېتەرسىز ئاۋامغا بەزى كەسپى ساھەنىڭ قاراشلىرى يەتكۈزۈلسە قايمۇقۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «مەنمۇ ئۇيغۇر» دېگەن بىر چىرايلىق ھەرىكەتكە قارشى چىققان «مەنمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق» دېگەن چاقىرىق، ئۇيغۇر دېگەنلىك ئاپتونومىيەچىلىك، تۈرك دېگەنلىك مۇستەقىللىقكە باشلايدۇ دېگەن تەشەببۇس، تىلىمىز ئۇيغۇرچىمۇ ئەمەسمۇ؟ مىللىتىمىز ئۇيغۇرمۇ تۈركمۇ؟ دېگەندەك تۈكى يوق پاراڭلارنىڭ ھەممىسى زىيالىيلار ئوتتۇرىغا قويغان قاراشنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئاممىۋى قايمۇقۇش، قالايمىقان تالاش - تارتىشتىن، زۆرۈرىيەتسىز زىددىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

زىيالىيلارنىڭ مىننەتسىز تىرىشچانلىقى مىللەتنىڭ پىكىر داستىخىنىغا گېزەكتۇر، ھەممەيلەن چىرايلىق داستىخانغا يىغىلىپ گېزەكسىز ئولتۇرساق، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ھەر قانچە بېزەكلىك ئۆيمۇ كۆزىمىزگە سەت كۆرۈنىدۇ. زىيالىيلار مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەچكە تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، تىرىشىدۇ، يازىدۇ، بىز ئۇلارغا ھەقىقەتەن رەھمەت ئېيتىمىز. ئەمما شۇنىمۇ ئۇنۇتمايمىزكى، زىيالىيلىقنىڭ بىر تەرىپى دائىم غايىۋىلىك، خىيالىيلىق ۋە نەزەرىيەچىلىك بىلەن تۇتىشۇپ كەتكەن بولىدۇ. زىيالىيلارنىڭ مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە بولغان قايغۇسى ئۇلارنىڭ پىكرىنى دائىم قوزغاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ۋەتەن قايغۇسىنى مەنبە قىلغان پىكىرلىرىنىڭ قايمۇقۇش پەيدا قىلىشىنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۇڭا بىز زىيالىيلارنىڭ زۆرۈرىيەتسىز تەشەببۇسلىرى، ۋاقتى كەلمىگەن پىلانلىرى، رېئاللىققا ئۇيغۇن

بولمىغان قاراشلىرىدىن قايمۇققان ياكى قايمۇقۇش بولغاننى بىلگەن چېغىمىزدا، بىز بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇلارنى بىر - بىرىمىزگە ۋە شۇ ئۇستازلارغا يەتكۈزۈپ قويساق ياكى تېخىمۇ مۇكەممەل پىكىرلەرنىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولىمىز ياكى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولساق توغرىسىنى بىلىۋالىمىز.

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# جاھالەتنىڭ داۋاسى

ئىنسان ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى سەۋەبلىك تىرىكلىك ئۈچۈن تىرىشىشقا، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇر. ئۆلۈم ھەرقانداق بىغەمنى ئويغاتقۇچى، ھەرقانداق غاپىلنى سەگىتكۈچى، ھەر قانداق مەستخۇشنى ھوشىغا كەلتۈرگۈچى ئاخىرقى دورا.

مۇشۇ بىر قانچە كۈندە ئىككى ئۆلۈمنى ئۇزاتتۇق. بىرى ئۇيغۇرنىڭ پەرۋانىسى، ئۇيغۇرلۇق ۋىجدانىنىڭ پەرۋىشكارى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سەنئەتكارى ئۇستازىم نۇرمۇھەممەت توختى، يەنە بىرى قەشقەرنىڭ گۈلى، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىپتىخارى، تەرەققىياتقا تەشنا ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۈلگىسى ئايتۇرسۇن ئېلى.

مەن نۇرمۇھەممەت ئاكامنىڭ سادىق ئىخلاسمەنى، غايىۋى شاگىرتى، قەدىناس ئوقۇرمىنى ئىدىم. ئايتۇرسۇن سىڭلىمىز قەشقەردە باللارغا ئانا تىل، ياشلارغا ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە قىزغىن قوللىغۇچىمىز ئىدى.

نۇرمۇھەممەت ئاكامدەك بۈيۈكلىرىمىز ھايات بولغاچ، ئۇيغۇرنىڭ كۆزى يىغلاپ تۇرسىمۇ يۈرىكى توق ئىدى، ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرسىمۇ غەيرىتى توم ئىدى، ھىجران قىيناپ تۇرسىمۇ ئۈمىدى چوڭقۇر ئىدى. ئۇستازنىڭ خوتەن كوچىلىرىدىلا ھايات مېڭىپ يۈرۈشلىرىلا ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر كۈچ ئىدى، قايتا دەس تۇرۇشتا مەدەت ئىدى. ئايتۇرسۇن ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئۆزىنىڭ راۋان ئىنگلىزچىسى، سۆدەك ياپۇنچىسى، كىچىككىنە تۇرۇپ خىزمەتتە

ياراتقان ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۆلگە ئىدى. گۆلدەك ئايتۇرسۇن بىلەن قەشقەرگە ئىشەنچىمىز بار ئىدى. تۆۋرۆكتەك يولباشچى ئۇستازىمىز بىلەن خوتەندىن خاتىرجەم ئىدۇق، غۇنچىدەك قىزلىرىمىز بىلەن ھامان ھۆرلۈكنىڭ پورەكلەيدىغانلىقىغا ئۈمىدۋار ئىدۇق، مەشئەلدەك ئۇستازلىرىمىز بىلەن تاڭنىڭ يورۇپ كېتىشىگە ئىمانىمىز كامىل ئىدى .

خىتايىنىڭ ئاچقان ئۆلۈم لاگېرلىرى بەرنا قىزلىرىمىزنى نابۇت قىلغاندا ياش ئىكەن دەپ ئاياپ قويمىدى، خىتاي قۇرغان زۇلۇم زىندانلىرى مۇنەۋۋەرلىرىمىزنى بەربات قىلغاندا ھۆرمىتى بار ئىكەن، تەسىرى بار ئىكەن، يازغۇچى ئىكەن دەپ پەرۋا قىلمىدى. كۆنىمىز شۇ يەرگە يەتتىكى، بىز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلىمىساق تىرىكلىكىمىزدىن گۇمان قىلغۇدەك ھالغا كەلدۇق. ھالبۇكى، ئايتۇرسۇندەك بەردەم سىڭلىمىز، نۇرمۇھەممەت توختىدەك مۆھتەرەم ئاتىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىپمۇ، يەنە قايسى مۇلاھىزە، يەنە قايسى مۇنازىرە، يەنە قايسى ئۇلۇس - پۇلۇس، مۇستەقىلچى - پۇستەقىلچى، ئاپتونومىيەچى - ماپتونومىيەچى، قايسى ھۆكۈمەت - پۆكۈمەتنىڭ تالاش - تارتىشى؟

ئويغاتقۇچى ئۆلۈم ئالدىدىمۇ سۈكۈتنى تاللاش، قوزغاتقۇچى ماتەم ئالدىدىمۇ گازىرنى چېقىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىش، مىللەتكە مۇسىبەت كېلىۋاتسا، ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەندەك ئاسماندىن، قاسقاندىن گەپ قىلىپ تاماشا چىقىرىشنىڭ بىر جاھالەت ئىكەنلىكىگە گۇمانىم يوق. جاھالەت، جاھىللىقتىن كېلىدۇ، جاھالەت غاپىللىقتىن تۇغۇلىدۇ، جاھالەت مۇسىبەتلەردىن ئىبرەت ئالماسلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلمەسلىك بىلەن مىراس قالىدۇ.

زۇلۇم زىندانلىرىدا جانلار جەۋردە، غورۇلار پايخان. ئەمما

بىرلا نەرسە ئۇلارنى ياشىتىۋاتىدۇ، بىرلا نەرسە ئۇلارنىڭ چىداشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ، بىرلا نەرسە ئۇلارنى لەۋلىرىنى چىشلەشكە، كۆتۈشكە ئۈندەۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىش، ئازادلىققا بولغان ئارزۇ، بىزدەك ھاياتلار ۋە ھۆرلەرگە باغلانغان تەۋرەنمەس ئۈمىد.

زىنداندىكى كۈنلىرىمدە ھاياتىم قاتىللار، ئەيدىز بولغان ساقايماس زەھەرخۇمارلار بىلەن خاراب ئىدى. بىر كۈنى بىر ساقچى سوراقتىن قايتىپ كېلىۋاتسام مېنى كامېرغا ئېلىپ ماڭغاچ بىر رەسىمنى كۆرسىتىپ قويدى. رەسىمدە نامايىشچىلارنىڭ قولىدا مېنىڭ رەسىمىم بىلەن ئۇستازىم ئىلھام توختىنىڭ رەسىمى بار ئىدى. مېنى مۇشۇ بىر رەسىم تېخىمۇ زور ئۈمىدكە ئىگە قىلدى. مەن شۇ بىر رەسىم سەۋەبلىك قاماقتىكى مەغلۇپلار، مەھبۇسلاردىن يېگەن تاياققا ۋايساپ كەتمىدىم. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سوراقتىكى بارلىق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە، قىيناقلارغا كۆزۈمنى مىت قىلماسلىققا، ھەممىگە چىداشقا قارار بەرگەن ئىدىم.

خوتەننىڭ غۇرۇرى بولغان ئەزىز جانلاردىن ئايرىلدۇق، قەشقەرنىڭ غۇنچىسى جانانلارغا ئۈششۈك تەگدى. بۇ زۇلۇمنى كۆرۈپ تۇرۇپ جىم بولۇۋېلىش، ئۈمىدسىز شەيتاندەك ھېچكىمگە كۆرۈنمەي سۈكۈت قىلىش، تىلسىز ئېبلىستەك بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۇيغۇردىن قېچىپ تىمىسقىلاپ ياشاش جاھالەتكە ھامىي بولغانلىق، زۇلۇمغا شېرىك بولغانلىق، زالىمغا دوست تارتقانلىققا باراۋەر. جانلاردىن جۇدا بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق قېچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك تالاش - تارتىشقا، شىمىشكا چېقىپ ئولتۇرۇپ مەدداھلىق قىلىشقا، ئالىملىق ھەۋسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خۇشۋاق نۇتۇقلارنى سۆزلەشكە خۇمار بولۇش جاھالەتنى يېيىشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ مۇسىبەت، بۇ زۇلۇم ۋە قىچىپ قۇتۇلماس بۇ ئۆلۈملەر بىزنى جانلاردىن جۇدا قىلغاندەك جاھالەتتىنمۇ جۇدا قىلغاي. ئۆلۈم بىزدىكى جاھالەتكە مەلھەم بولۇپ، نادانلىقتا، بىغەملىككە، جىمغۇرلۇقتا، سۈكۈتتە شىپالىق دورا ۋە داۋا بولغاي.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

## «ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى قانداق ياخشى كۆرىدۇ؟»

ئەردوغانغا تۇنجى قېتىم قايىل بولغان ۋاقتىم 1995 ـ يىلى ئىدى. بۇ ئەردوغاننىڭ شەھەر باشلىقى ۋاقتى بولۇپ، شۇ چاغدا ئىستانبۇلدىكى بىر باغچىغا پېشقەدەم دەۋاگەر ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ نامى بېرىلگەن ئىدى. خىتاي ئەلچىخانىسى بۇ ھەقتە ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى ئەردوغانغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە، ئەردوغان «مەن ئىستانبۇلنىڭ شەھەر باشلىقى، بۇ شەھەرنى مەن باشقۇرىمەن، سىلەر بېيجىڭنى باشقۇرۇڭلار!» دېگەن ئىكەن. كېيىن مەن بۇ خەۋەرنى تۈرك مەتبۇئاتلىرىدىن كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل پاجىئەسىدە ئەردوغان خىتايدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلانغاندا، بۇ گەپلەر خىتاي تىلىدىكى تاراتقۇلارغا قايتا تارتىپ چىقىرىلدى.

ئەردوغان بەشىنچى ئىيۇل پاجىئەسىدە كۆرسەتكەن جاسارىتى بىلەن چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرنىلا ئەمەس ئادالەتنى ياقلايدىغان دۇنيانى قايىل قىلدى. تۈركىيەدىكى تۈركلەرلا ئەمەس دۇنيادىكى بارلىق تۈركلەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كوچىلارغا قاراپ سەلدەك ئاقتى. زۇلۇمدىن غەزەپكە كەلگەن تۈركلەر تۈركىيەدىلا ئەمەس غەربتىكى ئەللەردىمۇ ئۇيغۇرنى قوللاپ نامايىش قىلدى. ئەردوغاننىڭ ھەققانىيلىقى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرنى ھاياجانغا سېلىپ، تۈركىيە قىزغىنلىقى سەۋدالىقا ئايلاندى.

2011 ـ يىلى ئۆكتەبىردە خوتەنگە بارغىنىمدا گۇما ناھىيە بازىرىدىلا تۈركىيەنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساتىدىغان ئالتە

چوڭ دۇكاننى ئايلانغانىدىم. تۈركىيەدە ئالتە ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپمۇ يەپ باقمىغان ماراش ماروژنىسىنى خوتەن شەھىرىدە تېتىدىم. شۇ چاغدىكى خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە قىلغان تەكشۈرۈشلىرىمدە تىجارەتچىلەر «پايدا ئازراق چىقسىمۇ خىتاينىڭ مېلىنى ساتقاندىن ئۆزىمىزنىڭ مېلىنى ساتايلى!» دېيىشكەن ئىدى. ئۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئۈچۈن تۈركنىڭ مېلى «ئۆزىمىزنىڭ» بولۇپ بولغان ئىدى.

ئەردوغان 2012 ـ يىلى ئاپرېلدا ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان بولدى. قانداق بولغان كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ كونسۇل كوچىسىدىكى نوغاي مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. ئەردوغان كەلدى، دېگەن كۈنى كەچتە بىر ئاكا ئاغىنەم ماڭا تېلېفون قىلىپ: «ئۇكام ئۈرۈمچىگە دىككىدە چىقسىلا، مەسچىتتە بىر كېچە ئەردوغان ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۈنەيمىز، ئەتىسى نامازغا كەلگەندە ئەردوغان بىلەن كۆرۈشىۋالىمىز!» دېگەنىدى.

بۇ گەپلەردىن تەسىرلىنىپ بىر نەرسە يازاي دەپ ئولتۇرسام، ھەر قايسى شەھەرلەردىن دوستلارنىڭ ئەردوغاننى كۆرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ كېچىلەپ ماشىنا ـ ماشىنىدا يولغا چىققانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر تېلېفونۇمغا يېغىپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ سەل سەگەكلىشىپ ئويلىنىپ قالدىم، بىر سىياسىيونغا بۇ قەدەر سەۋدالىق نورمالمۇ؟

مەن 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 2006 ـ يىلى تومۇزغىچە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ بىر مەزگىل تۇرغان بولغاچقا، تۈركىيە سىياسىتى ۋە سىياسىيونلار ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئىدىم. تۈركىيەدىن قايتقاندىن كېيىنمۇ ئەردوغاننىڭ نۇتۇقلىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى پەخىرلەنگەن ھالدا كۆزىتىش ئادىتىمگە ئايلانغانىدى. كۆرگەن ۋاقتىم

ئۇزارغانچە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئىزچىللىسىزلىق، پوزىتسىيەسىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق، سورۇنغا قاراپلا توقۇپ چىقىلىدىغان «پاكىتلار» ۋە باشقىلارنى ئاساسسىز ئەيىبلەشلەر ماڭا سەممىي تۇيۇلمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەردوغان ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئاخشىمى، «ئەردەمگە تەلپۈنەمدۇق ئەردوغانغىمۇ؟» دېگەن تېمىدا قىسقا يازما يېزىپ بىر مۇنبەرگە قويدۇم. بۇ يازمامغا ئۇيغۇردىن يۈزدە يۈز پىرسەنت غەزەپ ياغدى، بولۇپمۇ تۈركىيەدە بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئوقۇغان قەدىناس دوستۇم، پىداكار ئىنىم ئەركىزات بارات قاتتىق قارشىلىق قىلدى ۋە دەرھال يازمىنى توردىن يۇيۇشنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ ئەردوغانغا ئەمەس، ئوقۇرمەنلىرىمگە ۋە شۇ خالىس نىيەتلىك، ئۇيغۇرسۆيەر ئىنىمگە بولغان ھۆرمىتىم سەۋەبلىك يازمىنى ئۆچۈردۈم. ئەركىزات 2018 ـ يىلى تۈركىيە ماللىرىنى ساتقانلىقى ئۈچۈن قامالغان مىڭلىغان ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تۇتقۇن قىلىندى ۋە بۇ يىل 17 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى.

2019 ـ يىلى باھارنىڭ باشلىرىدا تۈركىيەدىكى بىر گېزىتنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى مېنى زىيارەت قىلدى. سورىغان سوئاللىرىنىڭ بىرى «ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى قانداق ياخشى كۆرىدۇ؟» ئىدى. مەن بۇ مۇخبىرنىڭ ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى سۆيەمدۇ ئەمەس، قانداق سۆيىدىغانلىقىنى سورىغىنىدىنلا كۆتۈلگەن جاۋابنى پەملىگەن ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ مۇخبىرغا: «چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانچىلىك سۆيىدۇ بىلمەيمەن، ئەمما ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى سۆيگەنلىكىنىڭ بەدىلىنى قاماقلاردا ئۆتەۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى سۆيۈشكە ھەر زامان تەييار دەپ قارايمەن، پەقەت ئەردوغان ئۈرۈمچىدە ئۆزىنى قۇچاقلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى لاگېردا ئىكەنلىكىنى بىر سوراپ قويسا، ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى سەۋەبلىك قامالغان ئۇيغۇرلارنى خىتاي

دوستلىرىدىن بىر سۆزۈشتە قىلىپ باقسا، ئۆزىگە بىر كېچە دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان تۈرمىدىكى قۇربان ئەخمەت هاجىمنىڭ تۈركىيەدىكى بالىلىرىغا ئىشلەش رۇخسىتى بەرگەن بولسا ئۇيغۇرلار يەنىلا ئەردوغان ۋە تۈركىيە دەپ ئۆلۈپ بېرىشكە دائىم تەييار» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم. بۇ جاۋابىمدىن مەمنۇن بولمىغان مۇخبىر سوغۇققىلا خوشلاشتى ۋە ئاتايىن زىيارەت قىلغان خەۋەرنىمۇ ئېلان قىلمىدى.

تۈركىيەنى ياخشى كۆرسەممۇ، تۈركلەردىن دوستلىرىم بولغان بولسىمۇ، شۇ كوچىلىرىدىكى مىڭلىغان ناتىۋان ئۇيغۇر سەۋەبلىك سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان ئەلدىن ئايرىلىپ ياۋروپا كەتتىم. كېتىش قارارىمغا سەۋەب بولغان ۋاستىلىك ئامىللار كۆپ، شۇنداقتىمۇ ماڭا تەسىر قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئەردوغاننىڭ تەسەررۇپىدىكى تۈركىيەدە يامرىغان خىتاي تەشۋىشى بولغان ئىدى. مەن خۇددى 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 2016 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش، 2019 ـ يىلىمۇ يەنە بىر قېتىم ئىشلەشكە ئىلتىماس قىلغان، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن رەت قىلىنغان قارارنى ئالدىم. مەكتەپنىڭ قوبۇل قىلماسلىق سەۋەبى «بىز بىر دۆلەتكە مەنسۇپ ئورگان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن سىزنى قوبۇل قىلساق، دۆلىتىمىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىكەن. بىز بۇنداق تەۋەككۈلچىلىككە قارىماي سىزنى قوبۇل قىلالمايمىز» دېگەن جاۋاب بولدى.

هازىر مەن تاراتقۇلاردا تۈركىيە ۋە ئۇيغۇرلار دېگەن تېمىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇسام‌ىلا ئەردوغاننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى تۇتۇپ تۇرغان 90 ـ يىللاردىكى هالىتى ۋە «قەيەردىن قەيەرگە كەلدى تۈركىيە» دېگەن ناخشىنى مەغرۇر ئوقۇۋاتقان ۋە ئۆزىنى قوللىغۇچى جامائەتكە ئوقۇتۇۋاتقان 2019 ـ يىلدىكى

ھالىتى كۆز ئالدىمدا سىلىشتۇرما بولۇپ كېلىۋالىدۇ. بۇ سىلىشتۇرما بىزگە ئەردوغاننىڭ قەيەردىن قەيەرگە كەلگەنلىكىنى، تۈركىيە دېموكراتىيەسىنىڭ قەيەردىن قەيەرگە كەلگەنلىكى، تۈرك خەلقىنىڭ قەيەردىن قەيەرگە يېتەكلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# مەن تەنقىدىمنى قىلاي، سەن ئىشىڭنى قىل

ئەردوغاننىڭ بېيجىڭدا شىتلېر (شى جىنپىڭ) بىلەن شاھانە زىياپەتكە داخىل بولغاندا ئۇيغۇرنى شىنجاڭلىق دېگەنلىكى ۋە بىزنىڭ شاد ـ خۇرام ياشاۋاتقانلىقىمىزنى پاكىت دېگەنلىكى مۇلاھىزىگە ئۇت ياقتى. ئاچچىقنى باسالماي ئاران تۇرغان ياشلار تەنقىد سورۇنىغا سەكرەپ سالاچى، سۆلەتخۇمارلارنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى.

بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر قانچە شاش ئۇيغۇر لۆكچەكلەر ئەردوغان ۋە ئا ك پ ھۆكۈمىتى ھەققىدە گەپ باشلىۋىدى، بىردەمدە سالاچى، ياپساچى، دىپلومات، قورساقلىماتلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، مۇرەسسە سەھنىسىدە تەبلىغقە باشلاپ كېتىپتۇ.

ئاجايىپ كۆڭۈلچەك، ساددا، يۇمشاق كۆڭۈل ئۇيغۇر دە، ئىنسانىنىڭ ئەمەس ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۆڭلىنى ئايايدىغان، ھاكىمىيەتتىن قەيەرگە بارسا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، قويىدەك ئۈركۈپلا ياشايدىغان. ھازىر ئەردوغان ھەققىدە دېيىلگەن سالاچى تەكلىپ ۋە سۆلەتچى تەشەببۇسلارنىڭ ھېچبىرى يېڭىلىق ئەمەس. بۇنىداق تىترەك باسقان ياراشتۇرغۇچى مۇراجىئەتلەر بۇرۇن بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان جاڭ، ۋاڭلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشتىن قورقۇپ دېيىلەتتى، مانا ئەمدى ئەردوغاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ دېيىلمەكتە. تەنقىدچىلەر ۋەتەندە بۆلگۈنچى، ئۇيغۇرنى كۈننىڭ سېرىقنى كۆرگىلى قويمىغۇچى، ھۆكۈمەتكە پۇت ئېتىپ

چاتاق تاپقۇچى دېيىلەتتى، چەتئەلدە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرنى بالاغا قويغۇچى دېيىلمەكتە.

بىرەيلەن ھەتتا پىكىرچى ئۇيغۇر، جانجىگەر، مەردانە جاھانگىرلارغا نەسىھەت قىلىپمۇ ئۆلگۈرۈپتۇ، شۇنداقلا ھاكىمىيەتنى تەنقىدلەشنىڭ بىر مۇنچە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپتۇ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ. ئۇلار نەدىن بىلىۋالدىكىنە، ئۇنچە خەتەرلىك نەتىجە ۋە ئېچىنارلىق كەلگۈلۈكلەرنى، نەدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئالغاندۇ ئالدىن مەلۇماتلىنىپ.

ئوقۇپ باقتىم، ئۇيغۇرنى سىڭگەن نېنىنى يېيىشكە ئۈندىگەن، قېرىلىق يەتكەنلەر يازغان بوۋاي - مومايلارنىڭ تەلەپپۇزى پۇرايدىغان ئىنشالارنى. سۆيۈملۈك بىر يازما بوپتۇ، خۇددى تۈركىيەدىكى ھاكىمىيەت تۆت تال ئۇيغۇرنىڭ ئەردوغاننى تەنقىد قىلغىنىدىن يۈرىكى تىترەپ بارچە ئىقامەتنى تارتىۋالىدىغاندەك، بەش - ئالتە ئۇيغۇر ئۆكتىچىگە يوغان سەكسەن مىليونلۇق دۆلەتنىڭ غەزىپى كېلىپ بولالماي قېلىپ ھەممە ئۇيغۇرنى قوغلاپ چىقىرىدىغاندەك...

ئانام رەھمەتلىك ئاشۇنداق قورقۇنچاق ئىدى، ھۆكۈمەتنىڭ يامان گېپىنى قىلما، بىزنى تىنچ ياشىغىلى قوي دەيتتى، ئوقۇشقا بارسام ئالىي مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرىمۇ شۇنداق قورقۇتاتتى دىققەت قىل، باللارنى تەشكىللىمە، ئىدىيە تارقاتما دەپ. چوڭ بولدۇم، باللىقمۇ بولدۇم، مەندەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان بىر ئادەمگە ئۇيغۇر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كىرىشىپ قالغىنى تۇۋۇا، سىڭگەن نېنىڭنى يە، ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلما، سۆزلىمە ئۇكام ئۆتۈنۈپ قالاي دەپ...

بەزىدە بېشىم قېيىپ كېتىدۇ مۇشۇنداق قورقۇتۇپ، نەسىھەت قىلىپ، تەنبىھ تەھدىت سېلىپ سۈكۈتنى ئۆگىتىدىغان

دانىشمەنلەردىن قاچانمۇ ئازاد بولارمىز، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز دەپ.

ھەي سۆكۈتچان ئۇيغۇر، قورقۇپ، قورقۇتۇپ يۈرۈپ سىقىلغانسەن ـ ھە! ئىچىڭگە پاتمىغاننى بىر ۋارقىراپ پۇخادىن چىققۇڭ كېلىدىغاندۇ ـ ھە!

مېنىڭ ئاشۇنداق ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ، ھەي لۈم ـ لۈم، لاتا غىلاپلار، مەنمۇ ئىنسان، مېنىڭمۇ ئويلىغاننى دېگۈم، كۆرگەنگە پىكىر قاتناشتۇرغۇم بار، ئىشىڭنى قىلىشە ئادەم قورقۇتماي... قورقۇپ، ھوقۇقۇمنى بىلمەي، ئۆزۈمنى قوغدىماي، ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ، ئۈنۈمنى چىقارماي كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ، ئۆلسەممۇ ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دەپ سۆزلەپ ئۆلەي! ئىشىڭنى قىلىشە، جان خۇدانىڭ، قارار مېنىڭ، ھايات مېنىڭ، ماڭا ياشىشىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىڭ يوق، قورقساڭ ئۆيدىن چىقماي، گەپ قىلماي، كۆزۈڭنى يۇمۇپ يات، ئەمما يولۇمنى توسما، ئاغزىمنى تۇتما، ئالدىمدا دۆگدەيمەي نېرى تۇر!!! دېگەن سۆزنى...

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# بەشىنچى ئىيۇل ۋە قەھرىمانلىق

بەشىنچى ئىيۇل ئۇيغۇردىكى قەھرىمانلىق جاسارىتىنىڭ نامايىشى. بەشىنچى ئىيۇل مۇلايىم قويدەك، مالاي مۆشۈكتەك ياشاشنى ئەمەس، بويسۇنماس بۆرىدەك، مەغرۇر يولۋاستەك ياشاشنى تاللىغان بىر مىللەتنىڭ كىملىك جاكارنامىسى. بەشىنچى ئىيۇل چۈشەكەپ ياتقان ھۆرلۈك روھىنىڭ ئويغانغان كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈتكەن ھۆرلۈك گۈلىنىڭ قان رەڭگىدە تاۋلانغان كۈنى.

ئۇيغۇردا سۆيگەن، قايىل بولغان، تەلپۈنگەن كىشىلەرگە قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بار ئادەم دەپ باھا بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئادەتتە زالىمغا، ياۋۇزغا، ياۋلارغا قەھرلىك بولغان كىشىلەرنى قەھرىمان دەپ چوقۇنىدۇ، ئىززەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر قەھرىمانلىققا چوقۇنغاچقا، قەھرلىك ئىرادىگە، جۈرئەت ـ شىجائەتكە، قورقماس روھقا تەلپۈنگەچكە، ئۆزى ھەر ۋاقىت تاماقتا گۆشىنى ئىستېمال قىلىدىغان قوينى ئەمەس، ئېغىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمەيدىغان بۆرىنى مىللەتنىڭ بەلگىسى، مىللەت روھىنىڭ تۇغى قىلغان. ئۇيغۇرلار بويسۇنۇشنى، مالايلىقنى، مۆرىمەسلىك بىلەن مۇلايىملىقتا جان بېقىشنى ئەمەس، قەيسەرلەرچە ئېلىشىپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ مەردانە ياشاشنى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيدىكى مۇلايىم مۈشۈكنى ئەمەس، تاغدىكى قەھرلىك يولۋاسنى قەدىرلىگەن.

ئۇيغۇرغا قەھرىمانلىق ۋە كۈرەش بىلەن قولغا كېلىدىغان

ئەركىنلىك ئۈزاققىچە نېسىپ بولمىغاچقا، بىزدە ئەركىن، ئازاد، ھۆررىيەت، ھۆرنىسا، ھۆرزات دېگەن ئىسىملار كۆپ قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇردا ئىنسانىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قولغا كېلىدىغان ئەزىزلىكى مىللەت بويىچە مۇرەسسەسىز قارارلاشقان، شۇڭا بۇ مىللەتنىڭ تىلىدا ئايال ۋە ئەر قەھرىمانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سۆزلەر يوق، ئايالىمۇ، ئەرنىمۇ قەھرىمان دەيمىز.

بۈندىن ئون يىل بۇرۇنقى بەشىنچى ئىيۇل، ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، بەشىنچى ئىيۇل قەھرلىك ياشلارنىڭ خورلىنىشقا ئۇيغۇرۇقتا بولغان مېھرىنىڭ نامايەندىسى.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## بەشنچى ئىيۇلدىكى پاجىئەگە ئون يىل تولغاندا

بۇندىن ئون يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈنلەردە مىللەت ھازىدار ئىدى. 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خىتاينىڭ شاۋگۇەن شەھرىدە ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ھەممە ئۇيغۇر دەۋاگەر ئىدى، ئادالەت تەلەپ قىلىشاتتى، بىگۇناھ جان ئۈزگەنلەر ئۈچۈن ماتەمدار ئىدى. خىتاينىڭ بىپەرۋالىقى، سادايىمىزنى مەنسىتمەسلىكى، غەزەپلىرىمىزگە ئېتىبارسىزلىقى سەۋەبلىك دىللار پەرىشان، تىللار لال، نېرۋىلار چاراسلاپ كەتكەن ئىدى. تور بەتلەر مۇسىبەت تۈتۈپ رەڭگىنى قارىغا ئۆزگەرتكەن، ئۈرۈمچىدە ئايالىلار ئاق ياغلىق ئارتىپ قارىلىق تۇتقان، تويلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، تور بەتلەردە ئادالەت، ھەققانىيەت، ئويغىنىش شوئارلىرى ياڭرىغان ئىدى.

5 ـ ئىيۇل ئۇيغۇرنىڭ ۋىجدانىغا، جاسارىتىگە، جەڭگىۋارلىقىغا، مەۋجۇتلۇق ئىرادىسىگە بايرام بولغان كۈن. بۇ كۈن ئۇيغۇرنى كەمسىتكۈچىلەرنىڭ ئىشەنچىنى گۇمران قىلدى، بۇ كۈن ئۇيغۇرنى بويسۇندۇردۇق دېگەنلەرنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتۇردى، بۇ كۈن ئۇيغۇرنىڭ بىرلىكىگە، ھۆرلۈكىگە، قۇدرىتىگە چۈشكەن شۈبھىلەرنى بەربات قىلدى. بۇ كۈندە ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىق، ئېرىشەلمەيۋاتقان ھوقۇق، يىتتۈرۈپ قويۇۋاتقان سالاھىيەت ھەققىدە قايتىدىن ئويلاندى. مەۋجۇتلۇق كىرىزىس ئۇيغۇرنى ئويغاتتى. شۇڭا كوچىلاردا، مەكتەپ قورۇلىرىدا، مەيدانلاردا ئېغىزلاردىن «ياشىسۇن ئۇيغۇر!» دېگەن ئورتاق شوئار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا ياڭرىدى.

شاۋگۇەندە بىگۇناھ ئۆلگەن ئۇيغۇرنىڭ پاجىئەسى ۋە بۇنىڭغا ھاكىمىيەتنىڭ بىپەرۋالىقى مىللەتكە ئۆزىنىڭ كىم ئەمەسلىكىنى تونۇتتى. ئۆزىنى خىتاينىڭ نورمال پۇقراسى دەپ چۈشەكەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ بۇ پەرۋاسىزلىق، تەڭسىزلىك، ئېتىبارسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئويلاندى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا يايما ئېچىپ، قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ، يۈك توشۇپ تىنىچ كۈن ئۆتكۈزۈپمۇ، مەكتەپتە جىم ئوقۇشنى ئوقۇپ، ئىدارىدە سۈكۈتتە ئىشلەپ جان بېقىپمۇ باراۋەر ئىنسانى ئىززەتكە ئېرىشەلمىگەن ئۇيغۇر چۈچۈدى. ئۇيغۇرلاردا ھوقۇقلۇق مىللەت سۈپىتىدە كۆچلەنمىسە، سەمەتجان ياكى سالامەتگۈل دېگەندەك بىر شەخس سۈپىتىدە ناھەق خارلىنىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەسلىكى ئورتاق ئاڭغا ئايلاندى. بۇ ئاڭ ئۈچۈن جانلار پىدا بولدى، قانلار تۆكۈلدى. بۇ ئاڭنى تەشەببۇس قىلغانلار قامالدى، غايىب قىلىۋېتىلدى. مىڭلىغان مەمەتجان ئابدۇللالار، گۈلمىرەلەر، نۇرئەلىلەر، نىجاتلار، دىلشاتلار ھازىرغىچە قاماقلاردا قىينالماقتا.

ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەپسۇسلۇق بىر خاتىرەم، شۇ كۈنى تۇتۇلۇپ كەتكەن قەھرىمانلار بىلەن بىللە بولالمىغانلىقىم. مەن شۇ كۈنى سەپداشلىرىم، ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە دوستلىرىم بىلەن بىر سەپتە بولالمىغىنىمغا بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىمەن. مەن شۇ كۈنلەردە ئامېرىكىدا ئوقۇش دەپ ئاتالغان باغلاقتا ئىدىم.

1 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسىگە خەتلەر يېزىلدى، نۇر بەكرىگە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىندى، بۇلارنىڭ ھېچبىرى كار قىلمىغاندىن كېيىن، نامايىش قىلىش ھەققىدە مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. تۇردا نامايىشچىلارنىڭ قەيەرگە يىغىلىشى ھەققىدە مەسلىھەتلەر بولدى، يىغىلىدىغان ئورۇنلار بېكىتىلدى، نامايىش ئۈنىۋېرسىتېتلارغا ۋە ئۇيغۇر

جامائىتىگە يېقىن خەلق مەيدانىدا بولىدىغان بولدى.

مەن نامايىش توغرىلىق مەسلىھەتلەردە مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە تېببى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەيەرگە يىغىلىشىنى ئويلاشمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندىم. نامايىش مەيدانىدىن يەنە بىرنى قىلىپ، مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېقىن تەنتەربىيە سارىيىغا يىغىلىش تەكلىپىنى شۇنداق بەرگۈم كەلدى، ئەمما ئۆزۈم باشلاپ بارالمايدىغان نامايىش مەيدانىغا ئوقۇغۇچىلارنى چىللىغۇم كەلمىگەن ئىدى.

ئون يىل بۇرۇنقى 5 ـ ئىيۇل ئاخشىمى ئۈرۈمچىنى زۇلمەت قاراڭغۇسى قاپلىدى. ئەمما بۇ بىر چىراغسىز كېچە نەچچە مىڭ نامايىشچى قەھرىمان ئۈچۈن مىڭ بىر كېچىلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. شۇ كېچە غايىب بولغانلارنىڭ ئىسىملىرى نامەلۇم، ھېچ بولمىغاندا روشەن بىر سان بولۇپمۇ ساقلىنىپ قالمىدى. شۇ چىراغسىز كېچىدە ئاقار يۇلتۇزدەك ساقىپ كەتكەنلەرنىڭ نۇرى ئۇ كېچىنى يورۇتالمىدى، ئەمما قاراڭغۇ قەلبلەرنى نۇرلاندۇردى. شۇ تومۇز كېچىسىدىكى ئوق ئاۋازلىرى ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئويغىنىش پۇشتىكى بولدى.

5 ـ ئىيۇل كېچىسىدىن كېيىن كۈچەيگەن زۇلۇملار ئۇيغۇرنى كۈچسىز قىلىۋەتمىدى. تۈرمىلەر، سوراقلار، قورقۇتۇشلار ھۆرلۈك ئىزدىگەن روھلارنى ئۈركۈتەلمىدى، ئۆلۈملەر بىر قانچە يۈز كىشىنى بىزدىن ئايرىغان، بىزنى قەدىرلىك جانلاردىن جۇدا قىلغان بىلەن، ئۇيغۇردىكى جان تىكىپ ياشاش، ئىشلەش ۋە ئېلىشىش روھىنى يوقىتالمىدى، ئەكسىچە ئىرادىمىزنى، مەۋجۇتلۇقىمىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى.

5 ـ ئىيۇل پاجىئەسىدىن ئويغانغان ئۇيغۇردا ئىگىلىك تىكلەش دولقۇنى، كىتاب ئوقۇش دولقۇنى، ئانا تىل دولقۇنى،

ئىمانغا قايتىش دولقۇنى يۇكسەك بىر پەللە ياراتتى.

ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، خىتاي ئون يىل بۇرۇنقى تومۇزدا ئويغانغاننى، زۇلۇمغا قارشى چىققاننى، زۇلۇمنى بالدۇر ھېس قىلغاننى جازالىغان بولسا، مانا ئەمدى بىر مىللەتنى جازالاپ بويسۇندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. خىتاي مىليونلىغان ئۇيغۇرنى قاماپ بىزنى خىتاي قىلماقچى بولدى، ئەمما ئۇخشاش لاگېرلارغا مىللەت بويىچە قاملىپ ئورتاق جازالانغان ئۇيغۇرنىڭ ئورتاق بىر غەزەپ، بىر ئاڭغا ئىگە، قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. خىتاي مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتلىرىنى لاگېرغا قاماپ خىتاي قىلىشقا ئىشەندى يۇ، ئەمما ئۇلارنى كوچىدا ئەركىن ئازادە ئويناپ يۈرگەن خىتاي بالىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، كىم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇيغۇر قىلىۋاتقانلىقىنى، مېھىر مۇھەببەتتىن مەھرۇم چوڭ قىلىنىۋاتقان بۇ بالىلارنىڭ بىر كۈنلەردە سىنىپلار بويىچە سەپكە تىزىلالايدىغان جەڭچىلەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ لاگېرلاردا چوڭى كىچىكىگە غەمخور، كىچىكى چوڭىغا مېھرىبان بولۇپ كەلگۈسىدە ئۆز ئارا ھەمنەپەس بولىدىغان، ھەر قاچان ئۇيۇشالايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ قەلبى لاگېرغا بولغان نەپرەتكە تولغان بىر قوشۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدى.

5 ـ ئىيۇل پاجىئەسى ئارقىلىق خىتاي مىللىتىمىزگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەسكەرتكەن بولسا، بۇ قېتىملىق ئومۇمىي تۇتقۇن ۋە جازا لاگېرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرغا كىملىكىنى كىملەر بىلەن قوغداش، ھۆرلۈكىنى كىملەرنى تەشكىللەپ قانداق قولغا كەلتۈرۈش، قانداق كىشىلەر بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنىدىغان تېپىلماس پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى، ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىكى ھەر قايسى ساھەلەرگە چېچىلىپ كەتكەن مۇنەۋۋەرلەرنى لاگېر ئىسمى بىلەن

بىر يەرگە توپلاپ ئۇلارنى سەپداشقا، تەقدىرداشقا ئايلاندۇرۇپ بەردى. خىتاي ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان جازا لاگېرلىرى قۇرمىدى، بەلكى كوممۇنىست ھاكىمىيەتكە جازا يۈرۈش قىلىدىغان بىر زەربىدارلار توپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. خىتاي ئارىمىزدىكى كۆنىنىڭ سېرىقنى كۆرۈپ شەخسىيەتچىلىشىپ، نەپسىنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىغەم ئىنسانلارنى ئويغىتىپ ئۇيغۇر قىلىپ بەردى، بىزگە كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىدىغان زۇلۇملاردا تاۋلانغان زەبەردەس ئۇيغۇرنى بەردى.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## دوستىمىز دىندار كۆرۈنگەن ئەمەس، ئادالەتلىك باشقۇرۇلغان دۆلەتلەردۇر

ب د ت دا ئېچىلغان كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا 10 ـ ئىيۇل كۈنى تۆۋەندىكى دۆلەتلەر ئورتاق ئىمزا قويۇپ، خىتايغا «زۇلۇمنى توختات!» دېدى. 5 ـ ئىيۇلنى ئەسلەپ زالىمغا قارشى ئاتلانغانلىقى، بۇرۇنقى نامايىش، ئىمزا، گۇۋاھلىق، يىغىن ۋە ئەرزلەرنىڭ تەسىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تۆۋەندىكى ھەققانىيەتكە ھامىي بولغان، زالىمغا قارشى چىققان، ئادالەتنىڭ ھىمايىچىسى بولغان، مەزلۇمنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان 22 دۆلەتنى بىلىپ قالايلى.

10 ـ ئىيۇل كۈنى ب د ت يىغىنىدا زالىمغا دۈشمەن، مەزلۇم خەلقىمىزنىڭ دوستى بولغان دۆلەتلەر ئاۋستىرالىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، كانادا، دانىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، لاتۋىيە، لېتىۋا، لىيۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە، يېڭى زېللاندىيە، شۋېتسىيە، شۋېيتسارىيە، ئەنگلىيە، نورۋېگىيە، ئىسلاندىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق 22 دۆلەت.

زالىمغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە گەپ بولغاندا مۇسۇلمان ۋە تۈركىي ئەللەرنىڭ سۈكۈتلىرىنى ئاقلايمىز. دوستلار دائىم خىتاينىڭ كۈچى ۋە بىز قېرىنداش دەپ قاراپ كەلگەن ئەللەرنىڭ كۈچسىزلىكىنى سېلىشتۇرما قىلىشقا ئامراق. ئەمما بالتىق دېڭىزىغا جايلاشقان ئۈچ ئاجىز دۆلەت بىزنى قوللىدى. ئۇلار ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لېتىۋا. بۇ دۆلەتلەردىن ئېستونىيە خىتايدىن كەلگەن

ساياھەتچىلەر بىلەن ئەڭ كۆپ كىرىم قىلىدۇ. قالغان ئىككى دۆلەتمۇ ئېستونىيەگە ئوخشاش سوۋېتنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغان، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز دۆلەتلەر. ئۇلار ئۇيغۇردىن نېمە پايدا ئالالايدۇ، بىزدە ئۇلارغا خىتاينىڭ بەرگەنلىرىنى بەرگىدەك قۇدرەت بارمۇ؟ يوق، ئەسلا يوق، ئەمما ئۇلار بىزنى بىر ئىنسان قاتارىدا كۆردى، خىتايدىن چىقىدىغان نەپنى ئەمەس، يوقالسا بولمايدىغان ئادالەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. ئۇيغۇرنىڭ يىغىسى ئۇلارنىڭ ب د ت مەيدانىدا يىغىن ئېچىۋاتقان ۋەكىللىرىنىڭ، سىياسەتچىلىرىنىڭ ۋىجدانىنى ئويغاتتى.

بىزنىڭ دوستىمىز ئادالەت ۋە ئادالەتلىكلەر. چۈنكى، ئاللاھ ئادالەتنى دوست تۇتىدۇ، ئاللاھ بىزگە ھەتتا دۈشمىنىمىزگىمۇ ئادالەتلىك بولۇشنى ئەمر قىلىدۇ. ئادالەتنىڭ بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بوۋىمىز يۈسۈپ مىڭ يىل بۇرۇن بىر كىتاب يېزىپ ئىسپاتلىغان. ئاللاھ ئادىللىق سۈپىتى بىلەن قايسى دۆلەتتە ئادالەت ئەمەلگە ئاشقان بولسا شۇ دۆلەت خەلقىنى بەختىيار قىلماقتا. مەنچە بىزنىڭ بۈگۈنكى دوستىمىز بىزگە تىلداش بولغان ئەللەر ئەمەس، بىزگە دىنداش بولغان ئەللەرمۇ ئەمەس، بەلكى بىزنى سۆيىسۇن ـ سۆيمىسۇن ئادالەتكە ھامىي بولغان، زۇلۇمغا قارشى چىققان ئەللەردۇر.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

## نامايىشقا چىقمىغانلارنى قانداق قىلىمىز؟

يېقىنقى كۈنلەردە كانادانىڭ مەلۇم شەھىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىر بايانات جاكارلىدى. باياناتتا نامايىشقا چىقمىغانلارنى جامائەت ئارىغا ئالمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نەزىر، توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم بولسا بارمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

مەزكۇر بايانات ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغاندىن كېيىن، ئاشكارا تەنقىد يۈرگۈزگەنلەر كۆپ ئەمەس، پايدا - زىيان ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغانلارمۇ يوق، بارىكاللا ئېيتقانلار خېلى بار. ئىنكاسلار جەريانىدا بەزىلەرنىڭ بۇ ئىشنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشتۇرۇش تەكلىپىمۇ قوللاشقا ۋە ئالقىشلارغا ئېرىشتى.

باياناتتىكى كەسكىنلىك ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەن مۇھىم. بايانات ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ مۇرەسسەسىز روھى ئالقىشقا لايىق. ھالبۇكى، بۇ باياناتنى ئەگەر كىشىلەرنى زۇلۇمغا قارشى تەشكىللەشتىكى بىر تەدبىر دەپ قارىساق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى مۇلاھىزىگە سازاۋەر.

خوش، نامايىشقا چىقمىغانلارنى يۇقىرىقى باياناتتىكى تەدبىر بويىچە چىقىدىغان قىلغىلى بولامدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئېسىلغان پائالىيەتتىن قاچىدىغانلارنى راستتىنلا جامائەتتىن ئايرىپ تاشلىيالامدۇق؟ ئۇلارنى ئۇيغۇرلۇقتىن چىقىرىپ تاشلاپ نېمىگە ئېرىشىمىز؟ ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەي، تويىغا بارماي، بېرىش - كېلىش قىلماي ئۆزگەرتەلەمدۇق؟ نامايىشقا

چىقمايدىغانلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار ھەقىقەتەن لەنەتكە لايىقمۇ؟

بۇ باياناتتىكى تەدبىرلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقى، قانداق ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنىڭ بۇنداق بىر باياناتنى چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارغا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقايلى.

خىتاينىڭ زىيانكەشلىكى، ئىسلاھاتسىزلىق، ساپاسىزلىق ۋە دەۋا سېپىدىكى بىر قىسىملارنىڭ زەھەرخەندىلىكى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى توختىماي پارچىلىنىش، ئاجىزلاش، كونىراش ۋە پۇچەكلىشىپ كېتىشتىن خالىي بولالمىدى. تەشكىلاتلاردىكى بىر قىسىم ئاداۋەتخور، ھەسەتخور، پىتنىخور ئادەملەر دەۋا، مىللەت، مۇستەقىللىق دېگەن مۇقەددەس سۆزلەرنى قالقان قىلىپ، تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ رەزىللىكىنى جارى قىلىپ كەلدى. خىتاي ئۆزىگە ئاگلىق، پۇللۇق ئىشلەيدىغان ۋە ئاگسىز، پۇلسىز خىزمەت قىلىدىغان مۇھاجىرەتتىكى بىر قانچە ساختىكارلار ئارقىلىق دەۋاگەرلەرنى، تەشكىلاتلارنى جامائەتتىن ئايرىپ تاشلاش، تەشكىلاتلار ئارىسىغا نىزا ئۇرۇقلىرىنى سېپىپ تەشكىلاتچىلارنى ئىش قىلغۇزماسلىق، جامائەت پىكىرلىرىنى قارمۇ قارشى قۇتۇپلارغا يېتەكلەش، ئەھمىيەتسىز تېمىلارغا، ئىچكى زىددىيەتلەرگە بۇراش ۋە تۈرلۈك قالايمىقانچىلىق، پاتىپاراقچىلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق مىللەتنى دەۋا ۋە دەۋاگەرلەردىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش قاتارلىقلاردا بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ ئاقىۋەتتە كىشىلەرنىڭ تەشكىلات ۋە تەشكىلاتچىلاردىن ئۈزاق تۇرۇشىغا، ئاشكارا يېقىنلاشماسلىقىغا سەۋەب بولدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە يەرلىك ساقچى دائىرىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا بىرمۇ بىر بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرماسلىققا جېنىنىڭ

بىرىچە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ يارەنلەرنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي ئەسلىدىنلا ئاجىز بىر روھى ھالەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە يۇقىرىقىدەك تەھدىت ۋە ئالداشلار تەسىر قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار ئۆزىنى ئۇيغۇرلار يىغىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەردىن تارتىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن كىشىلەر دەۋادىن يىراق تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا جامائەتنىڭ قوللىشىغا نائىل بولالمىغان تەشكىلاتلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ كەسكىنلىكى توغرا. ئەمما ئەمەلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئانچە ئۈنۈملۈك دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسلۇق بىلەن شۇنى دەيمىزكى، مۇھاجىرەتتە نامايىشقا چىقىدىغان ئۇيغۇردىن چىقمايدىغان ئۇيغۇر كۆپ. شۇڭا بۇ تەدبىر بىلەن نامايىشقا چىقمايدىغانلارنى چىقىدىغان قىلغىلى، ھەقتە تۇرىدىغانلارنى كۆپەيتىپ، تۇرمايدىغانلارنى يالغۇز قويغىلى بولمايدۇ. سىز ئۇلارنى جامائەتكە قوشمىسىڭىز، ئۇلار ئۆز ئىچىدە جامائەت بولۇپ ياشاۋېرىدۇ. سىز قانچە تەنقىد قىلسىڭىز، قانچە شىكايەت قىلسىڭىز، قانچە يەكلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ جاھىللىقىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. نامايىش قىلمايدىغانلار يەكلەنگەنسېرى دەۋادىن زېرىكىپ تېخىمۇ پاسسىپلىشىدۇ. ئۆز مىللىتىدىن كەلگەن زەربە بەكرەك ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپ قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، بەكرەك زەربە يېگەنلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، خىتايغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نامايىشقا چىقمىغانلاردىن ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى نامايىشقا چىقىدىغان ئۇيغۇرنىڭ چىقمايدىغان دوستلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر مىللەت، ھەممىمىز مەيلى خالايلى ـ خالىمايلى، شۇ قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئۇيغۇن ياشىغاندىلا قېنىمىزغا

سىڭگەن ئۇيغۇرلۇقتىن ھۇزۇر ھېس قىلىمىز. بىر ئادەمنىڭ نامايىشتىكى پاسسىپلىقى سەۋەبلىك ئۆلۈملۈك بولسا ئۆيگە يەتىلەپ بارمايدىغان، ئاغرىسا، بالىسى تۇغۇلسا يوقلىمايدىغان ئىشنى كۆپىنچە ئادەم قىلىمەن دەپمۇ قىلالمايدۇ.

مۇھاجىرەتتە نامايىشقا چىقمايدىغانلارنىڭ سانى چىقىدىغانلاردىن كۆپ، تەركىبى مۇرەككەپ. ئۇلارغا بىرلا سۆز بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، ھەممىسىنى بىرلا تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇن خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قاماقتا يېتىپ چىققانلارمۇ بار. شۇڭا نامايىشقا چىقمايدىغانلارنى خىتايغا قوللايدىغانلار، زۇلۇمغا قارشى تۇرمايدىغانلار دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

نامايىشلارغا چىقماي ياشاۋاتقانلار تەركىب جەھەتتىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىۋېرسىتېتتا، مەدرىسلەردە ئىشلەيدىغان كاتتىلار، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلار، قۇرئان كۇرسلىرىغا بېرىۋاتقان تالىپلار بولۇپ ھەممە ساھەدىن ھەممە ئادەم كىرىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلىسى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ كەتكەن، تۇغقانلىرى سوراقتا ئۆلۈپ كەتكەن، خىتاي ساقچىلىرى تەھدىت سېلىپ ئۇخلاتمىغان كىشىلەرمۇ بار. ھەتتا سۇرىيەگە بېرىپ جەڭگە قاتناشقانلاردىن نامايىشنى رەت قىلىدىغانلارمۇ بار. شۇڭا نامايىشقا چىقماسلىقنى ئىماننىڭ ئاجىزلىقى، روھنىڭ زەئىپلىكى دېسەكمۇ، بىلىمنىڭ كەملىكى دېسەكمۇ، قورقۇنچاقلىق دېسەكمۇ چەك باسمايدۇ. ئىشقىلىپ نامايىشقا چىقماسلىقتا بىرلا سەۋەب يوق، سەۋەبلەر مۇرەككەپ. شۇڭا ئۇلارنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، يەكلەپ، تەنقىدلەپ، دۈشمەن كۆرۈپ ئۆزگەرتىپ بولماق قىيىن.

كۆزىتىشىمچە، نامايىشقا چىقمايدىغانلار ئىچىدە ھەقىقەتەن ئائىلىسىگە ھېچ ئىش بولمىغان، بىرەرىگە زىيان يەتكەن بولسىمۇ

قالغـان ئـۇرۇق ـ تۇغقانلـىرى بىلـەن كۆرۈشـۈۋاتقان كىشـىلەر بـار. ئۇنـداق كىشـىلەرنىڭ ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ تېنـى چەتئەلدە ئەركىن بولغـان بىلـەن، روھى ئاتا ـ ئانىسـىنى قورقۇتۇۋاتقان ۋەتەندىكى ئۈسـتى ئوچـۇق تۈرمىگـە بەنـد قىلىنىـپ كەتكەن، شـۇڭا ئۇلاردىن ئـاۋاز چىقمايدۇ.

مۇھاجىرەتتىكـى بـەزى ئۇيغۇرلارنىـڭ قىلىنىۋاتقـان دەۋادىـن ھەقىقەتەنمـۇ ئۈمىدسـىز بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ دەۋاغـا، ئادالەتكـە، ئۇيغۇرغـا ئىشـەنمەيدىغان بىـر تـالاي باھانىسـى بـار. ئۇلارنىـڭ بەزلـىرى نامايىشـچىلارنى نـادان، ساۋاتسـىز، ئاۋارىگـەر كـۆرۈپ كۆزگـە ئىلمايـدۇ. شـۇنداقلار بىـر يەرگـە كېلىـپ نامايىشـچى ئۇيغۇرنـى قاسـايدۇ. قاسـىغانچە ئۆزىنـى ھەقلىقتەك ھېـس قىلىدۇ. ئـۇلار نامايىشـچى ئۇيغۇرنىـڭ ئەيىـب ـ نۇقسانلىرىنى بايقـاپ قانچـە ياراتمىغانچـە روھىدىكى قورقۇنچاقلىق شـۇنچە زور تەسـەللى تاپىـدۇ. ئـۇلار نامايىـش قىلغۇچىلارنـى تەنقىـد قىلغانچە ئۆزىنىـڭ مەيدانىسـىزلىكى، زەيپانىلىكـى تېخىمـۇ يېپىلىـپ، «شـۇ تايىنـى يـوق، چـالا سـاۋات خـەق بىلـەن، ئىللەتلىـك ئۇيغـۇرلار بىلـەن ۋارقىـراپ ئـاۋارە بولغانـدىن پۇلۇمنـى تاپايچـۇ!» دېگـەن خىيالىنـى مۇقەررەرلەشـتۈرىدۇ.

تەكشۈرىشـىمچە، مۇھاجىرەتتـە نامايىشـتىن قاچىدىغـان كىشـىلەرنىڭ كۆپى ۋەتەندىكىلەرگە زىيان يېتىشـتىن ئەنسـىرەيدۇ. ئۇلار شۇ زىياننىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ۋەقەلەرنى توختىماي ئىـزدەپ تۇرىـدۇ. بىـرەر گۇۋاھلىـق بەرگۈچىنىـڭ ئائىلىسـىگە زۇلـۇم يەتكـەن ھامـان ئۆزىنىـڭ نەقـەدەر ئاقىلانـە ياشاۋاتقانلىقىغا چىـن پۈتىـدۇ، چۈنكـى ئىنسـان قىلمىشـىنى ئاقـلاپ ياشاشـقا موھتـاج. ئۇلارنىـڭ بەزىلـىرى مۇھاجىرەتتە بولۇۋاتقـان ھەرقانداق پائالىيەتنى ۋەتەندىكـى زۇلۇمنـى تېخىمـۇ كۈچەيتىـدۇ، ئۇيغۇرلارنـى تۇتـۇپ

كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ، دەپ ئىمان كەلتۈرىدۇ.

نامايىشقا چىقمايدىغانلارنىڭ قاتارىدا ئۆزى قوشۇلمىسىمۇ، نامايىشقا تۆھپە قوشۇشتىن باش تارتمايدىغانلار بار. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ھەر قانداق ئىشلاردا يوشۇرۇن، ئەمما پائال ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دەۋاغا ئىقتىساد سەرپ قىلسا، يەنە بىر قىسمى ۋاقىت چىقىرىدۇ. بەزىلىرى نامايىشقا چىقمىغان بىلەن ئۇيغۇرغا ئۈن ـ تىنسىز كەسىپ ئۆگىتىدۇ، ئىلىم تارقىتىدۇ، تىل ئۆگىتىدۇ. بەزى نامايىشتىن قاچىدىغانلار ئۇيغۇر تەشكىلاتلارغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ. بەزىلەر نامايىشتىن ئۇزاق تۇرغان بىلەن، ئانا تىل ئوقۇتۇشقا بارلىق بوش ۋاقتىنى ئاتايدۇ. شۇنداق ئۆزگىچە ئۇيغۇرلارمۇ بار، ۋەتەندىن ئاجايىپ مەخپىي رەسىم، سىن ۋە ھۆججەتلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ ـ يۇ، ئەمما نامايىش بار يەرگە، دەۋا سورۇنلىرىغا يېقىن يولىمايدۇ.

نامايىشقا چىقىۋاتقانلارنى چىقمىغانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چىقىۋاتقانلارنى پۈتۈنلەي ئىچىدىن چىقىرىپ چىقتى دېگىلى بولمايدۇ. مۇھاجىرەتتە ئۇزۇن يۈرگەن دوستلارغا مەلۇمكى، سىياسىي پاناھلىققا ئىلتىماس سۇنغان بەزىلەر رەسمىيەتلىرى چىقىشتىن بۇرۇن ئاجايىپ ئاكتىپ بولۇپ كېتىدۇ. ئىشلار پۈتكەندە ئۇنداقلارنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر جازالاشقا توغرا كەلسە، مۇشۇنداق كىشلەر جازالانسا ھەق. ئەگەر لەنەتلەشكە توغرا كەلسە، نامايىشقا چىقمىغانلارنى ئەمەس، خىتاي ئەلچىخانىسىغا چاغانلىق زىياپەتكە بارغانلارنى، نامايىش قىلغان بولۇۋېلىپ جېدەل چىقارغانلارنى، ئۇيغۇرغا تېيىنلىق پايدىسى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە سۇخەنچىلىك، پىتنىخورلۇق قىلىپ پائالىيەتچىلەرگە تۆھمەت قىلغانلارنى لەنەتلەش كېرەك.

نامايىشقا چىقمايدىغان كىشلەرنى جامائەتتىن ئايرىپ جازالاشنى

توغرا دېسەك، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش كېرەك. نامايىش مەيدانىغا يۈز ـ كۆزىنى قارا نىقابقا يۆگەپ چىقىدىغان، كۆزئەينەك تاقاپ، ماسكا تارتىپ چىقىدىغانلارمۇ بار، بولۇپمۇ تۈركىيەدە شۇنداقلار كۆپ ساندا. بىز ئەگەر نامايىشقا چىقمايدىغانلارنى جامائەت ئىچىدە جازالايمىز دېسەك، يۇقىرىقىدەك يوشۇرۇن چىققانلارنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدىغان تۇرسا ئۇلارنى قانداق ئايرىپ، قانداق جازالايمىز؟

خۇلاسە قىلغاندا، نامايىشقا چىقمىغانلارنى ئاشكارا بايانات بىلەن ئەيىبلەش، ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق دەۋاغا جەلپ قىلماقچى بولۇش بىر كەسكىن قارار، بىر تەدبىر بولۇشى مۇقەررەر. ئەمما بىر ئۈنۈملۈك، ئاقىلانە تەدبىر ئەمەس. بۈگۈن بىزگە خىتايغا ئاشكارا قارشى چىقىش بىر ئىنقىلاب بولسا، يوشۇرۇن قارشى چىقىشمۇ ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر يولى. ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈن مەيدانغا چىقىش زۇلۇمغا قارشىلىقنىڭ بىر ئۇسۇلى بولسا، مۇھاجىرەتتىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن پەرزەنتلەرگە ئانا تىل ئۆگىتىش، ئۇيغۇرلارنى مۇھاجىرەتتە كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىش قارشىلىقنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى. شۇڭا ئىنقىلاب نامايىش بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ. ئەگەر ئىنقىلاب ئۇنداق تار دائىرىگە چۈشەپ قويۇلسا، ئۈنۈمنىڭ كەڭ دائىرىدە بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، يەنە بىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان مۇھىم شەكىللەردىن بىزدە ھازىر مەشرەپ بار، ياردەملىشىدىغان خەيرى ـ ساخاۋەت بار، بىرلىكىمىزنى

كۆچەيتىدىغان پىكنىك ـ باراۋەت بار، مۇشۇلارغا ئىشتىراك قىلغان ئۇيغۇرمۇ نامايىشقا چىققان ئۇيغۇردەكلا سۆيۈملۈك. شۇڭا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش، ئۇيغۇرنى ئاق ياكى قارا دەپ ئىككىلا سەپكە ئايرىش، بىزگە دوست بولمىغانىنىڭ ھەممىسى دۈشمەن تۇتۇش بىزنى زىتلىقلار ئىچىگە پاتۇرۇپ قويىدۇ، زىددىيەتنى كۈچەيتىپ بىرلىكىمىزنى زەئىپلەيدۇ. ئەگەر مىللەت مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىدە قالغان، پىسخىكىمىزدىن چاتاق چىقىپ نورمال ئادەم بولالمايۋاتقان، ۋەتەندىن خەۋەر ئالالماي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بۇ كۈنلەردە بىر يەنىلا مۇشۇنداق «ئاق تاغلىق قارا تاغلىق» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپنى بويسۇندۇرمىغىچە پاقىسىغا قانمايدىغان ئۆچمەنلىك، قىساسخورلۇق، ئاداۋەتخورلۇققا بەند بولۇپ كەتسەك قولىمىز ئىشقا بارمايدۇ، بىر دوستىمىز ئىككى، بىر نەتىجىمىز ئۈچ بولمايدۇ. نەتىجىدە تەشكىلاتلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان زامانىۋى ئىستىھكامغا ئەمەس، دائىم ئىچكى زىددىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى شاھلار ۋە شەيخلەر يىغىلغان سارايغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# يېڭى دۆلەتتە يامغۇرلۇق ھايات

بۈگۈن يېڭى دۆلەتكە كەلگىنىمگە دەل بىر ھەپتە بولدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئالدىمغا چىقىدىغانغا ھېچبىر ئۇيغۇرغا خەۋەر قىلمىدىم، ئۇلارنى جامائەتنىڭ ئىچىدە قۇچاقلاشنى، جامائەت قۇچىقىغا ئالغانغا قۇچاق ئېچىشنى قارار قىلغان ئىدىم.

شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە كۇتۇپخانىدىن قارشى ئېلىشقا چىقتى. سەۋەبى ھۆكۈمەت پاناھلىق ئىشلىرىمغا، كۇتۇپخانا ئىجادىيەت ئىشلىرىمغا ياردەمدە بولىدىكەن. ماڭا بۇرۇنلا ئۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان بولغاچقا، ئۆز ئۆيۈمگە چۈشكەندەك پۈت - قولۇمنى سوزۇپ، ھەپتە ئۇيغۇرلار بىلەن قېنىپ مۇڭدىشىش، پىلان قىلىش، زىيارەتلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

مانا ئەمدى شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىكى ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ ئىجادىيەتكە چۈشۈپ كەتتىم. ئايالىم ۋە بالىلار كۇتۇپخانىغىمۇ، يەسلىگىمۇ، مەكتەپكىمۇ، ئۆيگىمۇ، قەھۋەخانىغىمۇ تەڭلا ئۇخشايدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن بۇ راھەتباغنى ياقتۇرۇپ قالدى. بالا بېقىش يوق، غەم قىلىش يوق، پەقەت ۋە پەقەت كىتاب ئوقۇش، يېزىش، پىلان تۈزۈش، مۇخبىرلارغا ئۇيغۇر دەردمەنلەرنى داۋاملىق تونۇشتۇرۇش بىلەن كۈنلەر ئۆتۈۋاتىدۇ.

فىرانسىيە ھەققىدە بىر كىتاب يازاي دەيمەن. چۈنكى، بۇ دۆلەت ئامېرىكىدا ئەمەلگە ئاشقان تۈنجى زامانىۋى تۈزۈمنىڭ كۆچەتلىرىنى ئەھيا قىلغان. يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان، دۇنياغا سەنئەت، مەرىپەت ۋە زامانىۋى تۈزۈمنىڭ ئۆرنەكلىرىنى

تەقدىم قىلغانلىقى بىلەن قەدىرلىك. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقنى بايرىقىدا جەۋلان قىلغانلىقى بىلەن سۆيۈملۈك.

فرانسىيەلىكلەر ئۇيغۇرغا ئوخشاش يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان، تەقدىرىنى خانلار ۋە خوجىلارنىڭ قولىدىن، خان - غوجاملارنىڭ بىرلەشمە زۇلۇملىرىدىن ۋە ياتلارنىڭ ئىستىبلاسىدىن قۇتقۇزۇپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىققان، شۇڭا فرانسۇز تارىخىدىن بىزنىڭ ئۆلگە ئالىدىغان يەرلىرىمىز كۆپ. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا نەدە داپ داراڭلىسا شۇ يەردە مۈرە، بەل ۋە ئاياقلىرىنى ئوينىتىپ پەيدا بولىدىغان سەنئەتكار مىللەت.

يازىدىغان كىتابلىرىمدا زۇلۇمنىڭ زاۋاللىقىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەمەس سائادەتنىڭ ھارپىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمەن. ئەلۋەتتە، بۇنى كىتاب بىلەنلا ئىسپاتلاپ بولغىلى بولمايدۇ، سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ھەرىكەت ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى بالىلار تىلىدا يېزىپ چىقىشقا تىرىشىمەن. ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىپ ئىنسانىيەتنىڭ پاجىئەسىگە ئايلاندۇرۇش ۋە مەڭگۈلۈك ئىبرەت قىلىپ تىكلەپ چىقىش ئۈچۈن، بىر پارچە كىتاب يېزىش ئىستىكىم بار.

يامغۇرلۇق ھايات غالىبىيەتكە تەشنا، ھۆرلۈككە تەقەززا قەلبىمگە مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقاي. ماڭا باغلىغان مۇھەببەت، ئەقىدە ۋە ھۆرمەتلىرى سەۋەبلىك نەپرەتلەرگە تولغان، زېدىلەنگەن قەلبلەرگە ئۈستۈمگە چۈشۈۋاتقان بۇ يامغۇر مەغپىرەت، ئەپۇ ۋە مەرھەمەت مايسىلىرىنى ئۈندۈرگەي.

2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

## بۇرۇنقى بۇرۇت ۋە بۈگۈنكى نىقاب

بۈندىن يۈز يىللار بۇرۇن ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلالمىغان بىر بۇرۇت بار ئىدى، بۈگۈنمۇ قوبۇل قىلىشتا قىيىنلىشۋاتقان بىر نىقاب بار. يۈز يىل بۇرۇنقى بۇرۇتنىڭ بۈگۈنكى ھېچبىر ئۇيغۇردا ئىزناسى يوق، ئەمما شۇ بۇرۇتلۇقلارنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ياد ئېتىلمەكتە. بۇرۇنقى غەلىتە بۇرۇتنى قويۇپ كىشىنىڭ كۆزىگە سىغمىغانلارنىڭ ۋەكىلى مەمتىلى ئەپەندى ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بايراقدارى، ھۆرلۈككە بولغان ئەقىدىسىنى ئۆلۈمى بىلەن ئىسپاتلىغان شائىر. ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئوچۇق سۈرىتى پەقەت ئىككى پارچە. رەسىمدە ئۇنىڭ بۇرۇتى پەۋقۇلئاددە دىققەت تارتىدۇ. چۈنكى ئۇ خىل بۇرۇت ھازىر گىتلېرغا خاس بىر بەلگە بولۇپ، فاشىزمنىڭ ئوبرازى. ئۇنداق بۇرۇت قويغانلار بۈگۈنكى كىشىلەردە قورقۇنچ، نەپرەت ۋە يىرگىنىش پەيدا قىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇرۇت پاسونى ئەسلى ياۋروپادىن تارالغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا مىللەتچىلىك ئەۋج ئالغان بولۇپ، شۇنىڭ تەسىرىدە مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاشلارمۇ بۇ ئېقىمغا ئەگەشكەن. شۇ يىللاردا مىللەتچىلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدىكى بۇرۇتنى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاش قويغان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇردا تەرەققىياتقا، يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلغان. مەسىلەن، مىللەتنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،

مەخسۇت مۇھىدى، مەتىمىن بۇغرا، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت قاتارلىق يولباشچىلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا مىللەتچىلىكنىڭ سىمۋولى بولغان «گېتلىرچە» بۇرۇتنى مودا قىلىشقان. گېتلىرچە بۇرۇت يالغۇز ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىدىلا ئەمەس، تۈرك ۋە ئەرەب مىللەتچىلىرىدىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، مىسىرلىق سەيىد قۇتۇپنىڭمۇ شۇنداق بۇرۇتى بار ئىدى.

ياۋروپادا تۇغۇلغان مىللەتچىلىكنىڭ نەتىجىسىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يېڭى - يېڭى مىللىي دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما مىللەتچىلىكنىڭ ياۋايى شەكلى بولغان فاشىزم ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ چەكلەندى. گىتلېر زامانىدا گېرمانىيەدە ئومۇميۈزلۈك قويۇلغان بۇرۇت بۈگۈن فاشىستلارچە قىياپەتنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قويۇلماس بولدى. ياۋروپالىق مىللەتچىلەردىن بۇرۇت قويۇشنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇر مىللەتچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ياۋروپادا ئۇنداق بۇرۇتنى قويماي، چەكلەنگەن فاشىستلارچە قىياپەت ۋە پىكىرلەردىن ئامال بار ساقلىنىپ، تىنچلىق بىلەن دەۋاسىنى داۋام قىلماقتا.

ياۋروپادا باشلانغان مىللەتچىلىكنى قورال قىلىپ دۆلەت قۇرماقچى بولغان مەتىلى ئەپەندى، مەتىمىن بۇغرا ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋارىسلىرى بۈگۈنمۇ مىللەتچى، ئۇلار ياۋروپاچە مىللىي دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ھازىر ياۋروپا ئەللىرىدە ئەجدادلار ياققان مەشئەلنى كۆتۈرۈپ، ئۇلار باشلىغان دەۋاغا ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ھېچبىر ئۇيغۇر يولباشچى ئۇلارنىڭ بۇرۇتىغا ۋارىسلىق قىلمىدى. چۈنكى ئۇ بۇرۇت بۈگۈن فاشىزمنىڭ مەخسۇس بەلگىسى سانىلىدۇ.

خۇددى يۈز يىل بۇرۇنقى دۇنيادا مىللەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ

ئۇنىڭ بەلگىسى بولغان بۇرۇت ئۇيغۇرغا تارالغان بولسا، هازىرقى دۇنيادا ئەسلىيەتچىلىك دولقۇنى قوزغىلىپ، ئۇنىڭ سىمۋولى بولغان نىقاب ئۇيغۇرغا تەسىر قىلدى. يامان يېرى تۈرلۈك ئەسلىيەتچىلىك ئېقىملىرى بۈگۈنكى دۇنيادا تېررورىزمنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ، بومبا ساقال ۋە قارا نىقاب ئۇنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئۆزى ئەسلىيەتچى بولمىغان، تېررورلۇق بىلەن هېچبىر ئالاقىسى بولمىسىمۇ، ئۇزۇن ساقال قويغان ئەرلەر ۋە قارا نىقابلانغان ئاياللار خاتا چۈشىنىلىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ياۋروپادىكى تېررورلۇق هۇجۇملىرىغا كۆپرەك ئۇچرىغان فرانسىيەدە نىقاب چەكلەندى. نىقابلىقلار سەۋەب بولغان بىر قانچە تېررورلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن، مۇسۇلمان دۆلىتى بولغان تۇنىسمۇ نىقابنى چەكلەپ پەرمان چىقاردى. شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نىقاب تاقايدىغان خانىم ـ قىزلارمۇ ئۇيغۇر جامائىتىدە ۋە خەلقئارادا خاتا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە مەهكۇم بولماقتا.

2017 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىر جەررى شىه بىلەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان مەهەللىلەرنى زىيارەت قىلدۇق. جەررى بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئۇزۇن ساقاللىق، قارا نىقابلىق ئۇيغۇرلارنى رەسىمگە تارتتى. كىم بىلسۇن ئۇزاق ئۆتمەي مەلۇم بىر تاراتقۇ بۇ رەسىملەرنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيەدىكى ئاشقۇنلارغا تۈركىيەدىن بېرىپ قېتىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. رەسىمگە تارتىلغان ئۇيغۇرلار خەۋەرنى كۆرۈپ، قەيسەرىدىن ماڭا تېلېفون قىلىپ ئۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى. بىرلەشمە ئاگېنتلىق بولسا بۇ رەسىملەرنىڭ ئىجازەت بىلەن تارتىلغانلىقىنى، تەلەپ بويىچە كىملىكنىڭ يوشۇرۇلغانلىقىنى، تورغا قويۇلغاندىن كېيىن كىملەرنىڭ قانداق خەۋەر ئۈچۈن ئىشلىتىشىنى كونترول

قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەلۋەتتە، ئايالـلار نىقابلىـق، ئەرلەرنىـڭ يۈزلىـرى نائېنىـق بولغاچقا، ھېچكىـم رەسـىمدىكى مەن ئىدىـم، مېنـى ئۇنداقچـى ياكـى مۇنداقچى دەپتـۇ دېيەلمەيتتى.

ئاردىـن ئىككـى يىـل ئۆتـۈپ سـۇرىيەدە كـورت قوراللىقلىرىغا ئەسـىرگە چۈشـكەن ئۇيغۇرلارنىـڭ خەۋەرلىرى چىقىشـقا باشـلىدى. شـۇنداق خەۋەرلەرنى باسـقانلارنىڭ ئىچىدە تۈركىيەدىكى «ئاسـىيا خابەر» دېگەن بىر تاراتقۇ يەنە شۇ جەرري شىھ قەيسەرىدە تارتقان بىر رەسـىمنى ئىشـلىتىپتۇ. سۈرەتتە سـۇرىيەدە ئەسـىرگە چۈشكەن ئۇيغـۇر جىھادچـى ئايالـلار دەپ يېزىلغانـلار ئەمەلىيەتتە قەيسـەرىدە ياشـايدىغان ئۇيغـۇر خانىـملار ئىـدى. ئەگەر بـۇ خانىملارنىڭ يۈزى ئوچـۇق بولغـان بولسـا ئىـدى، بۇنـداق سۇيىئىسـتېمال قىلىنمىغان بولاتتـى، ھېلىقـى سـاختىكار تاراتقۇنىـڭ تۆھمىتىگـە قالمىغان بولاتتۇق، ئۇلارمۇ قورقماي يالغان سۆزلەشـكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

قـارا نىقـاب سـەۋەبلىك ئۇيغـۇرلار تۈركىيـە، سـۇرىيە ۋە باشـقا تاراتقـۇلاردا قارىلىنىۋاتقـان بولغاچقا، بـۇ ھەقتـە ئـەڭ كەسـكىن مۇنازىـرە داۋام قىلماقتـا. نىقابقـا قارشـى چىققۇچىـلار ئىچىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىسى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەنقىد قىلىۋاتقانلارمۇ، ئۇيغۇرنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى نۇقتىسـىدىن چىقىپ ئەيىبلەۋاتقانلارمۇ، ئىسـلام نۇقتىسـىدىن چىقىـپ رەددىيـە بېرىۋاتقانلارمۇ بـار. ھەتتا قارا نىقاب ۋە بومبا سـاقال ئاشـقۇنلۇققا سىمۋول بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، داڭلىـق تاراتقـۇلار ئۇيغـۇرلار ھەققىـدە خـەۋەر ئىشـلىگەندە ئىـلاج بـار ئۇنـداق كۆرۈنۈشـلەرنى ئىشـلەتمەي كەلـدى. مەسـىلەن، ئەلجەزىرەنىـڭ تۈركىيەدە ئىشـلىگەن يانۋاردىكـى لاگېرلار توغرىلىق ھۆججەتلىـك فىلىمىـدە، ب ب س تۈركىيەدىكـى ئۇيغۇرلاردىـن گۇۋاھچىلارنـى زىيـارەت قىلىـپ ئىشـلىگەن خەۋەرلـەردە ۋە ۋايىـس يېقىندا تارقاتقان ئاتا ـ ئانىسـىدىن مەھرۇم سـەبىيلەر ھەققىدىكى

فىلىمدە ئەسلى يۈزى نىقابلىق ئاياللار بار ئىدى، ئەمما فىلىم تارقىتىلغاندا قارىسام ھېچبىرى ئىشلىتىلمەپتۇ.

مېنىڭچە ھېچبىر ئىنسانىنىڭ يەنە بىر ئىنسانغا كىيىمنى قانداق كىيىش، بۇرۇت ـ ساقالنى قانداق قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى يوق. ئەمما ھېچبىر ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى ئەجەللىك شارائىتتا ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ھەققى يوق. خۇددى مىللەتچىلىكنىڭ بەلگىسى بولغان بۇرۇت فاشىست گىتلېر قويغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن فاشىزمنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغاندەك، پەرقلىق دىنى چۈشەنچىنىڭ بەلگىسى بولغان قارا نىقاب ۋە بومبا ساقال بۈگۈن تېررورلۇقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. خانىم ـ قىزلىرىمىز ۋە ئەركەكلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىگە سادىق بولۇپ قارا نىقابلاغا ئورۇنۇپ، ئۇزۇن ساقاللارنى قويۇپ يۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ قىياپەتلەر سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار دۇنياغا ئاشقۇن تېررورچىلار سۈپىتىدە تونۇتۇلسا بۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

# ئېيتالمىغان سىرلار سىر پېتى

2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، تۈن نىسپى ئىدى. قەيسەرىگە جايلاشقان ئۇيغۇر مەھەللىسىدە جىددىيلەشكەن كىشىلەر ماشىنىلارغا يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى. كىچىك باللارنىڭ يىغىسى، چوڭلارنىڭ چاقىرىشلىرى، يىغلىشىپ دۇئا قىلىشلار قىسقىلا داۋاملاشقاندىن كېيىن، مەھەللە بۇرۇنقىدەك جىمىپ كەتتى.

خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاڭ ئاتقاندا كەتكەنلەرنى پايلاپ تۇرغاندەك يېڭى كەلگەنلەر قۇرۇق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. ھېچكىم نېمە بولغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلمىدى، ساقچىلار بۇ كېچە ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلار يۈز بەرگەن ھەممە ئىشتىن بىخەۋەر بولۇپ چىقتى.

شۇ كېچە يولغا چىققانلار تۈركىيە ـ سۇرىيە چېگراسىدىن بىخارامان ئۆتۈپ مۇجاھىدلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەيسەرىدىكى ئۇيغۇر لاگېرىدىن جىھادقا ئاتلانغانلار 60 ئەتراپىدا بولۇپ، ئىستانبۇلدىن ۋە باشقا شەھەرلەردىن بولۇپ جەمئىي قانچە ئۇيغۇرنىڭ شۇ كېچىسى سۇرىيەگە كەتكەنلىكىنى ئېنىق ئەمەس. پەقەت مېنىڭ تونۇيدىغىنىملا كورلا شەھىرىدىن بىر ئائىلە، غۇلجىدىن ئىككى ئائىلە، خوتەندىن بەش ئائىلە بار. قەيەردىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەمما مەن ھېيتلىق تارقاتقاندا دىققىتىمنى تارتقان بىر سىڭلىمىزنىڭ 40 كۈنلۈك بولغان بالىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

مەن قېرىنداشلار جىھادقا ئاتلىنىشتىن بۇرۇنقى شۇ كۈنلەردە قەيسەرىگە ئىككى قېتىم بارغان. بىرىنچى قېتىم بارغىنىمدا كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىمنى «ئوقۇماسلىق گۇناھ» دېگەن يازمىدا بايان قىلدىم، ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا كۆرگەنلىرىمنى «توققۇز ياشلىق ئايالار» دېگەن ماۋزۇدا ئايان قىلدىم. ئىككىلا يازمام جىھاد ئىبادىتىنى ئىنكار قىلدى، دىنغا ھۇجۇم قىلدى، مۇجاھىدلارغا قارشى چىقتى، دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى مەسخىرە قىلدى دېگەن تۆھمەتلەرنىڭ بومباردىمانىغا دۇچ كەلدى.

مەن شۇ ئاخشامدىن باشلاپ يۈزلىگەن تونۇش يۈزلەر، سەبى كۆزلەردىن مەھرۇم قالدىم. شۇ كېچىسى «چوڭ بولغاندا مۇجاھىد بولىمەن» دېگەن ئوغۇللارنى يوقاتتىم. قورۇدىكى قۇرئان كۇرسىنى ئاۋات قىلىدىغان نۇرغۇن باللارنى 2017 - يىلى 4 - ئىيۇلدىن كېيىن قورۇدا قايتا كۆرەلمىدىم. «مەن ئەركىشگە گەپ قىلمايمەن» دېگەن سەبى قىزنى، «ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت» دېگەن توققۇز - ئون ياشلىق نىقابلىق قىزلارنى شۇ زۇلمەتلىك كېچىدە (ياكى زۇلمەت كېچىسى دەڭ) يىتتۈرۈپ قويدۇم.

بۈگۈن، يەنى 2019 - يىلى 6 - ئاۋغۇست ئۇلارنىڭ بىرىدىن خەۋەر كەلدى. شۇ كېچە جىھادقا ماڭغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئەرلەر ئاساسي جەھەتتىن قىرىلىپ، ئايالار ۋە باللارنىڭ ساق قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. ئەۋەتىلگەن رەسىمدىن قارىسام بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چېدىرلىرىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

بۇ ئايالار قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چاقىرىق چىقىرىپتۇ. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېزىلغان ئۇ ئۇيغۇرچە مۇراجىئەتنامىدە قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ سۇرىيەنىڭ روجاۋادا دېگەن يەردە «پ ك ك كاپىرلىرى»نىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ

دىن ئۇچۇن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىپ چىققانلىقىنى يازىدۇ. شۇ قۇرلاردىن ئويلىنىپ قالدىم، خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلارمىز دەپ چىققان، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇچۇن مەشىق قىلايلى، ھەربىي تەلىم ئالايلى دەپ چىققان، خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى دەپ چىققان دېمەكچى بۇ ئۇيغۇرلار قانداق قۇتۇلار؟ ئۇلارنى بۇ پىكىردىن كىم قۇتقۇزار؟

بىر مۇراجىئەتكە، بىردە يات تۇپراقتا خورلىنىۋاتقان شۇ باغرىلىرىمىزغا قاراپ، مېنى جىھادنى ئىنكار قىلدى دەپ تەھدىتلەر سالغان، ئاغزىدىن نىجاسەت ئېقىتىپ ھاقارەت قىلغانلارنى ئويلاپ قالدىم. بۇ سىڭىلىمىزغا ھىجرەت، جىھاد تەشۋىقاتىنى قىلغانلار شۇنداق كىشىلەر ئىدى. بۈگۈن بۇ ئۇيغۇرىمىزنى يات تۇپراقلاردا سەرسان قىلغان، جان تۇمشۇققا كەلگەندىمۇ ئۆزىنى ئەسىر ئالغان كورت قورالىق كۈچلىرىنى كاپىرلارنىڭ كاپىرى قىلىپ تىللاپ، ئۆزىنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان خىتاي كوممۇنىست كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان ئىدىيە دەل شۇ «ئۇيغۇر» دېگۈچىلەرنى قوۋمپەرەس، «ھۆرلۈك» دېگۈچىلەرنى غەربپەرەس، «ۋەتەن» دېگۈچىلەرنى ۋەتەنپەرەس دەپ تەبلىغ قىلىدىغان ئاشقۇن ئۇستازلارنىڭ تۆھپىسى ئىدى.

ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر سۇرىيەنىڭ روجاۋا دېگەن يەردە ب د ت لاگېرلىرىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنى كاپىر ۋە مۇسۇلمان دەپ ئىككىلا تۈرگە ئايرىپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار «مىللەت، ۋەتەن، ھۆرلۈك» دېگەن چۈشەنچىلەرنى رەت قىلىدۇ. بۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن خەتەرلىك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېھسان ئەركىنگە ئوخشاش ئالداپ كېتىلگەن نارەسىدە

باللارمۇ بار. ئەمدىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن تۇرۇپمۇ مەھرەمسىز يۈرمەسلىك، دىنىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، تويى قىلىپ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن قىزلارمۇ بار، ئانىغا تاماق،بوۋىقىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي قىينىلىۋاتقانلار بار. رەسىمگە تارتىلىشتىن قورقۇپ ئاغرىپ كەتكەنلەر، ھەتتا بايقىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئاغرىق باللارنى داۋالتالماي ئۆلۈمگە سەۋەب بولغانلارمۇ بار.

ئېيتىمەن دەپ ئېيتالمىغان سىرلار نۇرغۇن. قېرىنداشلىرىمىزنى خارۇ - زار قىلغان بۈگۈنكى سۇرىيە سەۋداسى تۈنۈگۈنكى ئافغانىستان ئىشتىياقىنىڭ داۋامى. بۈگۈنكى جىھاد شەيدالىقى ئەتىكى خەلقئارا تېررورچى قالپىقىنىڭ، قۇربانلىقىنىڭ تەييارلىقى. بىز دائىم خىتاينىڭ، رۇسىنىڭ بىزنى بېسىۋېلىپ خاراب قىلغانلىقى، تۇزاق قۇرۇپ ئالداپ كەتكەنلىكىنى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرى دېيىشكە ئامراق. ئەمما بىزنى ئاللاھ نامىدا ئالداپ كېلىۋاتقان، ئۆلۈمگە، خورلۇققا، ئاھانەتلىك تەقدىرگە، تۈگىمەس كۈلپەتكە باشلاپ كېتىۋاتقان ئۆزىمىزدىن بولغان مەلئۇنلۇقنىڭمۇ بىر سەۋەب ئىكەنلىكى دائىم بىر سىر بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئېيتالمىغان سىرلار ئىچىدە بىزنى ئىزچىل خورتىپ، ھالسىرىتىپ، ئىچىمىزدىن چىرىتىپ خاراب قىلىۋاتقان نېگىزلىك سىر.

2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

## ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە خارۋاردنىڭ دوكتورى

پاكىستانلىق خارۋارد دوكتورى تازىن ھۈسەيىن خانىم ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر ھەققىدە ئىزدىنىپ قايتىپ كەلدى. سۆھبىتىمىز ئۇنىڭ ئۇيغۇر سەپىرى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ۋەزىيىتى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى، ئۇيغۇر بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ مۇشەققەتلىك ھاياتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم.

تازىن ئىستانبۇلدا بىر مەزگىل ياشاپ، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەرقايسى سەھنىلىرىدە زىيارەتتە بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ مېنىڭدىن ئاڭلىمىغان، ئەمما جامائەتچىلىك ئىنكاس قىلغان ئىككى نەرسىنى بايقاپتۇ. بىرى ئىستانبۇلدا دىنىي ۋە سىياسىي سەھنىدە پائالىيەت قىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىز مېنى مۇستەقىللىققا قارشى دەپ ئەيىبلەيدىكەن، يەنە بىرى مېنى دىنغا قارشى دەپ نارازى ئىكەن.

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. ھازىرقى ئۇيغۇر ھاياتىدا ئىككى تېما ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ دىن ۋە مىللەت، يەنى دىندارلىق ۋە مۇستەقىللىق مەسىلىسى. خوش، بىر ئادەم بۇ ئىككى مەسىلىدە پۈتۈنلەي قارشى ئېلىنمايدىغان بىر مەيدانغا ئۆتۈپ قالسا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ باققىنى ئەۋزەل.

مەن تازىن خانىمغا پەرزەنتلىرىنى ئىسلامچە تەربىيەلەش ئۈچۈن، خىتاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مەسچىتلەردە ئوقۇتقان ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

مەن 2001 - يىلدىن باشلاپ لەنجۇدا بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانىدىم. شۇ چاغدا تۇڭگان ئوبلاستى بولغان لىنشيادا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر سەبىيلەر بار ئىدى. مەن بۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئىزچىل كۆرۈشۈپ تۇردۇم، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولدۇم. بەزى باللار بىر يىلدا، بەزى باللار ئىككى - ئۈچ يىلدا قۇرئاننى تاماملاپ قارى بولدى. ئەمما باللار قارى بولدى - يۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئالاقىلىشالماس بولۇپ قالدى. مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا دادا، ئانا دېگەن سۆزدىن باشقىنى خىتايچە سۆزلەپ يۈرگەن بۇ قارى باللارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. خىتاي بۇ قەدەر زۇلۇم قىلمىغان بولسا، مۇشۇ باللار ئانا تىلىدا ئوقۇغان بولسا دېگەن خىياللارنى قىلدىم. بۇ مەسىلىنى يېشەلمەي شۇ ئاتا - ئانىلارنى باللىرىنى قارى قىلىش ئۈچۈن خىتايغا يولغا سالغان ئۇستازنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. باللارنى ئانا تىلدىن، ئاتا - ئانا مېھرىدىن، ئىسسىق ئۆيدىن ئايرىپ قارى قىلىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئۇستازنىڭ جاۋابى ئېنىق ئىكەن. مۇسۇلمانلىق ئۇيغۇرلۇقتىن مۇھىم ئىكەن. چۈنكى، ئاللاھ ئۇ دۇنيادا مىللىتىڭگە نېمە قىلدىڭ، قوۋمىڭنىڭ تىلىنى قەدىرلىدىڭمۇ؟ دەپ سورىمايدىكەن، دىنىدىن سوئال - سوراق قىلىنىدىكەنمىز.

تازىن خانىمغا بۇ ۋەقە بەكمۇ غەلىتە بىلىندى بولغاي، ئۇ ئۇستازنىڭ ئاللاھقا ۋاكالەتچى بولۇشىدىن گۇمانلانغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تازىن خانىمغا بۇ كەچمىش ئارقىلىق مېنىڭ تۈركىيەدە ئانا تىلنى تەكىتلىشىمنىڭ قۇرئان يادلاشقا قارشىلىق سۈپىتىدە چۈشىنىلگەن بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئىزاھلىدىم. مەن يۇقىرىقى ئۇستازنىڭ گېپىنى ئون سەككىز يىلدىن بېرى پەرقلىق ئېغىزلاردىن ئاڭلاپ كەلدىم. مەن تازىنغا ئۆزۈمنىڭمۇ

ھېچبىر ئىنسانغا ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتە سورايدىغان سوئالىنى دەپ بەرمەيدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇمى، چەكلىمىسى ۋە باستۇرۇشلىرى سەۋەبلىك دىندا ساۋاتسىز قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىمگە تازىن قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇرلار دىنى سەۋىيەدە تۆۋەن ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئىستانبۇلدا ئۆلىمالار، تالىپلار ۋە ياش ئىلاھىيەتچىلەر بىلەن سۆھبەتتە بوپتۇ، ئۇلارنىڭ مۇتىدىل پىكىرلەرنى قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ.

تازىن ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەت ۋە قىياپەت جەھەتتە تۈرك جەمئىيىتىدىن بارغانچە يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرئان كۇرسى، دىني دەرسلىكلىرى، ئۆزىنىڭ مەسچىتى بولۇشىنى گەرچە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۈرك جەمئىيىتىدە يۇت تىرەپ تۇرۇشى، دۆلەتنىڭ ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىشى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەن.

تازىن خانىمنىڭ ئۇيغۇرلار ئىبادەت، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشتا تۈركىيە جەمئىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى كېرەك دېگەن پىكرىنى مەنمۇ ئويلاپ كېلىۋاتقانىدىم. مەن ئىستانبۇلدا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نىقابلانغان چىرايى ۋە پەرقلىق دىنىي چۈشەنچىسى سەۋەبلىك يەكلىنىش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلغانىدىم. تازىن خانىمغا ئوخشاش مۇساپىرلىق دەردىدە ياشاپ باققان، مۇھاجىرەتتىكى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان، بولۇپمۇ بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئازابىنى يات ئەلدە تېتىپ باققان كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەلۋەتتە ئويلاشقا تېگىشلىك ئىدى. بولۇپمۇ تۈركىيەدەك قانۇن بويىچە ئىش قىلىش تازا ئومۇملاشمىغان بىر

جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەت ۋە قىياپەتتە تۈرك خەلقىدىن دائىم پەرقلىق ئۇسلۇبتا ھەرىكەت قىلىشى ئۇلارنى ئاسانلا يەكلەش، چەكلەش ۋە كەمسىتىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇرنىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن تازىن خانىم كۆزەتكەن باشقا مىللەتلەردىكى مۇسۇلمانلىقنىڭ قانداق پەرقلىرىنى ھېس قىلغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ: «ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ تاجى بولۇشقا مۇناسىپ» دېدى. تازىن سەل ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار دىنىي مائارىپتىن مەھرۇم قالغان، ئەمما دىندا ئەڭ مەرىپەتلىك. ئۇيغۇرلار ئېتىقادى سەۋىيىلىك جازالانغان، ئەمما ئەڭ تەقۋادار. ئۇيغۇرلار ئىسلام شەرىئىتى بىلەن رەسمىي ياشاپ باقمىغان، ئەمما ئەمەللىرى ئەڭ شەرىئەتلىك. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ باقمىغان، ئەمما مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ساخاۋەتلىك ۋە مۇھەببەتلىك مىللەت ئىكەن، دەپ بولۇپ ئۈنسىز تۇرۇپ كەتتى.

تازىن ئاخىرىدا رەنجىمىسەم بىر شەخسىي سوئال سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بالىلىرىڭىز بىرەر ئايەتنى بىلەمدۇ؟ دېگەن سوئالىغا، ھەئە، ئىككى قىزىمغا قۇرئاننىڭ 30 - پارىسىدىكى ئايەتلەرنى ئۆگەتتۇق، دەپ جاۋاب بەردىم.

2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# ئاداش، بىزدە خاتالىق يوقمۇ؟

ئاداش ئېسىڭلاردە بارمۇ؟ سىلى 2012 ـ يىلى دوستىمىز ئە... نىڭ ئۆيىگە جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان كىتاب ئالغاچ كەپتىكەنسىلە. كىتاب شۇنداق چىرايلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، ئارقا مۇقاۋىسىغا جىهاد قىلىپ شېهىت بولغان كىشىنىڭ ئۇ دۇنيادا يېقىنلىرىدىن 72 ئادەمگە شاپائەت قىلىپ بىللە جەننەتكە كىرىدىغانلىقى يېزىلغان ئىكەن. شۇنى قەشقەرگە سىلى تارقاتقان ئىدىڭلار. مەن سەل قورقۇنچاق بولغاچقا، ھېچكىمگە بەرمەي تىقىپ قويغان. ئەسلى كۆيدۈرۈپ تاشلىماقچى ئىدىم، لېكىن ئىچىدە ئايەتلەر بولغىنى ئۈچۈن جۈرئەت قىلالمىغان.

ئاداش ئېسىڭلاردە بارمۇ؟ سەيىد قۇتۇپنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن كىتابىنى سىلى تەرجىمە قىلغان ئىدىڭلا. سىلىگە ياردەملەشكەن دوستۇڭلار سۈرىيەدە شېهىت بولۇپ كەتتى. رەھمەتلىك قېچىپ چىقماقچى بولغان ئىكەن. جامائەتتىكىلەر ئۇنى خائىنغا چىقىرىپ، ئامبۇر بىلەن قىسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنى بېرىپتۇ.

ئاداش ھېلىقى مەدرىسكە كەلگەن قىزلار ئېسىڭلاردە بارمۇ؟ ئاغىنىدارچىلىقىم شۇ قىزلار سەۋەبلىك بۇزۇلدى. مەن بۇ قىزلارنى چۈشتىن بۇرۇن دىن ئوقۇسۇن، چۈشتىن كېيىن كەسىپ ئۆگەنسۇن، دېدىم. سىلى دىنىي ئىلىمنى ئۇنداق ئاسان كۆرۈپ قالماڭلار، پۈتۈن كۈن ئوقۇمىسا ئۆگىنەلمەيدۇ، دېدىڭلا. ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ بىزگە تاپشۇرۇپ كەتكەن بۇ قىزلارنىڭ ئاتا ـ

ئانىسى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ قىزلار ھازىر يامان تەستە ياشاۋاتىدۇ! شۇ چاغدا بىر كەسىپ، بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويغان بولساقمۇ - ھە!

ئاداش 2016 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر كەچقۇرۇن ئىبىسىگىلىدىمۇ؟

دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالار كېڭىشىنىڭ باش كاتىپى ئەلى قاراداغى ئىستانبۇلدا، چاپىدىكى دەرنەكتە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ كىشى ئاساسلىق قىلىپ سۇرىيەلىك بولمىغانلارنىڭ سۇرىيەگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى خاتا دېدى ۋە دىنىي نۇقتىدىن بارماسلىققا پەتىۋا بەرگەن ئىدى. ئەتىسى سىلنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالەڭلا ئېلان قىلىندى، ئەمما مەزكۇر پەتىۋانى تىلغا ئالماپسىلە، مەن بۇنى بۈگۈنگىچە چۈشىنەلمىدىم، بىر مەردلىك قىلىڭلا، نېمىشقا يوشۇردۇڭلا؟ مىللەتتىن بۇ پەتىۋانى سىر تۇتۇشۇڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئاداش، مەن سىلنى ھۆرمەتلەيمەن، سىلىمۇ 2019 - يىلى ھېلىقى بىر كۈنگىچە ئىززىتىمنى كەم قىلماي كەلدىڭلا. شۇ بىر ئىشتىن كېيىن دوستلۇقىمىز ئاياغلاشتى. ئۇ كۈنى مەن سىلگە ئىشىنىپ فىرانسىيەلىك مۇخبىرغا پەزىلىتىڭلىنى تونۇشتۇرۇپتىمەن ۋە سىلنى 40 ئەتراپىدا يېتىم بالىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ دەپ تاشلاپتىمەن. سىلە مۇخبىرغا باللارنىڭ مەكتەپكە بېرىۋاتقانلىقىنى، دىن ۋە پەندە نەتىجىلىك ئوقۇۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ بىر يەردە ئازدىڭلار. باللار سەھەر سائەت بەش بىلەن قوپۇپ دەرس ئېلىشقا باشلىسا سائەت 12 بىلەن ئارام ئالىدۇ، ئاندىن چۈشتىن كېيىن ئىككى يېرىمدا سەھەردىكى دەرسلەرنى تەكرار قىلىدۇ، دېدىڭلا. ئەمما تۈركىيەگە كەلگىلى ئون يىلدىن ئاشقان مۇخبىرنىڭ بۇ گېپىڭلاردىن باللارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغانلىقىڭلارنى ئۇقۇپ قېلىشىنى ئويلىماپسىلە. چۈشتە ئايالىڭلار لەڭمەن ئېتىپ بەردى.

بىر تالىپ بالا ئالدىمىزغا تاماق ئېلىپ كەلگەندە مۇخبىرغا ئۇنىڭ قانتىلغان قولىقى سېزىلىپ قاپتۇ. سىلىنىڭ مىسىردىكى ۋاقتىڭلاردا تالىپلىرىڭلىنى ئۇرۇپ قويغىنىڭلىنى، شۇ سەۋەبتىن تاياق يېگەن بىر بالىنىڭ قاھىرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا ئەرز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا ھەيران قالمىدىم. ئەمما شۇ مۇلايىم چىرايىڭلارنىڭ ئاشۇ ياۋۇزلۇقۇڭلارنى قانداق يوشۇرۇپ قالغانلىقىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم.

مۇخبىر ماڭا زىيارەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن سىلىنى يازمايدىغانلىقىنى ئايرىم دەپ بەردى. سىلىنى ئالىم، ساخاۋەتچى ئەمەس، زالىم، جىنايەتچى دەپ يېزىش كېرەككەن دەپ قاپتۇ.

ئاداش، سىلى كۆپ خىزمەت قىلدىڭلار، بالا ئوقۇتتۇڭلار، كىتاب تەرجىمە قىلدىڭلا، توردا دەرس ئۆتتۈڭلار، تەبلىغ قىلدىڭلار، ئۇرۇمچىدە ئەزىزمۇ بولدۇڭلا، بايمۇ بولدۇڭلا، قاماققىمۇ چۈشتۈڭلا. خۇداغا شۈكۈر، تۇتۇلۇپ مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىقتىڭلا. مەنمۇ سىلىدەك ھەقنى تونۇيدىغان، خەلقنى يېتەكلەيدىغان دوستۇمنىڭ بولغىنىدىن خوش ئىدىم، ئەمما مۇھاجىرەتتىكى ھايات مېنى بىز دىن دەپ ئۆگەنگەن كىتابلارنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكۈزدى. سىلىنىڭ بىزگە ئېتىقاد دەپ ئۆگەتكىنىڭلار سىياسىي ئىدېئولوگىيە بولۇپ چىقتى، خەلقىمىزگە ئىمان دەپ سىڭدۈرۈۋاتقان سىياسىي ئېقىمنىڭ ساختىلىقى ۋە سىرى ئېچىلىپ قالدى. مەن ئالدانغاندەك بولۇپ قالدىم، ئىنسانغا ھەق دەپ ئىشەنگەن يولنىڭ باتىل، ئاقىل دەپ ئىشەنگەن يولباشچىسىنىڭ غاپىل چىقىپ قېلىشىدىنمۇ ئېغىر پۇشايمان بولمىسا كېرەك. مانا بۇ ئاقىۋەت، مانا بۇ ھال يوللىرىمىزنى ئايرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلىنىڭ مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى دۇنيانىڭ، تەرەققىياتنىڭ، ئىلىمنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرىدىغان، رېئاللىقنى رەت قىلىدىغان

يېتەكلەش ئۇسلۇبۇڭلا مېنى تېخمۇ نارازى قىلدى .

مانا ئەمدى ئارىمىزدا دوستلۇقمۇ، يېقىنلىقمۇ غايىب بولۇپ، كۆرۈشسەك بىر ـ بىرىمىزگە ئالايغىدەك ھالغا كەلدۇق. ئەمما سىلىدىن سورايدىغان بىر ئىلتىماسىم بار، يېشىمىزمۇ قىرىقتىن ئېشىپ، باللىرىمىز ئېگىەككە تاقىشىپتۇ. ئاغىنە بولغاندىن بېرى ئېسىل تاماقنىمۇ يەپتىمىز، قىينىلىپ تاياقنىمۇ قاپتىمىز، قاماقنىمۇ، قازناقنىمۇ يېتىپتىمىز. سىلىنى ئەيىبلەش مەقسىتىم يوق، چۈنكى مەنمۇ يەتكىچە خاتالاشتىم. ئەمدى ئىككىلىمىز بىر ئويلىنىپ باقساق. ماۋ زېدۇڭ دېگەن خىتاي كوممۇنىستىك ئەقىدىنى تەرغىب قىلىپ 28 يىلدا ھاكىمىيەتنى ئاپتىكەن. شۇ جاھان كۆرمىگەن خىتاي بىر باتىل، يالغان، ساختا ئىدېئولوگىيە بىلەن خىتاي مىللىتىنى بىر بايراق ئاستىغا جەم قىلىپ غەلىبە قىپتىكەن. بىز بىر ھەق دىندا تۇرۇپ، شۇ ھەق دىنغا مىڭ يىل بۇرۇن كىرىپ بولغان بىر مىللەت بىزنى قوللاپ تۇرۇپمۇ، 70 يىلدىن بۇيان ئىزچىل مەغلۇپ بولۇپلا كەپتىمىز، ۋەتەننى، مىللەتنى قۇتقازماقتا يوق بارغانچە خارابلىققا شاھىت بولۇپ تۇرۇپتىمىز. ئەجەبا بىزدە خاتالىق يوقمۇ، بولسا قەيەردە خاتالاشتۇق؟

دىنىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ئادەم تەربىيەلەش، جىھادقا قىزىقتۇرۇش، ھىجرەتكە دەۋەت قىلىش... بىزدە مۇشۇ ئۇنۇمسىز ئىجتىھاتلار، تەۋەككۈل قىلىشلا بارمۇ؟ بىزدە خاتالىق يوقمۇ؟ مىللەت خىتايدا ئېزىلسىغۇ بىز سەۋەبچى ئەمەس، ئۇلار مۇھاجىرەتتە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپ قىينالسا، نامرات، قالاق قالسا، ئالدانسىچۇ، ئەسىر ئېلىنىپ خارلانسىچۇ؟ ھېلى مىسىردىن قوغلانسا، ھېلى ئەرەبىستاندىن، ھېلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن، ھېلى تۈركىيەدىن قايتۇرۇلۇش تەشۋىشىدە

قالسا، بۇنىڭدا بىزنىڭ خاتالىقىمىز يوقمۇ، مەسئۇلىيىتىمىز يوقمۇ؟

بۇنداق دېسەم ئاللاھنىڭ جازاسى، سىناقلىرى دەيسىلە. مەنچە ئۇنداق ئەمەس، ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئەمەس بىزنىڭ تەدبىرلىرىمىزنى سىناۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئىمانىمىزنى ئەمەس ئەمەللىرىمىزنى سىناۋاتىدۇ، كەم قالغان دۇئالىرىمىزنى ئەمەس قىلىنمىغان پىداكارلىقىمىزنى سىناۋاتىدۇ، قىلمىغان ئىبادىتىمىزنى ئەمەس ئىشلەتمىگەن ئەقلىمىزنى سىناۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى كۆز ئالدىدىكى بۈگۈندە ياشامدۇ ياكى خىيالدىكى ئەتىدە ياشامدۇ ۋە ياكى بۈگۈننى ئىنكار قىلىپ ئۆتمۈشتە، كۆزى يەتمىگەن مىڭ تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرنى تىرىلدۈرەمدۇ؟ دەپ سىناۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۆزى ياراتقان ھەقىقىي ئۇيغۇرلۇق تەبىئەتتە ياشامدۇ ياكى قولى يەتمەس ئوتتۇرا شەرقچە شەرىئەتتىمۇ؟ دەپ سىناۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ھاياتنى جەننەت قىلامدۇ يا جەننەت تاماسى ئۈچۈن ۋەتەننى، تۇرغان يېرىنى دوزاختا ئايلاندۇرامدۇ؟ دەپ سىناۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ھېچقانداق ئارامچىلىق، بەھۇزۇرلۇق ۋە پاراغەت بىلەن مۇكاپاتلىمايدىغان تۇيۇق يولدىن يېنىپ ھاياتقا، ھۆرلۈككە، ئادالەتكە ۋە ھالاۋەتكە باشلايدىغان يورۇق يولغا مېڭىش - ماڭماسلىقتا سىناۋاتىدۇ بەلكىم.

2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

# قىزىقارلىق قالپاقچىلىق

مەن «بۇرۇنقى گىتلېرچە بۇرۇت ۋە بۈگۈنكى نىقاب» ناملىق ماقالەمدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزگىچە تارىختا ۋە بۈگۈن سىغدۇرمىغان ئىككى كەلگۈندى ھادىسىنى ئىزاھلىغان ئىدىم. بۇ ماقالە چىققاندىن كېيىن، بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ۋە ئۇستاز ـ پېشىۋالارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. نەتىجىدە ھەبىبۇللاھ كۈسەنى ۋە مۇھەممەت يۈسۈپ دېگەن ئىككى ئۇستازدىن ئىنكاس چىقتى. ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قارىغا ئورۇنۇپ نىقاب تاقاشنى مۇباھ، يەنى دىنىي مەجبۇرىيەت ئەمەس دەپ چىقارغان پەتىۋاسى بىر قايىل قىلارلىق دىنى ھۆكۈم بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ماقالەمنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قارشى چىققان ئۇستازلاردىن ئىككى خىل كىشىلەر كۆپرەك بولدى. بۇلاردىن بىر تۈركۈمى نىقابنى تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاللاھقا قارشى چىققانلىق بولىدۇ، دېيىشتى. يەنە بىر تۈركۈمى كىيىنىش كىشىلىك ئەركىنلىك، بۇ ھەقتە پىكىر قىلىش دېموكراتىيەگە قارشى تۇرغانلىق، دېيىشتى. بۇنى قىسقارتىپ شەرقچە قالپاق ۋە غەربچە قالپاق دېسەك ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن.

كىشىنىڭ نېمە قىلىشى، نېمە يېيىشى، نېمە كىيىشى ھەقىقەتەن دېموكراتىك ھوقۇق. مەن بۇنى قوغدايمەن. شۇڭا مەن يازمامدا ھېچبىر شەخسنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى كەي، بۇنى كىيمە دېمىدىم. شۇڭا بۇ يەردە ھېچبىر ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكىگە

دەخلى تەرۈز قىلغان ئىش يوق. مەسىلەن، تاماكىنىڭ زىيىنىنى تەتقىقات قىلىدىغان مىڭلارچە ماقالىنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇنداق تەتقىقات ھەرگىزمۇ پاتىخە ياكى نادىيەنىڭ تاماكا چېكىش ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلىق ئەمەس. پەقەتلا بىر تەتقىقاتچى قىلغان ئىزدىنىشنىڭ نەتىجىسى. تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىز، ئۇنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق سىزنىڭ ئىشىڭىز.

ئاللاھقا قارشى چىققان دېيىش، دىنغا قارشى دېيىش، ئېتىقادىمىزغا ئارىلاشتى دېيىلىشلەرنىڭ مەن تۇردا يېزىقچىلىقنى باشلىغاندىن بۇيان تەكرارلاپ كېلىنىۋاتقان، مىللەتكە قاراشلىرىمنى سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان كونا ئەپسۇنكەشلىك ئىكەنلىكىنى ئاقىللار بىلىدۇ. ماقالىنى مەن يازدىم، سىز ئۇنى دىنغا قارشى دەمسىز ياكى ئۇيغۇن دەمسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. مەن ماقالەمنى دىن نۇقتىسىدىن، بىر ئۆلىمانىڭ سالاھىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ يازمىغان، ئەمما سىزنىڭ دىن نۇقتىسىدىن چىقىپ رەت قىلىش ھوقۇقىڭىز بار. مەن بىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، مەن بىر تىلشۇناس، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ كەسپىي دائىرىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىمەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە قاتارلىق مۇھاجىر سۆزلەر ۋە يەرلىك مىللىي سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ۋە مەنە ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمۇ مېنىڭ تەتقىقات دائىرەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر يازغۇچى ۋە مۇخبىر، شۇڭا ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان، دۇچ كەلگەن ۋە كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان تەھدىتلەر، مەسىلىلەر ۋە پۇرسەتلەر ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىمەن.

ۋەتەنىدە ئانا تىل مائارىپىغا تەشەببۇسكار بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ۋەتەن سىرتىدىن تور دەرسخانىسى، ئاۋازلىق ھۆججەتلەر

ۋە بارماق دىسكىلار ئارقىلىق كىرىۋاتقان تەبلىغلەردىن ئەنسىرەپ، تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان جىھاد ۋە ھىجرەت تەشۋىقاتىنىڭ ئۇيغۇرنى ئىنتېرناتسىيونالىزم جەڭچىلىرىگە ئايلاندۇرۇش ئېھتىماللىقىدىن ئاگاھلاندۇردۇم. قوللانغان سۆزۈم ئەينەن شۇ. چۈنكى، بىزگە ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئۈچۈن ياشايدىغان ئىنسان، ئۈممەتچىلىك - ئىنتېرناتسىيونالىزملىق بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىدىن ياخشى ئىدى. شۇ يىللاردا خۇددى بىر مەركەزدىن تارقىتىپ بېرىلگەندەك قارا نىقابتا يۈزىنى يۆگەپ، باشتىن ئاياققىچە قارا كىيىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئۆلۈم، توي ۋە بايراملارغا مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئادەتلەر دىنىي ئىبادەت دەپ قارىلىپ بىدئەتكە چىقىرىلدى. شۇ چاغدا مەن ئۇستاز ھەببۇللاھ كۆسەنى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. مەن ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى، شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئۇيغۇر ئۆرپ ئادىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ نىقابلىنىشىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىدىم. دوستۇم ھەببۇللا ئەمەت كۆسەنى دىن نۇقتىسىدىن چىقىپ نىقابلىنىشنى تەرغىب قىلىپ پەتىۋا بەرگەنىدى. مېنى ياقتۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر باي ئاتايىن كېچىلەپ چاقىرىپ دىنغا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنىدى. ھازىر ئۇ دوستىمىز تۇتۇلۇپ كەتتى.

ۋەتەن سىرتىغا چىققاندىن كېيىن 2017 - يىلى يېڭى يىل كېچىسى ئىستانبۇلدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قەتلىئام سەۋەبلىك تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆنى تەسلەشتى. بۇ ۋەقەدە تۇتۇلغان ئۇيغۇر ئەللىكتىن ئاشىدۇ. شۇنىڭغا قوشۇپ تۇتۇلغان ئۇيغۇر 380 ئەتراپىدا بولۇپ، تۇتۇش ئوبيېكتى ئۇزۇن ساقال قويغان ۋە قارا نىقابتا يۈزىنى ئورىۋالغانلار بولدى.

مەن شۇ يىلى مارتتا ئىستانبۇلنىڭ سىلىۋرى ناھىيەسىگە

جايلاشقان قايتۇرۇش مەركىزىگە بىر ئىش بىلەن باردىم ۋە ئۇ يەردە قارا نىقابتا يۈزىنى ئورىۋالغان ئۇيغۇر خانىملىرىنى كۆردۈم. شۇ قايتۇرۇش مەركىزىنى 2018 - يىلى رامىزاندا يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلدىم. قامالغانلار يەنە شۇ نىقابلانغان ئۇيغۇر خانىملار ئىكەن. ياردەم سوراپ قادىكۆيدىكى تۈرك ئوچاقلىرى دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتچى تەشكىلاتتا ئىشلەيدىغان تونۇشۇمنىڭ يېنىغا بارغان بولسامۇ، ئۆزلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى قىسىم تەرىپىدىن تۇتۇلغانلارغا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى نېمشقا ئۇزۇن ساقال، قارا نىقاب بىلەن تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىگە قارشى ئەرەبچە يول تۇتىدۇ؟ دەپ قايناپ كەتكەنلىكىنى ھازىرمۇ ئۇنتالمىدىم. ئامالسىز ئۇلارغا خىتاينىڭ زۇلۇمى ۋە ئېزىقتۇرۇشى بىلەن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم، ئەمما بىر ئۇيغۇر تۆت ئاي سەۋەبسىز يېتىپ قالدى.

مەن مەيلى ۋەتەندە بولاي ياكى مۇھاجىرەتتە بولاي، ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان بىرەر تەشەببۇس، تەرغىبات ۋە ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويمىدىم. خىتايدا دىنىمىز، تىلىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى خىتاي قانۇنلىرى بويىچە قوغداشنى تەشەببۇس قىلدىم، بۇ شۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىشنىڭ ماڭا ئەگەشكەنلەر ئۈچۈن بىخەتەررەك بولىدىغانلىقىدىن بولغان. مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمدا ئەتە مۇستەقىللىقنى ئالىمىز، بۈگۈن جىھادقا چىقىشقا باشلايلى دەپ باقمىدىم، بۇ مېنىڭ مۇستەقىللىقچى ئەمەسلىكىم ياكى دىنغا قارشىلىقىمدىن ئەمەس. بۇ ئىككى سۆز ئاجايىپ سۆيۈملۈك، مەن ئىككىلا سۆزنى دېيىشنى خالايمەن، ئەمما قانداق قىلىشنى بىلمەيمەن. مەن ئۆزۈم ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن. ئەگەر مەن ئوتتۇرىغا قويغان

پىكىر سەۋەبلىك بىر ئۇيغۇرنىڭ بۇرنى قانىغان بولسا كەچۈرۈم سورايمەن.

مەن ۋەتەندە يۈزىنى نىقابلاشنى توغرا كۆرمىدىم، مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىمدىمۇ توغرا كۆرمەيمەن. چۈنكى، بۇ نىقابتا ھەر بىر ئۇيغۇرغا بىر ياخشىلىق بارلىقنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ئەمەس. مەن ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى رەت قىلىشنى بۇرۇن توغرا كۆرمىدىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توغرا كۆرمەيمەن. سىزگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كوممۇنىستىنىڭ بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، بىدئەت بولۇپ تۇيۇلسىمۇ مەن ئۇنى قوغدايمەن. چۈنكى، مەدەنىيەت دىندەك خۇسۇسىي تاللاش ئەمەس، مىللەتنىڭ تاللىشى، ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بىلەن مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، دىنى بىلەن ئەمەس.

بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئۇيغۇرغا خاس مەدەنىيىتىمىزدە بولۇپ، ئىنسانىيەتكە ئورتاق دىنىمىزدا ئەمەس. مەسىلەن، بىر ئۇيغۇر تۇغۇلۇپ قىرىق كۈن بولغاندا تۇغۇلۇش مۇراسىمى بولغان قىرىقى قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر كۈن ـ تۈن تەڭلىشىپ جاھان ئىللىغاندا نورۇز قىلىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي تاللىشى، بۇ سىزنىڭ خۇسۇسىي تاللىشىڭىز ئەمەس. مەن ئۇيغۇرنىڭ مىللىي تاللىشىنى قوغداش تەرەپدارلىرى قاتارىغا مەنسۇپ. بۇ سەۋەبتىن مېنى دېموكراتچى دەمسىز، دېموكراتىيەگە قارشى دەمسىز، دىنغا قارشى چىققان دەمسىز بۇنداق شەرقچە ۋە غەربچە قالپاقلىرىڭىز ماڭا بەرىبىر.

مەن ھېچكىمنى نورۇز ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن ھاقارەت قىلمىدىم ياكى ھېچكىمگە قىرىقنى قىلىش ھەققىدە دىندىن پايدىلىنىپ پەتىۋا بەرمىدىم ياكى سىكىرىتاردەك بۇيرۇق قىلمىدىم. شۇڭا ماڭا دېموكراتىيە ۋە دىندىن چىقىپ قالپاق كىيدۈرمەكچى،

ھەددىمنى بىلدۈرمەكچى، دەرس بەرمەكچى بولسىڭىز يول بولسۇن. چۈنكى، ئېيتقانلىرىم سىز دەۋاتقان ئەيىبلەشلەرنىڭ سىرتىغا مەنسۇپ.

باشقىلارنى قالپاق كىيدۈرۈپ تەنقىدلەش تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇسۇل. چۈنكى، قالپاقنى سىزدەك ئۆلىمالار، دوكتورلار كەيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋامدا قالپاق كىيگەنگە قارشى ئاممىۋى ھۇجۇم باشلىنىدۇ. سىزلەر شىمشىكا چاققاچ تاماشىبىن بولىسىلەر. كىشىلەر قالپاق كىيىپ قالغان ئادەمنىڭ نېمە دېگىنىگە قارىماستىن سىزلەر كىيدۈرگەن قالپاققا قارىتىپ ھۇجۇم قىلىشنى، ئۆزى ھېچنېمە بىلمىسىمۇ شۇ كىشىنىڭ قالپىقىغا قاراپ تاش ئېتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەن قالپاقلارغا ئۆچ ئەمەس. چۈنكى، شۇ قالپاقلارنى مەندەك ئىش قىلغان، پىكىر قىلغان، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرلۇق بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان؛ خەق سالغان داستىخانغا، چالغان چاۋاكقا، قىلغان ئىززەت - ئىكرامغا ئەمەس، ئۆزى توغرا دەپ بىلگەنگە سادىق بولغان ئادەم كىيىدۇ. قالپاق كىيىپ ئېزىلىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى، قالپاقنى مەن كىيگەنگە مىللەت زىيان تارتمايدۇ، مەن كىيگەن قالپاق بىلەن بىر ئۇيغۇر تۈرمىگە كىرمەيدۇ، يېتىم قالمايدۇ، ۋەتەندىن مەھرۇم، سەرسان بولمايدۇ، يات تۇپراقلاردا جەسەتلىرى مۇساپىر بولمايدۇ.

ماڭا قالپاق كىيدۈرۈشلەر يېڭىلىق ئەمەس، ۋەتەندە كىيگەننى مۇھاجىرەتتىمۇ كىيدىم. مەن تۈنۈگۈن «مىسىردا ئەمەس تۈركىيەدە ئوقۇڭلار» دېسەم، ماڭا قالپاق كىيدۈرگەنلەر شۇ ئىلىمنىڭ كەبىسى، مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۈلگىسى بولغان مىسىردىن قوغلىنىپ ھازىر دەرنەكلەرنى قۇرۇپ، كىتابلارنى چىقىرىپ ئۆزلىرى ئەيىبلىگەن ئىلمانىزمچى، دەھرىي تۈركىيەدە ياشاۋاتىدۇ.

ۋەتەنىدە نىقابنى تەنقىدلەپ قالپاق كىيدىم، ئەمما شۇ نىقابنى زۇلۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاقىمىغانلار ھېچ بولمىسا كېسىلىپ كەتمەي لاگېرلاردا قالدى. بىز شۇ ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارغا نىقابتا يۈزۈڭلارنى يېپىڭلار دېگەن پەتىۋانى بەرگەن بىلەن، زىياننى مىللەت تارتتى، بىز شۇ بىزگە ئەگەشكەنلەرنى قوغداش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىدۇق.

دېمەك، چىقىرىۋاتقان پەتىۋا، چاقىرىق ۋە دەۋاتقان گېپىمىز سەۋەبلىك مىللەت قايتا ـ قايتا زىيان تارتقان ۋە يەنە زىيان تارتىش ئالدىدا تۇرغان بولسا بىزدە خاتالىق بارمۇ، مىللەتنى خاتا يېتەكلىدىممۇ، پىكرىمىدە نۇقسان بارمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ بېقىش كېرەك. خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئالماي، ھە دېسىلا پىكرىمىزنى قوللىمىغانلارغا قالپاق كىيدۈرۈپ، ئىخلاسمەن ئۇيغۇرنى ، ساددا دىندار كىشىلەرنى باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتساق خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. شۇڭا مىللەت ئېزىلىپ قىينىلىۋاتقان، ئەھۋالىمىز بارغانچە خارابلىققا قاراپ يۈزلەنگەن مۇشۇ كۈنلەردە مىللەتكە دىن نامىدىن، ئۆلىمالىق سالاھىيەت بىلەن بىر تەرغىباتنى قىلماقچى، تەۋسىيە ۋە پەتىۋالارنى بەرمەكچى بولساق ئىلگىرىكى خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك. بولسا تۆۋە قىلىشىمىز، دائىم خاتالىشىۋاتقان ئۆزىمىزنى ۋە خاتالىققا سەۋەب بولۇۋاتقان پىكرىمىزنى تەكشۈرۈپ باققىنىمىز ئەۋزەل.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# تۈركىيەدە ياكى مىسىردا

2015 ـ يىلى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئىككى ئىنىمىز مىسىردا ياكى تۈركىيەدە ئوقۇش توغرىلىق ئىككىلىنىپ ئېلخەت يېزىپتۇ. بىر ـ ئىككى ئاي بۇرۇن يەمەندىن قايتىپ كەلگەن بىرەيلەنمۇ مەندىن مۇشۇ سوئالنى سورىغانىدى. بۇ بەلكىم جەمئىيىتىمىزدە باللىرىنى دىندا ئوقۇتماقچى بولغان نۇرغۇن كىشىلەر يۈزلىنىۋاتقان مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىستىقبال غۇۋالىقى، ئېتىقاد ۋەھىمىسى، مەۋجۇتلۇق تەشۋىشى پەرزەنتلەرنى يىراق قىرلارغا يوللىماقتا. بايقىشىمچە كۆپىنچە تىجارەتچىلەر، دېهقانلار، ئۆلىمالارنىڭ پەرزەنتلىرى يوللانغان مەنزىل تۈركىيە، ئەرەبىستان ۋە مىسىر بولۇۋېتىپتۇ. ھازىر مىسىردا 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ دىن ئوقۇۋاتقانلىقى، تۈركىيەدە دىن ئوقۇۋاتقانلارنىڭ 700 گە ئۇلاشقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بۈگۈنكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلا دۇچ كەلگەن باللارغا دىنىنى قەيەردە، قانداق ئوقۇتۇش ھەققىدىكى تەخىرسىز سوئاللار، تەسىرلىك ئارزۇلار ۋە تەشۋىشلىك كەچمىشلەر ئويلىنىشقا تېگىشلىك.

مەن تۈركىيەدە بىر مەزگىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ ئەلدە ئوقۇغان، ئىشلەۋاتقان ۋە تىجارەت قىلىۋاتقانلار بىلەن ئىزچىل دوستلۇقۇم داۋام قىلىپ كەلدى. شۇڭا تۈركىيەدە دىن ئوقۇش ھەققىدە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ئۇچۇرلاردىن خەۋەردارمەن. مىسىر ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئەتراپىمدىكىلەردىن توپلىدىم. نەتىجىدە مىسىردا

ئوقۇغان دوستلار ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن بۇ دۆلەتتە ئوقۇش ھەققىدىمۇ بەزى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم. تەلەپلەرنى يەردە قويماسلىق، بىلگەنلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇش نىيىتىدە ئۇيغۇردىكى مىسىر ـ تۈركىيە ئىككىلىنىشى ھەققىدە بەزى تەۋسىيەلەردە بولغۇم كەلدى. ئاۋۋال بۇ ئىككى دۆلەتكە كېلىپ دىن ئوقۇغانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

مىسىردا ئۇيغۇرلار دىندا 1982 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇغان دېيىلىدۇ. ھازىرغىچە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىنىڭ سانىنى ئېنىق ئىستاتىستىكىلاش مۇمكىن بولمىدى. 1997 ـ يىلى ئۇستاز ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانى 150 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بارلىقىنى دېگەنىدەك قىلغان. ھازىرقى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 3000 دىن ئاشقانلىقى سۆزلەنمەكتە. مىسىردا ئوقۇغانلاردىن 34 يىلدا دوكتورلۇققا ئېرىشكىنى ئۈچ نەپەر ئىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلاردىن مىسىردا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلاھىيەت كەسپىدە ئىشلەۋاتقانلىرى يوق بولۇپ، مەزكۇر دۆلەتتە باشقا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارمۇ يوق ئىكەن. تۈركىيەدە ئىلاھىيەت (دىنىي بىلىملەر) فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇغانلار مىسىردا ئوقۇغانلارغا قارىغاندا سېلىشتۇرغۇسىز ئاز، ئەمما ئۇلاردىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ يەتتە، ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ئۆلىمالاردىن بەش، دىنىي ۋەزىپىدە مەمۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن. بۇ سېلىشتۇرمىدا ئوقۇشنىڭ قەيەردە شۇ شەخس ئۈچۈن بىۋاسىتە نەتىجىلىك بولغانلىقى ئېنىق تۇرۇپتۇ.

بىر دۆلەتتە ئۇيغۇرلاردىن دىن ئىلمىدىن بويىچە دوكتورلۇقنى تۈگەتكەنلەر شۇ ئەلدىكى دىنىي ساھەدە ئىشلەۋاتقان بولسا ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. دىندا دوكتورلۇققىچە

ئوقۇغانلارنىڭ شۇ ساھەدە ئېتىراپلىق ئورۇن تاپالماسلىقى بىر مەسىلە بارلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. بەلكىم بۇ مەزكۇر دۆلەتتىكى تۈزۈم مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن. دېموكراتىك تۈركىيە ھەر ئىنسانغا باراۋەر پۇرسەت بەرگەن، مۇستەبىت مىسىر دوكتورلىرىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ئەمەس مىللىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، لاياقىتىگە مۇناسىپ پۇرسەتتىن مەھرۇم قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مىسىردا ئوقۇۋاتقانلاردىن تورىبەت قۇرغانلار بار دەپ بىلىمەن، ئەقىدە، ئەزھەرىلەر دېگەن نامدىكى مۇنبەر ۋە دەرسلەرنى توردىن كۆردۈم، ئەمما نەشرىيات، جەمئىيەت، ئۇيۇشما قۇرغانلار يوق، گېزىت ـ ژۇرنال، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارنى بەرپا قىلغانلارمۇ يوق ئىكەن. يەرلىك مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارا ئورگانلارنى قۇرغان ۋە ئىشلەۋاتقانلار تېخىمۇ يوق. ئۇندىن باشقا مىسىردا ئوقۇپ شۇ يەردە شىركەت قۇرغانلار، زاۋۇت ئاچقانلار يوق، پەقەت تۈركلەر ئاچقان مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان ئىككى قېرىنداشىمىز بار ئىكەن.

مىسىرنى تۈركىيەگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى. تۈركىيەدە ئۇيغۇرلاردىن پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن سايلامغا قاتناشقانلار بار، ئەمما مىسىردا بۇنداق بولۇشنى مۇشۇ كۈنگىچە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىدى. مىسىردا ئوقۇپ تۈركىيەگە ئىش ئىزدەپ كەلگەنلەر ۋە ئىشلەۋاتقانلار بار، ئەمما تۈركىيەدە ئوقۇپ مىسىرغا ئىش ئىزدەپ كەتكەنلەر يوق. سەۋەبى مىسىردا ئىشسىزلىق ئېغىر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىسىرلىقلار بىلەن باراۋەر ئىشلىشى ئىمكانسىز ئىكەن. خوش، نە تىجارەت، ئىجتىمائىي پائالىيەت، نە ئىلمىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈش شارائىتى بولمىغان؛ نە تەشكىللىنىشكە ئىجازەت بولمىغان، نە ئاقارتىش قانۇنىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمىگەن يەردە ئوقۇشنى ئويلاشقاندا ئەقىل

بىلەن دەڭسىمەك كېرەك.

مىسىردا ئوقۇش ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ كېتىدىكەن. ماڭا مىسىر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن قوشنىلىرىم ئەزھەردە يىگىرمە يىلدىن بېرى ئوقۇۋاتقانلارنىڭ خېلى بارلىقىنى ئېيتىپ ئارىمىزدا ھەيرانلىق ياراتتى. دېمىسىمۇ، مەن 2005 ـ يىلى تۈركىيەگە بارغىنىمدا مىسىرغا بارغان بىر ئىنىمىزغا بۇ يىل 11 يىل بوپتۇ، تېخى ئوقۇشىنى تۈگەتمىدى. تۈركىيەدە مۇنداق يىگىرمە يىل ئوقۇپمۇ ئوقۇش پۈتكۈزمىگەن ئوقۇغۇچى يوق. ئۇنداق ئۇزاق ئوقۇتىدىغان مەكتەپمۇ يوق. تۈركىيەدە تىرىشىپ ئوقۇسا بەش يىلدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى ئېلىپ بولغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن مۇشۇنداق ئوقۇپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەۋاتقان بەش ئۆلىما بار. ئەگەر مىسىردىكى پەرزەنتلىرىمىز باشقا ئىش قىلماستىن ئوقۇپ يىگىرمە يىلدىمۇ تۈگىتەلمىگەن بولسا، بۇنى شۇ دۆلەتنىڭ مەغلۇبىيەتلىك مائارىپ تۈزۈلمىسىدىن كۆرۈش كېرەك. ئادەتتە بۇنداق چېكى يوق ئوقۇشتا ئادەم بىلىمنىڭ خوجايىنىغا ئەمەس قۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى يۇرتۇمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىمەن دەپ يىگىرمە يىللاپ ئوقۇغان بولسا، بۇ كىشى قايتقاندا ۋەتىنىدىكى مۇسۇلمانلاردا ھەل قىلىنىدىغان ھالقىلىق مەسىلىنى ئەمەس ئۆزى تۇغۇلغان كوچىنىمۇ تاپالمايدۇ.

مىسىردىكى ئوقۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىنى، مەكتەپتىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىشىنى، ئەتراپتىكىلەرنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە كۆز يۇمۇشىنى مىسىردىن كەلگەن قوشنىلىرىم ھۇرۇنلۇققا باغلاپ چۈشەندۈردى. مەنچە مىسىرلىقلار ھۇرۇن ئەمەس، مىسىرنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى كەسكىن، ئېتىقادى ئويغاق كىشىلەرگە ماس شارائىتنى ئەمەس؛ قانائەتچان، بىغەم، راھەتپەرەس كىشىلەرگە ماس مۇھىتنى يارىتىدۇ. ئىنسان

مۇھىتنىڭ مەھسۇلى. ھورۇنخانىدا ياشىغان چاققان ئادەممۇ ھۇرۇنلۇققا كۆنۈپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى جاھاندىن، دۆلەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقىدىن، كەلگۈسى توغرىسىدىكى پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلاردىن بىخەۋەر قويۇپ، ئۇلارنى تەبلىغدە مىننەتدارلىققا، بىپەرۋالىققا، ھۇرۇنلۇققا ئۈندەيدىغىنى مۇستەبىت تۈزۈمدۇر. بۇنداق تۈزۈمدە ياشىغانلار دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن ھۇرۇنلۇق بىلەن ئەيىبلىنىدۇ.

مىسىردا ئۇيغۇرلارغا پۇقرالىق بېرىلمەيدۇ، پاناھلىق بېرىلمەيدۇ، قايتۇرۇۋېتىلىش خەۋپى ھەر قاچان مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتۇرۇۋېتىلگەنلەر بار ئىكەن. مىسىردا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تۇرغانلارنىڭمۇ پۇقرالىقى يوق دېگەنلىك ھامان كېتىش شەرت دېگەنلىك بولىدۇ. مىسىردا قانچىلىك تۇرسىڭىزمۇ بەرىبىر پۇقرالىققا ئۆتەلمەيسىز. بۇ كىشىنى دائىم ئەندىشىگە سالىدۇ.

تۈركىيەدە بەش يىل ئىش بىلەن مەشغۇل بولغاندىن كېيىن، سىزنىڭ پۇقرالىققا ئىلتىماس سۇنۇش ھوقۇقىڭىز بار. مۇشۇ پۇقرالىقتىكى پۇرسەتنى سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىزلا قەيەرنىڭ ئەۋزەللىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ سېلىشتۇرمامدىن شۇنى ئويلاڭ! بىر كىشىنىڭ نە ۋەتەندىكى كەلگۈسى، نە ياشاۋاتقان تۇپراقتىكى بۈگۈنى تايىنسىز بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھۇرۇنلۇقنى ئەمەس ئىجتىھاتنى، غەيرەتنى، قىزغىنلىقنى كۈتۈش خام خىيالدۇر، خالاس.

مىسىردا دىن ئوقۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىللىق يېڭىلانماس مودىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبلەر كۆپ. مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئەزھەرنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسى تەلپۈنىدىغان بىر ئىلىم ئوچىقى بولغانلىقى ئىدى. مىسىردا تۇرۇپ كەلگەن ئىككى ئاتا - ئانا ۋە بىر ئوقۇغۇچىمنىڭ ئېيتىشىچە مىسىردا

دىن ئوقۇش ھەقسىز ئىكەن، تەييارلىق سىنىپلىرىغا كىرىشتە ھېچبىر نەتىجە شەرتى يوق بولۇپ ھەتتا ئانا تىلدا ساۋاتسىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ كەڭرى كىرەلەيدىكەن. مىسىر ئەرزانچىلىق بولغاچقا ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋەتەندىن ئەۋەتكەن پۇلى بىلەن باللار ئوقۇشىنى نورمال داۋام قىلالايدىكەن. ئۇزاقتىن بېرى ئوقۇۋاتقانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىكى تەشۋىقات كۈچلۈك، ئۇيغۇرلاردىن مىسىرغا جەلپ بولىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللا، ھەبىبۇللا توختى، ئابدۇراھمان جامال قاتارلىق ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر يېتەكچىلەر بار ئىكەن.

مەيلى ئۆلما ياكى ئاۋام بولسۇن ھەممەيلەندە دېگۈدەك دىن چوقۇم ئەرەب ئەللىرىدە ئەرەبچە ئوقۇلۇشى كېرەك دېگەن چۈشەنچە بار ئىكەن. شۇڭا مىسىر دىن ئوقۇشتىكى مەنزىلگە ئايلىنىپ قالغانىكەن. يەمەندىن دىن ئوقۇپ يېنىپ كەلگەن ئىنىمىزگە بىرسى مەسلىھەت بېرىپ، قۇرئان ئەرەبچە بولغاچقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بىلىشىمىز كېرەككى، ھازىر تۈركىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئەرەب مۇساپىرلىرى بار. تۈركىيەدە نوپۇسىنىڭ كۆپى ئەرەبچە سۆزلەيدىغان بىر قانچە كىچىك شەھەر بار. ئىستانبۇلدا ئەرەب قايناپدۇ. ئەرەبچە پاراڭ كوچىلاردا قۇلاقلارغا كىرىپ تۇرىدۇ، ئەرەبچە ۋىۋىسكىلار ئىستانبۇلنىڭ ئارقا كوچىلىرىدىمۇ تېپىلىدۇ. تەخمىنلەرچە، تۈركىيەدە ئۈچ مىليونغا يېقىن سۇرىيەلىك مۇساپىر ياشاۋېتىپتۇ. شۇڭا ئەرەبچە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەرەب دۆلەتلىرىگە بېرىش شەرت ئەمەس. ئىگىلىشىمچە تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتلىرىدا ئىراقلىق، سۇرىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈۋېتىپتۇ. ھەتتا تۈركىيەدىكى كىچىك قۇرئان كۇرسلىرىدىمۇ سۇرىيەلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشلەشكە باشلىدى.

ھازىر غەربتىن ئەرەبچە ئۆگىنىشكە كېلىدىغانلار تۈركىيەنى تاللاشقا باشلاپتۇ. ئەرەب ئەللىرىدىكى دىنىي ساھەدە مەشھۇر بولغان بىر قىسىم ئىنستىتۇتلارنىڭ تۈركىيەگە شۆبە ئېچىش تەشەببۇسلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. شۇڭا ئەرەبلەردىن دىن ئۆگىنەتتىم دەپ مىسىر، سەئۇدى تاللاشنىڭ ھازىر زۆرۈرىيىتى يوق.

بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىن ئوقۇتۇشتا تۈركىيەنى ئەمەس مىسىرنى تاللىشىدا «ھۆكۈمىتىمىز تۈركىيەنى يامان كۆرىدۇ، ئەۋەتسەك پېيىغا چۈشىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بار ئىكەن. بۇ سەۋەبلىك بالىلىرى تۈركىيەدە ئوقۇپ قالسا بالاغا قالارمىش. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئوخششى يوق بىر ۋەزىيەتتە كۆزلەردىكى قورقۇنچ، خۇدۈكسىرەش ۋە گۇمان پەردىسى ئىنسانلىرىمىزغا دۇنيانى ۋە كىشىلەرنى شۈبھىلىك كۆرسىتىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئەمما، تۈركىيە بىلەن جوڭگو ئوتتۇرىسىدا ئېلېكتىرونلۇق ۋىزا تۈزۈمى بار. مىسىر بىلەن جوڭگو ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ئىش يوق. ئەگەر جوڭگو تۈركىيەنى يامان كۆرسە پۇقرالىرىنىڭ تۈركىيەگە مىنۇت ئىچىدە ئېلېكتىرونلۇق ۋىزا ئېلىپ چىقىپ كېتىشلىرىگە قاراپ تۇرامدۇ؟ ھەممە ئادەم تونۇيدىغان كۈلدۈرگە ئارتىسلىرى، يازغۇچىلار، پېنسىيەگە چىققان ئەمەلدارلار، ئىشلەۋاتقان پىروفېسسورلارنىڭ بالىلىرى تۈركىيەدە ئوقۇۋاتسا كارى بولمىغان كومپارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىزدەك نامى چىقمىغان كىشىنىڭ ھېچكىم تونۇمايدىغان بالىسىنى پايلاپ بىكار قالمىغاندۇ؟ بالىڭىز قانداق مۇھىم شەخس ئىدى پېيىغا چۈشكىدەك؟ بالىڭىزدا قانچىلىك مۇھىم ئاخبارات بار ئىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە جوڭگو بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا دىنىي ساھەدە ھەمكارلىق قىلىنغان، تۈركىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى جوڭگونى زىيارەت قىلغان تۇرسا!

بەزىلەر قاھىرەگە بېرىپلا ئورانغان ئايالّلارنى، ئىستانبۇلغا چۈشۈپلا ياغلىقسىز قىزلارنى كۆرۈپ تۈركىيەنى ئېتىقادتا سۇسقا چىقىرىپ بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. تۈركىيە مۇستەبىت دۆلەت ئەمەس، قارا يۈگەمدۇ ئاقمۇ، ئۇزۇن كىيىنەمدۇ قىسقىمۇ شەخسىنىڭ ئەركىنلىكى. ئەگەر ئورانغانلار ئارىسىدىلا ياشايمەن دېسىڭىز تۈركىيەدىكى ھەرقانداق شەھەردە شۇنداق مەھەللىلەر، كوچىلار بار، بەزى شەھەرلەردە ياغلىق ئارتمىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ ھەتتا. تۈركىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ بۇنداق ياغلىقلىق مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىپ بولدى. ئەمما تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلاردا مىسىردىكىدەك مۇناسىۋەتسىز كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ كىيگىنىگە، يۈرگىنىگە، ماڭغان ـ تۇرغىنىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئىشلار يوق. ياغلىق ئارتقانمۇ ئىچىدىن خالاپ ئارتىدۇ، ئارتمىغانمۇ ئۆزى خالىغاچقا ئارتمايدۇ. تۈركىيەدە ياغلىق ئارتمىسا بولمايدىغان دىنىي تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بار. دىنىي مۇكەممەل ئۆگىتىدىغان خۇسۇسىي مەكتەپلەرمۇ بار، شۇنداقلا دىن ۋە پەننى تەڭ ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەرمۇ بار. ئىستانبۇلدەك دۇنياغا ئەڭ داڭلىق ساياھەت شەھىرىگە كېلىپ ئايرودۇرۇمدىكى ياغلىقسىز ئايالّلارغا قاراپ تۈركىيەنى دىنسىزغا چىقارسا ئادىللىق بولمايدۇ.

پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئىلىم تەشنالىقى كۈچىيىپ، دىن ئۆگىنىشنى ياكى پەرزەنتلىرىنى ئىككىلەنمەي دىنغا ئاتاشنى ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، كىم ئەمەسلىكىنى جاكارلاشنىڭ ۋە زۇلمەتنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ بىر بەلگىسى دەپ قاراپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. يەنە بىرى باللارنى قارى قۇرئان قىلىشقا تىرىشىشنىڭ بىر قىزغىن ئېقىمغا ئايلىنىۋاتقانلىقى توسقۇنلۇقلارنىڭ كۈچەيگەنلىكىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىققان پۇرژىناسىمان ئىنكاستۇر. شۇڭا مۇشۇنداق نازۇك ۋەزىيەتتە جاھان مۇسۇلمانلىرىغا مەشھۇر بولغان ئەزھەر ئۇيغۇر ئاتا

ـ ئانىلارنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگە ماگنىتتەك تارتماقتا. ئەمما بۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ دىن ئوقۇپ كېيىنكى تۇرمۇشتا ئايەتتىن باشقا نېمىگە تايىنىپ كۈن ئالىدىغانلىقى ھەققىدە نە پەرزەنتلەرنى قوبۇل قىلغۇچىدا، نە پەرزەنتنى ئەۋەتكۈچىدە بىر روشەن تەسەۋۋۇر يوق.

مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، تۈركىيەدە مەكتەپكىمۇ بارماي دىن ئوقۇۋاتقان نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئۆسمۈرنىڭ كەلگۈسىنى قانداق قىلىمىز؟ 1930 ـ يىللاردا مەكتەپ قۇرغان موللا بوۋىلىرىمىز مەكتەپ قۇرۇپ دىنىنى بىر دەرس قىلىپلا ئۆتكەنىدى. ھازىر تۈركىيەدە، مىسىردا ئوقۇغۇچى يىغىپ دىنىنىلا ئۆتۈپ باشقا پەنلەرنى ئەمەس ئانا تىل ۋە ئەدەبىياتىمىزنىمۇ ئۆگىتىشكە سەل قارىلىۋاتىدۇ. دىنىنى ئۆگىنەلمەسلىككە سەۋەب بولغان زۇلۇم بىزنى دىنىنىلا ئۆگىنىدىغان ئاشقۇنلۇققا گىرىپتار قىلمىسۇن. بىلىم ئۆگىنىشتە بويۇن قىسقان ئانا تىلىمىز دىن ئۆگىنىشتىمۇ يەكلەنمىسۇن. تەھقىقكى، خەلقىمىزنىڭ دىنغا ئىشتىياقى كۈچەيسە سۆيۈنىمىز، ئەمما بۇ ئىشتىياق ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قولىدا دىنىدا ۋە پەندە تەڭ يېتىشكەن ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش بىلەن ئەمەس دىنىنىلا ئوقۇتۇش بىلەن قاندۇرۇلسا، بىز يارامىلىق مۇجتەھىد تەربىيەلەۋاتامدۇق ياكى يارامسىز موھتاجمۇ؟ دېگەننى ئويلىنىپ باقساق بولىدۇ.

ئاتاۋۇللا: خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا مەن دىن ئوقۇشقا تۈركىيەنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇيغۇرلارغا دۇنيادا تۈركىيەدىن باشقا يولدا كېتىۋاتسا پاسپورت سۈرۈشتە قىلىنماستىن، ئۆيىگە ساقچى بېسىپ كىرىشتىن ئەنسىرىمەستىن، ساقچىنى كۆرسە يۈرىكى دۈپۈلدىمەستىن ئارامخۇدا ياشىيالايدىغان ئىككىنچى بىر دۆلەت يوق. ھەق ـ ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە شوئارىنى توۋلاۋاتقان

دۆلەتلەردىمۇ تۈركىيەدىكى ئارامچىلىقنى تاپالمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىدە مەيلى تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئۆتۈڭ، مەيلى ئۆتمەڭ كەلگۈسىڭىزنى مۆلچەرلىيەلەيسىز. چۈنكى، تۈركىيەدە ئالمىششچان ھۆكۈمەتلەر بولغان بىلەن مۇقىم دېموكراتىك تۈزۈم بار. تۈركىيەدىكى مۇقىملىق دۆلەتنىڭ ئىنسانلارنى پىكىر، بىلىم ۋە ماھارەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ياشاشقا بەرگەن كاپالىتىدىن كەلگەن.

ئەگەر سىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ تولۇق كۇرسىنى تۈركىيەدە ئوقۇپ، ئاندىن ئۆز كەسپىڭىزدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى پۈتكۈزۈپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ھەتتا پىروفېسسور بولۇشنى ياكى شەخسىي ۋە دۆلەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرمۇشىڭىزنى رەتكە سېلىشنى ئويلىسىڭىز، بۇنى پىلانلاپ نىشانىڭىزغا يېتىش ئىمكانىيىتىڭىز بار. ئەمما بۇ ئىمكانىيەت نە سەئۇدى ئەرەبىستاندا نە مىسىردا نە باشقا دۆلەتلەردە مەۋجۇت ئەمەس.

باشقىنى ئويلىمىغاندىمۇ يوروخ پۇراپلا تۇرغان، مىسىرلىقلارمۇ تۇرمايۋاتقان، تۇرالمايۋاتقان، خاتىرجەم ياشىيالمايۋاتقان يەردە قارا كۆزلىرىمىز قورقۇنچ، زىددىيەت ۋە مالىمانچىلىق ئىچىدە قىينالمىسۇن. جان ساقلاشنىڭ پەرزلىكىنى ئەستىن چىقارمىغان بولساق، قۇرئاننى ۋە ئەرەبچىنى تۈركىيەدىمۇ ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

يەمەندىن، مىسىردىن، سۇرىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئۇستازلار ھازىر تۈركىيەگە يىغىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تېخى نەچچە يىل ئىلگىرى تۈركىيە ئۇنداق، مۇنداق، تۈركىيەگە بارغانلار كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دەپ داۋراڭ سالغان كىشىلەر ئىدى.

تۈركىيەدە 1923 ـ يىلدىن بۇگۈنگىچە مەملىكەتنى قاپلىغان ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ باقمىدى. ھازىر كورد قوراللىقلىرى تېررورلۇققا مەشغۇل بولسىمۇ، كورد خەلقى بۇ سەۋەبلىك تەكشۈرۈش، چەكلەش

ۋە يەكلەش ئوبيېكتى بولۇپ قالمىدى. كوردلار قۇرغان پارتىيە تۈركىيە پارلامېنتىدا تۆت چوڭ پارتىيەنىڭ بىرى بولۇپ تۈركىيە سىياسىتىگە ئارىلىشىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئەتراپىدا ئوت كۆيۈۋاتقان تۈركىيەنىڭ كوچىلىرىدا نە بىرونېۋىكلىك ئەسكەر، نە تەكشۈرۈش پونكىتى، نە كىملىك ۋە تېلېفون ئاختۇرۇش يوق. پايتەخت ئەنقەرەدە يۈز نەچچە كىشى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمىدا قازا قىلسىمۇ، بۈيۈك شەھەر ئىستانبۇلدا گېرمان ساياھەتچىلەرگە قەست قىلىنسىمۇ، تۈركىيەدە تېررورچىلىققا چېتىلىپ قېلىۋاتقان ئوتتۇرا شەرق مۇسۇلمانلىرىغا ياتاق بەرمەيدىغان، ئۆي ئىجارە بەرمەيدىغان ياكى ئۇلارنى يۇرت ـ ماكانلىرىغا قوغلىۋېتىدىغان ۋە ياكى كۆندە يىغىۋېلىپ زامانىۋى مەدەنىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن يوقلىما قىلىدىغان ئىشنى قىلمىدى.

تۈركىيە ساقچىلىرى بازارلاردا ئۇنىڭ، بۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، مەسچىتلەردە تاپانچىسىنى ئېسىپ نامىزنى ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا بالىگىزنىڭ سىزگە قىلغان تېلېفونىدىن بومبىلارنىڭ ۋە ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ ياشماسلىقنى ئويلاشقاندا، تۈركىيەدە ئوقۇش ھازىرقى تەقەززالىقتا ئەقىلگە مۇۋاپىق. لېكىن شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىڭىز كېرەككى، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن موللامغىمۇ، زىيالىيغىمۇ، خىمىيەگەرگىمۇ، فىزىكچىغىمۇ، ئاسترونومغىمۇ، ئىنژېنېرغىمۇ ئېھتىياجىمىز بار. بۇ ئىلىملارنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىگە زىت ئەمەس. بىزدىنمۇ تۈركىيەدىكىدەك دوختۇر موللا، ئەللامە ئىنژېنېر چىقسىمۇ، ئۆلىما ئادۋوكات، پىروفېسسور قارى چىقسا تامامەن بولىدۇ.

دىنىي ھەرقانداق ياشتا، ھەرقانداق يەردە ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ماتېماتىكا، خىمىيە، ئىنژېنېرلىق، مېدىتسىنا دېگەندەك

ئىلىملەرنى كىچىكىدىن مۇكەممەل ئۆگىنىپ ماڭمىسا، ھەرقاچان ۋە ھەرزامان تولۇقلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەيلى نېمە ئوقۇڭ، سىز ئۆگەنگىنىڭىزنى ئىشلىتىپ تۇرمۇشىڭىزنى قامدىيالمىسىڭىز، قانچە شېرىن چۈشلەرنى كۆرگىنىڭىز بىلەن ئۇ چۈشىڭىز شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئېتىقادلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆگەنگەنلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولالىسا ئۇنىڭ مىللەتكىمۇ پايدىسى بولىدۇ. شۇڭا نەدە نېمە ئوقۇش توغرىسىدا ئوبدان ئويلىشىڭىز قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قەيەردە، قانداق ياشاش ۋە نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە پىلان تۈزۈشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. بۇ ھەقتە ئاتا ـ ئانىلار، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئوبدان ئويلاپ قارار بېرىشى كېرەك. كىشىنى ھەر جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم بىزنىڭ ئېڭىمىزنى، ئىجتىمائىي ئورنىمىزنى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىشكە بىۋاسىتە پايدىسى بولمىسا ئۆگىنىشنىڭ مەخسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولىدۇ.

ئىلاۋە: بۇ يازمىنى يازغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا ئەتراپىمدىكى ئۆلىما دوستلۇرۇمغا ئوقۇتۇپ پىكىرلىرىنى ئالدىم. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئىزچىل دىنىمىز ھەققىدە ئىزدىنىپ ۋە تەر تۆكۈپ كېلىۋاتقان دوستۇم، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت پەنلىرى دوكتۇرانتى، ئەۋلاد گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە فارابى ئىلىم تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچى مەسئۇلى ئاتاۋۇللا فاكىرۇللا ماقالەمنىڭ ئاخىرىغا تۈركىيەنىڭ ئىلاھىيەتتىكى ئەۋزەللىكى ۋە ئەرەبچە ئۆگىنىش شارائىتى ھەققىدىكى مەزمۇننى قوشتى. ئەمما ئۇ باشتىن ئاخىرىغىچە بايانلارنى مېنىڭ تىلىمدا قوشقىنى ئۈچۈن مەنلا يازغاندەك تۇيۇلۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن بۇ ئىلاۋەنى يازدىم.

2015 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر تۈركىيە

## مەن سەپەرۋەر قىلىدىغان ئىشلار

لاگېر پاجىئەسى ھەققىدە چوڭ تاراتقۇلاردا خەۋەر ئىشلىنىپ، خىتاي لاگېرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى رەت قىلىشتىن ئېتىراپ قىلىشقا، ئېتىراپ قىلىشتىن گەپ ئۆينىتىپ بېزەپ كۆرسىتىشكە ۋە مانا ھازىر ئۆزىنى ئاقلاشقا چۈشتى. بۇ ئاخباراتنىڭ كۈچى ۋە ئاخباراتقا سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغان ئۇيغۇر پىداكارلارنىڭ تۆھپىسى. بۇ ئىشلارنى داۋاملىق تەشكىللەپ يېڭىلىقلار بىلەن زۇلۇمدىن دۇنيانى دائىم خەۋەردار قىلىپ تۇرۇمىز، ئەلۋەتتە. بۇ تەشكىللەشنى ھەر قايسى ئەللەردىكى ئورگانلار، ئاكتىپلار قىلىدۇ، بۇ سەرخىللار قىلىدىغان ئىش، ئاۋامنىڭ ئەمەس.

ۋەتەندە بولۇۋاتقان پاجىئە ھازىر خەۋەر بولۇشتىن تەدرىجىي تارىخى ھۆججەت بولۇشقا، ئارخىپ بولۇشقا ۋە كىنو بولۇشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىر چىقىۋاتقانلىرى كۆپىنچە ھۆججەتلىك فىلىم بولماقتا. ئامېرىكىدىكى ۋايىس، ئەنگلىيەدىكى ب ب س، قاتاردىكى ئەلجەزىرە يېقىندا يەنە بىر تۈركۈم ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلەپ دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى. ئۇندىن باشقا نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە فىلىم شىركەتلىرى پاجىئەمىزنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بىزگە دۇنيادىكى چوڭ تىللاردا يازالايدىغان يازغۇچى، سىنارىستلار لازىم.

بىزگە ۋەزىيىتىمىزنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ مۇھىم. ھازىر مەسىلىمىزنى كۆپ قىسىم غەرب دۆلەتلىرى خىتايدىكى دىنىي مەسىلە، مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارنىڭ مەسىلىسى

دەپ قاراۋاتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل زېمىنغا، مەدەنىيىتىگە، مۇستەقىل تىلىغا ئىگە بىر ھوقۇقلۇق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى دائىم چۈشەندۈرۈشىمىز، بىزنىڭ مەسىلىمىزنىڭ ھىجاب، ساقال دېگەندەك دىنىي مەسىلە ئەمەس، ئۇيغۇرلۇق مەسىلىسى، يەنى بىر مىللەتكە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇمۇ سەرخىللار قىلىدىغان ئىش.

بىز سەرخىللار پەقەت خەلقئارا ئاخباراتلارغا دەردمەن ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ قويالايمىز ۋە شۇنداق قىلىش ئەڭ ئاقىلانىلىك. ئاخباراتچىلىقتا ئۇيغۇر بىۋاستە خەۋەر تارقىتىپ غالىب كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاخباراتنىڭ موتورى ئېلاندىن كىرىدىغان كىرىم، تۆت ئۇيغۇرنىڭ پىدائىيلىقى ئەمەس. موتور ئېلان، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنىۋاتقان ئاخباراتنى دۇنيا چۈشەنمەيدۇ، ئېتىراپقا ئالمايدۇ. شۇڭا كۆرۈلۈشى تۆۋەن، شۇ سەۋەبتىن شىركەتلەر ئېلان بەرمەيدۇ. ئاخبارات شىركەتلىرى ئېلاننىڭ كىرىمى بىلەن مۇخبىرلارنى ياللايدۇ، چىقىملىرىنى ئېلاندىن كىرگەن كىرىم بىلەن تولۇقلاپ ماڭىدۇ. ئەگەر بىز زۇلۇم ھەققىدە ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى مەلۇماتلارنى خەلقئارالىق ئاخباراتقا ئورتاقلاشماي، ئۆزىمىز ئۇيغۇرچە ئېلان قىلساق، مىللەتنى يىغلىتىشتىن باشقىنى قىلمىغان بولىمىز، بىزنىڭ ئاخبارات بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ئۇيغۇرچە خەۋەر بىلەن ئۇيغۇرنى يىغلىتىش ئەمەس، ئىنسانىيەتنى خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇش بولۇشى كېرەك. بۇمۇ سەرخىللارنىڭ ئەقلىگە، دىتىغا ۋە سەممىيىتىگە ھاۋالە.

بېشىمىزغا كېلىۋاتقان زۇلۇمدىن، بولۇۋاتقان پاجىئەلىك ئىشلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ دۇنيانىڭ ۋىجدانىغا مۇراجىئەت قىلىشتىن، چوڭ دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلاردا دەۋاگەرلىك قىلىشتىن باشقا مەن قىلالايدىغان يولى يوق. ئەمما بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك بۇمۇ

سەرخىللار قىلىدىغان ئىش. بۇنى ئاۋامغا سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىپ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ ئاۋامنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، قىقاس ـ چۇقان چىقىرىپ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

بىزدە ئاۋامنىڭ ئىشى بىلەن مۇنەۋۋەرلەر، يەنى سەرخىللارنىڭ ئىشى ئايرىلىشى، ۋەتەنگە قارىتىلغان دەۋا بىلەن مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ مەسىلىسى ئايرىلىشى كېرەك. بىزدە ئاۋامنى سەپەرۋەر قىلىپ قىلىدىغان ئىش مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاش، بىلىم ۋە ئىقتىداردا تەرەققىي قىلىشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشكە ئۈندەش. بىز دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان، ئىقتىسادىي كۈچى يېتەرسىز مىللەت. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىز يەتمىش يىلدىن بېرى توختىماي مەدرىس، جەمئىيەت ۋە پارتىيە قۇرغان بىلەن، شۇ ئىشلارغا قان بېرىدىغان بىر ئىقتىسادىي كاپالەت، يەنى شىركەت ياكى كارخانا قۇرۇپ باققان مىللەت ئەمەس. مەن بۇنى بىرى كىشىلەرنىڭ غايىۋى، خىيالى مەسىلىلەرگە ئامراقلىقىدىن؛ يەنە بىرى، قىلسا ساۋاب، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان پەتىۋالارغا شەيدالىقىدىن؛ ئۈچىنچى بىرى، بىلىمگە، ساپاغا ئەمەس لاتا ـ پىتىلەرگە كۆپرەك مايىل بولۇپ پۇل، ئىقتىساد، نان دېگەن ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

مىللەتنىڭ ئىقتىسادىنى ياخشىلاش، ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاش، بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتە كۈچلىنىش ئۈچۈن مېنىڭ قىلىدىغان سەپەرۋەرلىكىم ئۈچ تۈرلۈك.

بىرىنچىسى، مەنچە ئانا تىل سەپەرۋەرلىكى، ھۈنەر ئۆگىنىش سەپەرۋەرلىكى بولۇشى كېرەك. ھازىر چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى پارچە

ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مۇقىم كىرىمى بولمىغان، مۇقىم ئىشى بولمىغان ئادەمنىڭ كەيپىياتىمۇ مۇقىم بولمايدۇ، نەتىجىدە جېدەللەشكەنگە، جېدەل كۆرگەنگە ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىچ پۇشۇش دەيمىز. مۇقىم كىرىمى بولمىغان كىشىلەردە ئىچ پۇشۇقى ئېغىر بولىدۇ. ئۇ يەر، بۇ يەردىن كېلىپ تۇرىدىغان جېدەللەرگە، يىغىلىشلارغا، جىهادقا قىزىقىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ھۈنەرسىز، ئىشسىز ياكى مۇقىم ئىشى بولمىغاچقا ئاسانلا ئالدىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سەپەرۋەرلىكى بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ كومپيۇتېر بىلىملىرى، سۈنئىي ئەقىل بىلىملىرى، تېببىي بىلىملەر، ھەربىي بىلىملەر، ھاۋارايى بىلىملىرى، تارىخ بىلىملىرى، پىسخىكا بىلىملىرى قاتارلىقلارنى شۇ ساھەنى بىلىدىغان كىشىلەر قەرەللىك ۋاقىت چىقىرىپ، كۇرس ئېچىپ چوڭلار، بالىلار ۋە ياشلارنى تەربىيەلەش كېرەك. مەن ئىستانبۇلدا نېرۋا كېسەللى بولغانلارنى، پىسخىكىسى بۇزۇلغانلارنى جىن چاپلىشىپ قالغان دەپ مەخسۇس جىنغا ئوقۇيدىغان، بالىسىغا كالتىسى كەم بولسا دوختۇرخانىغا بارماي ئۇدۇم قالغانلارغا ياندۇرىدىغان ئىشلارنى بىلىمەن.

ئۈچىنچىسى، تىل ئۆگىنىش سەپەرۋەرلىكى. تۈركىيەدىكى مەيلى ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتقان، ئىقابىلىنىشنى تەرغىب قىلىدىغان، مەدرىس ئاچىدىغان ئۇيغۇر بولسۇن ياكى باشقا خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل كىشىلەر بولسۇن، كونىلار ۋە يېڭىلار بولسۇن، كۆپىنچە ئۇيغۇر ئۆزىنى تۈركىيەدە ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردە كاپالەتلىك، ئىشەنچلىك ۋە بەختەتەر ھېس قىلمايدۇ. 2018 ـ يىلى كاناداغا كۆچمەنلىك ئىلتىماسى سۇنغانلارنىڭ ئون مىڭدىن ئېشىپ كېتىشىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئىلتىماسلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى

تەييارلىغاندا قارىسام شۇ كۆچمەنلىك ئىلتىماسى سۇنغان نىقابلىقلار جەدۋەلگە نىقابلىق رەسىمنى بەرمەپتۇ. شۇڭا نىقابنى ئۇيغۇرنىڭ تالللىشى دەپ ھاياجانلىنىپ، ئۇنى قوغدىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان داھىيسىمانلار بىر ئىستاكان قەھۋەنى ئارتۇق ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن سۆزلەڭلار. سىلەر ياۋروپادا، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدە راھەت تۇرۇپ قايناپ كەتكەن بىلەن، شۇ ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيەدە يۈرىكى سۇ. قايتۇرۇلغان زىنىنەتگۈلمۇ ۋە باشقا ئاچا - سىڭلىڭىزمۇ نىقابلانغانلىقى سەۋەبلىك ئىش تاپالمىغان، ئىقامەت ئالالمىغان، تۇتۇلۇپ قامالغان يۈزلىگەن سىڭلىمىزنىڭ ۋەكىللىرى.

تۈركىيەدىن كەتمەكچى بولغان ئۇيغۇرلارنى مەيلى كاناداغا ئالسۇن ياكى ئۇلار باشقا ياۋروپا ئەللىرىگە سەپەر قىلسۇن تىل بىرىنچى ئۆتكەل. دۇنيا تىلى ھازىر ئىنگلىزچە. مەيلى ئىلتىماسىڭىز قوبۇل بولۇپ كاناداغا كېتىڭ ياكى باشقا ياۋروپا ئەللىرىگە سەپەر قىلىڭ، ئىنگلىزچە بىلسىڭىز ئىشىڭىز بىر قانچە ئاي، ھەتتا بىر يىلغا يېقىن تېزلىشىدۇ.

مەن ياۋروپاغا پاناھلىقى تەستىقلانغان بىر مېھمان يازغۇچى سۈپىتىدە كەلدىم. مەن بۇ يەرگە مۇكاپاتلىق كېلىپمۇ يەنە نۇرغۇن رەسمىيەتلەرنى بېجىردىم. ھەر بىر ئىشتا تىل مۇھىم ئىكەن، تىلسىزلىق زۇلۇم ئىكەن. ئەگەر مەن ۋە ئائىلەمدىكى ھەممەيلەن ئىنگلىزچە بىلمەيدىغان بولساق مۇشۇ كۆنگىچە نورمال تۇرمۇش يولىغا كىرىپ بولالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر ئىنگلىزچە بىلمەيدىغان بولساق ئىشىمىز بۇ يەردە يېرىم يىل كېچىككەن بولاتتى. ئەمدى، مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىر ئۇيغۇر كەلگەن بولسىچۇ! مەسىلەن، بىر ياغاچچى بولغان بولسا مۇشۇ كۈنگىچە ئىش تاپقان بولاتتى، كومپيۇتېرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىرى كەلگەن بولسا، ياكى بىرەر ئەپ ياسايدىغان، پروگراممىا يازىدىغان ئىنژېنېر بولغان بولسا ئىش تاپقان بولاتتى. ئەمدى

بىز مۇساپىر بولدۇق، يىلتىزسىز قامغاق بولدۇق ئۇيغۇرۇم! سىز بىر ھۈنەرۋەن بولمىسىڭىز، ئىنگلىزچە بىلمىسىڭىز، ھازىرقى ئەڭ بازارلىق بىلىم بولغان كومپيۇتېر بىلمىسىڭىز، بۇ مۇساپىرلىق، ئىشسىزلىق، جېنىڭىزغا تاشتەك پاتقىنى پاتقان.

مەن خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىغا بىز سەركىلەرنىڭ سەۋەنلىكى بار دەپ قارايمەن. بۇ سەۋەبتىن كەچۈرۈم سورايمەن. بىز مىللەتنى مەيلى ۋەتەندە تۇرۇپ يېتەكلىگەن بولايلى ياكى چەتئەلدە تۇرۇپ باشلامچى بولغان بولايلى، خاتالىقلار بىزدىن ئۆتتى. خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىن قۇتۇلالماسلىقىدىمۇ يەنە بىزنىڭ، يەنى سەركىلەرنىڭ سەۋەنلىكى تەكرارلىنىۋاتىدۇ. بىز 50 ـ يىللاردا خەلقىمىزنى تۈركىيەگە ئەمەس ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋسترىيەگە باشلىيالايتتۇق، ئەمما باشلىغان يېرىمىز سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە بولدى. بىز پاسپورتلار تارقىتىلغاندا خەلقىمىزنى غەرب ئەللىرىگە تەرغىب قىلالايتتۇق، ئەمما بىزنىڭ تەبلىغ قىلىپ يولغا سالغىنىمىز سۇرىيە، ئوقۇشقا، كۆچۈشكە ئۈندىگىنىمىز تۈركىيە، مىسىر ۋە ئەرەبىستان بولدى. بىز ياشلىرىمىزنى مەدرىسلەردە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، كومپيۇتېرغا دەۋەت قىلالايتتۇق، ئەمما دەۋەت قىلغىنىمىز ئەرەبلەرمۇ دوختۇرلۇق، كومپيۇتېر ۋە بانكىچىلىق سەھنىلىرىدە ئىشلىتەلمەيۋاتقان ئەرەب تىلى بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ نېنىغا ئىگە ئەمەس، بېقىش تەس كېلىدىغان جېنىغا، ئائىلىسىگە ئىگە ئەمەس، قورقۇنچ قاپلىغان ئەلدىكى ئەۋلادلىرىغا ئىگە ئەمەس ئىدۇق، ئۆز نېنىمىزنى دەپ مىللەتنىڭ جېنىغا بىپەرۋا ئىدۇق.

ئۆزىمىزنى ھەرقانچە پەردازلىساقمۇ ئاۋامنىڭ بېشىدىكى زۇلۇمنى، پۇتىدىكى كىشەننى، روھىدىكى سىرتماقنى يوقىتالمىغىنىمىز ئەمەلىيەت. مەن مەسىلە خەلقتە ئەمەس سەرخىللاردا دەپ قارايمەن.

بىز خەلقىمىزنىڭ لاياقەتلىك يېتەكچىسى بولالمىدۇق. مەسىلەن، ئېتىقادسىز خىتاينى كوممۇنىزملىق ئىدىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ 28 يىلدا دۆلەت قۇرغان ماۋ زېدۇڭ؛ 9 خىل تىلدا سۆزلەيدىغان كۆپ مىللەت، كۆپ دىنلىق جەنۇبىي ئافرىقىدا 25 يىلدا دېموكراتىيە بەرپا قىلغان ماندىلا؛ قالاق بېلىقچىلىق كەنتى بولغان، ساۋاتسىز خىتاي كۆچمەنلىرى ياشايدىغان سىنگاپورنى 30 يىلدا زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققان لى گۇاڭياۋ بولالمىغىنىمىز پاكىت. بىر دىندا، بىر مەزھەپتە، بىر تىلدا ياشاپ كەلگەن بىر مىللەتنىڭ ئازادلىققا ئېرىشمەكتە يوق، كۈنىنىڭ يىلدىن يىلغا بەتتەر بولۇپ كېتىشىدە ئاۋامنىڭ ئەمەس باشلامچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر. بىز ئۆزىمىزنى سەرخىللار، سەركىلەر دەپ يۈرگەن بىلەن، بىزنىڭ سەۋىيەمىزمۇ خەلقىمىز يەتكەن سەۋىيەدە تۇرۇپ قالغان ۋە زامان ئالماشقان، دۈشمەن تەرەققىي قىلغان، مۇھىت ئۆزگەرگەن بولسىمۇ بىزدىكى تەشكىلاتلارنىڭ پەقەت نامى ۋە ساندىلا ئۆزگىرىش بولغان. بىز تېخى دۇنيانىڭ، دۈشمەنىنىڭ، تەرەققىياتنىڭ يېڭىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر. خاتالىقلارنى ئېتىراپ قىلمىغاچقا، خۇلاسىلەپ باقمىغاچقا، نەزىرىمىزدە، نەزەرىيەمىزدە يېڭىلىق بولمىغاچقا، بىزگە دۇنيا ۋە دۈشمەن كونا پېتى كۆرۈنمەكتە. ئەپسۇس، ئارزۇيىمىزنىڭ يېڭىلانمىغانلىقى، خىيالىمىزنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى، ئىدىيەمىزنىڭ راۋاجلانمىغانلىقى ۋەزىيەتتە يېڭىلىق، ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

## يالقۇن روزى ھەققىدە دېيىلگەننى ئىزاھات

تۇنۇگۇندىن بېرى يالقۇن روزى ئاكىمىزنىڭ ئوغلى مېنىڭ بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا دېگەن گەپلىرىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ ھەمدە بۇنى ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. خاتا چۈشىنىپ يۈرگىچە سورىغان بولسا دەپ بېرەتتىم. مەن سورىغۇچىلارغا ئىنگلىزچە ئىزاھات بەردىم، ئاپتورمۇ كامالەتلىك ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈش بېرىپ بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە مەخسۇس ماقالە يېزىلغان ئىكەن، مەنمۇ ئوقۇرمەنلەرگە بولغان ئىشنى ئۇيغۇر تىلىدا دەپ بېرەي. ئەسلى بۇنى تەكىتلەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، مەزكۇر ماقالە ئاپتورى دېيەك كاڭ مېنىڭ يالقۇن روزىنىڭ كىتابلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقى توغرىلىق كامالەتلىككە چۈشەنچە بېرىپ بولغانىدى. مەزكۇر مەتبۇئات بۇ ھەقتە مەخسۇس چۈشەنچە ئېلان قىلىپ مېنى ئاقلىغان ۋە مەندىن كەچۈرۈم سورىغانىدى. ئەمما بۇنىڭ كامالەتلىككە ھېچبىر تەسىرى بولمىدى.

ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەرنىڭ چەكلىنىشى، يىغىپ كۆيدۈرۈلۈشى ۋە بۇ كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقانلارنىڭ تۇتۇلۇشى ھەققىدە مەن ئىزدەنگەن. بۇ ھەقتە تۇنجى مەلۇماتنى ئېلان قىلغان ۋە تۇتۇلغانلارنى ئارخىپلاشتۇرغان كىشى مەن بولىمەن.

يالقۇن روزى ئاكىمىز بۇ چەكلەنگەن كىتابلارنىڭ باش مۇھەررىرى بولغاچقا، مۇخبىرغا بۇ ھەقتە مەلۇمات يەتكۈزگەن

ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقى تەكىتلەنگەن. مەن بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدەنگەن ئىدىم، بۇ كىتابلارنىڭ چەكلىنىشى بىلەن تۇتۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 50 دىن ئاشىدۇ. مەن بۇلارنىڭ تىزىملىكىنى تۆۋەنكى مۇخبىرلارغا تەمىنلىگەن. شۇ مۇخبىرلاردىن بىرى بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرى، كورېيە نەسلىدىن بولغان ئامېرىكىلىق دوستۇم دېيىك كاڭ.

دېيىك بۇ ھەقتە يېرىم يىلدەك ئىزدەنىدى ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئىشلىدى. مەن بۇ خەۋەرنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى قىلىشىپ بەردىم. خەۋەردە زىيارەت قىلىنغان كىشىلەرنى، مەسىلەن، ئابدۇرېھىم دۆلەتنى مەن تونۇشتۇرغان، شۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن زىيارەت قىلىنىشى ھەققىدە مەسلىھەتنى مەن بەرگەن.

ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ چەكلىنىشى ۋە تۇتقۇن زىيالىيلار ھەققىدە يېزىلىۋاتقان خەۋەر تېخى تۈگىمىدى. ماڭا چەكلەنگەن كىتابلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەخپىي ئاۋازلىق ھۆججەت ۋەتەندىن چىققان. بۇ كىتابلار ھەققىدىكى شۇ ئاۋازلىق ھۆججەتنى ئاساس قىلىپ يېڭىدىن خەۋەر ئىشلەنمەكچى.

يالقۇن روزى ئاكىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلا ئەمەس، بەلكى داڭلىق نەشرىيات سودىگىرى ئىكەنلىكىنى ۋەتەندە تۇرۇپ باققان، كىتاب ئوقۇش تارىخى بار، ئۇيغۇر تىلىدا مەنىۋى ئوزۇق ئالىدىغان كىشىلەر بىلىدۇ. يالقۇن ئاكىمىز: «خەلقئارادىكى ئىسلام دولقۇنى»، «خەلقئارا ئىسلامىزم» قاتارلىق ئەينى چاغدا چىقىرىش تەس بولغان كىتابلارنى چىقارغان. بۇ كىتابلار قىزغىنلىق بىلەن سېتىۋېلىنىدىغان بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان. مەن خەۋەردە دېيىلگەن «ياخشى سېتىلغان» دېگەنىدە مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان، مۇناسىۋەت ئارقىلىق چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان كىتابلار مۇشۇلار ئىدى. ئەسلى ئاۋازلىق پاراڭ خاتىرىسىدە دېگىنىممۇ مۇشۇ ئىدى.

مۇخبىر خاتا چۈشىنىپ شۇنداق بىر خاتا جۈملىنى ئىشلىتىپتۇ.

يالقۇن روزى ئاكىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ بۇقەدەر قاقشاپ كېتىشلىرى كىتاب يېزىش بىلەن كىتاب چىقىرىش دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغىنىدىن بولغان. بۇ يەردە مېنىڭ دېگىنىم يالقۇن روزى ئاكىمىزنىڭ يازغان كىتابلىرى ئەمەس، ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات ۋە ئاخبارات مەھكىمىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقارغان ئىسلامغا دائىر كىتابلىرىغا قارىتىلغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن كىتابلار ئىنتايىن مۇھىم ۋە سەزگۈر كىتابلار بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا دوستلىرىڭىز بولمىسا چىقىرالمايسىز. مەن 20 يىللىق شەخسىي كىتابخانىسى بولغان بىر ئائىلىدىن چىققان، بىزمۇ كىتاب چىقىرىپ باققان، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا دوستلىرىڭىز بولمىسا ئۇنداق سەزگۈر كىتابلارنى چىقىرالمايسىز.

مەن ئۇيغۇرنىڭ مىسىردىن قوغلىنىشىدىن بۇيان ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتىمەن. قىلىدىغان ئىشىم ئۇيغۇرغا بولۇۋاتقان زۇلۇمنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ، تورلەر بويىچە مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش. مەن دەسلەپتە خەۋەر قىممىتى بولغان ئۇچۇرلارنى توپلايمەن، تورلەرگە ئايرىيمەن، ئاندىن مۇخبىرلارغا ئەۋەتىپ بېرىمەن. مۇخبىر ئەگەر شۇ توغرىسىدا خەۋەر يېزىشقا قىزىقسا، زىيارەت قىلىنىدىغان ئۇيغۇر دەردمەن، گۇۋاھچى ۋە پاكىت بىلەن تەمىنلىگۈچىنى تېپىپ بېرىمەن. مېنىڭ يالقۇن روزى ئاكىمىز ھەققىدە چىققان خەۋەردە ئوينىغان رولۇم يۇقىرىقىدەك.

ئىنىم كامالتۈرك، سىزگە دېيەك كاڭ ئاللىقاچان چۈشىنىشلىك قىلىپ ۋەقەنى يېشىپ بەردى، مېنىڭ سۆزلىمنى خاتا چۈشەنگەنلىكى ھەققىدە ئالاھىدە تۈزىتىش بەردى. خەۋەر تۈزىتىلىپ قايتا ئېلان

قىلىنىدى. ئۇ بىر مۇخبىر بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. مەن بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەقەت تۇتقۇن دادىڭىز ئۈچۈن شۇنى قىلىپ بېرەلەيمەن.

ئىنىم كامالتۈرك دادىڭىز داڭلىق يازغۇچى ئىدى، مەن بۇ يەردە دادىڭىز يازغان كىتابلار ھەققىدە ئەمەس، ئۇ بىر نەشرىيات سودىگىرى سۈپىتىدە چىقارغان كىتابلار ھەققىدە توختالغانىدىم. چۈنكى، مۇخبىرنىڭ ماڭا تەقسىم قىلغان سوئالى شۇ ئىدى. مەن دادىڭىز بىلەن كىتاب سودىسى قىلىش جەريانىدا تونۇشقان. مۇخبىر مەندىن ئۇ تەرجىمە قىلىپ چىقارغان كىتابلار ھەققىدە سوئال سورىغانىدى.

مەن ئاخشامقى ئاچچىقىڭىزنى چۈشەنمەي، نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ دەپ بولغىچە بوران چىقىرىپ بوپسىز. مېنى «قارىغۇ، ئالغاي» دەپ تىللاپ پۇخادىن چىقىپسىز. دادىڭىز ھەققىدە مەن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختالغانىدىم. شۇ چاغدا سىز ماڭا تېلېفون قىلغۇزۇپ مەزكۇر خەۋەرنى ئۆچۈرگۈزۈۋەتكەن. بۇ خەۋەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا ئەمەس، بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا چىقتى. بۇنى خۇددى بۇرۇن مەن يازغان ماقالىدەك سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ئۆزگەرتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا بۇنى دېيىش ھوقۇقىمىز يوق، شۇڭا مېنىڭ بۇ ھەقتىكى چارىسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ.

خاتا چۈشىنىشكە تەييار بولغان بولساق، خاتا چۈشىنىدىغان تېما ھەرگىزمۇ كەم بولمايدۇ كامالتۈرك. سىز مەندىن بۇرۇن دادىڭىز توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئاشكارا چاقىرىق قىلىشتىن بۇرۇن گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىڭىز، مۇشۇ تېمىنى مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شەكىلدە سۇنغان بولسىڭىز، مەن چەكلەنگەن دەرسلىك ھەققىدە يازغان چۈشەندۈرۈشلەرنى

سىزدەك ئىنگلىزچە سەۋىيەسى يۇقىرى ئىپسىل باللار يازغان بولساڭلار، مەنمۇ تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلغان بولسام ياكى بىللە قىلىشقا تىرىشىپ باققان بولساق ـ ھە! ئۇستۇمدىن گەپ تاپقاندىن قىلىدىغان ئىش تاپقان بولسىڭىز…

مۇشۇ كۈنگىچە ماڭا ھاقارەت قىلغانلار ھېچقاچان كەچۈرۈم سورىمىدى. مەن مېنى ھاقارەت قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ھېچبىرىدىن كەچۈرۈم كۈتمەيمەن. مەن بۇ كەچۈرۈمنى ئامېرىكىلىق مۇخبىر دېيىك كاگدىن ئىنگلىزچە دۇنياغا ئاشكارا سوراتتىم. بۇنى ئوقۇماي ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتقانلارغا پەرۋا قىلمايمەن، ئۇلارنى كەچۈردۈم. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى بىلمەيدۇ.

ھۆرمەتلىك كامالتۈرك، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ شەرىپى مۇقەددەس، ھەر بىر ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى قوغداش ھوقۇقى بار، سىزنىڭمۇ شۇنداق. مەن ھەممە ئىشتا ھەققانىيەتنى، ئادالەتنى، سەمىمىيەتنى قوغداش ۋە تەرغىب قىلىش تەرەپدارى، بۇ مېنىڭ ئادىتىم. بەلكىم سىزدەك ئالىيجاناب كىشىلەرگە بۇ ئىشىم ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ماڭا ئۇنداق ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەي، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەي كۆزىدىكى جىسمانىي ئاجىزلىقىقا قەدەر ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان ئىشنىڭ سىزدە كۆرۈلۈشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى بىنورماللىق. ئەپسۇس، بۇنداق ئىنسان شەخسىيىتىگە قىلىنغان ھاقارەتنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قوبۇل قىلىپ، ھاقارەت قىلغانلارغا چاۋاك چالىدىغان ھالغا كېلىشى بۇنداق شۇملۇقنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىدىغانلىقىغا بېشارەت.

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

**ئىزاھات:**

مەزكۇر ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ئايدىڭ بولۇشى

ئۈچۈن، كامال تۈرك ئىنىمىز قەلەمگە ئالغان تۆۋەندىكى ماقالىنى ئىلاۋە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## ئەپسۇسلىنىش ئىچىدىكى ئويلار

كامالتۈرك يالقۇن

بۈگۈن دۇنياغا تونۇلغان بىرلەشمە خەۋەرلەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ «جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كۈچەيتىدىغان بەزى دەرسلىك كىتابلارنى چەكلىدى» سەرلەۋھەلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئۇيغۇر خەلقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدىغان دادامنىڭ ھېكايىسى تۇتقا قىلىنىپ، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇمى يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ مۇخبىر دادام ھەققىدە مېنىلا ئەمەس يەنە باشقا ئۇيغۇرلارنىمۇ زىيارەت قىلغان ئىكەن. شۇ قاتاردا بىر نەچچە كىشىمۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەمما ماقالىدە «تىلشۇناس» دەپ ئېلىنغان ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئەپەندىنىڭ سۆزى دىققىتىمنى بەكرەك تارتتى. بۇ كىشىنىڭ ئاشقا چۈشكەن چىۋىن كەبى ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇپ، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئويغا چۆكتۈم: «يالقۇن روزىنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن دوستلىرى بار ئىدى. ئۇ بۇ مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كىتابلىرىنى ساتالىغان ئىدى، ئۇنىڭ كىتابلىرى بەك ياخشى سېتىلغانىدى» .

ئېنىقكى، بۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق، نىيىتى زەھەرخەندە. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تايىنىپ دادامغا غەرەزلىك ھالدا ھۇجۇم قىلغان. «ھۆكۈمەت ئىچىدە شۇنچىۋالا ئەمەلدار دوستلىرى بولغان» ، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش، ئەۋلادلارغا ساغلام

بىلىم ئاتا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلغان دادام ئون بەش يىللىق كېسىلىپ، خىتاينىڭ قارا تۈرمىسىدە ياتقان ئەھۋالدا، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش يولىدا قارىلىنىپ خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئىككى يىل ياتقان، ھېچقانداق ئەمەلدار دوستى بولمىسىمۇ چەتئەلگە چىقىپ ئەركىن ھاۋادىن نەپەس ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىغان ئەپەندىمنىڭ، خىتاينىڭ مۇدھىش تۈرمىسىدە ئازابتا تۇرۇۋاتقان دادامنى ھۆكۈمەتكە يېقىن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشلىرى نورماللىقتىن ھالقىغان دەرىجىدە قىزىقارلىق. ئۇنىڭ بۇ كىتابلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دادامنىڭ يازمىلىرىغا بولغان ياخشى كۆرۈشىگە ئەمەس، بەلكى ئەمەلدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە باغلىشى، پاكىز قەلبتىن چىقىدىغان پىكىر ئەمەس. ئەمەلدارلار قوپۇپ، يالغۇز روزىنىڭ كىتابىنى ئېلىڭلار، دېسە خەلق ئالىدىغان ئىش ھېچقاچان يۈز بەرگىنى يوق. خەلقىمىز ھەرقانچە نادان بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ قەدەر دۆت ئەمەس. دەل ئەكسىچە، خەلقىمىز دادامنىڭ ئۆز خەلقىنى، تىلىنى، مەدەنىيىتىنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىزدەپ - سوراپ كىتابلىرىنى سېتىۋېلىشقان. «تىلشۇناس» ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان، خىتايدا ئەمەلدارلار ئىككىلا كىشىنىڭ كىتابىنى تەشۋىق قىلىپ زورلاپ ساتقۇزغان. بىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ، يەنە بىرى شى جىنپىڭنىڭ كىتابلىرى! «تىلشۇناس» ئەپەندىم دادامنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرلۇق روھىنى سىڭدۈرىدىغان كىتابلارنى يازغانلىقى ئۈچۈن «مىللەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك قىلدى» دەپ ئەيىبلىنىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسىلگەنلىكىنى ھەم بىلىدۇ.

دادامنى بۇندىن بۇرۇنمۇ بەزىلەر مۇتەئەسسىپ دىنچى، سودىگەر قىلىپ سۈپەتلەشكە ۋە باشقا قالپاقلارنى كىيدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئاقىۋىتى دادامنىڭ

تەقدىردىن ياخشى بولغىنى يوق. خەلق «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دەپ بىكار ئېيتمىغان. «تىلشۇناس» ئەپەندىمنىڭ ھەربىر يازمىسىدا دادام ھەققىدە ئېيتقان سۆزىنى بىر چېكىتكە ئوخشىتىپ، بۇ چېكىتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بىر ئەگرىلىكنى ھېس قىلغىنىم ئۈچۈن بۇ ئويلىرىمنى يېزىشنى تاللىدىم. بۇلارنى يېزىۋېتىپ مۇنۇ ئۈچ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى ھەم ئەپسۇسلاندىم.

بىرىنچىسى، دادامنىڭ كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ شەنبە - يەكشەنبە دېمەي يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى...

ئىككىنچىسى، بىر چاغدا مەن كۆرگەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋەقەلىك قىلىنغان ئۇرۇش فىلىمىدىكى ئالغاي نېمىس ئەسكىرىنىڭ دۈشمەننىڭ ئايروپىلانىنى ئاتىمەن، دەپ قارىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىنى ئېتىۋېتىشى...

ئۈچىنچىسى، داڭلىق قاسساپتۇرمەن، دەپ تۇۋۋلاپ قولىغا پىچاق كۆتۈرۈۋالغان تەلۋە قاسساپنىڭ، خەقنىڭ تۈجۈپىلەپ بېقىۋاتقان چۈجە - خورازلىرىنىمۇ قوي ئورنىدا كۆرۈپ بوغۇزلاپ تاشلىشى...

# يالقۇن روزىنىڭ «كىرىشىپ قالىدىغان» خاراكتېرى

يالقۇن روزىنىڭ رەسىمگە ھەر قارىسام مەرھۇم پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «كىرىشىپ قالىدىغان ئادەم» دېگەن باھاسى ئېسىمگە كېلىدۇ. يالقۇن روزىنىڭ شۇنداق كىرىشىپ قالىدىغان مىجەزى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئوبزورچىلىقى، نەشرىياتچىلىقى ۋە مائارىپىدىكى تۆھپىسىگە تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ قاماقتا تارتىلغان رەسىمىدىكى قايتماس جاسارىتىمۇ مۇھاجىرەتتىكى چۈشكۈن روھلارنى ئويغاتتى، غەمكىن كۆڭۈللەرنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قاماقتىكى جەسۇر سىيماسى ئۇنى قاماقلاردا بىھۇدە ئازاب چېكىۋاتقان ھۆرمەتلىك شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا ئايلاندۇردى.

**1. كىرىشىپ قالىدىغان ئادەم**

2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يالقۇن روزى چىقارغان «مەمتىلى ئەپەندى»، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» دېگەن كىتابلار قىزغىنلىق قوزغىۋەتتى. بۇ قىزغىنلىق مەكتەپلەر، سورۇنلار ۋە دەرسخانىلارغا قەدەر يېيىلدى. قىزىل بىنادىكى بىر قېتىملىق دەرستە يۇقىرىقى كىتابلار تەنقىدىي يوسۇندا تىلغا ئېلىندى. بىر قانچەيلەن ئوبزور يېزىلىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى. رەھمەتلىك ئابدۇكېرىم راخمان ئۇلارنى توسۇپ «يالقۇن روزىنىڭ كىتابىغا كىم ئوبزور يازسا شۇنىڭ بىلەن كىرىشىپ قالىدىكەن، شۇڭا يازماسلىق كېرەك» دېدى.

شۇندىن كېيىن يالقۇن روزىنىڭ تالاي قېتىم «كىرىشىپ» قالغانلىقىغا شاھىت بولدۇم. بولۇپمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ

ھەربىكتىنىڭ باشلىنىشى ۋە بۇ ھەربىكەتنىڭ بايراقدارى مەمتىلى تەۋپىق تېمىسىدا يالقۇن روزى ھەقىقەتەنمۇ كىرىشىپ قالدى. ئۇ ئارتۇچتا ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىغا ئۇل سالغان باھاۋۇدۇن مۇساباي ۋە ھۇسەيىن مۇسابايلارنىڭ ھەيكىلىنى ئېكىساق باشلانغۇچ مەكتىپىگە تىكلەتتى. ئۇ يەنە مۇسابايلار جەمەتىنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىقتىسادىغا ئىلھام بەردى.

يالقۇن روزى ئالىي مەكتەپتىكى ئۇستازى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەققىدىمۇ كىرىشىپ قالدى. ئۇ مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلار ئارقىلىق ئۇستازىنىڭ يىقىلماس مەنىۋى مەڭگۈ تېشىنى تىكلەپ چىقتى. ئۇ ئارتۇچتىكى مائارىپچىلار ھەققىدە مەخسۇس كىتاب چىقاردى. مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغان بۇيامەت يېزىسىغا مەمتىلى ئەپەندىمنىڭ مۇزېيىنى ياساشقا تەشەببۇسكار بولدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلچەملىك رەسىمىنى تېپىپ داڭلىق رەسسام ئابدۇشۈكۈر كۆك ئەپەندىگە سىزدۇردى. يالقۇن روزى ئۆزى يالغۇز ۋۇجۇدقا چىقارغان يۇقىرىقى ئىشلاردىن ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «كىرىشىپ قالىدىكەن» دېگەن بۇ سۆزىنىڭ راستلىقى بىر قانچە قېتىم ئىسپاتلاندى.

## 2. ئۇ ئۆزىنى ئىنكار قىلالىغان

يالقۇن روزىنىڭ ئۆزى خاتا ئۆزلەشتۈرگەن قاراشلارنى ئىنكار قىلىشىدا قەتئىيلىك بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ تارىخى ھەققىدە خاتا مۇقىملاشقان چۈشەنچىلەرنى ئىنكار قىلىشىمۇ تەقدىرلەشكە سازاۋەر ئىدى. ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى 1885 ـ يىلى ئارتۇچنىڭ ئېكىساق يېزىسىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن باشلانغان دېگەن قاراش 80 ـ يىللاردىن باشلاپ تاكى 2000 ـ يىللارغىچە نوپۇزلۇق بىلىنىپ كەلگەنىدى.

يالقۇن روزى ئۆزىمۇ «مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن كىتابىدا شۇنداق يازغان. ئەمما ئۇ كېيىنكى ئىزدىنىشلەر جەريانىدا ئۆزى كىتابىدا مۇئەييەنلەشتۈرگەن قاراشنى ئىنكار قىلىپ، ئېكساق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 1914 ـ يىلى قۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۆزى ياقلاپ چىققان، كىشىلەر ئاساسەن قوبۇل قىلغان قاراشنىڭ خاتاسىنى ئۆزى ئىنكار قىلىش جاسارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ خاتاسىنى ئۆزى بايقاپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ھاكىمىيەتلەق تۈزۈم ئاستىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى.

### 3. بىر شېئىر ئۈچۈن

يالقۇن روزى ئۇيغۇر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان چاغدا بىر پارچە شېئىرنى كىرگۈزۈشتە چىڭ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىكى رەھبەرلەرگە ياقمىغان ۋە ئېھتىياتچان كەسىپداشلار ئارىسىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان ئىكەن. شۇ ئەسەرنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش ۋە كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە قايىنغان مۇنازىرە سەۋەبلىك دەرسلىكنى نەشرگە تاپشۇرۇش ئىشىمۇ كېچىكىپ كېتىپتۇ. مەزكۇر ئەسەر ۋېنگرىيەلىك شائىر پېتوفىينىڭ:

*«ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،*
*ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت،*
*ۋەلېكىن كېچەمەن ھەر ئىككىسىدىن،*
*ئازادلىق ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت»* . دېگەن شېئىرى
*ئىكەن.*

يالقۇن روزى مەزكۇر شېئىرنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئاي يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپتۇ. ئەركىنلىك ھەققىدە

يېزىلغان ئۇ شېئىردىن ئەنسىرىگەنلەر ھەر خىل باھانىلەرنى پەيدا قىپتۇ. ھەتتا بىر ئەسەر دەرسلىككە كىرگۈزۈش ئۈچۈن نەشر قىلىنغان بولۇشىنى شەرت قىپتۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يالقۇن روزى پىتوفىينىڭ خىتايچە نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلىمىنى تېپىپ، ئاۋۋال ئاخبارات ۋە نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىنى چىقىرىپتۇ. ئاندىن مەزكۇر شېئىرنى دەرسلىككە كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىكەن.

يالقۇن روزىنىڭ قەتئىيلىكى، قەيسەرلىكى، ئەقىدە قىلغان ئىشنى كىرىشىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىزچىللىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان تەۋپىق روھىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇستازى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە بولغان ۋاپادارلىقى مەزكۇر كۆپ قىرلىق، مول ھوسۇللۇق ئالىمنىڭ سىيماسىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا ۋە مائارىپچىلارغا بولغان ئەقىدىسى تۈزگەن دەرسلىكلەر ۋە كىتابلار بىلەن ئىسپاتلاندى.

2021 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر

# مەشرەپتەك قىلماق تەس

ئۇيغۇردا زامان ۋە زۇلمەتلەر، جاھان ۋە جاھاندارلار ھەققىدە يازغان، دۇنيانى كەزگەن، چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن دانالاردىن بەختىيارلارمۇ، بەختسىزلەرمۇ ھەتتا بەدبەختلەرمۇ بولغان. بەزى دانالارنىڭ چۈشەندىم دېگەن ۋە بىزگە تەلىم بەرگەنلىرى ئەقىلگە ئۇيغۇن، تەرەققىياتقا لايىق، ئىلىمگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇلار بىزگە كۆرسەتكەن ھايات يولىدا بىز ياشىيالىدۇق، تەسۋىرلىگەن مەنزىلگە كۆزىمىز يەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بايان قىلغىنى تىرىسا ئۈنىدىغان، تەپسە پۇت قايرىلىدىغان، تۇتسا قولغا چىقىدىغان ئەمەلىيەتتىكى دۇنيا ئىدى. بەزى دانالارنىڭ جاھاندىن چۈشەندىم دەپ بىزگە ئۆگەتكەنلىرى ئىلىم ئەمەس ئەپسانە ئىدى. ئۇلارنىڭ تارقاتقانلىرى ئىلىمگە، ئەقىلگە ئۇيغۇن چۈشەنچە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خىياللىرى ياكى يات ئىقلىمغا مەنسۇپ ئادەتلەر، خىيالپەرەس ئۇستازلىرىنىڭ ۋە ياكى تەركىدۇنيالارنىڭ تەلىمات ۋە تەبلىغلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىزگە ۋەز ئېيتقۋاتقانلىرى ئۆزىمىزدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، كېلىدىغان ئەمەس، ھېچبىر ئەلدە مەۋجۇت بولمايدىغان ۋە ئەمەلگە ئاشماسلىقى كېرەك بولغان بىر نىشاننىڭ، بىر مەنزىلنىڭ، بىر جاھاننىڭ ئەپسانىۋى كۆرۈنۈشى ئىدى.

ئۇيغۇرنىڭ روھى دۇنياسىدا ئاۋازى ياڭرىغان شائىرلار، ۋائىزلار، زاھىدلار، مۇقامچىلار، ئىلىمدارلار ۋە ئەمەلدارلار ئىزچىل چىقىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكى دۇنيا، ھايات ۋە ھاكىمىيەت كىشىلەرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى شەكىللەندۈردى. بەزىلەرنىڭ قىلغان ئەمىر ـ مەرۇپلىرى ھەققەت

ئىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ رىۋايەت بىلەن تويۇنغان بولۇپ، شۇ ھېكمەت، نەسىھەت ۋە دەۋەتلەر بىزنى تارىختا تۈيۈق يوللاردا خاراب قىلدى، لاماكان ۋە خانىۋەيران قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىزگە ئۆگەتمەكچى بولغانلىرى ھەقىقىي بىلگەنلىرى ئەمەس، بەلكى يادىلىۋالغانلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇلارنى چۈشەنگەن ئەمەس ئىشىنىشنى تاللاپ چۈشەپ چىققان ئىدى.

تارىختا ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسى مەنىۋىيەتكە ھېرىسمەن كىشىلەر يامىشىدىغان پەللىگە ئايلانغان. ئەۋلىيا ئاتالغان بەزى كاتتىلار ئىلىم دەۋالغان خىيال، رىۋايەت ۋە ئەپسۇنلارنى يادلاش ۋە يادلىتىشنى ئىلىم يەتكۈزۈش دەۋالغان. ئۇلار يەتكۈزگەن ئۇنداق ئىلىم بىلەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھەقىقەتكە ئۇلاشماق، ھەقنى يەتكۈزمەك، ھەق سۆزلىمەك، راستنى ئېيتماق، سەمىمىيەتكە سادىق بولماق تارىختا ئۇنچە ئاسان بولمىغان، (ئەلۋەتتە ھازىرمۇ شۇنداق). شۇڭا تارىخىمىزدا ئىلىمگە ئەمەل قىلىپ ھەقنى سۆزلىگەن ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان دانالارنىڭ تەقدىرى كۆپىنچە پاجىئەلىك بولغان بولۇپ، مەشرەپ بۇنىڭ مىسالى.

مەشرەپ جاھاننى چۈشىنىشتە بىلىمنىڭ رولىنى تەكىتلىگەن، ھەقىقەتكە يېتىشتە ئەقىلنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئۇيغۇرغا خوجىدار ئەمەس ئىنسانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇلدار ئەمەس بىر قۇل - بەندىلىكىنى پاش قىلغىنى ئۈچۈن جان بېرىدىن مەھرۇم قىلىنغان؛ ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭلا ئەمەس ھەقنى كۆتۈرە ئالغان ھۆكۈمدارلارنىڭمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى جاكارلىغىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان.

مەشرەپ ھەققىدە ئۇيغۇردا نۇرغۇن ھېكايىلەر مەۋجۇت. بىرى ئۇنىڭ مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقىپ سىيگەنلىكى. يېزىلىشىچە، ئۇ جامائەتكە خىتاب قىلىپ شۇنى دېگەن:

«سىلەر سۇ 7 يۇملىسا ھالال دەيسىلەر، مېنىڭ سۈيدۈكۈم چۈشكىچە 70 قېتىم يۇملىدى، شۇڭا ھالال ئەمەسمۇ؟!». بۇ ھېكايەت بىزدە خۇراپاتقا قارشىلىق سۈپىتىدە چۈشىنىلىپ كەلگەن ۋە بۇنى مەشرەپنىڭ خۇراپاتقا قارشى ئىسيانكارلىقىغا مىسال قىلىنىپ ماقالىلەر يېزىلغان. مەنچە مەشرەپ ئەينى چاغدا قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، قوبۇل قىلغۇسىز بۇ ئاشقۇن ھەرىكەتتە مەقسەت سەممىيەت ئىدى. ئۇ ئۆزىگە سەممىي ئىدى، ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەم بولۇشىغا يول قويمايتتى، ئۇنى ئەۋلىيا قىلماي تۇرۇپ ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇنى پىر - ئۇستاز قىلماي تۇرۇپ ئەگەشمەيتتى. بۇ ئاشقۇن ھەرىكەت ئۇنىڭ كىشىلەرگە كۆرسەتكەن ھەقىقىي ئۆزى، سەممىيلىكى ئىدى.

مەشرەپنىڭ نام - شۆھرىتى ئۇنىڭ ئىلمى، ئادىمىيلىكى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتىكى تالانتى بىلەن تارالغان ۋە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قايىل قىلغان. مىللەتتىكى قايىللىق تەدرىجىي ھالدا ئۇنى ھەممىنى بىلىدىغان، ھەر ساھەگە قادىر، ھەممىگە قابىل ماھارەت ۋە مەرىپەتلەرنىڭ ئىگىدارىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇ دەۋردە ئۇيغۇردا مۇنداق كىشىلەرنىڭ نامى ئۇستاز - كالان، پىر - ئەۋلىيا بولۇپ، بۇ ماقامغا ئېرىشكۈچىلەر كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا، قول بېرىشلىرىگە ۋە مۇرىت بولۇپ پېشىنى سۆيۈشلىرىگە نائىل بولغان.

مەشرەپنىڭ مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىنى تاللاپ سىيىشى، ئۇنىڭ «مەن ئەۋلىيا ئەمەس، تاۋاپ قىلىنغۇچى پىر ئەمەس، دۇئالىرنى ئىجابەت قىلغۇچى خۇدا ئەمەس، مەنمۇ سىلەردەك يېگۈچى ۋە ئىچكۈچى ئىنسان، مەنمۇ سىلەردەك جىسمانىي ئېھتىياجغا ئىگە. قاراڭلار، مەنمۇ سىلەردەكلا سىيىمەن!» دېمەكچى بولغانلىقىدىن

بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشىلەرگە ۋەز ـ تەبلىغلەر، نەسىھەت ۋە سۆھبەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەللامە ـ ئەۋلىيا، پىركالان ياكى ئۇستاز ـ پېشىۋا ئەمەس، بىر ئادەتتىكى ئىنسان ئىكەنلىكىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىسپاتلىيالىغان بولسا، ئۇنداق سەت بىر قىلىقنى قىلمىغان، جامائەتكە ئۇنچىلىك سەت كۆرۈنمىگەن بولاتتى.

بىلىم، ئەقىل، دانالىق ۋە ئاقىلانىلىك ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ماكان ئۈچۈن قاندەك، جاندەك زۆرۈر. ھەر قانداق مىللەت، جەمئىيەت ۋە جامائەت ئۈچۈن بىلىم ئەھلى، ئاقىللار ۋە دانالار چىراغ ۋە مەشئەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەقىل ياراتقان نەتىجە، ئىلىم ياراتقان شۆھرەت ۋە دانالىق ئېلىپ كەلگەن ئىناۋەت دانالارنى ئاۋام چوقۇنىدىغان مازارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئېھتىماللىقى ھەر زامان مەۋجۇت. مۇشۇنداق چاغدا، ئۆزىنىڭمۇ بىر ئاددىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن دانا ئۆزگە سەمىمىي بولغان كىشىدۇر.

ئاۋام توغرا بىلىپ ئەگىشىۋاتقان، ئەنئەنىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز دەپ داۋام قىلىۋاتقان مىراسلارنىڭ ھەممىسى ئەقىلگە، مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا، ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن بولۇشى ناتايىن. خەلق ھىمايە قىلىۋاتقان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىز توغرا گەپ قىلىۋاتقانلىقىمىز بولۇشى ناتايىن. مۇشۇنداق چاغدا، دانالار ئارىسىدىن بىرىنىڭ ئاۋامنى سەگىتىش، سەمىمىيەتنى تەكىتلەش، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش، راستچىللىقنى نامايان قىلىش ئۈچۈن قاملاشتۇرۇپ «سىيىشى» سەمىمىيەتنىڭ جاكارسى بولىدۇ.

ئاۋام ئادەتلەنگەن پىكىرگە قارشى، مىللەت سۆيگەن نوپۇزلۇقلارغا قارشى، جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران چۈشەنچىگە قارشى ھەقنى جاكارلاشتا مەشرەپتەك بۇنداق ئاشقۇن ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى مۆلچەرلىگۈسىز بولۇشى مۇمكىن. مەشھۇرلارنىڭ مەشرەپتەك

«سىيىشى» خۇراپاتتا ئېزىققان خەلقنى ئويغىتىشتا يەتتە يۇملىغان سۇنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مىڭ قېتىملىق خۇتبە، تەبلىغ ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردىن ئۈستۈن تۇرغاندەك، ئاۋام بىلمەي ئەگىشىۋاتقان سەپسەتەلەرنى ئاغدۇرۇشتا مۇشۇنداق بىر رادىكال جاسارەت مۇھىم. توغرا - خاتا، ھەق - ناھەق، ھەقىقەت ۋە سەپسەتە ئارىلىشىپ كەتكەن، ئاۋام قايمۇققان زاماندا، دانالاردىن بىرىنىڭ باشقىلار ئاۋامنىڭ نەزىرىدىن چۈشمەسلىك ئۈچۈن دېيىشكە پېتىنالمايۋاتقان ھەقىقەتنى ئاشكارىلاشتا ئاشۇنداق ئاشقۇن ئۇسۇلنى تاللىشى زۆرۈر بولىدۇ. بۇ جاھانغا، جاھاندارلارغا ۋە سەپسەتەلەرگە قارشى قەھرىمانلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە، ئاۋامغا ۋە تارىخقا يۈزلەنگەن سەممىيلىك بولىدۇ، بەلكىم.

2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# ئۇيغۇرلار خىتاي يېزىقىغا ئۆچمۇ؟

بۈگۈن بىر مۇخبىر مەندىن ئىستانبۇلدا بېكەتلەرگە چاپلانغان خىتايچە خەتلەر ھەققىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسى ۋە مېنىڭ بۇنىڭغا بولغان قارىشىمنى سورىدى. مەن ئۇيغۇرنىڭ بۇ خەتلەرنىڭ چاپلىنىشىغا دۇنيا بويىچە نارازى ئىكەنلىكىنى دېدىم. خەلقىمىزنىڭ بۇ قەدەر كەسكىن قارشى چىقىشىدا ئاساسلىق ئامىلنىڭ خىتاي يېزىقىنىڭ چاپلىنىشى بىلەن ئەمەس، تۈركىيەنىڭ خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ۋە ئىرقىي يوقىتىشقا كۆز يۇمغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

مۇخبىر ئۇيغۇرلار خىتاي - تۈركىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا قانداق قارايدۇ؟ دەپ سورىغانىدى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ تەھدىت ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، تارىخقا قارايدىغان بولساق ھەر قېتىملىق يېقىنلىق ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان زۇلۇمنى كۆرمەسكە سېلىشنى ھەتتا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەدەل قىلغان دەپ، يېقىندا زىنىنەتگۈل تۇرسۇن ۋە قۇۋانخان قاتارلىق بەش ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن پاجىئەسىنى مىسالغا ئالدىم.

ئۇيغۇرلار خىتاي خەلقىگە ۋە يېزىقىغا نەپرەتلىنەمدۇ؟ دەپ سورىغانىدى. مەن: مەنچە ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتىنىڭ زېمىنىمىزنى بېسىۋالغان تاجاۋۇزچىلىقىغا، خىتايلارنىڭ يېقىندىن بېرى كۆچەيگەن ۋە ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان فاشىست مىللەتچىلىكىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى

بولغان كوممۇنىستىك تۈزۈمگە نەپرەتلىنىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار خىتاي خەلقىگە نەپرەتلەنگەن بولسا نەچچە يۈزمىڭلىغان خىتاي ساياھەتچى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ يىغىلغان ئىستانبۇلدا راھەت كېزىپ يۈرەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار خىتاي يېزىقىغا نەپرەتلەنگەن بولسا فىرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئايرودۇرۇملىرىدا يېزىلغان خىتايچە خەتلەرگىمۇ قارشى چىققان بولاتتى.

ئۇيغۇرلار ئىستانبۇلدا كوچىلارغا چاپلانغان، ئايروپورتقا يېزىلغان خىتايچە خەتلەرگە قارشى چىقتى ۋە بۇنى تۈرك پىدائىيلار بىللە ئېلىپ تاشلىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە قايسى يېزىقتىكى خەتنى چاپلىغان ئەلدە ئەمەس، مەسىلە شۇ ئەلنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان خىتاينىڭ ئالدىدا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدا. ئۇيغۇلار ئىستانبۇلدا خىتاي يېزىقىغا ئەمەس، ئا ك پ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە قارشى چىقتى دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ جاۋابلىرىمنى ئىنگلىزچە بەرگىنىم ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىلىپ قېلىشى ئىستەپ ئۇيغۇرچە چىقىرىپ قويدۇم.

2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# خىتايغا ئۇخشاپ كېتىۋاتىدۇ

سىنىپتا بۇنچە كۆپ كورت ساۋاقدىشىم بارلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. تېلېفونلاردىن قويۇلۇۋاتقان بومبىلارنىڭ پارتلىغان، بالىلارنىڭ يىغلاۋاتقان، ئاياللارنىڭ چۇقان سېلىۋاتقان ئاۋازلىرى يۈرەكنى ئېزەتتى.

نېمە بولغانلىقىنى بىلگەچكە سورىمىدىم، پەقەت يېشى ئەللىكلەرگە بارغان مەزگىلسىز سۇلغان ئانىلار، ئائىلىسىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان ئاتىلار، ئەمدىلا ئۇچۇرۇم بولغان ياشلار، ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشتەك بالىلار... ھەممە پەرىشان، ھەممەيلەننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش، نەپرەت ۋە غەزەپكە قاراپ داۋاملىق يېنىدا تۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. پەقەت ئۇلارغا «مەنچە بۇ پاجىئەدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىككە پېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. تۈركىيە ئىراقتىكى كوردلارنى 50 يىل بومباردىمان قىلدى، نەتىجىدە ئىراقتا كوردىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بەلكىم بۇ بومباردىمانمۇ سۇرىيەدە سىلەرنىڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقىشىڭلارغا پۇرسەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېدىم.

كارىدورغا چىقىشىمغا سىنىپداش بىر ياش بالا ھېلىقى بومبىلارنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقان سىنىنى ماڭا تەڭلىدى. ئەلۋەتتە، زۇلۇمغا قالغۇچىنىڭ ھال ئېيتىپ ئىچىنى بوشاتقۇسى كېلىدۇ... دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكە چىدىمىساممۇ بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم ۋە تەسەللى ئېيتىپ ئۈرسىدىن قۇچاقلىدىم. پەقەت ئۇنىڭغا «كىم خىتاينى دوست تۇتسا، زالىملىقنى دوست

تۇتقان بولىدۇ، تاجاۋۇزچىغا سۈكۈت قىلغانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى هامان تاجاۋۇز بولىدۇ» دەپ چۈشەنچە بېرىپ، شى قاسساپ بىلەن ئەردوغاننىڭ دوستلۇقىنى سۆزلەپ بەردىم.

قەھۋە ئىچىپ سەل تىنچلىناي دەپ بىر خالى بولۇڭغا بېكىندىم. مەندەك مۇساپىرلار تىل ئۆگىنىدىغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار مىللەت بويىچە ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشمەكتە ئىدى. يېغىلىپ ئەڭ قىزغىن مۇنازىرە قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كوردلار. ئۇلارنىڭ يېنىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ ھېلى تېلېفونلىرىغا، ھېلى ئەتراپىدا ئۆزىدىن خېلىلا كۆپ كوردلارغا قاراپ جىمىپ كەتكىنى تۈركلەر. بىرى تۈركىيەدە ھاكىم كۆپ سانلىق مىللەت، يەنە بىرى ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغۇچى ئازسانلىق، ئەمما بۇ يەرگە ئىككىلىسى پاناھلانغۇچى بولۇپ قېچىپ كەلگەن، ئىككىلىسى ئەردوغاننىڭ زۇلۇمىدىن قاچقانلىقىدىن دەرد ئېيتىدۇ، ئىككىلىسىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش.

ئۇلارنىڭ بىرى سۈكۈتتە، يەنە بىرى قايناقلىق. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، كىشىلىك ھوقۇق، ئادالەت ۋە دېموكراتىيەگە تەلپۈنىدۇ. ئېچىنارلىق يېرى بىر يەردە ئولتۇرۇپ تەسەللى بېرىشمەيدۇ. بىر - بىرىنى قۇچاقلىمايدۇ، كەچۈرۈم سوراشقا تىلى بارمايدۇ، ئايرىم تۇرغاندا دېيىشەرمىش. ئەمما ئۇنداق بولۇڭ - پۇچقاقتا قىلغان كۇس - كۇسنىڭ ئاغزىنىڭ قىچىقىنى باستۇرغاندىن باشقا پايدىسى يوق. مۇشۇنداق تەقدىرداشلىقمۇ ئويغىتالمىغان مەرھەمەتنى، ھېسداشلىقنى يەنە نېمە ئويغىتار؟!

تۈركىيەدىن قاچقان تۈركلەر ۋە كوردلارنىڭ تارتقان زۇلمى ۋە زۇلۇمنىڭ سەۋەبى ئوخشاش، ئۇ بولسىمۇ ھوقۇقسىزلىق، دېموكراتىيەگە تولۇق ئېرىشەلمەسلىك، ئەدلىيەنىڭ ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بولماسلىقى، ئەركىنلىكنىڭ چەكلىنىشى قاتارلىقلار. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر - بىرىگە ئۆزى تۈركىيەدە ئېرىشەلمىگەن

ھوقۇقنى بەرمەيدۇ. مەھرۇم قالغان شۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىرى يەنە بىرسىگە پەقەت باشقا بىر مىللەت بولغاچقا، ئۆزىدىن ھۆرلۈك تەلەپ قىلغاچقا قۇچاق ئاچمايدۇ، دۈشمەن كۆرىدۇ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىدۇ، تاجاۋۇزنى ئەيىبلىمەيدۇ.

مىڭ ئەپسۇس، مۇھاجىرەتتىكى ئىككى مىللەت كۆرگەن زۇلۇمنىڭ مەنبەسى بىر تۈرۈپمۇ پەقەت سىياسىي قارىشى پەرقلىق بولغاچقىلا، تۈركلەر ۋە كوردلار يات ئەلدە مۇساپىرلىقنىڭ ئازابىنى تېتىپ تۇرۇپمۇ بۇ ھۆر مۇھىتتا بىر - بىرىگە ئەپۇچانلىق بىلەن، مۇھەببەت بىلەن باقمايدۇ، مەردانىلەرچە قۇچاقلاشمايدۇ. بەلكىم كوردتەك بىر مىللەتنىڭ ھۆر ياشاش، ھۆر تاللاش، ھۆر سۆزلەش ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلماي ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن بەزى تۈرك باغىرلىرىمىز. ئەمما سەن باشقىلارغا راۋا كۆرمىگەن ئەركىنلىككە، دېموكراتىيەگە، ئادالەتكە قانداق ئېرىشەلەيسەن!؟

سۇرىيەدە كورد مەھەللىسى ۋە ئۆيلەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن كۆيۈۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بىز بۇ ئۇرۇشنى بۇگۈنگە ۋە سۇرىيەگە مەنسۇپ قىلالمايمىز. 70 يىلدىن بېرى چۈشمىگەن ئىككى مىللەتنىڭ قولىدىكى قورالغا تېخىمۇ تەۋە قىلالمايمىز. ئىككى مىللەتنىڭ ئەرباپلىرى ۋە ھاكىملىرىنىڭ تەدبىرسىزلىكىنىمۇ يېگانە سەۋەب دېيەلمەيمىز. بۇ زىددىيەتنىڭ يىلتىزى پۈتۈنلەي كوردلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن تېررورلۇق قىلغانلىقىدا ئەمەس. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر ئەلۋەتتە مۇھىم، ئەمما يەنە تۈركىيەدىكى تۈرك، كورد، ئەرەب، لاز قاتارلىق يۇقرالارنىڭ بولۇۋاتقان پورۇخلۇق ۋە پورۇخسىز ئۇرۇشتا سۈكۈتنى، بىپەرۋالىقنى تاللىشى، بىر - بىرىگە ئىشەنچسىزلىكنى تاللىشىمۇ سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا تۈرك سەرخىللارنىڭ خىيالپەرەسلىكى، كۆرەڭلىكى ۋە فاشىستىك مىللەتچىلىكتىن ۋاز كېچەلمەي ئىچكى كىرىزىسكە يۈزلەنمەسلىكىمۇ سەۋەب بولۇۋاتىدۇ.

تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتچىلىك مائارىپىنى يولغا قويۇپ، كوردلارنىڭ تىلىنى مائارىپتىن چەكلەپ، ئۇلارنىڭ باللىرىغا تۈركلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارغا تۈركچىلىكنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ قالاق تەدبىر كوردلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى ھۆكۈمەتلەر بارلىق دۆشمەنلىكنى سىرتقى كۈچلەرگە دۆڭگەپ خەلقنى ئالداۋاتىدۇ. دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقنى يوشۇرۇۋاتىدۇ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدار جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراۋاتىدۇ. غەربكە قارشى تۇرۇشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ قارايدىغان جاھىللىقنى كۈچەيتىۋاتىدۇ.

خىتاي ئۇيغۇرغا قىلغان زۇلۇمغا بىر قىسىم خىتايلار قانداق سۈكۈت قىلغان بولسا، كوردلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمغىمۇ ئا ك پ ھۆكۈمىتىنى قوللاۋاتقان بىر قىسىم تۈركىيە خەلقى سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ كوردلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە خىتايغا ئوخشاش كېتىۋاتىدۇ.

خۇددى مۇھاجىرەتتىكى خىتايلارغا ئوخشاش مۇساپىرەتتىكى تۈركلەرمۇ سۇرىيەگە قىلىنغان تاجاۋۇزغا سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ. خۇددى خىتاي كومپارتىيەسىگە ئوخشاش ئا ك پ ھۆكۈمىتىمۇ خىتايچە زۇلۇمنى، ھاكاۋۇرلۇقنى، پۈلپەزلىكنى، تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتىپ، كوردلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى قوزغاپ ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، كوردلارنىڭ دۇنياۋى ئىتتىپاقىنى كۈچلەندۈرۈۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ خىتايغا ئوخشاش ھوقۇق بىر ئادەمگە مەركەزلەشكەن دىكتاتورلۇققا ۋە خارابلىققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# تۈركىيەدىكى تۇڭگان

2017 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئامېرىكىلىق مۇخبىر جەررى شى تۈركىيەگە كەلدى. ئىستانبۇلدا ياشايدىغان ئادىل ئاكىمىز سەفاكۆيدىكى بىر مەسچىت هويلىسىدىكى چايخانىدا، ئۆزى خىتاي تۈرمىسىدە كۆرگەن زۇلۇملارنى تۈركىيەدە كۆرگەن راھەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ تۈركىيەگە كېلىش سەۋەبىنى خىتاينىڭ زۇلۇمىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى تۈرك بولغانلىقىغا باغلىدى ۋە تۈركىيەنى ئىككىنچى ئانا ۋەتىنىم دەپ چۈشەندۈردى. ئادىل ئاكىمىز بۇ دوستانە مۇخبىرنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ئىشىنىپ كەتتى بولغاي ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن ھەر قاچان مال دېسە مال، جان دېسە جان تىكىپ پىداكارلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى جاكارلىدى.

جەررى بىر پەس ئويلىنىپ ئىدارىسى بىلەن بۇ تېمىنى يېزىش يازماسلىق ھەققىدە پاراڭلىشىپ بېقىش ئۈچۈن بىزدىن يىراققا كەتتى. مەن ئادىلكامغا مۇخبىرغا بەك ئىشىنىپ كەتمەسلىك، سۆزلىگەندە مەلۇم مىللەتنى نىشانغا ئالماسلىق، ئۇيغۇرلار مۇنداق قارايدۇ، دېگەننىڭ ئورنىغا مەن مۇنداق قارايمەن دېيىش كېرەكلىكى ھەققىدە تەكلىپ بېرىپ قويدۇم، ئەمما ئادىل ئاكىمىز قوبۇل كۆرمىدى. ئۇنىڭغا تۈركىيەدە بىزنىڭ تۈرك مىللەتچىلىكىگە ۋە ئۇممەتچىلىككە مايىل سۆزلەرنى كۆپ قىلىشىمىزنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ دۆلەتتە ئون مىليوندىن ئارتۇق كوردنىڭ ۋە ئۇممەتچى ئا ك پ غا ئۈچ نەچچە مىليون كىشىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى دېگىنىم ئۇنىڭ تېخىمۇ نېرۋىسىغا تەگدى بولغاي، «ئابدۇۋەلى

مۇئەللىم، بىز مۇسۇلمان شۇڭا ئۈممەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىمىز، بۇ كوردلار بارغۇ، بىزدىكى تۇغقانلىنىڭ ئۆزى، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس. خۇددى تۇغقانلار خىتاينىڭ غالچىسى بولغاندەك بۇ كوردلارمۇ ئامېرىكىنىڭ ماشكىسى» ، دېدى.

كوردلارنى تېما قىلغان مۇنازىرە مەسچىت هويلىسىدا باشقا جامائەت بىلەن قاتار ئولتۇرۇپ ئەسىرگە تاھارەت ئېلىۋاتقاندىمۇ داۋام قىلدى. ئۇنىڭ «بىز دېگەن تۈرك، بۇ تۇپراق بىزدەك ئەسلى تۈركلەرنىڭ جان تىكىپ قوغدىشىغا موھتاج، بولمىسا كوردلار ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ ۋەيران قىلىدۇ» ، دېيىشى بىلەنلا بالا تېرىلدى.

تۇيۇقسىز يېنىمىزدا تاھارەت ئېلىۋاتقان چاچلىرىدىن تارتىپ قاشلىرىغىچە قەدەر سېرىق بىر ئادەم بىزگە ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن «نېمە كورد، ئامېرىكا دېيىشىپ كېتىسەن، كىم سېنى تۈرك دەيدۇ، كىم تۈركىيەنى تۈركلەرنىڭلا زېمىنى دەيدۇ، بۇ دۆلەت بىزنىڭ ئەمەسمىكەن، مانا مەن تۈركىيەلىك، بۇ يەرنىڭ ئىگىسى مانا مەن. سەن چەتئەللىكلەر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىن كېلىپ ئۆزۈڭنى تۈرك دەپ تېخى بىزگە باھا بەرگىدەك بولۇشتۇڭمۇ؟» ، دەپ ۋارقىرىدى.

مېنىڭ پارىڭىمىز باشلانغاندىلا مۇشۇنداق بولۇشىغا تەييارلىقىم بار ئىدى. چۈنكى سەفاكۆيدە كوردلارنىڭ خېلىلا كۆپ سانلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئۇلار ئادەتتە ئۆزىنى تۈرك دېمەي تۈركىيەلىك دەيتتى. ئادەتتە تۈركىيەدە بىر ئادەمنىڭ تۈرك ياكى كورد ئىكەنلىكىنى ئايرىماق تەس، ئاما پاراڭلاشقاندا ئىشلەتكەن سۆزى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

ئارىغا چۈشۈپ يالغۇز ئاجرىتىپ بولالمىدىم، ئەتراپىمدا ئاجرىتىشلار ۋە ئاجراتقان بولۇپ تاماشىبىن بولۇشلار بولدى. ئەمما

ئۇشتۇمتۇت تەگكەن بىر قانچە مۇشت ئادىلكامىنىڭ ئېڭەكلىرىگە، ياق، مۇساپىرچىلىقتا ئېزىلگەن يۈرەكلىرىگە تېگىپ كەتتى.

***ئىزاھات:***

يۇقىرىدىكى يازما ئىككى يىل بۇرۇن يېزىلغان، يازمىدا پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۇيغۇرلاردىكى تۈرك مىللەتچىلىكى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغان ئىدىم. بۇ قېتىم پەقەت بىر پاكىتنى چىقىرىپ قويدۇم، قالغان پاكىتلار ۋە تەھلىلىمنى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تېمىلارنى ھەزىم قىلالىغۇدەك بولغاندا ئېلان قىلاي. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا كۆپىنچە دوستلىرىمىز ئىنسانپەرۋەر ئۇيغۇرلۇقتىن تېخى يىراق ئىكەن. بۇ تېمىلارنىڭ چىقىرىلىشى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنى يەنە 2018 ـ يىلدىكىگە ئوخشاش سۇرىيە ئالدىنقى سېپىگە مەدەت بېرىش، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملىتىش، بۇ ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ زىيان تارتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ سىياسىي ئەربابلار شۇ چاغدا تەشكىللىگەن يۇقىرىدىكى ئۇ ئىشلارنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشى ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئۇرۇش باشلىنىپلا بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتى قوللاپ بايانات ئېلان قىلدى. ئىككىنچىدىن، تېمىنى يېزىشتىكى يەنە بىر زۆرۈرىيەت يۇقىرىدىكى ئەربابلارغا ئەگەشكەن ئادىل ئاكىمىزغا ئوخشاش ساداقەتمەن ئۇيغۇرنىڭ تۈركتىن ئۆتە تۈركچىلىك قىلىپ تاياققا قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىش. مەن ئۇيغۇرنى قۇربان قىلىدىغان ھەرقانداق ئۇلۇغ غايە، ئىدىيە، ھەرىكەت ۋە تەشەببۇسلارغا قارشى. چۈنكى، ھەرىكەتنى ۋە تەشەببۇسنى ئەرباب قىلغان بىلەن، تاياققا ئەگەشكەن ساداقەتمەنلەر قالىدۇ.

2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

# سىياسىي دەۋادىن ئىنسانىي دەۋاغا يول

مەسىلىمىز ب د ت مۇزاكىرە قىلىدىغان، ئامېرىكا قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئاتالمىش مۇسۇلمان دۆلەتلىرى خىتايچە سۈكۈتنى بۇزمايدىغان، ئۇيغۇرنى خىتاينىڭ ئىشتىھاسىغا تاشلاپ بېرىشتە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلايدىغان، كىشىلىك ھوقۇقنى پايخان قىلىشتا خىتاي بىلەن دىنداشلارچە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ دۇنيادىكى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. مەنچە بۇندىن كېيىنكى قەدەم مەسىلىمىزنى سىياسىي مەسىلىدىن ئىنسانىي مەسىلىگە، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك. خۇددى مۇھىت مەسىلىسى، نامراتلىق مەسىلىسى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش مەسىلىسىگە ئوخشاش ئۇيغۇر مەسىلىسىمۇ خەلقئارالىق ھەرىكەت بىلەن ھەل بولىدىغان، ھەل بولمىسا ھەر بىر ئىنساننىڭ بىخەتەرلىكى، ئەركىنلىكى ۋە بارلىق دېموكراتىك ھەق - ھوقۇقلىرى دەپسەندە بولىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا دەۋايىمىزنى سىياسەتچىلەرنىڭ ئۈستىلىدىن ئاۋامنىڭ قەلبىگە كۆچۈرەلەيمىز. شۇندىلا ھاكىمىيەت ئالماشىسىمۇ قوللاش بوشاشمايدىغان ھالەت يارىتالايمىز.

ھازىر مەسىلىمىز خەلقئارا جامائەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلاندىمۇ؟ مەنچە ياق، مەسىلىمىز پەقەت بىر ۋاقىتلىق مەسىلە، خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراش مەسىلىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق قارالسا مەسىلىمىز بىر سىياسىي

مەسلىگە ئايلىنىپ، دۇنيادىكى جامائەت ۋە ئادەتتىكى ئىنسانىنىڭ ھاياتى، ئىستىقبالى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

كىشىلىرىمىز دۇنيا جامائىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، دائىم دۇنيا جامائىتىنىڭ خەتەردە قالغان بىر ئىت - مۈشۈكنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، نېمشقا ئۇيغۇر ئۈچۈن تەۋرەپ قويمىغىنىدىن ئاغرىنىدۇ. مەسىلە، ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. كىشىلەرنىڭ خەتەردە قالغان بىرەر ھايۋانغا ئۇيغۇردىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۇيغۇرنى ئىتتىن تۆۋەن كۆرگەنلىكى ئەمەس، بەلكى بىرىنىڭ دۇنيادىكى جانلىقلارنى قوغداش مەسىلىسى، يەنە بىرسىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسى بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان. ئىت - مۈشۈك يوقاپ كەتسە جاھاننى چاشقان باسىدۇ، بۇنى ھەممەيلەن بىيولوگىيەدە ئۆگەنگەن. ئەمما ئۇيغۇر يوقاپ كەتسە ھاياتلىق زەنجىرىنىڭ نەرىنىڭ ئۈزۈلىدىغانلىقى، ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھېچكىمگە ئايدىڭ ئەمەس. يەنە بىرى ھايۋانات ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ ھېسداشلىقىنى ئاسان قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئۇيغۇردەك نەچچە ئون مىليون ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئادەتتىكى كىشىگە تەس ئەمەس.

مەسىلىمىزنى دۇنيا جامائىتىنىڭ مەسىلىسىگە، ھەر بىر ئىنسان كۆڭۈل بولىدىغان مەسىلىگە ئايلاندۇرىمىز دېسەك، مەنچە بىز مەسىلىمىزنى دۇنياۋى مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ۋە شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، مەدەنىيەتنىڭ رەڭدارلىقى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە، نازارەت تېخنىكىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىشى، ئۈچۈر - ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ كىشىلەرنى مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇشى، ئىنتېرنېت تېخنىكىسىنىڭ

سىپىرلىق تۇرمە بەرپا قىلىشى قاتارلىقلار. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىر دۆلەتنىڭ خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ئەگەر كۆڭۈل بۆلمىسە، ھەر بىر ئىنساننىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدىغان مەسىلە.

مەن سېنتەبىردە بېرگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە يۇقىرىدا دېيىلگەن بويىچە سۆزلەپ سىناپ باقتىم. قانۇن فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا «نازارەت تېخنىكىسى ۋە خۇسۇسىي ھايات» دېگەن تېمىدا سۆزلىدىم. جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئەركىنلىكنىڭ يېڭى دۈشمىنى: سىپىرلىق تۇرمە»، باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا «ئۆزگىچە مەدەنىيەتلىك ۋە ئازسانلىق بولۇشنىڭ بەدىلى: كىشىلىك ھوقۇق ۋە تىجارەت» دېگەن تېمىلاردا سۆزلىدىم. بۇ ئۈچ تېمىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى دۇنياۋى مەسىلىنىڭ ئۇيغۇردا ئەكس ئېتىشى، ھەل قىلمىسا ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدىغان بىر مەسىلە شەكلىدە يورۇتتۇم. ھاسىل قىلغان تەجرىبەم شۇكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ نېرۋىسىغا تاقاشقان سۆز دىققەت تارتىدىكەن. ئۆزگە زىيان تەگمەيدىغان مەسىلىنى مىڭ قېتىم دېسەكمۇ تەسىرى كۈچلۈك بولمايدىكەن. مەسىلەن، 19 - سېنتەبىردىكى لېكسىيەنى قولۇمدىكى تېلېفوندىن باشلىدىم ۋە ئاشۇ بىر تېلېفون بىلەنلا خىتاينىڭ نەچچە يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇرنى خۇسۇسىي ھاياتتىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېلېفونىغا جاسۇسلۇق ئەپنى قاچىلاپ كېچە - كۈندۈز نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ ھازىر بىرلا ئۇچۇر كەلسە ساقچى تۇتقىلى بارمىسىمۇ لاگېرغا يوتقان - كۆرپە كۆتۈرۈپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا ئەگەر بۇ باشقا ئەللەرگە يامرىسىچۇ، سىزگە شۇنداق بولسىچۇ؟ دېگەن نۇقتىلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدىم.

تىجارەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە سۆزلىگەن لېكسىيەنى فىرانسىيەدە لەۋسۇرۇخ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شوخلىنى لاگېرلار ۋە تۈرمىلەردە ھەقسىز قۇل قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىيدىغانلىقىنى، شۇڭا تىجارەت قىلغان ۋە مال سېتىۋالغاندا بىزنىڭ قۇللۇقنى يۆلەش ياكى يوقىتىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكىمىزنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئەسكەرتىش بىلەن باشلىدىم.

مەسىلىمىزنى سىياسىي - دىنىي مەسىلىدىن ئىنسانىي مەسىلىگە، بىر مىللەتنىڭ مەسىلىسىدىن دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئاۋامغا يېقىنلىشىش، ئاۋامغا چۈشەندۈرۈش كېرەك. ھازىر مەسىلىمىزنى يۇقىرى قاتلام بىلىدى. مەسىلىمىز سىياسىيونلارغا چۈشىنىشلىك بولدى. ئەمما بۇ شۇ سىياسىي قاتلامدا تۇرۇپ قالسا سىياسەتچىلەر ئالماشقان ھامان ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

مەسىلىمىزنى ئىنسانىي دەۋاغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسىم قاتارلىق گۈزەللىكنى تەرغىب قىلغۇچى ئامىللاردىن باشلاش تېخىمۇ تەسىرلىك بولىدىكەن. ھازىر دۇنيادىكى، بولۇپمۇ غەربتە ياشايدىغان ئاۋام دىنىي توقۇنۇش، مىللىي زىددىيەت قاتارلىق سىياسەتكە ئائىت مەسىلىلەردىن زېرىكتى. بىز ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدىغان قىممەتلىك مىراسلارنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ گۈزەللىكنىڭ خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى دېسەك، ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىگە خىتاب قىلغان بولىمىز.

مەسىلىنى ئاۋامغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق ئەلدىكى خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئىزدىسەك بولىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم كىرىمى، ئەزاسى ۋە تەسىرى بولغان ئورگانلار.

مەسىلەن، مەدەنىيەتلەر دىيالوگىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى، تىنچلىق تەشەببۇسچىلىرى، دىنلار دىيالوگى تەشەببۇسچىلىرى، خەلقئارالىق تەھدىتتە قالغان تىللارنى، بالىلارنى، قىز - ئاياللارنى قوغداش... قاتارلىقلار. مەن رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى ئورگىنى بىلەن كۆرۈشۈپ بەزى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ باقتىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى كۈتىدىكەن.

مەسىلىنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىرى ئالىي مەكتەپ، كۇتۇپخانا، چىركاۋ، مەسچىت، بۇتخانا قاتارلىقلار ئورگانلاردا لېكسىيە ۋە يىغىن ئۇيۇشتۇرۇشقىمۇ بولىدىكەن. مەن بۈگۈن بېرگېن شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا «تىلنىڭ تەمى» دېگەن بىر پائالىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۈنۈمىنى كۆردۈم. كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى بىزگە قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بار ئىكەن. مەن نۆۋەت بىلەن ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، ياپونچە قاتارلىق 10 تىلنى تېتىماقچى بولغان 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا خىتايدا چەكلەنگەن، تەشەببۇس قىلغان ۋە دەرس ئۆتكەن ئادەم قاماققا كىرىدىغان بىر تىلنى چۈشەندۈرۈپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتىم. بېرگېندىكى خانىم - قىزلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بېرگېن شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا 30 - نويابىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. بۇنىمۇ كۇتۇپخانا قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. مەن كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇنداق بىر ئىشنى قوللايدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلمەيدىكەنمەن. بۇندىن باشقا پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۈنى قىلىپ بەرسەك بالىمىز ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۇيغۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىدىغان بولىدىكەن، دەردىمىزمۇ سۆزلىنىدىكەن، مەكتەپلەرمۇ بىزدىن مەمنۇن بولىدىكەن.

مەسىلىمىز ئەسلىدىنلا بىر مىللەتنىڭ مەسىلىسى ئەمەس،

بەلكى بارلىق ئىنسانلاردىكى ھۆرلۈكنى تەشەببۇس قىلىدىغان دۇنيا ياكى قۇللۇقنى بەرپا قىلىدىغان دۇنيانىڭ بىرىنى تالالاش مەسىلىسى. مەسىلىمىز تۈرك ئاكىسىدىن پاناھلانغۇچى ئاجىز ئۇيغۇر ئۇكىنىڭ ياكى مەسچىتى چېقىلغان مەزلۇم ئۇيغۇر مۇسۇلمانىنىڭ ناماز ئوقۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىزلىق تالالاش ھوقۇقىنىڭ تارتىپ ئېلىنىش مەسىلىسى. مەسىلىمىز ئۆزى خالىغانغا ئىشىنىش ھوقۇقى، ئۆزى خالىغان تىلدا سۆزلەش ئەركىنلىكى، ئۆزى سۆيگەن ناخشىنى ئېيتىش ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان نەچچە ئون مىليوندىن ئارتۇق ئىنساننىڭ ھايات ـ ماماتىغا سۈكۈت قىلىۋاتقان دۇنياغا خىتاي ئىجاد قىلغان سىپىرلىق تۈرمىنىڭ يېيىلىش مەسىلىسى. مەسىلىمىز ئىنسانىيەتنىڭ تېخنىكىغا تايىنىپ ئازادلىققا ئېرىشىش ياكى تېخنىكىغا ئەسىر بولۇش يولىنىڭ بىرىنى تالالاش مەسىلىسى.

مەسىلىمىزنى مىللەت، دىن ۋە باشقا ئىدېئولوگىيەلەردىن ھالقىغان دۇنياۋى، ئىنسانىي مەسىلە سۈپىتىدە چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش دەۋايىمىزنى سىناققا چىدامىلىق دەۋا، ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن دەۋا، ئۇتتۇققا يېقىن دەۋا قىلىشى مۇمكىن. دەۋايىمىزنى ئىنسانىي دەۋا قىلىمىز دېسەك، تىلىمىزنى ئاشقۇن مىللەتچىلىك، رادىكال دىنچىلىق ۋە ئەشەددىي زوراۋانلىقنى تەرغىب قىلىدىغان نەپرەتلىك سۆزلەردىن تارتىپ، ئادالەت، مۇھەببەت ۋە ئەپۇچانلىقنى تەرغىب قىلىدىغان سۆزلەرگە كۆندۈرۈشىمىز ئەۋزەل. ئۆزىمىز سۆيمىگەن ئىنسانىيەتتىن، ئۆزىمىز ھەققانىي بولالمىغان مىللەتلەردىن ۋە دۇنيادىن بىزنى سۆيۈشنى، بىزگە ھەققانىي بولۇشنى تەلەپ قىلالمايمىز. ئۆزىمىز ئىنسانلارنى دىنسىز ـ دىندار دەپ ئېتىقادى بويىچە ئايرىغان قەلب دۇنيايىمىزغا بىزنى ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈپ ياردەم قىلىۋاتقان دىندار ياكى دىنسىز بولمىغان كىشىلەرنى سىغدۇرالمايمىز. ئۆزىمىز ئايرىمچىلىق قىلىپ تۇرۇپ خىتاينىڭ ئايرىمچىلىقىدىن شىكايەت

قىلالمايمىز. تاجاۋۇزچىلىققا بارىكاللا ئېيتىپ تۇرۇپ خىتاي بىزگە تاجاۋۇز قىلدى دەپ ئەرز قىلالمايمىز.

2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## ساۋاب ئىزدەر سەرسانە ئۇيغۇر

بۈگۈن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا كەلگەن بىر خەتكە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. خەتتە ئېيتىلىشىچە، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلاردا سەئۇدى ئېقىنى شەكىللىنىپتۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سەئۇدىغا ئۆمرى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا پاكىت بولالمايدۇ، ئەمما تورلاردا ئېقىپ يۈرگەن سەئۇدىغا ۋىزا بېجىرىش ئېلانلىرىغا قارىسا ئادەمنىڭ راستىمىكىن دېگۈسىمۇ كېلىدۇ.

ئەسلى خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە، مەن پەقەت كىشى ئىسمىنىلا ئۆزگەرتىپ قويدۇم.

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىددىق ئاكا قانداق ئەھۋاللىرى؟ ياخشى تۇرۇۋاتاملا؟*

*مەن تۈركىيەدىكى ئېكسانجان، تونۇغان بولۇشلىرى مۇمكىن. سىلىدىن بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن ئۇچۇر قىلىشىم.*

*خىتتاينىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىشنى ئاسان قىلىۋەتكىنىدىن ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا (بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا) مەككىگە بېرىپ ئۆمرە قىلىپ كېلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، سەئۇدىغا ئېقىن باشلاندى. ھەتتاكى ھېچبىر تۇغقىنى بولمىغان ياشلار ۋە يولدىشى ۋەتەندە قالغان ئاياللارمۇ بۇ سەپەرگە چىقماقتا. پەقەتلا ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ تۇرۇپ قالماقتا.*

*مىنىڭ سوئالىم شۇ: خىتايلارنىڭ بۇ ۋىزىنى قولايلاشتۇرۇش ئىشى سەئۇدىدا ئىشلەيدىغان قۇرۇلۇشچى خىتايلارنىڭ چىقىپ - كىرىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى بۇ ئىشنىڭ تېگىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان باشقا رەزىل پىلانلىرى بارمىدۇ ياكى بولمىسا بۇ ئۇيغۇرلارغا ھەقىقەتەن پۇرسەت بولۇپ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قولدىن بېرىۋەتمەسلىكى كېرەكمۇ؟*

*قىممەتلىك ۋاقتىلىرىنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم. ئاللاھ رازى بولسۇن.*

بۇ خەتتىن قارىغاندا ئۇيغۇردا سەئۇدىغا بېرىپ ئۆمۈر ھەج قىلىش كۆپرەك، بۇنىڭدىن ئىككىلىنىش ئازراق ئىكەن.

شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق بىر ئېھتىياجنىڭ كەينىدە بىر ئىقتىساد مەۋجۇت. سەئۇدىغا بېرىپ ساۋاب تېپىشنىڭ كەينىگىمۇ شۇ چىقىمنى قامدىغۇدەك مادارنىڭ بارلىقى يوشۇرۇنغان. دېمەك، تۈركىيەدە سەئۇدىغا ئۆمرىگە بارغىدەك پۇلى بار ئۇيغۇر شۇنچە كۆپمۇ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا تۈركىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياردەم چاقىرىقى شۇ يەردىلا ھەل بولماي پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا ئېلان قىلىنىدۇ؟ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەج - تاۋاپ ۋە خاتىرجەم ئىبادەت ئۈچۈن يولغا چىققۇدەك بىخەتەرمۇ؟

سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسا، ئۇ يەردە ئاخبارات ئەركىن بولمىغاچقا كىمنىڭ قايتۇرۇلغانلىقىمۇ ۋە قانچە ئادەمنىڭ قايتۇرۇلغانلىقىمۇ سىر تۇرسا، مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا كىشىلىرىمىز نېمە ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ؟

ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئىبادەتكار بولۇشنى، تەقۋادار بولۇشنى تاللىغان بولسا، تۈركىيەدە تۇرۇپمۇ ئاللاھ يولىدا زۇلۇمنى پاش

قىلىشقا، ئاللاھ يولىدا ھەقنى سۆزلەشكە، ئاللاھ يولىدا ھەق ئۈستىدە گۇۋاھلىق بېرىشكە بولاتتىغۇ؟ دەۋا يولىدا سۇس، ھەقنى سۆزلەشتە قورقۇنچاق بۇ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ھەرەم يولىدا بۇ قەدەر ئاكتىپ؟

بىز بۇ تەرەپتە خىتاي زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ دەۋا قىلايلى، سىز خىتاي پاسپورتى بىلەن ئەركىن - ئازادە ئۆمرە قىلىپ يۈرۈڭ. بىز خەلقىمىزنىڭ تۈركىيەگە قامىلىپ قالغانلىقىنى، بىخەتەر ئەمەسلىكىنى، دېموكراتىك غەرب ئەللىرىنىڭ پاناھلىقىغا موھتاجلىقىمىزنى دەيلى، سىز سەئۇدىدا توپ - توپ بولۇپ خاتىرجەم ئۆمرە ھەجنى تاماملاپ كېلىڭ، دۇنيا قايسىسىغا ئىشەنسۇن؟

سەئۇدى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئىخلاسمەن بولۇپ كەلدى. خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ تىپىك مىسال مەرھۇم ئۇستاز ئابلىمىت داموللامنىڭ ئوغلى نۇرۇللا ئابلىمىت. نۇرۇللا ئەرەبىستاندا دىنىي ئىلىملەر بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. دامولامنىڭ بېشىغا چىققان زالىم خىتاي نۇرۇللانى قايسى كۈنگە قويدى، بۇگۈنگىچە خەۋەر يوق. مەندە ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستاندىن قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن ئالتە كىشىنىڭ پاسپورت كۆپەيتمىسى بار، بۇلار 2018 - يىلدىن كېيىن قايتۇرۇلغان ۋە قايتۇرۇلغانلىقى بىلىنىپ قالغان كىشىلەر.

مانا بۇ ئۇيغۇر ساۋاب ئىزدەپ تەلپۈنۈۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ خىتايغا بولغان ساداقىتى، ئىخلاسى ۋە ئىتائىتىنىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى. ئەمدى، ئەرەبىستانىنىڭ سىزنى قايتۇرمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟ سىزگە خىتايدىن كاپالەت كەلدىمۇ؟

خىيالىم يۈز يىل بۇرۇنقى ھالىتىمىزگە، جاھاندىكى ئىشلاردىن

بىخەۋەر قالغان، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى نەچچە ئون يىل كېيىن چايخانىلاردا ئاڭلاپ قالىدىغان خەلقمىزگە كەتتى. ئەسلى ئۇيغۇرلار شۇنداق قاراڭغۇ يىللاردىمۇ دىنىدا بۇ قەدەر قارىغۇ؛ يېقىندىكى ساۋابنى قويۇپ يىراقلارغا ساۋاب، جەننەت ئىزدەپ قارىغۇلارچە ھىجرەت قىلىدىغان مىللەت ئەمەس ئىدى. شاھادەت، ئىبادەت ئىزدەپ ھېلى ئافغانىستان، ھېلى سۇرىيەگە سەپەر قىلمايتتى. ئۇيغۇر ئەسلى يا ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدە، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ باغرىدا سادىردەك باتۇرانە ياشايتتى، يا نۇزۇگۇمدەك ئەركىنلىك ئۈچۈن مەردانە ئۆلەتتى. خىتايغا مەھكۇم بولغان يۈز يىل بىزنى نومۇستىن، يۈزدىن مەھرۇم قويدىمۇ؟ شۇنچە خورلۇققا چىداپ سۈكۈت قىلىپ ياشاۋېتىپ، دۇنياغا مەن ھايات ئۇيغۇر دەيدىغان يۈزىمىز، نومۇسىمىز قالدىمۇ؟!

بىز كىمنىڭ ئەۋلادى ئىدۇق؟ بىز يۈز يىل بۇرۇن ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق، مىللەتنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان، ھۆرلۈك يولىدا ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان بىر خەلق ئەمەسمىدۇق؟! 1919 ـ يىلدىن 1923 ـ يىلغىچە بولغان تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە نەچچە يۈز ئۇيغۇر ھەرەمگە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ قەدىمى ئىستانبۇلغا يەتكەندە تۈركىيە تۆت ئەتراپى دۈشمەن بىلەن قورشالغان ئىكەن. تۈرك تۇپراقلىرى دۈشمەن ئاياقلىرى ئاستىدا ئىكەن. شۇ چاغدا بىزنىڭ شۇ مىللەتسۆيەر، ئىمانلىق، ھۆرلۈكسۆيەر ئەجدادلىرىمىز ھەجدىن جەڭنى ئەلا بىلگەن ۋە ھەجدىن ۋاز كېچىپ تۈرك خەلقى بىلەن بىللە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان ئىكەن.

بۈگۈن بىز تۈتەكسىز، ھايات ـ ماماتلىق جەڭدە ياشاۋاتىمىز، ۋەتەندە قالغان قېرىنداشلىرىمىز بىزدىن ئۈمىد كۈتۈپ مەيدىلىرىنى مۇشتلاپ يىغلاۋاتىدۇ، قەيسەرانە گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ، بىز ئۈچۈن

مۇزدەك كامېرلاردا يېتىۋاتىدۇ، ئۇلار بىز ئۇچۇن بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. ئۇلار بىز هايات تۇرۇپ نە نومۇسىغا، نە جېنىغا، نە مىلىغا ئىگە بولالماي ئۆلۈمنى كۈتۈپ قاماقلاردا قىينىلىۋاتىدۇ. ئەمما بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ هەق مەيداندا دەۋا قىلىشتىن مەككىگە بېرىپ دۇئا قىلىشنى ئەلا بىلگەن قېرىنداشلىرىمىزچۇ؟

بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ يەرشارىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان جەڭدىن هەجنى ئەلا بىلىدىغان قېرىنداشلار مەككىنىڭ كوچىلىرىدا بىخارامان يۈرۈپ زۇلۇمنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇرنىڭ خىتاي بىلەن ب د ت يىغىنىدا بىر سەپتە تۇرغان ئەللەردە بىخەتەر ئىكەنلىكىنى هەتتا سەئۇدىدەك ئۇيغۇرنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىشتە تەشەببۇسكار بىر ئەلدىمۇ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى جاكارلاۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنياغا چەكلىمە، يوقىتىش ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

مىللەتنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا، يېنىدىكى ئۇيغۇرنىڭ تاپقىنى جان بېقىشقا ئاران يېتىشىۋاتسا، يېتىم ۋە تۇللىرىمىز ياتلارغا تەلمۈرۈۋاتسا، يېقىندىكى ساۋابنى قويۇپ سەئۇدىغا ساۋاب ئىزدەپ بېرىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ سەئۇدىغا سەپەر قىلىش زۇلۇمغا مەبلەغ سېلىش بولماي نېمە؟ سەئۇدىدىن ساۋاب سېتىۋېلىش ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلۇمغا قارشى خىتاي بىلەن بىرلەشكەن زالىمنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇش بولماي نېمە؟ بەرگەن گۇۋاهلىقىمىز، قىلغان هەق سۆزلىرىمىز، زالىمغا قارشى نامايىشلىرىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇشقا باغلىغان بىلىمىز بىلەن ساۋاب قازىنالايدىغان تۇرۇپ، يېنىمىزدىكى تۇلغا، مەهەللىمىزدىكى يېتىمغا، قېشىمىزدىكى ئوقۇغۇچىغا ياردەم قىلىپمۇ ئالالاهنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيدىغان تۇرۇپ يەنە ساۋاب ئىزدەپ سەرسان بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟! بىز شۇ زالىمغا يانتاياق بولۇۋاتقان سەئۇدى شاهلىرىدىن

تويمىدۇقمۇ؟ ئۇلارنى خىتايغا سېتىپ خەجلىسۇن دەپ پۇت ـ قولىمىزنى باغلاپ، بويىنىمىزنى تۇتۇپ بېرىش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر؟!

2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

***ئىزاھات:***

تۆۋەندىكى ماقالە مەن «ساۋاب ئىزدەر سەرسانە ئۇيغۇر» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىلال ئەزىزى، يەنى سىراجىدىن ئەزىزى ئەپەندىم تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا كىتابىمغا كىرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## دۇنيالىقتىن نېسىۋىمىز بولمىسىمۇ، ئاخىرەتلىكىمىزنى يوقاتمايلى!

Bilal Azizi

*شەرقىي تۈركىستان خەلقى تارىختىن بىرى دىندىن خالىي ياشىغان ئەمەس. ئىسلام دىنى بولسا 12 ـ ئەسىردىن بىرى خەلقىمىزنىڭ قېنىغا سىڭىپ، ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.*


*خەلقىمىزنىڭ تۆلىگەن، تۆلەۋاتقان ئېغىر بەدەللىرى دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا بولغان.*

*ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرى دىنىمىزنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، دۈشمەن بۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىشقا قاراپ كېتىۋاتماقتا.*

*بىز ئىمان كەلتۈرگەن، ھاياتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان ئىسلام قېنىمىزغا 1200 يىل ئەۋۋەل كىرگەن بولۇپ، 70*

يىللىق مۇستەملىكە بىزنىڭ مۇقەددەس ئىمان بىلەن سۇلانغان شۇ قېنىمىزنى ئېچىشكە ھەرىكەت قىلماقتا.

بىز ئىمان كەلتۈرگەن مۇقەددەس ئىسلام دىنى بىزنى دۇنيادا بەختلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، ئاخىرەتتىمۇ ئەبەدىي بەختلىك ھايات ماكانى بولغان جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگەندۇر.


Bilal Azizi
9 Kasım 2019 ·

دۇنيالىقتىن نەسىۋىمىز بولمىسىمۇ، ئاخىرەتلىكىمىزنى يوقاتمايلى!

شەرقىي تۈركىستان خەلقى تارىختىن بىرى دىندىن خالى ياشىغان ئەمەس. ئىسلام دىنى بولسا12ئەسىردىن بىرى خەلقىمىزنىڭ قېنىغا سىڭىپ، ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەپ كەلمەكتە.
خەلقىمىز نىڭ تۆلىگەن، تۆلەۋاتقان ئېغىر بەدەللىرى دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش يولىدا بولغان.
ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرى دىنىمىزنى يوق قىلىشنى مەخسەت قىلغان بولسا، دۈشمەن بۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىشقا قاراپ كىتىپ بارماقتا.
بىز ئىمان كەلتۈرگەن، ھاياتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان ئىسلام قېنىمىزغا1200يىل ئەۋۋەل كىرگەن بولۇپ، 70يىللىق مۇستەملىكە بىزنىڭ مۇقەددەس ئىمان بىلەن سۇلانغان شۇ قېنىمىزنى ئىچىشكە ھەرىكەت قىلماقتا.
بىز ئىمان كەلتۈرگەن مۇقەددەس ئىسلام دىنى بىزنى دۇنيادا بەختلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، ئاخىرەتتىمۇ ئەبەدى بەختلىك ھايات

جەننەت، ئەلۋەتتە باھاسى قىممەت جاي. ئۇ جايغا لاياقەتلىك بولۇشنىڭ بەدىلىمۇ ئېغىر بولۇشىدا شەك يوق. ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى بەدىلگە

جازا لاگېرلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان، ھايات قالسىمۇ ئەزىيەت چەككەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىلىدا ئىمانلا بولىدىكەن شېھىتلىق ماقامىغا ئېرىشىشكە گۇمانىم يوق. شېھىتنىڭ جايى جەننەتتۇر. ياشلىرىمىز شاھادەت ئىزدەپ بارمىغان جاي قالمىدى، ھەقىقىي شاھادەت ئەنە شۇ زىندانلاردا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايلى.

تارىختىن بېرى خىتاي زىندانلىرىدا ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان مىڭلارچە ئۆلىما، دىندار خەلقىمىزمۇ جاپالىرى سەۋەبلىك دىنىدىن ۋاز كەچمىگەن، ئاللاھتىن زارلانمىغان.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد، دىن تاللاشتا مۇتلەق ئەركىن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈندۇر» .(سۈرە كافىرۇن)

مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان دىنسىزلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان، ئىسلامدىن نېسىۋىسى بولمىغان ياكى كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسانلار مۇھاجىرەتتىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى مەلۇم.

مەزكۇر ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن دىنسىزلار دىنسىزلىقنى تاللاشتا مۇتلەق ھوقۇقلۇق بولغاندەك، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئىسلام دىنىنى مۇقەددەس بىلىش، ھايات مىزانى قىلىش ھەققى باردۇر.

ۋەتەنىدە مىليونلىغان خەلقىمىز خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىپ قىلىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان يەنىلا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان، قېنى بىزدىن بولسىمۇ دىنى بىزدىن بولمىغان مۇناپىقلارنىڭ چىقىشى، خىتاي خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈشى ئارقىلىق بولۇۋاتىدۇ، 10 يىل بۇرۇن بىر ئىمامدا قۇرئان ئۆگەنگەن، 15 يىل بۇرۇن بىر سورۇندا، جىنازا مۇراسىمىدا تەبلىغ ئاڭلىغان، 20 يىل بۇرۇن ھەجگە بارغان دەپ شىكايەت قىلىنغان سەۋەبلەردىن لاگېرلارغا ئەۋەتىلگەنلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان دىنسىزلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ئەمەسمۇ؟!

يېقىندىن بىرى ھەرەمگە باردى، ھەج قىلدى دېگەنىدەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئېغىر تەنقىد - ھاقارەتلەرگە قالغان بىچارە خەلقىمىزنى كۆرۈۋاتىمىز.

بۇ ھەقسىزلىقكە سۈكۈتتە تۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەستەك ھېس قىلدىم.

ۋەتەنىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئەركىنلىكىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ ئەقەللىي سەپەر قىلىش ھەققىمىزدىن مەھرۇم قىلسا، چەتئەلدىمۇ دىن بىلەن ئىشى يوق، ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغانلار يەنە شۇ بىچارە خەلقنىڭ سەپەر ئەركىنلىكىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇشلىرى، ئۇ يەرگە باردىڭ بۇيەرگە بارمىدىڭ دەپ ھاقارەتلەشلىرى مېنى بەك ئېچىندۇردى.

يازلىق تەتىللەردە مىڭلارچە ئۇيغۇر ياۋروپا، تۈركىيە ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىدە دېڭىز ساھىللىرى، ساياھەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ، 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردا يېتىپ، دەم ئېلىپ كېلىشىدۇ، خېلى كۆپ پۇللار خەجلىنىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا خەلقىمىز ئۆلۈۋاتسا، ئاچ قېلىۋاتسا نېمىشقا ساياھەت قىلىسەن دېمەيدۇ، خۇشۇسەن مەن دېمەيمەن. ئۆلگەنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمىغانىدەك

يەنىلا ھايات تەرتىپى داۋام قىلىشى كېرەك. ئۇمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى.

نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئاللاھنىڭ بەيتى، قىبلىگاھىمىز بولغان ئىككى ھەرەمگە قانماي، 70 يىلدىن بېرى ئىچىلماي كەلگەن ئىككى ھەرەم تەشنالىقىدا بىر ئۆمۈر پۇل يىغقان دېھقانلىرىمىز، بىچارە خەلقىمىز 80 ـ يىللاردىن بېرى ھەج سەپىرىدە مىليونلارچە دوللار سەرپ قىلىپ، ھەرەمگە بېرىپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مىسكىن قەلبلىرىگە تەسەللى ئىزدىدى، ھەرەم يولى 2006 ـ يىلىدىن بېرى تاقىلىپ قالغان بولۇپ، يېقىندا خىتاي پاسپورتىغا ساياھەت ۋىزىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ۋىزا، بىلەت بولۇپ 500 دوللارغا بارمىغان چىقىم بىلەن ھەج ئۆمرە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار خۇشال بولۇشۇپ، ئاللاھقا دەردىنى ئېيتىشقا ئالدىراشسا، بىرىلىرى چىقىپ بۇ بىچارە خەلقىمىزگە نەشتەرلىرىنى سانجىپ، ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇشى نېمىدېگەن ئېچىنارلىق؟!

ھەقىقىي خىزمەت قىلغۇسى بار، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار باشقىلارنى ھاقارەت قىلماي يولۇڭلارغا داۋام قىلىڭلار، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاللاھنىڭ بەيتىدىن مۇسۇلمانلارنى توسماڭلار.

شۇنىمۇ ئەسلىتەيكى، بەش ۋاقىت نامىزىمىزدا يۈزلىنىدىغان قىبلە 1400 يىلدىن بۇيان ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بىلەن ئاۋات، قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ، ھاكىمىيەت كېلىپ ـ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى نەرسە بولۇپ، مۇقەددەس ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى باشقۇرىدۇ دەپ ۋەتەندىن ۋاز كەچكىلى بولمىغاندەك، ئاللاھنىڭ بەيتىدىنمۇ سەن ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر باشقۇرىدۇ دەپ ۋاز كېچەلمەيمىز!

شۇ ھەقىقەتنىمۇ سۆزلەش كېرەككى، ئىككى ھەرەم زېمىنىدا ئەسىرلەر بويىچە ئۇنمىگىلارچە ئۇيغۇر ياشاپ كەلدى، ياشىماقتا. 80 ـ يىللاردا ھەج سەپىرى باشلانغاندىن بىرى كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلار ئۇنمىگىلارچە بولۇپ، خىتايغا يولغا سېلىۋېتىلگەنلەرنىڭ سانى بارماقتا سانىغۇدەك كىشىلەر، نېمە سەۋەبتىن بولسۇن ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ھېچقانداق بىر ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي خىتايغا يولغا سېلىشىغا ھېچبىر ئەقىل ئىگىسى رازى ئەمەس. دىپلوماتىك ئالاقىلاردا، بىزدەك مۇستەملىكە مىللەتنىڭ ھاياتىدا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن.

قانۇنلۇق پاسپورتى بولغان، سۇرىيە، ئافغانىستان بىلەن باردى ـ كەلدىسى بولمىغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر خىتاي پاسپورتى بىلەن ساياھەت ۋىزىسى ئېلىپ، ئۆمرە ئىبادىتى ئۈچۈن ئەرەبىستانغا كېلىپ ـ كەتسە ھېچقانداق مەسىلە بولمايدۇ دەپ قارايمەن. قايسى كۈنى مىسىرغا قايتۇرۇلغان بالا ئۆز ئېغىزى بىلەن نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەرمىسە، ئەپقاچتى خەۋەرلەر بىلەن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيمىز.

ۋەتەننى ئامالسىزلىقتىن خىتاي مۇستەملىكىسىگە تاشلاپ بەرسەك، ئاقماس باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قىبلىگاھىمىزدىنمۇ ۋاز كېچەمدۇق؟!!!!

2019 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر

## ھەجگە دەۋەت قىلغانلار قەيەردە؟

كەمىنە «ساۋاب ئىزدەر سەرسانە ئۇيغۇر» ناملىق ماقالىنى يازغاندىن كېيىن، ئۆلىما دوستلارنىڭ قىزغىن رەددىيەسىگە دۇچ كەلدىم. بولۇپمۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازلارنىڭ، رەئىسلەرنىڭ ماڭا بەرگەن تەنبىھلىرى، كىشىلەرنى مۇشۇ پۇرسەتتە ھەج قىلىۋېلىشقا، ئاللاھ بۇيرۇغان پەرزنى ئادا قىلىشقا ئۈندەشلىرى مېنى خېلىلا سەگىتتى. ئۇلارنىڭ تەنقىدى سىلىق ـ سىپايە سۆز، ئەپچىل دارىتمىلاشلار بىلەن داۋام قىلىپ ئانچە كۆڭۈلسىزلىك بولمىدى. ئەمما ئۆزىنى دىنىنىڭ مۇئەككەللىرى سانايدىغان زەھەر تىللىقلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئاسان بولمىدى.

بۇ قېتىملىق ھەجنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھەجنى تەرغىب قىلىش مۇسابىقىسىدە مەن يەنە يېڭىلدىم. ئىستانبۇلدا بېلەتچىلەر، دەۋەتچىلەر ۋە پەتىۋاچىلارنىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتى، ھەج سەپەرۋەرلىكى مەندەك يالغۇز ئاتىنىڭ بىر پارچە ماقالىسى پەيدا قىلغان كۇسۇر ـ كۇسۇرلارنى بېسىپ كەتتى. ھەتتا پات ـ پات دەرنەكلەرنىڭ ئالدىدا ياردەمگە ئۆچرەتتە تۇرۇپ قالىدىغان موھتاجلارنىڭمۇ ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى قۇلاقلارغا يەتتى. ئامالسىز بۇنداق خەۋەرلەرنى ئىچىمگە يۇتتۇم.

مېنىڭ ھەج ھەققىدە يازغان يازمامغا ئۇستازلاردىن رەددىيە كەلگەن بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىن پەتىۋا چىقمىدى. 2016 ـ يىلدىن باشلاپ مىسىرنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىخەتەر ئەمەسلىكى ھەققىدە يازغان ماقالە ۋە تەھلىللىرىمگە

پەتىۋا چىقىرىلىپ ئوقۇغۇچىلار مىسىردا داۋاملىق ئوقۇشقا ، ئۆسەك سۆزلەرگە پەرۋا قىلماي ئوقۇشنى داۋام قىلىشقا دەۋەت قىلىنغانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، مەيلى ۋەتەندىكى ئوقۇغۇچىلارنى مىسىرغا دەۋەت قىلغانلار، مىسىردا تۇرۇۋاتقانلارنى كەتمەسلىككە پەتىۋا بەرگەنلەر يەنە بىرىنچى بولۇپ ئەجەلسىز ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولسۇن ياكى تۈركىيەدىكى ئىخلاسمەن ئۇيغۇرنى ھەجگە دەۋەت قىلغانلار بولسۇن چاتاق چىققاندا بىر ئېغىز خاتالىقنى بوينىغا ئالمىدى. ئۆزىنىڭ دەۋىتى سەۋەبلىك قامالغانلار، قوغلانغانلار ھەتتا خىتاينىڭ قولىدا شېھىت قىلىنغانلار ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. تارىخنى ئەينەن خاتىرىلەپ قويۇش، خەتەرلىك پەيتتە ھەجگە بارماي تۇرۇش ھەققىدىكى يازمامنى ۋە بۇ ئەسكەرتىشمگە پەرۋا قىلماي بارغانلار ئۇچرىغان قىسمەتنى بۇ يەردە قىستۇرما قىلدىم.

### 1. ھەجگە بارغان ئۇيغۇر تۇتۇلۇش خەۋپىدە

ھەمدۇللا 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا كەلگەن. ئۆمرە مەزگىلىدە يۇرتداشلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ھەجنى ئادا قىلغان. شۇ جەرياندا سەئۇدى ساقچىلارنىڭ ئاقتۇرۇش نىشانىغا ئايلانغان. ئۇ شۇندىن بۇيان سەئۇدىدا قېچىپ يۈرۈپ پاناھلانماقتا. ب د ت نىڭ پاناھلانغۇچى سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ جاۋاب ئالالمىغان.

ھەبىبۇللانىڭ ماگا ئېيتىشىچە، ئۇنى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خىتاي كونسۇلىنىڭ بىر ئادىمى بىلەن سەئۇدى ساقچىلىرى ئولتۇرغان ئۆيگە ئىزدەپ كەلگەن. شۇندىن بۇيان ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر راباتلىرىدىن ئۇنى سۈرۈشتە قىلىپ داۋاملىق ساقچىلار كېلىۋاتماقتا ئىكەن. ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك بولۇپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىلەشتىم. ئەمما يېتەرلىك ياردەمگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردەمدە بولۇشىنى، بولۇپمۇ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق تەشكىلاتلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەجگە بارغانلىقى سەۋەبى بىلەن خىتاينىڭ تۇتۇش نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشى ئۆلىمالار بىرلىكىنى قاتتىق جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ جىددىيلەشكەن كەيپىياتنىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنىشىنى، سەئۇدىدىكى ئۆلىمالار ۋە ئىسلام تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، مەزكۇر ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھەمدۇللانىڭ قولىدا تۈرك ئىقامىتى بار بولۇپ، ئىقامەت سۈرۈكسىز. شۇڭا تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئۇنى تۈركىيەگە قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشىپ باقسا دەيمەن.

ئەرەبىستاندا خىزمەت قىلىدىغان قېرىنداشلار دائىرىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ باقسا، بولۇپمۇ سەئۇدى ۋىزىسى قولايلاشقان چاغلاردا مېنىڭ بارماي تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىشىمغا قارىماي ئۆمرە ھەجگە ئۇيغۇرنى دالالەت قىلغان ۋە شۇ ھەقتە ماقالە يازغان قېرىندىشىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىمەن. بىز مىللەتنى دەۋەت قىلغان ئىكەنمىز نەتىجىسىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

ھەمدۇللادەك ئۆمرە ھەج بىلەن مەككىگە بېرىپ تۇتۇلۇپ، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن تۆت ئۇيغۇرنىڭ قىسمىتى قايتا تەكرارلانمىسۇن دېسەك، تېزراق ھەرىكەتكە ئۆتەيلى.

2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

## 2. ھەجگە بارغان ئۇيغۇر تۇتۇلدى

سەئۇدىدا تۈركىيەدىن ئۆمرە قىلغىلى بېرىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇرنىڭ پەقەت بىر نەپەرلا ئەمەسلىكى ئاشكارىلاندى. 20 - نويابىر جۈمە كۈنى ساقچى باسقىن قىلغانىدا تۇتۇلغان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىرى ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى، يەنە بىرى نۇرمەمەت روزى. بۇ ئىككىيلەن ھازىر قاماقتا ياتماقتا.

ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى 1968 - يىلى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1983 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاۋۋال تۇرپاندا ئاندىن قاغىلىققا بېرىپ مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمدا ئوقۇغان ۋە شۇندىن كېيىن كۆپىنچە ئۈرۈمچىدە يوشۇرۇن مۇدەررىسلىك، تەبلىغ بىلەن مەشغۇل بولغان.

ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى 2013 - يىلى ئىيۇندا يۈز بەرگەن لۈكچۈن قارشىلىق ھەرىكىتى مەزگىلىدە بىر قېتىم، 2013 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر بېيجىڭدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش مەزگىلىدە يەنە بىر قېتىم سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنغان. 2014 - يىلىنىڭ بېشىدا گۇناھسىزلىق ئىسپاتلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن. 2015 - يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرى تاقالغان ۋە ئۈرۈمچىدىن قوغلىنىپ، نوپۇسى ئۆچۈرۈلگەن.

2016 - يىلى ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى توقسۇندىكى نوپۇسىغا ئاساسەن پاسپورت بېجىرىپ تۈركىيەگە كەلگەن. ئۇ ئىستانبۇلغا يەرلەشكەندىن كېيىن، ھالال ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ 2020 - يىلى فېۋرالدا سەئۇدىغا بېرىشتىن بۇرۇن توقۇمىچىلىققا دائىر بىر ئورۇندا ئىشلەۋاتقانىدى. ئۇنىڭ قانۇنلۇق پاسپورتى ۋە ئىقامىتى بار.

نۇرمەمەت روزى 1976 ـ يىلى يېڭىساردا تۇغۇلغان. 2006 ـ يىلى بىر قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج قىلىشقا كەلگەن. 2017 ـ يىلى يانۋاردا ئىستانبولدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسىدا پاسپورتىنى يېڭىلانغان. ئۇنىڭ سەئۇدى ئىقامىتى، تۈركىيە ئىقامىتى ۋە مۇددىتى توشمىغان قانۇنلۇق پاسپورتى بار.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، ئامېرىكا ۋە شۋېتسىيە دىپلوماتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. ئەڭ يېڭى جاۋابتا ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇلمايدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇش رەسمىيەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركىيەگە قايتۇرۇلۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ قارىشىمچە، سەئۇدى ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر ئايروپىلانغا چىقىپ سەئۇدىدىن ئايرىلغىچە ئۇلارنى قايتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇنى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان خادىمىغىمۇ تەكىتلىدىم ھەمدە بۇ ۋەقەگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇخبىرلارغىمۇ «بىز بۇ ئىككى ئۇيغۇرنى بىر بىخەتەر دۆلەتتە كۆرمىگىچە ھېچ قانداق ۋەدىگە ئىشىنىشكە ئامالسىز» دەپ تەكىتلەپ تۇرۇۋاتىمەن.

بۇ ۋەقەدە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى مايا ۋاڭ خانىم ۋەقە چىققاندىن كېيىن ئىزچىل ھەرىكەت قىلدى. ھەتتا ئۇ جۈمە كۈنى كەچتىن باشلاپ دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ ئىشلەپ، ئىككى ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ چىقاردى. ئۇ پىداكار خوڭكوڭلۇق كىشىلىك ھوقۇق خادىمىنىڭ ياردىمى ۋە خالىس پىداكارلىقى بولمىغان بولسا بۇ دەسلەپكى نەتىجە قولغا كەلمىگەن بولاتتى.

مەن ئاخىرىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىدىكى خادىملارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئامېرىكىدىكى دىلدار ئەزىز خانىمغا، يېڭى زېلاندىيەدىكى رىزۋانگۈل نۇرمەمەت خانىمغا ۋە دوستۇم دىلمۇرات ئابدۇقەييۇمغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى ۋەقەسىدە ياردەمدە بولدى.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

**ئىزاھات:**

نۇرمەمەت روزى بىلەن ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى ھەجگە بېرىپ تۇتۇلغاندىن بۇيان، تېخىچە خىتاينىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان زىندانىدا يېتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنى ھەجگە دەۋەت قىلغانلار خۇددى ئۇيغۇرنى مىسىرغا دەۋەت قىلغانلارغا ئوخشاشلا تۇتۇلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولمىدى. قارىغاندا ئۇيغۇرلار بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز دەۋەتلەرنىڭ دەردىنى تېخى تارتىدىغان ئوخشايدۇ.

# شاھىتلارنىڭ غەلىبىسى

بۈگۈن ئەتىگەنىدە تۈركىيەدىن بىر خۇشخەۋەر كەلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئائىلىسىدىن تۇتۇلغان بەش كىشى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن بىر سىڭلىمىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرى قويۇپ بېرىلگەن. مەزكۇر سىڭلىمىزنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تونۇشىنىڭ ئېيتىشىچە، قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەر ئاساسەن چەتئەلدە تۇرۇشلۇق شاھىتلارنىڭ دەۋاسى سەۋەبلىك قويۇپ بېرىلگەن.

مەن بۇ يىل رامىزاندا تۈركىيەدە گۇۋاھلىق بەرگەن قېرىنداشلىرىمىزدىن خەدىچە، ئابدۇللا قاتارلىق ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ گۇۋاھلىق سەۋەبلىك قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى يازغانىدىم. شۇلارمۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن بۇ خۇشخەۋەرنى ئېيتقانىدى. بۈگۈن يەنە تۈركىيەدىن بۇ خۇشخەۋەر كەلدى.

ئەلۋەتتە، گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنى قويۇپ بېرىپتۇ، شاھىتى بارلار ئازاد بوپتۇ دېگەنلىك ھەممە ئادەم شۇ سەۋەبتىن قويۇپ بېرىلدى دېگەنلىك بولمايدۇ. مەسىلەن، مەن ئەڭ بۇرۇن باشلامچىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن، ئەمما مېنىڭ قېرىنداشلىرىمنى تېخىچە قويۇپ بەرمىدى. قويۇپ بېرىش ـ بەرمەسلىك بىلەن بىز دەۋايىمىزنى ئۆلچىمەيمىز. ئەمما سەۋەب قىلغانىنىڭ پايدىسى، ئەمەل قىلغانىنىڭ ساۋابى، زۇلۇمغا قارشى چىققانىنىڭ ئەجرى باشقىچە بولىدۇ، دېگەننى تەكىتلەپ تۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

گۇۋاھلىق بېرىش، ئەرز قىلىش ئوخشاشلا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى خېلى بولىدى. ماڭا كەلگەن خەتلەردە ب د ت غا ئەرز قىلغان خەتلەرگىمۇ جاۋاب كېلىشكە باشلىدى. چەتئەل پۇقراسى بولغانلاردىن ئەرز قىلىپ، ئۆز دۆلىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلارنىڭمۇ تۇغقانلىرى قويۇپ بېرىلگەن.

ئەمدى قىلىدىغان ئىشىمىز، بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى بېرىپ بولغانلار تونۇش ـ بىلىشلەر ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرسەك. كىمنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى بىلمىگەنلەر بىر ئامال قىلىپ سۈرۈشتە قىلىپ تېپىشقا تىرىشساق، پەقەت بولمىغاندا ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىن بۇ ھەقتە ياردەم سورىساق. چۈنكى، ئەگەر دېموكراتىك دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولساق، ئائىلىمىز بىلەن يىللاپ ئالاقە قىلالماسلىقىمىز نورمال ئىش ئەمەس. بۇ ھەقتە دوختۇرىڭىزغا دېسىڭىز ۋە يوقتىسىپ قويغان تۇغقانلىرىڭىز ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ياردەم تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر ۋەتەندە زۇلۇم كۆرۈۋاتقان بىر كىشىگە بولسىمۇ ياردىمىم تەگسۇن دېسىڭىز، سىز بىلەن دوست، قوشنا، ساۋاقداش ۋە يېقىن ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئادەمگە ياردەم قىلاي دېسىڭىز، ئۇلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىڭ. زۇلۇمدىن بىزنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، يىغا ـ زارە، تەنە ـ كاھىشلار قۇتقۇزمايدۇ، بەلكى بەلنى باغلاپ زالىمنى زالىم دەپ قارشىلىققا ئۆتكەن ھەرىكەت قۇتقۇزىدۇ.

2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# مۇناپىقلىق سەپىرى ھارپىسىدا

ئىستانبۇلدىن ئىگىلىشىمچە، خىتاي ئەلچىخانىسى 15 ـ دېكابىردىن باشلاپ تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان قىرىق ئۇيغۇرنى تىزىملىكى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرماقچى بولغان.

مەزكۇر زىيارەتكە تىزىمغا ئېلىنىپ، بېرىشنى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئەلچىخانىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىرى بار بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاۋۋال قىلتاققا ئىلىندۇرماقچى بولغان. نۆۋەتتە قىرىق كىشىلىك ئۇيغۇر ئۆمىكى تەربىيەلىنىش ۋە ئويۇن قويۇشقا ھازىرلىق جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

بۇ تىزىملىكنى قولغا چۈشۈردۇق. ئۆزىڭىزنى قاغىدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ سەپەر خىتاي دېگەندەك ئائىلىنى يوقلاش، تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش سەپىرى ئەمەس. بۇ بىر مۇناپىقلىق سەپىرى. سىز بۇ سەپەردە مايمۇندەك ئويۇن كۆرسىتىسىز، قامالغان تۇغقانلىرىڭىزنى قامالمىغان دەپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىسىز. دۇنياغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەربىيەلەش نەتىجىسىدە ئاتالمىش ئەسەبىيلىكتىن قۇتۇلۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىسىز. بىز سىزنى تونۇيمىز. ئۇيغۇرچە سۆزلەيسىز، بىز بىلەن ھەمداستىخان بولىسىز، بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇپ، بىز ئاڭلىغان مۇقامدىن ھۇزۇر ئالىسىز. ئەگەر سىز بۇ قېتىم خىتاينىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ دېپىغا

ئۇسۇل ئوينىغىلى ماڭسىڭىز، بىز سىزنى بۇ دۇنيادا مۇناپىق سۈپىتىڭىزدە قوبۇل قىلىمىز، ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىسىز.

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر تىلەمچى ئەمەس، ئېزىلگۈچى

بۈگۈن بىر ساخاۋەت تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسىنى كۆردۈم. مۇراجىئەتتە 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۈركىيەدە ياشايدۇ، كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە بالىلار. ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى يوق، تاشلاندۇق تاماقلارنى يەپ ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئىئانە توپلاشقا باشلاپتۇ. مەن بۇ مۇراجىئەتنى كۆرۈپ، يالغان مەلۇماتلاردىن ئەپسۇسلاندىم. گەرچە بۇ ئىشتا ئۇيغۇرغا ياردەم قىلىش مەزمۇن قىلىنغان بولسىمۇ، مەن بۇ غەمخورلۇقتىن قىلچە مەمنۇن بولمىدىم.

بىرى، تۈركىيەدىكى ۋەتەندىن يېڭى چىققان، ئەرسىز ئاياللار ۋە يېتىم بالىلار مۇراجىئەتتە دېيىلگەندەك 50 مىڭ ئەمەس. ئۇلار ھېچقاچان تاماقسىز قېلىپ تاشلاندۇق يېمەكلىكلەرگە تايىنىپ ياشاۋاتمايدۇ. ئۇيغۇر ھېچقاچان ئۇ كۈنگە قالمىغاي.

ئۇيغۇرنىڭ دەردى بار، قىيىنچىلىقىمۇ بار. ئەمما ئۇيغۇر ئىشچان مىللەت. ئىشلەپ ياشايدىغان مىللەت. ئاچ قالسىمۇ ئىشلەپ ئاچ قالىدىغان، كوچىدىكى تاشلاندۇق تاماقلارغا، كوچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قول ئۇزىتىدىغان مىللەت ئەمەس.

ئاڭلىسام بۇ ياردەم توپلاش ئىشىغا ئىستانبۇلدىكى دەرنەكچى ۋە سەرخىللار ئارىلاشقانمىش. بۇ ئىشقا ئارىچى بولغان ئەي ئۇيغۇر، ئاڭلاپ قويۇڭ، ئاۋۇ يالغان قىزىل خەتلەرنى ئۆچۈرگۈزۈڭ. بىزگە پۇل كېرەك ئەمەس، پۇل تاپىدىغان يول كېرەك. بىزگە ھۈنەرلىك بولۇش، ماھارەتلىك بولۇشتا قوللاش كېرەك. سەدىقە

كېرەك ئەمەس، بىزگە خەقتىن قالغان ئاش كېرەك ئەمەس، ئىش كېرەك.

بىزگە ياردەم بەرمەكچى بولسىڭىز ئىشقا تونۇشتۇرغۇچى بولۇڭ، ھۈنەر ئۆگەتكۈچى بولۇڭ، تىلەمچىلىككە كۆندۈرگۈچى بولماڭ.

بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز خىتاي زۇلمى. بىزنىڭ ئازابىمىز ۋەتەن ئازابى. بىزنىڭ دەردىمىز تىرىك ئايرىلىشنىڭ، مۇددەتسىز سۈرگۈن قىلىنىشنىڭ دەردى. شۇڭا بىزگە ياردەم قىلماقچى بولسىڭىز دەردىمىز بىلەن دەردلىنىڭ. دەردىمىزنى دوستلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ. خىتاي زۇلۇمىنى توسۇش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىڭ. خىتاي مىللىنى چەكلەش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە ئۆتۈڭ. جامائىتىڭىزنى، مەھەللىڭىزنى تەشكىللەپ خىتايغا قارشى نامايىش تەشكىللەڭ. چۈنكى، بىز ئېزىلگۈچى. ئەمما يىغىمىزنى كۆرۈپ يانچۇق كولىماڭ، قولىڭىزدىكى بولكىنى سۇنماڭ، غۇرۇرىمىز سۇنمىسۇن. خىتاي زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، ئەمما بىزگە سەدىقە قىلىش بەدىلىگە بىزدىن دۇئا كۈتمەڭ. چۈنكى، بىز ئېزىلگەن خەلق. ئەمما خەققە تىلەنگەن خەلق ئەمەس.

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# بۈگۈنكى دەۋادا قوراللىق ھەرىكەت

ئۇيغۇر دەۋاسىدا قوراللىق ھەرىكەت تەشەببۇسى پات - پات ئوتتۇرىغا چىقىپ يوقاپ كېتىدۇ. بۇنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ بەزىسى ئاساسەن دىندار كۆرۈنۈۋالغان، ئىسمى يوق، جىسمى نامەلۇم كىشىلەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرەلمەيدۇ. يەنە بەزىلەر خېلى ئوقۇغان ئادەملەر. بۈگۈن بىر دوستۇم يوللاپ قويغان يازمىدىن يەنە شۇ قوراللىق دەۋا چاقىرىقىنى كۆردۇم. قوراللىق ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى كۆرسەتكەن دەلىل 1940 - يىللاردىكى بىر يەھۇدىي قوراللىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت.

مەن ئۇيغۇرنىڭ پىكىر ئەھلىدە بىر تارىخ مەستانىلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. ھەممەيلەن تارىختىكى بىرەر ۋەقە ئارقىلىق رېئاللىققا يول كۆرسىتىشكە ئالدىرايمىز، ئۆتمۈشتىن قالغان قولچىراغ بىلەن بۈگۈنكى زۇلمەتلىك ھالىتىمىزنى يورۇتماقچى بولىمىز. دىنىي پىكىرگە مايىللار 1400 يىل بۇرۇنقى پەيغەمبىرىمىز قىلغان ئۇرۇش، كولىغان خەندەك، تاڭغان تاشلارنى مىسال قىلساق، دىندىن خالىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار ھېلى گەندى، ھېلى مارتىن لۇتېركىڭ، ھېلى نىلسۇن ماندېلانى دەلىل كۆرسىتىشكە ھەۋەس قىلىدۇ. تېخى «تارىخ تەكرارلىنىدۇ» دەپ قويۇشىمىز قالتىس، خۇددى 1514 - يىلى ئاۋغۇستتا قۇرۇلغان ياركەن خانلىقىمىز تەكرارلىنىپ، 2014 - يىلى بەش يۈز يىللىق تۇغۇلغان كۈنىدە بىر دۆلەت قۇرۇلغاندەك ياكى 1903 - يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

تۇغۇلغانغا يۈز يىل تولغان 2003 ـ يىلى يەنە بىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەكرار تۇغۇلغاندەك. ئەمەلىيەتتە تەكرارلىنىدىغىنى تارىخ ئەمەس، ساۋاق ئېلىنمىغان تارىخىي خاتالىق.

ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى مەسىلىنىڭ جاۋابى بۈگۈندە بولىدۇ، سەۋەبلىرى، ساۋاقلىرى ئۆتمۈشكە باغلىنىدۇ. بۈگۈنگە جاۋاب ۋە تەدبىر ھېچقاچان ئۆتمۈشتە، تارىختا، نەچچە يۈز يىل، مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋەقەدە بولمايدۇ. تەپەككۇر ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاسان ئىش تارىخ سۆزلەش، تارىخقا مەپتۇن بولۇش، تارىخقا باھا بېرىش، تارىخنى ئەينەك قىلىش، تارىختىن مىسال ئېلىش ۋە تارىخنى تەھلىل قىلىپ دانىشمەنلىك قىلىش. بىزدە بىر كىشىنىڭ ئۆلمەي تۇرۇپ قەدىرلەنمەسلىكىمۇ ياكى ئۆلۈپ بولغىچە مۇبارەك زاتقا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ تارىخنى، ئۆلۈكنى مەدھىيەلەشكە خۇشتارلىقتىن بولغان. ئادەتتە شەخسىي نۇقتىدىن ئېيتساق، بۇ قېرىلارچە پىسخىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ، قېرىغاندا ئادەم كەچمىشنى ئەسلەپ، تارىخ سۆزلەپ قالىدۇ.

قوراللىق كۈرەشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلار تىلغا ئالغان مىسالدىكى 1940 ـ يىللاردا پارتىزانلىق بىلەن ئۆزىنى قوغدىغان يەھۇدىيلار بۈگۈن بولغان بولسا ئورمانلىققا قاچماي، ب ب س مۇخبىرلىرىنىڭ ئالدىغا قاچقان بولاتتى. ئۇلار بۈگۈن بولغان بولسا قورال سېتىۋالغان پۇلنى غەربتىكى لوبىچىلىق شىركەتلىرىگە، ئەقىل ئامبارلىرىغا، ئاخبارات شىركەتلىرىگە خەجلەپ خىتايغا قارشى قانۇن ماقۇللاشقا، غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنى خىتايغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە، ھەتتا خىتاينى خەلقئارا سوتقا تارتىشقا كۈچ چىقارغان بولاتتى. شۇ يەھۇدىيلاردىن ھەقىقەتەن بىزدىكى بەزىلەردەك پارتىزانلىق قىلىشنى ئويلايدىغان، پارتىزانلىق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالىمىز دەيدىغانلار چىققان تەقدىردە، بىر قانچە كۈندە

بايقىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋادا قوراللىق كۈرەش قىلىش ھەققىمىز بار. چۈنكى، بىزنىڭ دەۋايىمىز ھايات ـ ماماتلىق دەۋاسى. مېنىڭچە بىز قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەر قانداق تىرىشچانلىقنى كۆرستىشكە ھوقۇقلۇق. خۇددى مۇسۇلمانغا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ھەر قانداق ھارام ھالال قىلىنغاندەك، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن بىزگە ھەر قانداق ھەرىكەت ھالال، ھەر قانداق ۋاستە توغرا. بۇنىڭ ئىچىدە قوراللىق قارشىلىق كۆرستىش ئەلۋەتتە بار. ئەمما بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر بولىدىغان يول ئەمەس. بۇ شەخسنىڭ ئۆچ ئېلىشى بولسا چۈشىنىشكە ئېرىشىدىغان، غەزەپتىن يېرىلىپ پارتلاپ كەتكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەرىكىتى بولسا چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان بىر يول. ئەمما مىللەت بويىچە سەپەرۋەر قىلىپ، سەپەرۋەر بولۇپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدىغان يول ئەمەس. ھەم سەپەرۋەر بولۇپ بىرلىكتە ماڭساق، بارىدىغان يېرىمىز گېرمانىيە ئەمەس، موڭغۇلىيەمۇ ئەمەس. بىزنى قوينىغا ئالىدىغىنى يا ئەلقائىدە، يا تالىبان، يا ئافرىقىدا بوكوھارام، يا سۈرىيە، يا ئافغانىستان. ھېچقاچان ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ئەمەس.

قوراللىق ھەرىكەت سەپەرۋەر بولىدىغان ئۇيغۇرنىڭ بارار يېرى ئافغانىستان ۋە سۈرىيە. 2017 ـ 2014 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئىستانبۇلدا قاينىغان سۈرىيە قۇيۇننى توسالماسلىقتىمۇ دەۋاگەرلىرىمىز قوراللىق دەۋاغا ئەسكەر تەربىيەلەيمىز دەپ خىيال قىلىپ، سۈرىيەنى مەشىق بازىسى دەپ ئويلاپ قالغان. ئەمما ئەسكەرلىككە ئالغان ئادەم ساڭا خىتايغا قارشى ئوق ئات دەپ قورال تۇتقۇزمايدۇ ۋە سېنى خىتايغا ئۇرۇشقا تەييارلىمايدۇ، ئەكسىچە تانكىغا تام، بومبىغا يەم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ يەرلەرگە

بارغان ئۇيغۇر ئۆزىنى ئەركىنلىك جەڭچىسى دېيەلمەيدۇ. قايتىپ كېلىپمۇ ئۆزىنى ئاقلىيالمايدۇ. بىر ئۇيغۇر ئەلقائىدەگە قاتنىشىپ بولۇپ ياكى بوكوھارامغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولۇپ، مەن ئۇيغۇر ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتىم دېيەلمەيدۇ. بۇ گەپ بۈگۈن تۈركىيەدە ئاقمىدى، دائىشقا بارغان ئۇيغۇر قامالدى، دۇنيادىمۇ ئاقمايدۇ.

ئۇيغۇرلار بەشىنچى فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، توپ - توپ بولۇپ قوراللىق كۈرەشكە سەپەرۋەر بولغان، ئۇلار ئاخىرى تالىبان بىلەن بىر سەپتە خەلقئارا تېررورىزملىق سېپىدىن ئورۇن ئالدى. قوراللىق قارشىلىقنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ نىيىتى بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار 2003 - يىلى ئامېرىكا ۋە ب د ت تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇرلار ئۆزۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنمۇ يەنە قوراللىق كۈرەشكە سەپەرۋەر بولغان، ئەمما ئاتلانغان يولىنىڭ ئاخىرى ئەلقائىدە ۋە تالىبانغا بېرىپ توختاپ قالدى. ھازىرمۇ شۇ يولدا كېتىۋاتىدۇ.

2019 - يىلى مارت ئايلىرىدا مەن تونۇيدىغان 70 ياشلىق بىر ئۇيغۇر ئىستانبۇلدىن ئافغانىستانغا كەتتى. ئۇ مەن تونۇيدىغان، قوراللىق كۈرەشكە ئاتلانغان يەنە بىر ئۇيغۇر، ئەمما مەن شۇ يەرگە ماڭغان ئاخىرقى ئۇيغۇر دېيەلمەيمەن. 2015 - يىلى نويابىردىن باشلاپ مەن كۆرۈشكەن كىشىلەردىن قوراللىق كۈرەشكە ئاتلانغان ئۇيغۇر ئەڭ ئاز بولغاندا يۈزدىن ئاشىدۇ. مەن شۇلارنىڭ ئىچىدە ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەن ئالتە كىشى بىلەن كۆرۈشتۈم. قالغىنى سۇرىيە چۆللىرىدە قەبرىسىز قالدى. ئۇيغۇرنى قوراللىق ھەرىكەتكە سەپەرۋەر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھېچقانداق بىر كەپىمىز يوق، ئارقا سېپىمىز يوق. بۈگۈنكى ئۇرۇش ئىلغار تېخنىكا بىلەن، ئەقلى ئىقتىدارلىق قوراللار بىلەن، ئۇچقۇچىسىز

ئايروپىلان بىلەن بولىدۇ، ئۇنداق زامانىۋى قورالغا پۇلىمىز يوق.

بىزنىڭ تارىخقا شۇنچە خۇشتار، تارىختىن مىسال كەلتۈرۈشكە شۇنچە شەيدا كىشىلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تارىخىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ 20 يىللىق مەغلۇبىيەتلىك قوراللىق ھەرىكەت تارىخىنىمۇ ئىزدىنىپ باقمايدىغاندۇ؟ دىندىن سۆزلەپ قوراللىق جىھاد قىلىمىز دەيمىز، نېمە بىلەن قىلىمىز، نەدە قىلىمىز؟ مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوراللىق دەۋا قىلىمىز دەيمىز، قايسى دۆلەت بىزنى يىغىنغا تەكلىپ قىلغاندەك مەشىق مەيدانىغا، جەڭگاھقا تەكلىپ قىلدى؟ قايسى تەكلىپنى قايسى ئۇيغۇر تەشكىلات ياكى دەۋاگەر رەت قىلدى؟

2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

# كورونالىق كۈنلەردە ئانا تىل شادلىقى

كورونا كەلدى، كۈنلەر ئۆيدە خەۋەر تىڭشاپ، خەۋپسىرەپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ۋەتەنىنىڭ غېمى يۈرەكتە، جاندا قېلىپ، ھاياتىنىڭ غېمى كۆز ئالدىمىزدا، ھەر ياندا بولۇپ كەتتى.

ئەقىل بىلەن ئويلىسا ھەر قانداق بىر پالاكەت بىر پۇرسەتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ قانداق چۈشىنىشىمىزگە باغلىق. بۇ كورونالىق كۈنلەرمۇ بىزگە مىسلىسىز ئانا تىل پۇرسىتى بېغىشلىدى. كورونا بىزگە بالىلار بىلەن ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىش، ئۇيغۇرچە ئويناش، ئۇيغۇر تىلىدا كۈلۈپ، كۈلدۈرۈشنىڭ يېتەرلىك شارائىتىنى يارىتىپ بەردى.

كورونالىق كۈنلەردە خىتايچە ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتمىگەن بولساقمۇ شۈبھىلىك بولۇپ قالدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بويىچە ئۆيدىن چىقماس، ھېرىپ تالماس بولۇپ قالدۇق. ئىممۇنىتېت تۆۋەنلەپ كەتسە، چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بولدى باللارنىڭ ئانىسى.

ئۆيگە سولانغان بالىلار تېلېفونغا دۈم چۈشتى. بىر دەم بىللە ئويناپ باقتۇق، ئەمما بالا ئۈچۈن ھەممىنى قىلغىلى بولغان بىلەن بالا بولۇپ بەرگىلى بولمايدىكەن. مەسئۇدە ئۆزىنىڭ تورداش، گۇرۇپپىداشلىرى بىلەن مەشغۇل، پاراڭلىشايلى دېسەم يېرىم سائەت ئىچىدە پاراڭلار تۈگەپ قالدى. يەنىلا بىرەر ئۇيغۇرچە كىنونى بىللە كۆرۈپ، بىرەر كىتابنى بىللە ئوقۇپ، شۇلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقساق بولغىدەك. ئۇيغۇرىيە بىلەن مېھماندارچىلىق

ئويۇنى ئويناپ باققانتۇق بەك قاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن كورۇنالىق كۈنلەردە ئانا تىل شادلىقى ياراتقان بولساق پەيزى بولغىدەك دەپ ئويلىدۇق. كىتاب ئوقۇساقمۇ، شېئىر يادلىساقمۇ، ئوقۇغان كىتاب، كۆرگەن كىنولار ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقساقمۇ، ھەتتا باللار بىلەن چىرايلىق ئويناپ، بىزدەكلەرگە قانداق ئويناشنى ئۆگىتىپ قويساقمۇ ھېساب.

ئۆيدە ئانا تىل كۈنى قىلساق، ئۇنىڭغا چىقىنالمىساق ئانا تىل سائىتى، مىنۇتى ياكى دەقىقىسى قىلساقمۇ بولىدۇ. بۇ پىلان قانداق؟ ئانا تىل شادلىقىنىڭ قاملىشىپ كەتكەنلىرىنى تورغا يوللاپ بىر - بىرىمىزگە سۇنساق، ياخشى چىققانلىرىنى توپلاپ بىر فىلىم قىلىپ قويساق، خۇددى داڭلىق يازغۇچى گارسىيە ماركوسنىڭ «خولېرا يىللىرىدىكى مۇھەببەت» دېگەن رومانىدەك «كورۇنا كۈنلىرىدىكى ئانا تىل» ھەممەيلەنگە بىر تەسىرلىك رومان، بىر قىزىقارلىق كىنو، بىر تەسىرلىك خاتىرە بولۇپ قالسا قانداق دەيسىلەر؟

2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# فېيسبۇكتا جاسۇس تۇتۇش خاتىرىسى

*ئەييۇھەنناس، ئاڭلاڭلار ئامۇ ـ خاس،*
*ئىت بىلەن تالاشقانىنىڭ، پىت بىلەن يالاشقانىنىڭ،*
*كىت بىلەن چاناشقانىنىڭ ئۆزىنى بىساپا دەڭلار،*
*سۆزىنى پايتىما دەڭلار.*
*كوروناغا ئەسىر بولغان،*
*چاشقان تۆشۈكى قەسىر بولغان،*
*كۆزى نۇرسىز بەسىر بولغان،*
*بىماركەن بىداۋا دەڭلار.*

ئەلقىسسە، ئابدۇۋەلى دېگەن قېرىنداشلار، ھەق يولدىكى ئىملىداشلار سىلەرگە بىر قىسسەنى بايان ئەيلەيدۇ، ھېلىلا كۆرگەن كارامەتنى ئايان ئەيلەيدۇ.

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن ھەقنى تاپقان سابىق جاسۇسىمۇ، خىتايغا ياتقان سادىق جاسۇسىمۇ، بالام، كۆزۈم قارام دەپ ئالدانغان مەسۇم جاسۇسىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ كۆز قارىسى، يۈرەك پارىسىنى ئېشەكتىن پەس نەپسى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋاتقان كەسپى جاسۇسىمۇ كۆردۈم.

بۈگۈنكى سۆزلەپ بېرىدىغىنىم مەن كۆرمىگەن، مېنىلا كۆرگەن، مەن ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان، مېنىڭ ھەممە نەرسەمنى ئاڭلاپ ماڭىدىغان، فېيسبۇكتا خىزمەت قىلىدىغان جاسۇسلارنى تونۇش، جەزملەش ۋە جايلاش تەجرىبىلىرىم.

1. تونۇش باسقۇچى. جاسۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغان

ئىسىم قوللىنىدۇ. ئىسىملار كۆپىنچە ئاجايىپ قەھرىمان، پىداكار، مۇجاھىدانە ۋە ئۇيغۇرانە، ھەيۋەت مىللەتچى، بەھەيۋەت دىندار ئىسىملار بولىدۇ. دۆلەت دېگەن يەرگە شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستان دەپ يېزىۋالىدۇ. ئوقۇغان مەكتىپى دېگەن يەرگە كۆپىنچىسى يازمايدۇ ياكى ئاز بىر قىسمىلا تەجرىبە ئوتتۇرا دەپ يېزىۋالىدۇ. رەسىمگە شەرقىي تۈركىستان بايرىقى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى بايرىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دىنىي رەسىملەرنى چىقىرىۋالىدۇ. ھەرگىز ئورۇن، ۋاقىت، ۋەقە، شەخس ۋە كىملىككە دائىر ئۇچۇرلارنى قالدۇرمايدۇ.

2. جەزملەشتۈرۈشتە سەل سەۋرچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆلارنىڭ قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى بەكلا مىللىي، دىنىي ۋە ئىنقىلابىي ئاشقۇن بولسا، خۇددى ھەممىنى بىلىدىغان قىياپەتتە ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە سىنالغان دەۋاچىلار ھەققىدە خۇددى يېنىدا بىللە ياتقاندەك سۆزلىسە ياكى دورا تاپقاندەك پو ئاتسا، سىزگە تۇيۇقسىز يېقىنچىلىق قىلىپ دوست بولۇشقا ئۇرۇنسا ياكى گەپ ئالغاندەك، ئېغىز تاتىلىغاندەك بىر ئىش قىلسا، تەدبىر ئېلىشقا تەييار بولۇڭ. تەدبىرنىڭ بىرىنچىسى تېلېفون قىلىڭ، ئىلاج قىلىپ كۆرۈنۈشلۈك، يەنى سىنلىق سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىڭ. مەن مۇشۇ كۈنگىچە تېلېفونغا جاۋاب بەرگەن جاسۇس كۆردۈم، ئەمما سىنلىق تېلېفوننى ئالغان بىرمۇ جاسۇس كۆرۈپ باقمىدىم.

3. جايلاش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ھېچ ئىش قىلالمايسىز، پەقەت ئۇنى قارا تىزىملىككە تىقىپ، بېشىنى ئەۋرەزگە پاتۇرۇۋېتىسىز. مەندەك يېزىپ ئاۋارە بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى، تەجرىبىلەر قانچە كۆپ توپلانسا، بىز شۇنچە تەجرىبىلىك بولۇپ قالىمىز، بىرىمىز پاتقان پاتقاقنى قالغانلار كەچمەيمىز.

2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# شۈنى ئۈنۈتماڭلار

2018 ـ يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئۇيغۇر سەرخىللىرى ھەققىدە تىزىملىك تۈرغۈزۈپ ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىشقا باشلىدۇق. بۇ جەرياندا تىزىملىكلەرنى خىتايچە، ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا نامسىز پىداكار دوستلار ياردەمدە بولدى. شائىر تاھىر ھامۇت مەزكۇر تىزىملىكنى تېخىمۇ تولۇقلاپ بەردى. دوكتور مەمتىمىن ئەلا تىزىملىكتىكى سەرخىللار ھەققىدە بىر يۈرۈش ئىنگلىزچە تۆۋەت يازمىسى ئېلان قىلىپ، ئىنگلىز تىللىق دۇنياغا ئاڭلاتتى. بۇ تىزىملىك ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ دوكلاتلاشتۇرۇشى بىلەن خەلقئارادا تەسىر قوزغىدى. نەتىجىدە بەزى سەرخىللار قويۇپ بېرىلدى.

يېقىندا مەن تۇتقۇن قىلىنغان يول باشچىلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز، مۆتىۋەرلىرىمىز ھەققىدە يۈرۈشلۈك يازما يېزىشنى پىلان قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دوستى، بۇرادىرى، ئوقۇغۇچىسى، ئوقۇرمىنى، ئەگەشكۈچىسى ئىدىم. ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىۋاتقان، تىزىملىك تۈزۈپ سۈرۈشتىسىنى قىلىۋاتقان، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا مەلۇمات يوللاپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ ئىشلارغا خەلقىمىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى بۇرىيالمىدۇق. سەۋەبى خەلقىمىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناخشىچى، قىزىقچى ۋە ئارتىسلارنى تونۇغان بىلەن تەتقىقاتچى، ئۆلىما، مۇتەخەسسىس ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمەيتتى. ئاۋۋال زىيالىيلار ئىچىدىكى دوكتور نۇرمەمەت ئۆمەر ئۇچقۇن ۋە ئۆلىمالار ئىچىدىكى دوكتور ھەبىبۇللا توختىنى

قەلەمگە ئالماقچى بولدۇم. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەن بۇلارنى ياخشى تونۇيمەن. ئىككىنچىدىن، بۇلارنىڭ سىرتتىكى دوستلىرى مېنىڭمۇ دوستلىرىم ئىدى.

دەسلەپتە دوكتور ھەبىبۇللا ھەققىدە يازماقچى بولۇپ، ئىككى دوستىمىزغا ئۇچۇر قالدۇردۇم. مەقسەتنى چۈشەندۈردۈم. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ھەبىبۇللا توختى ھەققىدە بىرەيلەن ئۆزى بىر نەرسە دېمىدى، بىر يازمىنى ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولۇپ ئەۋەتمىدى، يەنە بىرەيلەن جىمىپ كەتتى. تۈنۈگۈن يەنە سۈرۈشتە قىلدىم ۋە «سىلى يازىدىغان مەلۇماتلار مەندە يوق» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ ھەيران قالدىم. بىكاردىن ـ بىكار ئۇنىڭدىن نېمە گۇناھ قىلغان بولسام ئەپۇ قىلىشىنى، ئەمما بۇ ئىشتا ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ئاز ئۈچ ئادەمنى زىيارەت قىلمىسام ھەبىبۇللا ھەققىدە يازالمايدىغانلىقىمنى دېگەن بولسامۇ، ئۇنىڭدىن ئىنجا چىقمىدى.

مەن بۇرۇن دوكتور نۇرمەمەت ئۆمەر ئۇچقۇن ھەققىدە ماتېرىيال توپلاش جەريانىدىمۇ شۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدىم. بىلىشىدىغان، دوستلاشقان، ئۈلپەت بولۇپ ئۆتكەن تۈركىيەدىكى بىر دوستىمىز نۇرمەمەت ئۇچقۇننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ بېرىشتىنمۇ ئېرىنگەنىدى.

بۈگۈن تۇتقۇن قىلىنغان ئۆلىمالار ھەققىدە ئىزدىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاساسەن تۇتقۇن قىلىندى دەپ قارىلىۋاتقان ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تىزىملىكتە بار سانىنىڭ ئازلىقىغا قاراپ بۇ سۆكۈت، بىپەرۋالىق، ئاتالمىش مەلۇماتسىزلىقلار ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ۋەتىنىمىزدە خىتاي 24 مىڭ مەسچىت بار دەيدۇ. ئۇلارنى كۆپتۈردى دەپ يېرىمىنى راست دېسەكمۇ، ھەر مەسچىتنىڭ بىر ئىمام، بىر مەزىنى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، تۇتۇلغان ئۆلىمالىرىمىز ئەڭ

ئاز بولغاندا 20 مىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. بىز قورقماي شۇ 20 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن 200 كىشىنىمۇ ساناپ بېرەلمەيمىز، نېمىشقا؟ بىز مەسچىتكە بارمىغانمۇ؟ بىز ئۆلۈم - يېتىمغا قاتناشمىغانمۇ، توي - تۆكۈندە يوقمىدۇق؟ ئەجەبا تۇتقۇن ئۆلىمالارنىڭ نىكاھ ئوقۇغىنى، ئۆلسەك نامىزىمىزنى چۈشۈرگىنى گۇناھ بولۇپ، شۇلارنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ، سىرتتا بىپەرۋا يۈرگىنىمىز بىزنىڭ سەگەك، ئەقىللىك، چاققان بولۇپ كەتكىنىمىز بولدىمۇ؟ مەنچە سەۋەبى ئارىمىزدا يۇقىرىقى دوكتور نۇرمەمەتنىڭ بىپەرۋا دوستلىرى ۋە دوكتور ھەبىبۇللانىڭ «مەلۇماتى يوق» دوستلىرىدەك كىشىلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىنمىكىن دەيمەن.

مەن سىزگە شۇنى دەيمەن: بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، بىز تۇتۇلغانلار بىلەن چوقۇم كۆرۈشىمىز. بىز چوقۇم قۇتۇلىمىز، يا بىز تۇتقۇن ئاتا - ئانىمىز، قېرىنداشلىرىمىز، ئۇستازلىرىمىز، دوستلىرىمىزنى قۇتقۇزىمىز، يا ئۇلار بىزنى قامالغان پاجىئەسى بىلەن، قاماقتىكى غەيرىتى بىلەن، ۋەياكى زىندانلارنى كۇمپەيكۇم قىلىدىغان جاسارىتى بىلەن بۇ مۇددەتسىز مۇساپىرلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئەمما شۇ كۈندە مەن ھازىرقىدەكلا يۈزسىزلىك قىلىمەن. تۇتقۇن بولغان باغىرلىرىمىزغا يۈزلەنگىنىمدە، سىزنىڭ ماڭا بەرگەن تۈزىڭىز، قىلغان سالامىڭىز، كۆرسەتكەن ئىززىتىڭىزنى قايرىپ قويۇپ: «قاراڭلار، سىلەر قاماقتىكى چاغدا مەن پۇستانى، پوكۇنلارنى سىلەر ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز، ئىككى قۇر خەت، ئىككى جۈملە ئىنشا يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلسام ئۇنىمىغان، مانا ماۋۇ چېسلادا» دەيمەن. شۇنى ئۇنۇتماڭلار.

2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# ئىستانبۇلغا قورققىلى چىققان

مارتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى مېنى بىرەيلەن مەسىنجىردىن قوشۇپ تېلېفون قىلدى. مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. سىزچۇ؟ سىز قورقمىدىڭىزمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى. گەرچە تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئاللار سەل تاسادىپىي تۇيۇلغان بولسىمۇ، چىرايلىق جاۋاب بېرىپ پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئادەتتە ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ بەزىسى گەپنى مۇشۇنداق باشلاپ كېتىدۇ. بىر ھازا پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۆزى دېمىسە ئادەتتە مەن بىر ئادەمنىڭ ئېتى ۋە تۇرۇۋاتقان يېرىنى سورىمايمەن، بەزىسى سورىمسام رەنجىيدۇ، بەزىسى سورىمسام خۇدۇكسىرەيدۇ.

ئوقۇرمەنىم ماڭا ئاخىرىدا ئايتەل كۇرسىنى بىلىپ - بىلمەيدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بۇ ئايەتنى قاماقتىكى چاغلىرىمدا بىر خىرىستىئانكەش ئۆگىتىپ قوياي دېسىمۇ ئۆگەنمىگەنىدىم.

سىزمۇ قورقۇپ كەتتىڭىز - ھە! قورقسىڭىز قايسى ئايەتنى ئوقۇيسىز؟ - دېدى ئۇ. ئەسلى «قورقمايمەن» دېمەكچى ئىدىم، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىپ مېنى ئاتايىن ۋىرۇستىن قورقۇتۇش ئۈچۈن يېرىم سائەت ۋەز ئېيتقان ئادەمگە ئازراق قورقۇشۇپ بەرمىسەم بولمايتتى. شۇڭا:

- ھەئە، سىزنىڭ قورقۇنچىڭىز يۇقتى، مەنمۇ ھازىر «لا تەھزەن»نى ئوقۇۋاتىمەن، - دېدىم. ئۇ ماڭا ئايتەلكۇرسىنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە بىرەر قۇر تەبلىغ قىلىۋەتكەندىن كېيىن تېلېفوننى قويدى.

تېلېفوننى قويۇپ ئۆزنىڭ گەپلىرى خىيالىمدا ئەكس سادا قايتۇرۇشقا، جانلىنىشقا باشلىدى. ئۆزنىڭ «مەن ئېلېكترونلۇق ۋىزا ئاسان بولغاچقىلا ئامالسىز تۈركىيەگە چىققان، ئىستانبۇلغا قورققان پېتى چۈشكەن» دېگەن سۆزى بىلەن ئاخىرلاشقان ئەسلىمىسىدىن يۈرەك سوقۇشلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

- كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىمدە «قۇتۇلدۇم!» دېدىم. چۈنكى، كۆزۈمنى ئېچىپ قۇتۇلدۇم دېيىشكە تىلىم بارمايتتى. چۈنكى، مەن يەنىلا ئەنسىرەيمەن، ئايروپىلاندا كىملەرنىڭدۇر تونۇپ قېلىشىدىن، مېنى «تۈركىيەگە قېچىپتۇ!» دەپ چېقىپ قويۇشىدىن، شۇ سەۋەبتىن ئايروپىلاننىڭ كەينىگە قايتۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەنسىزلىكىمدە لوگىكىغا، ئەقىلگە، بىلىمگە ئورۇن يوق. پىكرىمنى چىرمىغان قورقۇنچ ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان ئىلمىي پاكىت، لوگىكىلىق تەھلىل ۋە ئەقلى يەكۈنلەرنى رەت قىلىدۇ. قورققانسېرى قورقۇنچۇمغا ئاساس بولىدىغان تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خىتاينىڭ تىزگىنىدە، خىتاينىڭ ئۇزارغان قولى ھەممە يەرگە يېتىدۇ دېگەن پاراڭلار توغرىدەك بىلىنىدۇ، ئىشەنگۈمنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا كۆزۈمنى ئاچسام «قۇتۇلدۇم!» دېگەن سۆزنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

- ئايروپىلان ئىستانبۇلغا قونغاندىمۇ، پۈتۈنلەي پەرقلىق يېزىق، پەرقلىق بىنا، ئادەم ۋە ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى قويۇپ بېرىپ «مەن قۇتۇلدۇم!» دەپ ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. خۇددى پەيسۇدىن چىققان كۈنى ھېچكىم يوق ئۆيدە ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇيالمىغاندەك، خۇددى قەشقەردە بىر كۈنمۇ ئالدى - كەينىمگە قارىماي ماڭالمىغاندەك، ئىستانبۇلدىمۇ خۇددى بىر ئۇزۇن تۆمۈر قول

مېنى چاڭگاللىغان پېتى قايتۇرۇپ كېتىدىغاندەك، كىملەرنىڭ ۋە قانداقتۇر بىر مەخپىي كۆزلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇراتتىم. تەلىيىمگە بۇ يەرگە تۈن كېچىدە چۈشكەننىڭ شاراپىتىدە شىپپىدە شەھەرگە كىرىپ غايىب بولدۇم.

- قاراڭ، ئابدۇۋەلى مۇئەللىم، مېنىڭ بوۋامنى شىڭ شىسەي تۇتۇپتىكەن، ئۇ چاغدىكى شامالمۇ ئون يىلدا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇمۇ بارى يوق ئون يىل سوردى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا دادامنى ئۆگچى دەپ تارتىپ چىقىرىپتىكەن. شۇ مەينەت ئىنقىلابمۇ ئون يىل داۋام قىلدى. سىز تولا ئادەمنى شاھىت بولمىدى، ئەرزدار بولمىدى، دەۋاگەر بولمىدى دەپ ئەيىبلەۋەرمەڭ. تۈركىيە دېگەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاپىقىغا ئوخشايدۇ. ھۆكۈمەت قاچان لازىم بولساق قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئاچسىلا ھەممەيلەن ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز. ھۆكۈمەت ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئېرىتىپ يوق قىلىدۇ. بىز ئىستانبۇلغا دەۋا قىلغىلى ئەمەس، قورققىلى چىققان. بىز قانچە باتۇرلىشىپ كەتسەك، ۋەتەندىكىلەرنىڭ يۈرىكى شۇنچە ئېزىلىدۇ. بىز قانچە قورقۇپ بەرسەك، قانچە تىنىچ يۈرسەك، يۇرتتىكى تۇغقانلار شۇنچە ئامان - ئېسەن بولىدۇ. بۇ يەردە تۈركىيەگە بىر بالا تېپىپ بەرمىسەك، تۈركىيەدە ھۆكۈمەتنىڭ قوڭنى كولىماي، ئەردوغاننىڭ غەيۋىتىنى قىلماي، بىزنى قوغلىۋەتمەي بېشىمىزنى سىلاۋاتقان ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتساق، ۋاقتى كەلگەندە شامالدىن ئامان قالىمىز. تۈركىيەدە بىر ئوبدان قۇلىقى يۇمشاق، ئىتائەتچان خەقكەن بۇ دېگەن تەرىپنى ئالساق، ئەردوغان شى جىڭپىڭغا سىزمۇ ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

خۇددى مۇشۇ گەپلەرنى دەۋالغىلى، دەپ بەرگىلى ياكى مېنى قورقۇشۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغىلى بېرىلگەندەك تۇيۇقسىز كەلگەن تېلېفون، تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ خوشلاشتۇق.

ماڭا ئۇنىڭ «ئون يىل» تەلىماتى، «قورقۇش» نەزەرىيەسى بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. بولۇپمۇ بارلىق زۇلۇمنى شامالغا ئوخشىتىشلىرى ئاجايىپ مەنىدار ئىدى. قانداقسىگە زۇلۇمدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسە شامالدىن ئىبارەت بىر تەبىئىي ھادىسىسىدەك ئۆزى چىقىپ ئۆزى ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ توغرا شامال ئۆتۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە چىقىدۇ ۋە توختايدۇ. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. ئەمما زۇلۇم قانداقسىگە شامالدەك ئۆزى چىقىپ ئۆزى توختايدۇ؟ ئىنسانلار پەيدا قىلغان نەرسە قانداق قىلىپ ئىنسان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ توختاتمىسا، ئون يىلدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالىدۇ؟

«ئىستانبۇلغا قورققىلى چىققان!»، ئاجايىپ بەزىدەك جۈملە دە بۇ، قالتىس بەزىدەك ئادەملەر دە! تۈركلەرنىڭ بىزدىكى زاكىنى بەز دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۈلگۈم كەلدى.

2020 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟

پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە پۈتۈن دۇنيادىكى تەشكىلاتلارنىڭ ۋىرۇس تەھدىتى ۋە نامراتلىق تەھدىتىگە تەڭلا دۇچ كەلگەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا ياردەم ئۈچۈن توپلانغانلىقى ۋە قارار ئالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ رازى بولسۇن. مەن تۈركىيەدە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ياشىغان ۋە بىر ياردەم جەمئىيىتى قۇرۇپ تۆت يىلغا يېقىن باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بىر كىشى. مەن تەۋە ياردەم جەمئىيىتى ياردەمنى باشلىغانغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى، بۇ قېتىممۇ بارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بۇ ياردەمگە قىزغىن ئاۋاز قوشىمىز.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ياردەم ئىشلىرىدا مۇنداق ئۈچ نەرسە ئىنتايىن كەم. بىرى، ئورتاق موھتاجلار تىزىملىكى. ئىككىنچى، ئورتاق پىلان ۋە ھەرىكەت. ئۈچىنچى، ئاشكارا ھېساب ـ كىتاب. مۇشۇ ئۈچ ئىش ئاشكارا بولمىسا، بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقى قېتىملاردا بولغاندەك بىز ھېساب بەرمىسەك، ئاشكارا بولمىساق، پىلانلىق ئورتاق ھەرىكەت قىلمىساق، «تۈركىيەدىكى قىيىنچىلىق» كىشىنى مۇڭلاندۇرىدىغان تېما بولۇشتىن قىزغىنلىققا سۇ سېپىدىغان بىر تېمىغا ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

1. ئالدى بىلەن قىيىنچىلىقتا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىمىز، قولىمىزدا ھەممە تەشكىلات كۆرەلەيدىغان بىر ئورتاق تىزىملىك بولىدۇ. بۇ تىزىملىك ياردەم ئەۋەتكۈچى،

تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچىغا ئېنىق بولىدۇ.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىمىز. مەسىلەن، ئىجارە تۆلىيەلمەيدىغانلار، توك - سۇ پۇلى تۆلىيەلمەيدىغانلار ۋە يېمەك - ئىچمەكنى ھەل قىلالمىغانلار.

3. يۇقىرىقى پەرقلىق قىيىنچىلىققا قارىتا پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىمىز، ئاندىن شۇ پىلانلار ئىچىدىن مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان پىلانلارنى تاللاپ چىقىرىمىز. كىمنىڭ پىلانى قايىل قىلارلىق بولسا شۇنى تاللايمىز.

4. بىرلىككە كەلگەن بىر فوند تەشكىللەپ، بارلىق پۇلنى شۇ يەرگە جەملەيمىز ياكى تەييار بار بولغان جەمئىيەتتىن بىرنى تاللاپ، شۇنى ئورتاق فوند قىلىمىز. بۇ فوندنىڭ ھېساب - كىتابىنى ئاۋامغا ئوچۇق قىلىمىز.

5. ئورتاق پىلاننىڭ ئىجراسىنى ئاۋام نازارەت قىلالايدىغان بىر سۈپيا بەرپا قىلىمىز.

ئۇيغۇرنىڭ مەسىلىسى تۈركىيەدە بولغاچقا، ئاچقۇچمۇ تۈركىيەدە. ئۇيغۇر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا پۇل توپلاشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمەي، ئاۋۋال قانداق چارىلەر بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىش ھەققىدە پىلان تۈزۈشىمىز كېرەك. شۇ پىلانلارنىڭ ئىچىگە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىمكانلارنىمۇ قوشۇش كېرەك. مەن بىلىدىغان تۈركىيەدىكى ئىمكانلار:

ئۆي ئىجارىسى تۆلىيەلمەسلىك مەسىلىسىنى شۇ ئۆينى ئىجارىگە بەرگۈچى شىركەت بىلەن دېيىشىش مۇمكىن. يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى تۈركىيەدىكى ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىگە ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىن. ئەڭ ئاددىي مىسال، سەفاكۆيدە، زەيتىنبۇرنۇدا ئۇيغۇر سالغان، سېتىۋالغان

بىنالار بار. ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار سېتىۋېلىپ ئىجارىگە قويغان ئۆيلەرمۇ خېلى بار. شۇلارنىڭ ئىجارىسىنى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىككى تەرەپ بىلەن كېلىشىپ تۆۋەنلىتىش مۇمكىن. بەزى تەشكىلاتلارنىڭ ئادەمسىز سىنىپلىرى، بىنالىرى، يىللاپ ئادەم كىرمەيدىغان ئىشخانىلىرى بار. شۇلارنى ۋاقىتلىق بوشاقلار ياتىقى، ئىجارە تۆلىيەلمەيدىغانلار تۇرالغۇسى قىلىشقا بولىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا، بولۇپمۇ سېلىمپاشادا ئۇيغۇرلار سالغان، ئەمما سېتىلماي بوش تۇرۇپ قالغان ئۆيلەر بار، شۇلارنى ۋاقىتلىق تۆۋەن باھادا ھەل قىلىش مۇمكىن.

ئىستانبۇل دۇنيا بويىچە ئەڭ قىممەت ئون شەھەرنىڭ ئالدىنقىسىغا تەۋە. ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزانچىلىق تولغان شەھەرلەردىن كەلگەن. شۇڭا ئۇلارنى ئىستانبۇلغا توپلاپ قويغانلىق قىيىنچىلىقنى ئىستانبۇلغا يىغىۋالغانغا باراۋەر. ئۇيغۇريار فوندى 2017 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ نامرات، موھتاج، تۇل ۋە يېتىملارغا بېرىلىدىغان ياردەمنى ياردەم بەرگۈچى تەلەپ قىلمىسا، مەخسۇس شۇ ئىشقا بېرىش تەلەپ قىلىنغان ياردەم كەلمىسە توختاتتاقان. چۈنكى، ئۇ مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇن ـ ياغ تارقىتىش بىلەن نامراتلىق ھەل بولمايدۇ. بۇنداق كومپارتىيە قوللانغان ناباب ئۇسۇل بىلەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش مۇمكىن، ئەمما مەسىلە ھەل بولمايدۇ. شۇڭا ياردەم بېرىشنى ئىش بېرىشكە ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ بۇ كورۇنا مەزگىلىدە قىيىنچىلىقنى ئۆيدە قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئۇقۇشۇپ ئىش تېپىپ بېرىش ئارقىلىقمۇ ھەل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

بىز 2017 ـ يىلى تەشەببۇس قىلغان ئۇسۇللار ئۇيغۇرلارنى ئەرزانراق شەھەرلەرگە تارقاقلاشتۇرۇش ئىدى. يېتىملارنى تۈركىيە

دۆلىتىنىڭ يېتىملار مەركىزىگە يوللاش، ياشانغانلارنى ياشانغانلار ئورنىغا يوللاش... ئەمما بۇ پىلان قوللاشتىن مەھرۇم قالدى. بىز ئەرزان شەھەرگە كۆچمىسىگىز ياردەمنى توختىتىمىز دېگەنلەرمۇ ھازىرغىچە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتىدۇ. تۈركىيەدە مالچىلىقنى ئافغانلار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ ئىستانبۇلغا يىغىلىپ قالمىغان، يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتىدە ئۆزبېكلەر كىچىك شەھەرلەرگە قەدەر تارقىلىپ ئىشلەيدۇ، ئۇلارمۇ ئىستانبۇلغا يىغىلىپ قالمىغان. ئۇيغۇرغا ئىستانبۇلغا يىغىلىپ نامراتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بولۇپمۇ بۇگۈنكى چوڭ شەھەرلەر قىيىنچىلىقنىڭ مەركىزى بولۇپ قېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە قىممەتچىلىكتە نېمە بار.

شۇڭا بۇ نۆۋەت قىلىنغان ياردەمنى ئاشكارا، پىلانلىق ۋە ھېساب ـ كىتابنى تولۇق بېرىپ تارقىتىش كېرەك. بىزدە يوقى پۇل، لازىم نەرسە پۇل. ئەمما ھازىرقى بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە پۇلدىنمۇ مۇھىمى تەدبىر. بىزگە مەسىلىنى پۇل بىلەن ھەل قىلىدىغان ئەمەس تۈرلۈك ئىمكانلار بىلەن ھەل قىلىدىغان ئەقىل، ۋاقىتلىق ھەل قىلىدىغان ئەمەس ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەل قىلىدىغان، كىشىلەرگە تەسەللى بېرىدىغان ئەمەس تەدبىر كۆرسىتىدىغان، كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىلەرگە چىرايلىق گەپ، بىرەر خالتا گۈرۈچ ئېھسان قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەمەس، مەسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىدىغان كەسپى ئەستايىدىللىق، ئىنسانىي سەمىمىيلىك، ئاكتىپ تەشكىلاتچىلىق، خىيانەتسىز ساخاۋەتچىلىك روھى ۋە مېتودى كېرەك.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# گەپ بار يەرلەر مىغ - مىغ، ئىش بار يەرلەر جىم

بىر مەزگىل مەسىلىمىز گۇ ۋېنگۈينى تىللاش، گو بىلەن ئىنتىزارنىڭ مۇناسىۋىتىگە رازۋېدكىچىلىك قىلىش بولغانىدى، ئۇ گەپ بېسىقمايلا ۋىرۇسنىڭ ئېتىنى قويۇشنىڭ پارىڭى بازار تاپتى. بەزىلەر مېنى ئوقۇماي قالمىسۇن دەپ ئاتايىن ئەۋەتىپ قويىدۇ بۇنداق گەپلەرنى، مەنمۇ ئوقۇپ باقىمەن كۆڭۈل ئاياپ. ئەمما ئوقۇپ بولۇپ ئويلاپ قالىمەن. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز بار، بۇنى تالىشىپ نېمە قىلالايمىز؟ بۇ بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرامدۇ؟ بىر ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسى قىلىنىپ قالامدۇ؟ بىر غېرىبنىڭ دەردىگە دەرمان بولامدۇ؟

دوستلۇرۇم ۋىرۇسنى نېمە دەيمىز، ئىسمىنى قانداق قويىمىز؟ دېيىشىدۇ. مەن ۋىرۇسنىڭ لاگېرلارغا زادى يۇققان - يۇقمىغانلىقىدىن باشقىغا قىزىقمايمەن. مەن 500 مىڭدىن ئارتۇق پەرزەنتلىرىمىز قامالغان ياتاقلىق تۈرمىلەرگە كېسەل تارقالدىمۇ - يوق، شۇنىڭغا قىزىقىمەن. چۈنكى، مەن دونالد ترامپ ئەمەس. مېنىڭ ئۇ كېسەلنى خىتاي ۋىرۇسى دېيىشىم ئامېرىكىدا خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىنىشىغا، ئاسىيا چىرايلارنىڭ كەمسىتىلىشىگە سەۋەب بولمايدۇ. ئەگەر مەن «خىتاي ۋىرۇسى» دېسەم، بىر ئۇيغۇرنىڭ لاگېردىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولسا مەن بۇ ئۆمرۈمنى كۈندە خىتاي ۋىرۇسى دەپ يادلاپ ئۆتكۈزۈشكە رازى.

گۇ دېگەن ئەسلىدىنلا يالغان - ياۋىداق ئارىلاشقان ئاتالمىش پاكىتلىرى بىلەن دۇنيانىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن بىر مەخلۇق.

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھازىرغىچە يۈرگەنلەرمۇ بىر ئەخلەت. مۇشۇ ئەخلەتنىڭ گېپىنى قىلىپ، دەۋايىمىزنى ئەخلەت ـ چاۋا ئۇچۇپ يۈرگەن ئالۋاستى شەھىرىگە ئوخشىتىپ قالغانلارغىمۇ ئەقلىم ھەيران. ئىسىت، شۇ قىممەتلىك ۋاقىت. ئىسىت، شۇ زېھىن. ئىسىت، گەپ تېپىشتىن بۆلەك ھېچ ئىشقا بارمىغان بىچارە قول.

ئەسلى ئىجتىمائىي تاراتقۇ دېگەن شۇ، ھەممە مىللەت، ھەممە كىشى ئۆلچۈن ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىدىغان يەرنىڭ ئىسمى بۇ پىسپوق، يۇتۇپ، ئىنستگرام دېگەنلەر. ئەمما ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالى سەل پەرقلىق. گەرچە سىز ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىۋاتقان، لەۋلىرىڭىزنى گىمناستىكا قىلدۇرۇۋاتقان بولسىڭىزمۇ، بۇلارنى رەسمىي ئىش، بايانات، دەۋا دەپ قاراپ ئۆلچەملىنىپ ۋە ئۆلچەمسىزلىنىپ كېتىدىغان ئادەملەر بار. سىزنىڭ ئويۇن چىقىرىش ئۈچۈن دەپ قويغان گەپلىرىڭىز ئۇيغۇردا چوڭلاردىن كىچىكلەرگىچە ئۆلچەمسىزلىككە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ھەممەيلەن كېسەلنىڭ غەشلىكى بىلەن بىسەرەمجان. ھەر بىر ئۇيغۇر مۇھاجىرەتتە قېرىنداشلارنىڭ غۇربەتچىلىكى سەۋەبلىك غەم بىلەن. ۋەتەندە ئاپتاپلىق بىر كۈنگە تەلمۈرۈپ ياشاۋاتقان نەچچە مىليون قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆلچەملىك كۆزلىرى بىزگە تىكىلگەن. مۇشۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ ئاقىللىرى، سەرخىللىرى، بىلىمدار ۋە گەپتانلىرى گەپ تېپىش، گەپ كوچىلاش، گەپ پىتلىتىش، گەپ يورغىلىتىش، گەپ بازىرى ئېچىشنى قويۇپ بىر ئىش قىلغان بولساق. ھېچ ئىش قىلالمىساق، پىسپوقتىكى قۇرۇق گەپكە سائەتلەپ چىقارغان ۋاقىتتا بىر كىتابنى بېسىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ باقساق، بىرەر دېتالنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قۇر ھاجىتىدىن چىقىشقا يارىغۇدەك تىل ئۆگىنىپ باقساق، ساۋاقداشلىرىمىزنى

ئەسلەپ قانچىسى ساق، قانچىسى تۇتۇلدى تىزىملاپ باقساق، مەھەللىمىزدە قانچە مەسچىت بار ئىدى گۈگۈل خەرىتىسىدىن قاراپ باقساق، ئۆزىمىز ئوقۇغان مەكتەپلەردە، مەدرىس، كۇرسلاردا قانچە ئۇستاز هايات، قانچىسى لاگېردا، ئەسلەپ باقساق، نىكاھىمىزنى ئوقۇغان موللامنى، ئەزان توۋلىغان مەزىننى، ئاغزىمىزغا ئىلىم سالغان ئۇستازلارنى ئەسلەپ باقساق قانداق؟

ئاكتىپلاردا گەپدانلىق، چولپانلىق، ئېكرانپەرۋەرلىك نېمىشقا ئېغىر؟ توردا پالۋان، سىياسەتچى ۋە ئۇستاز ئاتالغانلار نېمىشقا بازارلىق؟ كىشىلەر نېمىشقا ئاسان قىزىپ ئاسان سوۋۇيدۇ؟ كۆپ غەيۋەت قىلىپ كەم غەيرەت قىلىدۇ؟ ئاسان تەنقىد قىلىپ تەس تەشۋىق قىلىدۇ؟ مەنچە ھېچبىر ئىشنى تۇتۇپ قىلمايدىغان، ھېچبىر ئېنىق پىلانىنىڭ كەينىدىن ماڭمايدىغان، ھېچبىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالمايدىغان، ئەمما تاپىدىغان گەپ، تۇتۇۋالىدىغان قۇيرۇق بولسا، چىشلىۋالىدىغان بىر يېرىنى بايقىسا، ئۆسۈپ قالغان بىر مەڭنى تاپسا، ئېچىلىپ قالغان بىر ئەۋرەتنى كۆرگەن بولسا كېچە ـ يۇ كۈندۈز كىرىشىپ كېتىدىغان ئاقىللار كۆپ بولغاچقا شۇنداق بولىدۇ. ئاۋامدا تاماشىچى، بازارچى، گازىرچى كۆپ بولغاچقا شۇنداق بولىدۇ. ئاقماس ئاقىللار ئاۋۇپ كەتكەچكە، گەپ بار يەر مىغ ـ مىغ، ئىش بار يەرلەر دائىم خالىي، دائىم جىمجىت.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# ھەممەيلەن قاراقاشلىق

قاراقاشتىن ئىسپات چىقتى. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق قاراقاشلىق ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئۇچۇرلىرى، تۇتۇلغان، كېسىلگەن ۋە لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى جاھانغا ئاشكارىلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 314 كىشى لاگېرلارغا قامالغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مەجبۇرىي تەربىيەلەنمەكتە.

لاگېرغا قامالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشتىكى ئورتاق سەۋەبى ئۇلارنىڭ چەتئەللەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغانلىقى ئىدى. دېمەك، يۈزلىگەن قاراقاشلىق ئۇيغۇرنىڭ چەتئەللەردە تۇغقانلىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن قارا كۈنلەرگە مەھكۇم بولغىنى بىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىش ۋىجدانلارغا ھاۋالە بولدى.

قاراقاشتىن تۇتۇلغانلار تىزىملىكى خىتايچە ئىدى. تىزىملىك مەيدانغا چىققاندىن كېيىن ئاۋۋال خىتايچە ئېلان قىلىندى. بىرەر گۇۋاھلىققا چىققۇچى بولمىغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇيغۇرچە نۇسخا ئېلان قىلىنغان بىر قانچە ھەپتە ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

قاراقاشلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتى تەمكىن ئىدى. چۈنكى قاراقاش خەلقى ئەزەلدىن ئۆملىششتىكى ماھارىتى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى ئۇستاز، ئۆلىما ۋە يۇرت كاتتىلىرىغا تىكىلگەنىدى.

قاراقاشلىق ئۇيغۇرنى قوزغاش ئۈچۈن ئۆلىمالارنىڭ كانى بولغان بۇ ئەزىز يۇرتنىڭ كاتتا زاتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا

مۇراجىئەت قىلدۇق. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، فارابى ئىلىم، تەربىيە ۋە تەتقىقات جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرغان ۋە شۇ سورۇنلاردا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇستازلارغا ئىلتىجا قىلدۇق. ئەمما ئۇلارمۇ چارىسىز ئىكەن. ئىسىم، فامىلە، ئادرېس، ئائىلە ئەزالىرى يېزىلغان تىزىملىكتىكى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق قاراقاشلىق ئۇيغۇرنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايدىكەن، بىلمەيدىكەن.

قاراقاشلىق ئۇيغۇر ھەر ئىشتا مەسلىھەتنى، كېڭەشنى، جامائەتچىلىكنى ئەلا بىلگەن بولغاچقا، زۇلۇمغا شاھىت بولۇشنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغىمۇ سەۋر قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆلىمالاردىن ئاگلىشىچە بىرلىششتە ھېكمەت، ئايرىلىشتا پالاكەت بار ئىدى. مۆمىن قاراقاشلىقنىڭ بۇ ھېكمەتكە ئىمانى كامىل ئىدى.

قاراقاشلىق ھەپتىلەپ جىمىپ قالدى، ھەپتە كېتىپ ئاي ئۆتتى، سۈكۈت قىلدى. «خىتايچە ئىكەن، ئۇيغۇرچە بولسا چىقاتتۇق» دېيىلگەن بولدى. نويابىردا تارقىتىلىشقا باشلىغان تىزىملىكنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قىلىپمۇ بولدۇق. تىزىملىككە گۇۋاھلىققا چىقىش چاقىرىقىغا شۋېتسىيەدىكى ئابدۇللا كۆكيار، قۇربانجان ۋە تۈركىيەدىكى بىر ئوقۇغۇچى ئاۋاز قوشتى. يازغۇچى دىلدار ئەزىز خانىممۇ قاراقاش ئۇيغۇرلىرىغا چاقىرىق قىلدى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزى قاراقاشلىقلارغا قادالدى.

قاراقاشلىق ئۇيغۇرنىڭ بۇنداق سۈكۈتىنى زۇلۇمدىن جاق تويغان بەزى ئۇيغۇرلار تەسلىمچىلىك، قورقۇنچاقلىق، قوۋم قېرىنداشلىرىغا ۋاپاسىزلىق دەپ چۈشەندۈردى. مەن سەۋرنى

تەۋسىيە قىلدىم، بۇ سۈكۈتنى تىزىملىكنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەسلىكتىن بولغان، دېدىم.

قاراقاشلىق ئۇيغۇر بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسمى تىزىملىكنىڭ قۇرلىرىدا مەۋجۇت ئىكەن. تىزىملىكتىكى كىشىلەرنى تونۇيمەن دېگەن 29 ئۇيغۇر چىقتى ھەتتا خىتاي تىزىملىكتە تېررورلۇق تەشكىلاتى قۇرغان دەپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئۇيغۇرمۇ سەفاكۆيدە ياشاۋاتقان ئىكەن، ئەمما مەيدانغا چىقمىدى.

قاراقاشلىق ئۇيغۇر يەنە سۈكۈتتە، مۇخبىرلار ئىستانبۇلدا قاراقاشلىقنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل. بۇنى بەزى زالىمغا ئۆچ، زۇلۇمغا مەيدانى قەتئىي، ئۇيغۇرنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئىرادىسى مۇستەھكەم ئۇيغۇرلار خاتا چۈشىنىپ ئۈلگۈردى. ئەيىبلەشلەر، تەنقىدلەر، دارتىملاشلار يېغىپ كەتتى. مەن قاراقاشلىق ئۇستازلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇردا مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ تېلېفونىغا مۇراجەتنامىنى بىر - بىرلەپ ئەۋەتىپ قويدۇم، ئەمما ئۇلارنى ئەيىبلەشكە قوشۇلمىدىم، بۇنى توغرا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

مەن قاراقاشلىقلاردىن پەخىرلىنىمەن. بوۋىمىز مەھمۇدنىڭ دىۋانىغا پۈتۈلگەن بۇ يۇرتنىڭ ئىسمى ساپ ئۇيغۇرچە، ئادەملىرىنىڭ جەسۇرلۇقى، جاسارىتى، جەڭگىۋارلىقى ئۇيغۇرچە ئىدى.

بىر ئەمەس، مىڭ قاراقاشلىق شاھىتلىقنى رەت قىلسىمۇ، مەن قاراقاشتىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشمەيمەن. چۈنكى قاراقاش ئۈمىد تۇغۇلغان يەر. قاراقاش ئۇيغۇرنىڭ مىللىي دەۋاسىنىڭ باشچىسى مەمتىمىن بۇغراغا ئەگەشكۈچى ئىنقىلابچىلار ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن جان تىككەن تۈمەنلىگەن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ يۇرتى.

مەن بۈگۈنكى قاراقاشلىقنى زۇلۇمغا شاھىت بولۇشتىن،

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا گۇۋاھچى بولۇشتىن قورقتى دېمەيمەن. 1933 ـ يىلى ئۇيغۇرنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن، شېھىت بولۇشتىن قورقمىغان قاراقاشلىق بۈگۈن شاھىتلىقتىن قورقمايدۇ. تېخى تۈنۈگۈن مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن شېھىتلىقنى تاللىغان قاراقاشلىق بۈگۈن قان قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي زىندانلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن شاھىتلىقتىن، گۇۋاھلىق بېرىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

مېنىڭ قاراقاشلىقلىرىم ئالدىراقسان ئەمەس، پەقەت مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغۇچى. مېنىڭ قاراقاشلىقلىرىم يەككە پىدائىيلىق قىلغۇچى ئەمەس، توپلىشىپ ئىش قىلغۇچى. شۇڭا تۈركىيەدە مەخسۇس قاراقاشلىقنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتلەر بار. ئىستانبۇلدا ھەرقانداق بىر چوڭراق تەشكىلاتتا بىرەر قاراقاشلىق چوقۇم بار. مېنىڭ قاراقاشلىقلىرىم شۇ قەدەر ئۆمدۈركى، زۇلۇمغا قارشى چىقىشتىمۇ ئۆملۈكتە مەيدانغا چىقىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ.

مېنىڭ قاراقاشلىقىم، ئۇلارنى مەھەللىسىدىن مۇھاجىرەتكە باشلىغان ئۆلىمالىرىنىڭ دەۋاغا باشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مېنىڭ قاراقاشلىقلىرىم پەرزەنتلىرىگە ئىمان سىڭدۈرگەن ئۇستازلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى روھىنىمۇ سىڭدۈرىدىغانلىقىغا ۋە زالىمغا قارشى سەپتە يۇرتقا باشلامچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا سۆكۈش ئەمەس سەۋر قىلىش كېرەك.

قاراقاشلىقنىڭ زۇلۇم ئارخىپى ئاشكارىلاندى. بىز بۇنى دۇنياغا ئاشكارىلايمىز دەۋاتىمىز. چۈنكى، قاماقلاردا، لاگېرلاردا ۋە زاۋۇت ئاتلىق زىندانلاردا خورلىنىۋاتقان شۇ قاراقاشلىق ئۇيغۇر ھەممەيلەنگە تۇغقان.

بىز قاراقاشلىق شاھىتلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن خىتاينى مات قىلىمىز. قاراقاشتىن چىققان ھۆججەت بىلەن خىتاينىڭ

جىنايىتىنى ئاشكارىلايمىز، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، غۇرۇرىنى پايخان قىلغان جىنايەتچىلەرنى ئادالەت سوتىدا چوقۇم سوتلايمىز. چۈنكى، ھەممەيلەن قاراقاشلىق، قارا كۆزلۈك ئۇيغۇر دەۋاگەرلەرمىز.

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى

***ئىزاھات:***

مەزكۇر تىزىملىككە قاراقاشتىن گۇۋاھلىققا چىققۇچى بىر ئايال بولدى، ئۇ 2020 - يىلىنىڭ بېشىدا مەيدانغا چىقتى. بۇ قەھرىمانىمىزنىڭ ئىسمى روزىنىسا مەتتوختى.

# ئۇيغۇردىكى مىسرغا باغلانغان سىرلار

قولۇمدا پىشقان، تولكىسمان خىتاي ئىستىخپاراتچىسى بىلەن توركىيەدىكى بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى تۇرۇپتۇ. بۇ سۆھبەت 2017 ـ يىلى فېۋرالدىن باشلىنىپ سېنتەبىرگە سوزۇلغان. بۇنى تېلېفونۇمدىن ئۆچۈرۈش ياكى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. قولۇمدا بار باشقا جاسۇسلارنىڭ رەسىم، سىن ئاۋاز ۋە سۈرەتلىرىنى توركىيەدىكى مۇناسىۋەتلىك دوستلارغا يوللاپ بەرگەن بولغاچقا تازىلاپ يوقاتتىم. مەن ئادەتتە قولۇمدىن كەلمەيدىغان، ئاقىۋىتىگە ئىگە بولالمايدىغان، بۆگۈنكى پاجىئەمىزگە بىۋاستە ئالاقىسىز ئىشلارغا زېھنىمنى ئىسراپ قىلمايمەن.

توركىيەدىكى، دۇبەيدىكى جاسۇسلار مەسىلىسى قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن. بولۇپمۇ مەندىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىدىكى توركىيەدە بولۇۋاتقان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى ھەققىدە دەۋاگەرلەر ۋە تورك ئىستىخپاراتىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپمۇ ھەل قىلالمىغان مەن. بۇ مەسىلىنى مەن ئەمدى ھەل قىلالمايمەن. شۇڭا قولۇمدا بار خىتاي ئىستىخپاراتچىلىرى ۋە ئۇلارغا ماسلىششقا مەجبۇر بولغانلار تەمىنلىگەن بارلىق ئۇچۇرلارنى يۇيۇپ تاشلاشنى قارار قىلدىم. ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىسىردا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە قايتىپ كېتىشكە زورلىنىپ، غايەت زور بىر تېرروورلۇق ھېكايىسىگە پىرسوناژ بولغانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە دەپ بېرىپ، ئۇھ دېيىشنى قارار قىلدىم.

سۆھبەتتە خىتاي ئىستىخپاراتچىسى ئا:

ـ ئاڭلىسام ئۇيغۇرلار مىسىردىن قايتىپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ، بۇ راستمۇ؟ مەجبۇرى ماسلاشقان ئۇيغۇر:

ـ ھەئە، ئۇلار تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن قىينىلىپ قالدى. خەجلەي دېسە پۇلى، ياتىدىغان يېرى يوق. يۇرتىغا قايتاي دېسە تۇتۇلۇشتىن قورقىدۇ.

ـ نېمىش قىلىۋاتىدۇ ئۇلار ئۇنداقتا؟

ـ تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن قىساس ئالىمىز، قورال ئېتىشنى مەشىق قىلىپ ۋەتەنگە قوراللىق كىرىمىز دەپ سۈرىيەگە كېتىشنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ.

ـ سانى كۆپمۇ ئۇلارنىڭ؟

ـ ۋاي كۆپ، بىرەر مىڭدىن ئارتۇق. ھازىر ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر بار يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بار.

سۆھبەت مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇ سۆھبەتنىڭ دېلوغا ئايلىنىش ۋە مىسىردا ئوقۇغان بالىلارنىڭ غايەت زور بىر تېررورلۇق گۇرۇھى دەپ قارىلىپ، بارغانلا يېرىدە تۇتقۇن قىلىنىش مەسىلىسىگە چېتىلىشى تۆۋەندە ئايدىڭلىشىدۇ.

2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ۋە شۇ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن ئىككى ئۇيغۇرنى جاسۇسلۇققا سېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال دۇبەيگە، ئاندىن تۈركىيەگە يولغا سالىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى سۈرىيەگە سەپەر قىلىدۇ. يەنە بىرى دۇبەيدىلا خىتايدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئىستانبۇلدا قېلىپ ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇ مىسىردا ئاشپەزلىك قىلغان بولغاچقا، ئىستانبۇلدىمۇ بۇرۇنقى تونۇشلىرى بىلەن تېپىشىپ كەسپىنى داۋام قىلىدۇ.

2019 ـ يىلى تۈرلۈك تاراتقۇلارنىڭ زىيارىتىنى مەخپىي، ئەركىن ئاسىيانىڭ زىيارىتىنى ئاشكارا قوبۇل قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىسمى مەمەتتۇرسۇن ئوسمان، خوتەننىڭ گۇمادىن. مىسىردا ئاشخانىدا ئىشلىگەن. ۋەتەنگە قايتىپ 2017 ـ يىلى فېۋرالنىڭ بېشىدا تۇتۇلغان ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ سوراق قىلىنغان.

سوراقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولغىنى مىسىردا باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە قورال ئېتىش، بومبا ياساشنى ئۆگەنگەنلىكى. مەمەتتۇرسۇن ئوسمان ئىسملىك بۇ ئۇيغۇر تاياققا چىدىماي ئاخىرى مىسىردا تېررورلۇققا دائىر تەبلىغلەرنى ئاڭلىغانىغا، قورال ياساش ۋە بومبا پارتلىتىشنى ئۆگەنگەنگە ئىقرار بولىدۇ.

ھېكايىنىڭ باش ـ ئاخىرى شۇ. مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇلىشىغا باھانە قىلىنغان ئىشلارنىڭ جەريانى، بېشىدا خىتاي مىسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تېلېفون، تۇرۇۋاتقان ئادرېسلىرىغىچە ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكى دوستلىرىنىمۇ چالا قويماي بىلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى بىر چوڭ تېررورلۇق ھېكايىسىگە قەھرىمان قىلىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتىشكە باشلايدۇ. گۇناھنى قانداق ئارتىش كېرەك؟ مىسىردىن كەلگەنلەرنى قىستاش! مەمەتتۇرسۇندەك ئۇيغۇردىن بىر قانچىنى ئۇرۇپ ـ دەسسەپ، ئۇلارنى مىسىردا ئاتالمىش تېررورلۇق تەربىيەسى كۆرگەنلىككە ئىقرار قىلغۇزىدۇ. ئاندىن ھەممىنى تېررورغا باغلاپ بىر خالتىغا سولايدۇ. تۈركىيەدە تۇرۇپ مەجبۇرى ماسلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ دېگەنلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى تېرروررچى قىلىش ھېكايىسىنى تېپىلماس ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوتتۇرا شەرقتە خىتاي قۇرغان بىر ئىستىخپارات تورى مەۋجۇت.

بۇ تورنىڭ مەركىزى دۇبەي. مىسىردا تۇتقۇن باشلىنىشتىن تۆت ئاي بۇرۇن ئىككى ئۇيغۇر، بەش خىتايدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئۈرۈمچىدىن دۇبەيگە، ئۇ يەردىن مىسىرغا چۈشۈپ ئاندىن تۈركىيەگە كەلگەن ۋە زەيتىنبۇرنۇدىكى ئىبىس مېھمانخانىسىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدە تۇرغان. بۇنداق تۈركىيە، دۇبەي ۋە مىسىرغا چېتىلغان بىر ئىستىخپارات تورىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ تورنىڭ كۈچى خىتاينىڭ تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلار مىسىردىن تۈركىيەگە كېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، مىسىرغا ياكى دۇبەيگە قايتۇرۇلغاندا ۋە بارغان يېرىدە تۇتقۇن قىلىنغاندا ئىسپاتلانغان.

ئۇنداقتا سۇرىيەگە كەتكەن ئۇيغۇرچۇ؟

مەن بۇ ئۇچۇرنىمۇ جايىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئەمما ئاتايىن مەخپىي كۆرۈشۈپ دېيىشكەنگە لايىق نەتىجە چىقمىدى. تۈركىيەدە يەتكۈزگەن باشقا ئىستىخپاراتلارغا ئوخشاش بۇ ئىستىخپاراتمۇ ماڭا ھېچبىر سىرلىق ۋەقەنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ بېرەلمىدى. تۈركىيەدىن سۇرىيەگە كەتكەن، تاغدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ ماڭغان ئۇ ئۇيغۇر نەدە؟ ئۇ قانداقسىگە ئۇدۇل سۇرىيەگە ماڭىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سۇرىيەگە تۈركىيەدىن خاتىرجەم ماڭىدۇ؟ نېمىشقا ئىران، ئىراق، ئىيوردانىيە ياكى ئىسرائىلىيەدىن كىرمەي تۈركىيەدىن كىرىدۇ؟

***ئىلاۋە:***

مىسىردىن چىقىشنىڭ سىرى تېخى ئېچىلمىدى. مىسىردىن قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرنىڭ ئاشكارا بولغىنى 30 دىن ئاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سانى، ئىسمى شۇ قەدەر مەخپىيكى، بۇنى خېلى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان دوستلارمۇ دېگىلى ئۇنىمايدۇ.

شۇنىڭغا قاراپ بۇ يەردە بىر سىر بار دەپ قارايمەن. ۋەتەندە تۇتۇلغانلارنىڭ بىلمەيلى، سانىنى ئاللالمايلى، مىسىردىن قايتۇرۇپ كېتىلگەنلەر نېمىشقا تېخىچە سىر پېتى قالدۇ؟ شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دوستلىرى يوقمىدى؟ ئوقۇغان مەدرىسىلەردە ئىسمى يوقمىدى؟ ئۇستازلارنىڭ قولىدا تىزىملىكى يوقمىدى؟ ماڭا بىر ئۇستاز 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچۇم بار دېگەنىدى، مەن سىنىپلىرىغىمۇ كىرگەن. شۇلارنىڭ تىزىملىكى يوقمىدى؟ نېمىشقا شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەۋاسىنى قىلمايمىز؟

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# ئاددىيلىقتىن قايىنغان قۇدرەت

مەن تۇتۇلغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ۋە ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا باشلىغان 2018 ـ يىلدىن كېيىن، قېرىنداشلار تۇتقۇن ئائىلە ئەزالىرى، تۇغقانلىرى ۋە دوست بۇرادەرلىرىنىڭ رەسىم ۋە باشقا كىملىك ئۇچۇرلىرىنى يوللاشقا باشلىغانىدى. مەن چىقارغان زىياليلار، ئۆلىمالار، تۈركىيەدىن قايتقان ئوقۇغۇچىلار، كومپيۇتېرچىلار، تەنھەرىكەتچىلەر، مىسىردىن قايتۇرۇلغانلار... قاتارلىق تىزىملىكلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھېچبىر تۈرگە تەۋە قىلغىلى بولمايدىغان شاھىتلار ۋە تۇتقۇنلارنىڭ ماتېرىيالى قولۇمغا يىغىلىپ قالدى. بۇلارنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئەۋەتىپ بەردىم، بەزىلىرىنى مۇخبىرلارغا تەمىنلەپ بەردىم. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم مۇخبىرلارنىڭ بەكرەك قىزىققىنى مەن تەر تۆكۈپ تىزغانلارنىڭ ئەمەس ھېچبىر تۈرلەرگە تەۋە قىلالماي قولۇمدا قالغان ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتى بولدى. نېمە ئۈچۈن؟

قەلبىنىڭ، ھېچبىر تۈرگە تەۋە ئەمەس شاھىت، ئادەتتىكى ئايال، ئۇ زەيتىنبۇرنۇدا تىككۈچىلىك قىلىدۇ. يولدىشى ئۈرۈمچىدە تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆزى ئىككى بالىسى بىلەن بىر دۇكاننىڭ بىرىنچى قەۋىتىنى ئىش يېرى، ئىككىنچى قەۋىتىنى ياتاق قىلىپ جاپالىق، ئەمما ھالال ياشايدۇ. بۇ ئايالنى زىيارەت قىلغان ب ب س، ۋايىس، سىكاي قاتارلىق قاناللار تېخى دەۋا سېپىدىكى خېلى ـ خېلى ئاكتىپلارنىمۇ زىيارەت قىلمىغان.

نېمە ئۈچۈن؟ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتى بەكرەك قىزىقىش

قوزغايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھېچبىر ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە تەشەببۇسكار بولمىغانلار ئاخباراتنىڭ قىزغىن نۇقتىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ؟ بۇ يەردە بىر سىر بارمۇ؟

دۇنيا ئەدەبىياتىدا جەۋھەر ئەسەرلەردىن سانىلىۋاتقان «يۈز يىل غېرىبلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «1984» قاتارلىقلاردا يېزىلغىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھېكايىسى. «يۈز يىل غېرىبلىق»تا يېزىلغىنى ماكوندۇ بازىرىدىكى بوئىندىيە جەمەتىنىڭ ھاياتى، «ئاننا كارىنىنا» رومانىدا يېزىلغىنى بىر ئادەتتىكى رۇس ئايالنىڭ ھېكايىسى، «1984»تە يېزىلغىنىمۇ ۋىنتسون ئىسىملىك ئادەتتىكى بىر ئادەم. بۈگۈنگىچە تارىختا ئۆتكەن ئارىستوتىل، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە ياكى چىڭگىزخانىدەك جاھاننى تىترەتكەن كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئەدەبىياتتا ئىنسانلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك يېزىلىپ باقمىغان ھەمدە ئىنسانلار يېزىلغاندىن تەسىرلىنىپمۇ كەتمىگەن. باشقا شەكىلدە يېزىلغان بولسىمۇ قەلبلەر تىترەپ، ئېكرانلار تەۋرەپ كەتمىدى، ھەتتا بازارلىق كىتابلار قاتارىغا تىزىلىپمۇ باقمىدى. دېمەك، ئەدەبىياتتا داڭلىقلار ئەمەس، ئاددىي ئادەملەر بازارلىق تېما.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ دىققەت قوزغىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئاكتىپلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى تاماشىبىنلاردا ئانچە كۆپ ھەيرانلىق قوزغىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تالاپەتكە قېلىشى بەك كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئەمەس، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلارنىڭ جازالىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلەر كۈتۈلگەن، پەرەز قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە ئەمەس، كۈتۈلمىگەن، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. شۇڭا ئادەتتىكىچە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىسى دۇنيادىكى ئاخباراتلاردا بەكرەك يېزىلىشقا سازاۋەر بولىدۇ.

دۇنيادا مەشھۇرلۇق سەھنىسىگە چىققان زاتلار، داڭدارلىق ئېكرانىنى ئىستېلا قىلغان ئۇلۇغلار، كاتتىلار سورۇنىنىڭ تۆرىگە چىققان ئۇلۇغلار دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. دۇنيادا يەنىلا ئادەتتىكىچە ياشاۋاتقان كىشىلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسان يەنىلا ئۆزى بىلەن ئوخشاش قىسمەت، ئوخشاش ھاياتتا ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا، تەقدىرىگە، كەچمىشىگە بەكرەك قىزىقىدۇ. شۇڭا ئاخباراتچىلار كۆپىنچە كۆرۈرمەنلىرىنى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ يەنىلا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئېكران، گېزىتكە چىقىرىشنى تاللىشى مۇمكىن.

مەن مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئۇيغۇر ئاۋامىنىڭ ھېكايىسىنى يىغىش، ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن زۇلۇمنى، ئۇلارنىڭ تۇتقۇن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كەچمىشىنى خاتىرىلەشنى نىيەت قىلىپ، ئارخىپلاشتۇرۇش تەتقىقات تۈرى يوللىغان ئىدىم. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق فوندى جەمئىيىتى بۇ تۈرنى تەستىقلاپ مەبلەغ ئاجراتتى. ھازىر بۇ تۈر 2019 - يىلى دېكابىردىن باشلاپ تۈركىيەدە داۋام قىلىنىۋاتىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھېكايىسى چوقۇم خاتىرىلىنىپ مېڭىشى كېرەك. شۇ خاتىرىلەرنىڭ خۇلاسىسى ئۇيغۇرنىڭ مەزلۇملۇق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق، خورلانغانلىق تارىخى بولىدۇ. تۇتقۇنلار ھاياتىنىڭ خاتىرىسى دۇنيا تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەتنىڭ پاكىتلىرى بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتىكى مەھبۇس قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتى قەلەمگە ئېلىنسا، چىنلىق بىلەن توپلانسا، ئۇيغۇر لاگېر مۇزېيى، ئۇيغۇر لاگېر خاتىرە سارىيى، ئۇيغۇرنىڭ تۇتقۇنلۇق ئارخىپ توپلىمى ئۈچۈن مەنبە بولىدۇ.

ئىنسان دۇنيانى ھېكايە بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشتىن، ھېس قىلىشتىن، چۈشىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن كىنو كۆرىدىغانلىقىمىز، نېمە ئۈچۈن رومانلارنى تالىشىپ سېتىۋالىدىغانلىقىمىز، نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس كىتابتىكى قىسسەلەرنى ئۇنۇتالمايدىغانلىقىمىز قېنىمىزغا سىڭگەن ھېكايەخۇمارلىقتىن بولغان.

ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى تېپىلماس بىر خەزىنە، بولۇپمۇ ھەر بىر ئادديلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى ئوقۇرمەنلىك دۇنياسى ئۈچۈن ئىلھاملىق بۇلاق. ئەگەر بىز بۇ ھېكايىلەرنى چىنلىق بىلەن خاتىرىلەپ، ئارخىپلاشتۇرۇپ، مۇمكىن بولسا سىنلىق، رەسىملىك، ئاۋازلىق قىلىپ توپلاپ چىقساق، دۇنيا كىنو تارىخىنى يېڭىلىغۇدەك ئەسەرلەرگە مەنبە بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدىغان رومان بىر ئادەتتىكى تۇتقۇن قىزنىڭ ھاياتىنى تېما قىلىشى مۇمكىن.

ئادەتتىكىچە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاددىي ھېكايىسىنىڭ ئاخبارات، ئەدەبىيات ۋە كىنو ساھەسىدىكى ئۈنۈمى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئەمەس. 2022 ـ يىلى دۇنيا ئۇيغۇرنىڭ لاگېر ھاياتىغا بېغىشلانغان بىر بازارلىق كىتابنى ئوقۇپ تاڭ قالدى. بۇ رومان ئەمەس، بىر ھۆججەتلىك ئەسەر، بۇ ئەسەرنىڭ قەھرىمانى كىم؟ ئاخباراتلارغا ئىزچىل مەخپىي نامى بىلەن چىقىپ، ئۇيغۇرنىڭ دەردى ـ پىغانىنى سۆزلەپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىزى. بۇ ھەپتىلىك ئەڭ بازارلىق بولۇۋاتقان كىتابنىڭ ئاپتورى، تونۇلغان ئامېرىكىلىق يازغۇچى مەزكۇر كىتابقا بىرەر داڭلىق ئۇيغۇرنىڭ، تاراتقۇلاردىكى بىرەر شاھىتنىڭ كەچمىشىنى ئەمەس، نامى چىقمىغان بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ھېكايىسىنى تاللىدى.

دۇنيا ئادەتتىكىچە خىياللار، غەملەر ۋە دەردلەر بىلەن ياشاۋاتقان ملياردلىغان كىشىلەر بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ ئاددىي

ھاياتى دۇنيانىڭ تۇرمۇش چىنلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۆزىگىزنىڭ ئادەتتىكىچە ھاياتىڭىزنى، بېشىڭىزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەتتىكىچە كەچمىشلەرنى، سىزنى ئۇيقۇسىز قويۇۋاتقان ئاللىقاچان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كۈندىلىك، ئادەتتىكىچە كەچمىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋەقەلىكلەرنى ئاددىي سانىماڭ، دۇنيانى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزىدىغىنى، كىشىلەرنىڭ كوچىلارغا سەلدەك ئېقىشىغا سەۋەب بولىدىغىنى، دۇنيانى ئېكرانغا مەستانە قىلىدىغىنى دەل سىزدەك، مەندەك ۋە ئۇنىڭدەك ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كەچمىشلىرى.

رەسىمدىكى يۇسۇپ نىياز، مېنى ئاقسۇدىن قەشقەرگە ئىزدەپ كېلىپ كۆرۈشكەن ئاددىي بىر دوستۇم، يەككە تىجارەتچى. مەن مېنى ۋە ئەسەرلىرىمنى سۆيگەن مۇشۇنداق ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئەڭ يېقىن دوست بولالايدىكەنمەن، بايقىشىمچە شۇنداق كىشىلەر بىلەن دوستلۇقىمىز ئۇزۇن داۋام قىلىدىكەن. بۇ دوستۇم ھەققىدە يېزىش مەن ئەڭ ھۇزۇر ئالىدىغان ئىش، بىر كۈنى يازىمەن سىزنى يۇسۇپ، قاماق سىزنى يەپ كېتەلمەيدۇ، بىز چوقۇم 2012 ـ يىلدىكىدەك قۇچاقلىشىمىز.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# سازايىلىق «خائىنلار» ھەققىدە قىسسە

ئەنۋەرجان ئاكىمىز بىلەن ئەزىز ئەيسا ئاكىمىزنىڭ رەسىملىرى سازايى قىلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇنداق بۇنداق سۆز بىلەن ئەمەس، دۇنيادىكى ئەڭ سەت، ئەڭ مەينەت، ئەڭ سېسىق، ئەڭ بەتبەشىرە، ئەمما توربازلارنىڭ تىلىدا «قېلىن!» دەپ نازلانغاندەكلا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر سۆز بىلەن، ئۇ نېمە؟ «خائىن!!!».

بۇ سازايى قىلىنغان، پىپەنگە، كۇرەشكە تارتىلغان قانچىنچى ئۇيغۇردۇ؟ بىلىشىمچە دولقۇن ئەيسا تۇنجىسى ئەمەس، ئەمما دولقۇن ئەيسانىڭ مۇشۇنداق سازايىلار سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار كۆپ ئىشلىتىدىغان فېيسبۇكنى «داد!» دەپ تەرك قىلغانلىقىنى بىلىمەن. 2018 - يىلى بىر قېتىم ئۆزى ناھايىتى رەنجىپ تېلېفوندا «ئانام تۆگەپ كەتتى، دادام توقسانغا يېقىنلاشقان ئادەم ئىدى، كىم قاراۋاتقاندۇ دەپ يۈرۈكۈم سۇ. بۇنىڭغا چىداپ ئاران تۇرسام ئۈستۈمدىن پىتنە تارقىتىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىنى قاراڭ، يا ئىسمى، يا رەسمى، يا ۋىجدانى يوق. شۇ نائەھلىيلەرنىڭ دەستىدىن فېيسبۇكتىن باشلاپ ھەممىنى تاقىدىم» دېگەنىدى.

ئارسلان ھىدايەت تۈزلىكىدە راستچىل ئىنىمىز بولىدۇ. كۆپ سازايى قىلىنغان بۇ ئىنىمىز بىلەن مەن قېيىن ئاتىسىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ئىزدىشىپ تۇرۇمىز. ئەمما ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى پايتەختى ۋاشىنگتون»، «ئىرقچى

بولماڭ، دەۋاگەر بولۇڭ» دېگەن ماقالىلىرى سەۋەبلىك ئاڭلىغان دەشنەملىرى سەۋەبىدىن ۋاز كېچىپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىسەم بارغانچە كۈچلىنىپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ مەلىكىسىنى ئۇيغۇرغا سۆزلەيدىغان قىلىۋېتىپتۇ. ئاپىرىن ئىنىم. رەنجىمە، سېنى شۇ تارتقان ئۇۋالچىلىقىڭدا قوللىيالمىدىم، توغرىسى ئاشكارا قوللاشتىن قورقتۇم. چۈنكى «مەنىۋى پايتەخت» دېگەن گەپنى مەن ياقتۇرالمىدىم. ئەمما سېنىڭ شۇنداق دېيىش ھوقۇقۇڭنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندا چوقۇم ئاشكارا قوللايمەن. ھازىرقى بۇرچ بىردىنبىر ماددىي ۋە مەنىۋى پايتەختىمىزنىڭ ئۈرۈمچى ئىكەنلىكىدە قەتئىي، تەۋرىنىش يوق چىڭ تۇرۇشتۇر.

سازايىلىق يەنە بىر شەخس ئىنتىزار، مەن ئۇنىڭ بىرەرمۇ سىن، ئۈن ۋە يېزىقىنى كۆرۈپ ياكى ئوقۇپ باقمىغىنىم ئۈچۈن بىلمەيمەن. ئەمما گو ۋېنگۈيدىن قول ئۈزۈپ مۇستەقىل بولغىنىنى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ مەككار جاسۇسنىڭ تىزگىنىگە يېقىن يولىماي يىراق تۇرغانلىقىدىن مەمنۇنمەن. بارغانچە زورىيىۋاتقان دەۋا قوشۇنىمىزدا ياشلارنىڭ بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلغىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يامان گۇمان قىلغانلارغا «ھەي، شىمشىكەڭنى چاقە ماڭ!» دېگۈم كېلىدۇ. ھەيرانمەن، قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن مىننەتدارمەن.

قۇززاتنىڭ سازايى بولغان يەرلىرى ئەڭ كۆپ، ئەمما ياشلارغا خاس مودا تۇرىقى ماڭا سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ، يۇتۇپتا ئۇنىڭ سىنلىرىنى بەك مودا دەپ ئاڭلىدىم. قارىغاندا تەدبىركار، قورقماس، چاققانلىقى ياقسا، قىز - يىگىتلەر ئۇنىڭ نۇتۇقىنى ياقتۇرسا كېرەك. مەن خېلى بولدى، چىقارغانلىرىنى ئوقۇپمۇ بولالمىدىم. ئەمما ياشلارنىڭ بارماقلىرى چاققان، تەپەككۇرى تېز، كەيپىياتى ساز بولامدۇ قانداق سۆزلەپ - يېزىپ، ئىشلەپ

ھارمايدۇ. مەن ئۇنىمۇ سازايىلاردىن زېرىكمىسكەن دەيمەن. چۈنكى، سازايى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭدەك ئامېرىكىدا شىركەت قۇرۇپ يۈز ئۇيغۇر پاتقۇدەك بىر زالنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىغان. ئۇنىڭ شىركەت ئورنى ھازىر ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىش مەركىزى ئىكەن. كەچۈر ئىنىم، مەن ساڭا ئەگىشىپ بولالمىدىم. چۈنكى، بەك كۆپ يېزىپ، چەبدەس ئىشلەيدىكەنسەن، يېتىشىپ بولغىلى بولمايدىكەن ساڭا.

سازايىلىق ياشلارنى ساناپ بولدۇم بەلكى، قالغانلار ئۇنچە سازايى بولمىدىغۇ دەيمەن، بولسىمۇ سازايى قىلىشقا لايىق ئىش قىلغانلار بولدى، ئۇلارنى دەپ يۈرمەيلى. گەپنى يەنە ئەنۋەرجان ئاكام ۋە ئەزىزكاملارغا قايتۇرۇپ كېلەيلى، نېمە بولدۇڭلار ئاكىلار؟

نېمىشقا ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە قوش تىلدا قوش ماكانلىق سۆزلەر يېزىلىپ قالدى؟ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ شۇنداق قىپتىكەن دەپ ئاڭلىغان، بۇ قانداق ئەنئەنە؟ گەپنى بىرلا دەيلى، چۈنكى، بىز «بىرنى بىر» دەيمىز، ياقۇپ بەگ 50 مىڭ ئۇيغۇرىمىزنى قىرىپىمۇ ياندۇرالمىغان گەپ بۇ! نېمە قىلىمىز قوش تىلدا قوش سۆزلەپ؟ مەنچە دىققەتسىزلىك بولۇشى مۇمكىن. مەن سىلەر بىلەن دوست، ئاكا ـ ئۇكا، ھېچبىر يامان گۇمانىم يوق. ئەمما بۇنداق بىر باياناتنى ئېلان قىلغانلىقىڭلارنى بىلمەيدىكەنمەن.

ئەنۋەرجان ئاكام ئۆزىنىڭ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئىلھام توختىنىڭ دەۋاسىنى تۆت يىل قىلدى. ئىلھام توختىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ غەربىي ياۋروپانى كېزىپ چىقتى، 200 ياۋرو ئايلىق بېرىپمۇ ئىلھام توختىنىڭ تور بېتىنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم تاپالمىغىنىغا مەن شاھىت، 50 يىل دەۋا قىلىپ ئىشلەپ بېرىشكە ئادەم تاپالمىغان كىشى، تىللايدىغان ئادەمنى مانا بۇگۈن يۈزلەپ تاپتى.

2019 ـ يىلى ئۆكتەبىردە گوللاندىيەگە يىغىنغا كەلگەندە ئاپتوبۇس بىلەن كەپتۇ، نېمىشقا؟ ئايروپىلان بېلەتكە كەتكەن پۇلنى ئۇيغۇر مەركىزىگە ئىئانە قىلىش ئۈچۈن. مەن ئۇنداق ئالىيجانابلىق قىلماپتىمەن، ئايروپىلاندا كېلىپ كەتتىم، پۇلمۇ ئىئانە قىلمىدىم. ئەمما بىر سەممىيەتنى ئۆگەندىم، دەۋاغا، ئۇيغۇرغا بولغان بىر سەممىي سۆيگىنى. شۇ قەدەر سەممىي ئادەم نېمىشقا ئىككى تىلدا پەرقلىق بايانات يازغاندۇ؟ بۇنى بەلكىم ئۆزى چۈشەندۈرەر.

ئەزىز ئەيسا ئاكىمىزنىڭ «جاۋابسىز قالغان تېلېفون» دېگەن فىلىمى 30 مىڭ دوللارغا توختىغان. مېنىڭمۇ شۇنداقراق بىر ئويۇم بولغىنى ئۈچۈن غەربتە ئەيىب سانىلىدىغان بۇ پۇل ئىشىنى سوراپ بىلىۋالغانىدىم. نېمە پايدا ئالدى؟ ھېچ نېمە. چۈنكى، بۇ بىر تەشۋىقات فىلىمى، دەرد ئېيتىدىغان فىلىم، ھېچبىر فىلىم شىركىتى سېتىۋالىدىغان ياكى ھېچبىر كىنوخانا ھەق بېرىپ قويىدىغان فىلىم ئەمەس. ئەمما بۇ فىلىم ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى ئەستىن چىقماس قىلىپ مېڭىلەرگە قۇيۇۋېتەتتى. مىڭ قېتىم لېكسىيە سۆزلىگەندىن مۇشۇنداق بىر فىلىم ئىشلەنسە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۈگۈنكى دەۋر ئېكران دەۋرى. ئەزىزكام دادىسىنىڭ يۆتكەلگەن قەبرىسىنى خەلقئارا خەۋەرگە ئايلاندۇرغان، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ گۆرىدىمۇ ئەركىن ئەمەسلىكىنى، تىرىكنىڭ ئەمەس ئۆلۈكنىڭمۇ خورلىنىۋاتقانلىقىنى دۇنياغا ئاشكارا قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر. ئەمما دادىسى لاگېردا، ئانىسى تۈرمىلەردە شېھىت بولغان يۈزلىگەن ئۇيغۇر بار، «ۋاي دادام، ۋاي ئانام» دەپ ئاۋازلىق يىغلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان. ئەزىزكا بۇنچە باتۇر، غەيرەتلىك، پاراسەتلىك ئادەم، نېمىشقا قوش تىلدا قوش مەنىلىك گەپ قىلدىڭىز؟ بەلكىم، بۇ ئاكىمىزمۇ ئۆزى چۈشەندۈرەر.

ئارسلان، قۇززات، ئىنتىزار، دولقۇنكا، ئەنۋەرجان ئاكا ۋە ئەزىز ئاكا روزاڭلار قوبۇل بولسۇن، ئۇلۇغ كۈنلەردە ئامان بولۇڭلار، روزىدار كۈنلەردىمۇ شەيتىنىغا قۇل بولغان تاماشاپەرۋەرلەرگە گەپ قىلماي دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، «قۇلاق تىنىچ ئۇماچ ئىچ» دېگەن لامزەللە ھېكمەتكە، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن جانباقار ماقالغا، دەۋادىن داستىخاننى ئەلا بىلىدىغان ياشاش ئۇسۇلىغا، ھەقنى ئەمەس خەقنى كۆزلەپ ياشايدىغان خۇيسەنلىككە، روزا - رامىزان دېمەي تۆھمەت قىلىدىغان، شىمشىكا چېقىپ گەپ تاپىدىغان ئادەملەرگە مەنىستىمەي نەزەر سېلىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار، ئەمما گەپ ئوچۇق بولسۇن. چۈنكى، بىز «بىرنى بىر» دەيدىغان ئۇيغۇر.

2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# ھەر رامىزاندا بىر تېتىقسىزلىق

مۇھاجىرەتتە، ھەر رامىزاندا بارغانچە پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقان پىكىر بازىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن ئۆزۈمنى. گەپلەردە ھېچبىر ئۆلچەم، پىكىرلەردە ھېچبىر مىزان، ھۆكۈملەردە ھېچبىر ئەستايىدىل ئاساس تېپىلمايدۇ. گەپنى دەۋالسىلا، ئاڭلىغۇچى چىقسىلا، بازار قىزىپ ئادەم يىغىلىپ كەتسىلا، «مانا، نەقەدەر كارامەت ئادەممەن ـ ھە!» دەپ ئىشتىنىغا سىغماي كېتىشلەردىن ئۆرگىلەي. ئۇلۇغ رامىزاندا ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋاتقانلىرىڭ بىر ئادەمنىڭ دەردىگە دەۋا بولۇپ، بىر مىسكىننىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، بىر غېرىبنى غۇربەتتىن خالاس قىلسا كاشكى.

ھەر يىلى رامىزاندا بىر تەمسىز پاراڭ، ئىگىسىز تەنقىد، قوزغىغۇچىسىنىڭ تايىنى يوق ياكى مەخپىي مۇنازىرە قايناپدۇ. نە شۇ ئۇلۇغ پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى «بۇ گەپنى بۇگۈن دېمىسەم يار ئالىدىغان باغ، ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان تاغ بولمىغاندىكىن تۇرۇپ تۇراي» دېمەيدۇ. نە شۇ قۇرۇق گەپلەرنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ ئەگىشىپ گۇپپاڭچىلىق قىلغۇچى بىكارچىلار «ماۋۇ گەپنى دەۋاتقان ئادەمنى مەن تونۇمىدىمەن، بۇ كىم، قاچان، قەيەردە نېمە قىلغان، قايسى سالاھىيەتتە مۇنۇ گەپنى دەيدۇ؟ نېمشقا داۋاملىق سالاھىيىتى روشەن، قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئاشكارا كىشىلەر تامنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ چىشلەپ قاچىدىغانلار، تىللاپ يوقاپ كېتىدىغانلار ياكى باشقىلارغا پاتقاق چاچرىتىپ تاماشا كۆرىدىغانلارنىڭ گېپىگە قالىدۇ. مەنمۇ بىر

سۇرۇشتە قىلىپ باقاي» دېمەيدۇ.

بىر خۇپىيانە دانىشمەن ھەر رامىزاندا چىقىپ يايما ئاچىدۇ، بازارنى قىزىتىپ بولۇپلا كاپىسىغا كىرىپ تاماشا كۆرىدۇ، دائىم شۇنداق بولىدۇ. قىرىشقاندەك ھەر رامىزاندا شۇنداق. بىر قانچە يۇرەكلىك ئادەم ياكى بىر بۆلۈك جىگەرلىك باشلامچى چىقىپ، «ھەي جامائەت، بىز ئىمان ئېيتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمان، ھازىر ھەممەيلەن رامىزاندا، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىپ دىللارغا ئازار بېرىشمەيلى، رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىززىتىنى، ئىمانىمىزنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرمايلى» دېمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەر رامىزاندا بىر ۋە بىر قانچە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن زوھۇرلۇق يېيىش ۋە ئىپتار قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ رامىزان ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ رامىزاندىن بۇيانقى چاپ - چاپ بازارغا قاراپ بارغانچە ھەيران قېلىۋاتىمەن. خىتايدىن ئالالمىغان دەردىنى ئۇيغۇردىن ئېلىشقا قەسەم قىلىشقان، خىتايغا تەگلەپ باقمىغان تىغىنى ئۇيغۇر ئۈچۈن بىلەپ تەييار قىلىشقان قەھرىمانلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلار ئاجايىپ بىرلەشتى، شۇنچە زۇلۇمنىڭ ئالدىدا غىڭ قىلمىغانلار خۇددى خىتايدا بىر ۋەقە بولۇپ بولغىچە مەيدان جاكارلاش، چەك - چېگرا ئاجرىتىش، سەپ تۈتۈشلار بولغاندەك، شۇ مۇھىتتا يېتىلدۈرگەن خۇيلار جارى بولۇپ مەيدانلارنى ئايرىپ ئۈلگۈردۇق، بىر - بىرىمىزگە قارشى، ئەپسۇس، مەيدان خىتايغا قارشى ئەمەس، بىر - بىرىمىزگە قارشى ئايرىلدى.

بۇ رامىزاندىمۇ يەنە تەنقىد قايناپ كەتتى. زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ گېپى ئاز كەلگەندەك ئۆلۈكلەرنىڭ دېيىمۇ چېلىنىشقا باشلىدى. رەھمەتلىك ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بازارچى مەدداھلارنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندى. كېلەيلى شۇ بىزنى

مۇستەقىل قىلىپ قويىدىغان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت مۇھىم، كارامەتلىك شۇ ھۆججەتكە: بىرىنچى، ئالدى بىلەن ئۇ نېمە ھۆججەت؟ بۇنى ئېنىقلاش كېرەك. ئوتتۇرىدا ئېقىپ يۈرگەننىڭ ھەممىسى گەپ، ئاڭلىۋالغان، كۆردۈم دېگەنمۇ شۇ ئەپقاچتى بىر گەپ، كۆردۈم مانا، ماۋۇ مەزمۇندا ئىكەن دېگەن بىرمۇ لىللا، تەرەپسىز ئادەم يوق. ئىككىنچى، ئۇ ھۆججەت بولغان تەقدىردىمۇ، جاڭ جىجوڭ شۇنى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ پىكرى بولۇشى مۇمكىن، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى ياكى باياناتى ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بىر مۇھىم بايانات بولغان بولسا تەيۋەندە مۇكەممەل ئارخىپ ئامبىرى بار، شۇ يەردە بولماي پەقەت ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ ئوغۇللىرىدا بولامدۇ؟ ئۈچىنچى، ئۇ باياناتمۇ بار دەيلى، ئەنگلىيە بىلەن تۈزۈلگەن توختامغا ئەمەل قىلماي خوڭكوڭدا خالىغاننى قىلىۋاتقان خىتاي، ئاشۇ ئېتى يا سېپى يوق ھۆججەتنى كۆرۈپ تەمتىرەپ تىترەپ كېتەرمۇ؟ شۇ قىممىتى قىسىر ھۆججەت دەۋايىمىزغا بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن مەرھۇم رەھبىرىمىزنى يوققا چىقىرىشقا يېتەمدۇ؟ بۇ قانداق ئىنساپ، بۇ قانداق ئىنسانلىق؟

نېرۋىلارنىڭ چاراسلاپ، تۇيغۇلارنىڭ قالايمىقانلىشىپ، ئەقىللەرنىڭ خاراب بولغانلىقى ئېنىق بولۇپ بولغان بولسا كېرەك. 70 تىن ئاشقان بىر ئادەمنىڭ، ئۇزۇن يىللىق بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر دەۋاگەرنىڭ ئىلھام توختى ھەققىدە قىلغان دەۋاسى داۋامىدا ئېلان قىلغان بىر باياناتى ئۇنىڭ «خائىن» بولۇشىغا يېتىپ ئاشتى. 16 يېشىدىن باشلاپ ئاشكارا دەۋاغا ئۆتكەن يەنە بىر ئۇيغۇرغا ئۇلۇغ رامىزاندا ئۆلۈم تەھدىتى سالغان ئادەم، ۋە بۇنى تاماشا قىلغان ئادەملەر چىقتى. بۇنداق رەھىمسىزلىك، بۇنداق نەپرەت قەيەردىن كەلدى؟ 71 ياشلىق ئادەمنىڭ مۇشۇ ئازابلارغا

بەرداشلىق بېرەلمەي مېڭىسىگە قان چۈشسە، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىسا، شۇ ئۇلۇغ بايقاشنى مەيدانغا ئاتقان قايسى ئۇلۇغ دانىشمەن پۇشايمان قىلار؟ ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە ئارتىلغان تۆھمەتكە چىدىماي قېرىپ قالغان ئەركىن ئالپتېكىننىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتسە، قايسى ئۇلۇغ دەۋاگەر چىقىپ دەۋاسىنى قىلار؟

ھەر رامىزاندا بىر قۇرۇق گەپ، غەيۋەت، تەنقىد، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت قۇتراپدۇ، قۇترىتىدىغان ئادەم چوقۇمكى ئارىمىزدىكى دانىشمەنلەردىن، ھېچبىر تەشكىلاتقا، ھېچبىر جەمئىيەتكە تەۋە بولۇپ باقمىغان «ئىنقىلابچىلار» ئىچىدىن چىقىدۇ. شۇنى قىلىدىغان ئادەم يا كىچىك بالا ئەمەس، ياكى ئەقلىسىز ساۋاتى چالا ئەمەس. ئەي ئاقىل، دانا، پېشۋا، شۇنى ئاڭلاڭ! دۇنيادا مەسئۇلىيەت دەپ بىر گەپ بار، سىز بىرىنى دىنسىز دەپ كىرىپ ئۇخلاپ قالسىز، ئەمما شۇ گېپىڭىز بىلەن دىنسىزغا تىغ سالىدىغان بىرى چىقىدۇ. سىز بىرىنى خائىنلىققا چىقىرىدىغان بىر گەپنى دەپ قويۇپ ئارامىڭىزنى ئالسىز، ئەمما ئۇ «خائىن»نى سازايى قىلىدىغان بىر سەرخۇش ياكى بىر توپ ساياق چوقۇم تەييار بولىدۇ. ئەي تالانتلىق تەنقىدچى! بىزنى رامىزاندا تىنچ قويغىن، ئۆلۈكلەرنى چېشلىمە، تىرىكلەرگە شىلتىڭ ئاتما، رامىزاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئىنسان ئاتىلىققا بۇ قەدەر شۇملۇق، شۇمپەنلىك، شەرمەندىلىك قىلماي بىر ئېغىز گەپنى بولسىمۇ رامىزاندىن كېيىنگە ئېلىپ قويغىن، رامىزان توشقىچە ساقلاپ تۇرغىن سوۋۇپ قالمايدۇ.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## مۇستەقىللىق ئېتىقاد ئەمەس

مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇرلارنى شىرىن ئارزۇلاردا ئەللەيلەۋاتقان، تەشكىللەۋاتقان، بەزىدە مېڭىلەردە ۋە سورۇنلاردا غوڭۇلداپ كىشىنى بىئارام قىلىۋاتقان، بىھۇدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ پەيدا قىلىۋاتقان، يوق يەردىن گەپ، زىددىيەت تېرىۋاتقان، ئورۇنسىز ئەيىبلەش، نىزا ۋە ھۇجۇملارغا سەۋەب بولۇۋاتقان بىر يۈرۈش مەسىلىلەر بار. بۇلار ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسى، دەۋادىكى ئىككى قۇتۇپ مەسىلىسى، ئاخباراتقا مۇستەقىللىق دېيىش ياكى دېمەسلىك مەسىلىسى، مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانداق يول تۇتۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار. تۆۋەندە مەن بۇ توغرىلىق ئويلىرىمنى دەپ باقاي.

### 1. توختىماي قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسى

تۇنجى شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندە ھۆكۈمىتى 2004 - يىلى ئامېرىكىدا قۇرۇلغاندا خېلى ئۇبدان ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى خىتايدىكى ئائىلىسىنى يوقلىغىلى بارغاندىن كېيىن زىددىيەت قايناپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بۇ سابىق باش مىنىستىرنىڭ باشچىلىقىدا ھازىرغىچە ئۈچ - تۆت ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بولدى. بۇندىن كېيىن داۋاملىق قۇرۇلۇش ئېھتىماللىقى يوق ئەمەس. بۇنداق ھۆكۈمەتلەر پەقەت سىمۋوللۇق رول ئوينايدىغان بولغاچقا، دۆلىتى يوق مىللەتنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئېھتىياج بولمىغاچقا، نەتىجە چىقمىدى. ئادەتتە بۇنداق ھۆكۈمەتلەرگە ھېچبىر ۋەزىپە ئارتقىلى بولمايدىغان بولغاچقا،

رولى بولمىغان، ۋەزىپىسى بولمىغان، سىمۋوللۇقتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغان بولغاچقا، ئاسانلا قۇرۇلۇپ ئاسانلار تارقىلىپ كېتىپ بارىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەتلەرنى قانۇنى جەھەتتىن بىر تەشكىلات سۈپىتىدە ئەنگە ئالدۇرماي پائالىيەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ ھۆكۈمەت ھەر قايسى ئەللەردە قانۇنلۇق پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن شۇ سۈپەتتە ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئەنگە ئېلىنمىغانلىرى پەقەت بىر قېتىملىق داستىخاندارچىلىقنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا 2004 ـ يىلى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتتىن باشلاپ پارچىلىنىش، پاتىپاراقچىلىقتىن خالىي بولغان بىرمۇ ھۆكۈمەت بولۇپ باقمىدى.

**2. دەۋادىكى ئىككى قۇتۇپ مەسىلىسى**

1950 ـ يىللاردىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مۇھاجىرەتتە ئىككى قانىتى بولغان. بىرى، سوۋېت قوللىغان، ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا قىلغان قانات. يەنە بىرى، ئامېرىكا باشلىق غەرب قوللىغان، تۈركىيە ۋە گېرمانىيەنى بازا قىلغان قانات. سوۋېت قوللىغان قانات سوۋېتنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئاجىزلىدى.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېتنىڭ سوغۇق ئۇرۇشى تۈگەپ ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنياغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، كوممۇنىزم لاگېرىغا مەنسۇپ دەۋانىڭ قانىتى سۇندى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رۇستىن قۇتۇلۇپ خىتاينىڭ ئىقتىسادى مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشى بۇ قاناتنىڭ پائالىيەت بوشلۇقىنى ئاساسەن بوغۇپ تاشلىدى.

ھازىر دەۋادا داۋام قىلىۋاتقىنى ئامېرىكا باشلىق غەرب قوللىغان قانات بولۇپ، بۇ قاناتنىڭ تارىختا مىيۇنخېن ئازادلىق رادىيوسى بولغان، ھازىر ۋاشىنگتوندا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى بار.

1950 ـ يىللاردىن كېيىن، غەرب قوللىغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى غەرب قوللىغان ۋە ئاچقان يىغىنلارغا قاتنىشىش، مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك هوقۇق ئورگانلىرىغا دوكلات يوللاش، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە بولۇۋاتقان زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلىتىش قاتارلىق شەكىلدە داۋام قىلىپ كەلگەن.

سوۋېت قوللىغان دەۋانىڭمۇ تاشكەنتتە ۋە ئالمۇتىدا تەشۋىقات ئورگانلىرى بولغان، ئەمما خەلقئارا يىغىنلاردا پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن، ئىزچىل قوراللىق كۈرەشتىن ۋاز كەچمىگەن ۋە تۈرلۈك شەكىلدە تەييارلىق قىلىنغان. لېكىن تىزگىن بىۋاستە سوۋېتكە باغلانغانلىقى ئۈچۈن، هېچبىر ئۈنۈملۈك ئەمەلىي هەرىكەت بولمىغان، تەشۋىقاتتىن باشقا تەدبىر قىلىنمىغان، هېچبىر نەتىجە كۆرۈلمىگەن.

1997 ـ يىلدىكى غۇلجا پاجىئەسىدىن كېيىن، سابىق سوۋېتتىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرى بىلەن تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاگەرلىرى ۋە ۋەتەندىن چىققان كۈچلەر خىتايغا قوراللىق قارشى تۇرۇشتا بىرلەشكەن. قوراللىق كۈرەشتە دىنىنىڭ ۋاستە قىلىنىشى ئوتتۇرىغا چىققان. مىللەتچى رەهبەرلەر ساقاللار قويۇلغان مۇجاهىدلارغا ئايلانغان ۋە خەلقئارا جىهادىزمنىڭ كونتروللۇقى، خىتاينىڭ مەخپىي قولى ۋە دىنىنى چۈشىنىش ۋە قوللىنىشتىكى پەرقلىق ئۇسۇللار سەۋەبلىك ئىككىگە پارچىلانغان. شۇندىن كېيىن دەۋانىڭ يېڭى ئىككى قۇتۇپى، يەنى دىنىي دەۋاگەرلەر ۋە مىللىي دەۋاگەرلەر شەكىللەنگەن. بۇ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان يېڭى ئىككى قۇتۇپ بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

2005 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئايرىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئۇيغۇر

دەۋاسىغا كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا بېسىۋېلىنغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنى مۇستەقىللىق دەۋاسى دەپ ئات قويۇلغان. دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ («شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسمۇ ئۇيغۇر مىللىتىمۇ؟» دېگەن ماقالەمدە تەپسىلىي توختالغانلىقىم ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن)، بۇ ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان دەۋادىكى يېڭى ئىككى قۇتۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. دەۋادا مۇستەقىللىق دېيىش - دېمەسلىك مەسىلىسى

شۇنى كەسكىن دېيىش كېرەككى، مۇستەقىللىق بىر غايە، بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز شۇنىڭغا يېتىش يولىدىكى ۋاستىلەردىن ئىبارەت. بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھېچبىرى بىزنى مۇستەقىللىق غايىسىگە بىۋاستە يەتكۈزمەيدۇ. مۇستەقىللىق دۇنياغا ئىرادە بىلدۈرۈپ، مەيدان جاكارلاپ، تەلەپ قويۇش ۋاستىسى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. نامايىش ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان، خەلقئارا ئاخباراتقا مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى جاكارلاپ مۇستەقىل بولغان، يىغىنلاردا تەلەپ قىلىپ مۇستەقىل بولغان بىرمۇ مىللەت يوق. مۇستەقىللىق بىرىنچىدىن، كونا ئىمپېرىيەنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەسىلەن، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى، چىڭ ئىمپېرىيەسى قاتارلىقلار. بۈگۈنكى ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىقلار ئەنگلىيەدىن ئايرىلغان، موڭغۇلىيە چىڭ ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلغان، سۇرىيە، يەمەنلەر ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلغان. ئىككىنچى تۈرى بولسا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت سوتسىيالىست ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى،

يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىقلار. ئۈچىنچى تۈرى، ئۆزۈش ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش. مەسىلەن، بۈگۈنكى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئۆزۈش ئارقىلىق ئايرىلىپ چىققان. تۆتىنچى تۈرى، قوراللىق توقۇنۇشنىڭ خەلقئارالىق ياراشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق مۇستەقىللىق روياپقا چىقىدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي سۇدان، ئېرىترىيە قاتارلىق. بەشىنچى تۈرى، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ مۇرەسسەسى بىلەن مۇستەقىللىققە ئېرىشىش. مەسىلەن، سىنگاپور، بېنگال، شەرقىي تىمور.

يۇقىرىقى مىساللاردىن مەلۇمكى ب د ت، غەرب ۋە بۈگۈنكى ھېچبىر كۈچ بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى نامايىشچىلارنىڭ قولىغا ئېلىپ بەرگەن ئەمەس. ھېچبىر مىللەت خەلقئاراغا مۇستەقىللىق ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ مۇستەقىل بولغان ئەمەس. ھېچبىر دۆلەت بىرەر ھۆججەتنى تېپىپ مۇستەملىكە بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇپ، ئاندىن مۇستەقىل بولغان ئەمەس. يۈز مىڭ ئەزاسى بولغان مۇستەقىللىق پارتىيەسى قۇرۇپ، مىليون قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلاشتىنمۇ مۇستەقىللىق چىقمايدۇ. مۇخبىرلارنىڭ مەيدانىنى قىزىتىپ، كۆرۈرمەننى جەلپ قىلىش ئۈچۈن سوراپ قويغان «سىلەر مۇستەقىللىق تەلەپ قىلامسىلەر؟» دېگەن سوئالغا «ھەئە» دېيىشى بىلەن مۇستەقىل بولغان مىللەت بولغانمۇ ئەمەس. ئەڭ يېقىنقى مىسال:

2017 ـ يىلى ئىككى مۇستەقىللىق دەۋاسى بولۇپ ئۆتتى. بىرى، قوراللىق ھەل قىلىش يولىنى تاللاپ زېمىنىنى قولىغا ئالغان كوردلارنىڭ دەۋاسى. يەنە بىرى، تىنچ ھەل قىلىش يولىنى تاللىغان ئىسپانىيەگە قارام كاتالونلارنىڭ دەۋاسى. بۇ ئىككى دەۋادا خەلق بىلەت تاشلاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇستەقىللىقنى

تاللىدى. مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەييار، خەلقنىڭ ئىرادىسى تەييار، ئەمما ب د ت نىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئەمەس، ھېچبىر دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا مۇستەقىللىق دېيىش - دېمەسلىك بىلەن، تەلەپ قىلىش - قىلماسلىق بىلەن، نامايىش قىلىش - قىلماسلىق بىلەن ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولالمايدۇ.

## 4. مۇھاجىرەتتىكى مۇستەقىللىق يولى

بىر پىروفېسسوردىن بىر ئۇيغۇر ئىخلاسمەن «ئۇيغۇرلار قانداق قىلىپ مۇستەقىل بولالايدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ پىروفېسسور «قاچان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە بىر مۇستەقىل دۆلىتى بولغاندا» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋاب بەك سۆيۈملۈك. بۇ جاۋابنىڭ مەنىداش جاۋابىنى بىر ئۆلىما دوستۇمۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ دۇئاسى قاچان ئىجابەت بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىرى ئاللاھقا تولۇق يۈزلىنىپ، مىللەت سۆيىتىدە دۇئا قىلماي تۇرۇپ بىر بۆلۈك ئادەمنىڭ دۇئاسى بىلەن مەسىلىمىز ھەل بولمايدۇ». ماھىيەتتە بۇ ئىككى جاۋاب ئوخشاش، توپتوغرا، ھېچ يېرى خاتا ئەمەس. لېكىن بۇ سوئالدا سورالغانغا جاۋاب ئەمەس، بەلكى جاۋابتا كونكرېت تەدبىر، شۇ تەدبىرنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى، سىنالغان مىساللىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ جاۋاب مەڭگۈ خاتالاشمايدىغان جاۋاب بولۇپ، ئەستايىدىل، ئىلمىي ۋە سەممىي بېرىلگەن جاۋاب ئەمەس پەقەت بىر روھى تەسەللى. چۈنكى، ھېچبىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان - قۇرۇلمىغانلىقىنى، ئاللاھقا پۈتۈنلەي يۈزلەنگەن ياكى يېرىم يۈزلەنگەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، ھېچقاچان كۆرەلمەيدۇ. مەن قانداق جاۋاب بەرگەن بولاتتىم؟

1. ھۇجۇم قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىراقتىكى كورتلارنىڭ

ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالماستىن، دەرھال ئامېرىكا باشلىق غەربنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشسەك مۇستەقىل بولىمىز. ئەمما شۇ ئۇرۇشنى قانداق قىلىمىز، كىم قىلىدۇ؟ نەدە قىلىمىز، بىزدىكى ئىمكان قېنى؟ نەدە؟ قېرىنداشلارنىڭ پىكىرلىرىدىن، باشلامچىلارنىڭ بايانلىرىدىن قارىسام پۈتۈن خىتاينى دۈشمەن تۇتىدىكەنمىز. بۇنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ بىز خىتاي دۆلىتىدىكى خىتايلار دەپ توغرا چۈشىنىۋالسام بىر مىليارد تۆت يۈز مىليون خىتاينى دۈشمەن تۇتىدىكەنمىز. بەزىلەر ھەممە خىتاينى دېمەي كومپارتىيەنى دۈشمەن تۇتايلى دەيدۇ. ئۇمۇ ئاز كۈچ ئەمەس ئىكەن، 84 مىليون پارتىيە ئەزاسى بار ئىكەن. مەيلى قايسىنى دۈشمەن تۇتساق دۈشمەن ئاز ئەمەس ئىكەن. دۈشمەننى ئىستانبۇلدا ئولتۇرۇپ بولۇشىغا ۋارقىراپ قوغلاپ چىقارغىلى بولامدۇ؟

2. خىتاي پارچىلىنىپ كەتسە مۇستەقىل بولىمىز. پارچىلانغان سوۋېتلار ۋە يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىدى. پارچىلىنىپ چىقىپ كەتكەن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەسلىدىنلا مەركىزى ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. مەركىزى ھۆكۈمەت ئەمەلدىن قالغانلىقىنى جاكارلىغاچقا ئۇلار مۇستەقىل بولدى. ئەمما ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر بولالمىدى. مەسىلەن، رۇسىيەگە تەۋە تاتارىستان، باشقۇرتىستان، چېچەنىستان قاتارلىقلار. خىتاي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئەمەس، بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت. شۇڭا خىتايدا پارچىلىنىپ كېتىش دېگەن ئۇقۇم ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز پارچىلىشىمىز كېرەك. ئەمما چەتئەلدە تۇرۇپ خىتاينى پارچىلىغىلى بولمايدۇ.

3. خىتاي دېموكراتىيەگە ماڭسا، بىز پارتىيە قۇرۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ، پارلامېنتىمىزدا ئاۋازغا قويۇپ مۇستەقىل

بولىمىز. ئاندىن بۇنى خىتايغا ئىپتىراپ قىلغۇزىمىز، خۇددى شوتلاندىيە، كۇبېككە ئوخشاش. بۇ جاۋابنىڭ ئالدىنقى شەرتى خىتاي قانداقراق دېموكراتىك دۆلەت بولىدۇ؟ دېگەنگە باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھىندىستاندەك، پاكىستاندەك، ئىسپانىيەدەك دېموكراتىيەگە ئەمەس، خوڭكوڭدىن ۋاز كەچكەن، شوتلاندىيەگە مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىلەت تاشلاش ھوقۇقى بەرگەن ئەنگلىيەدەك، فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان كۇبېك خەلقىگە مۇستەقىللىق بېلىتىنى تاشلاش پۇرستى بەرگەن كانادادەك، ھېچ بولمىغاندا پەلەستىندىن قىسمەن ۋاز كەچكەن ئىسرائىلىيەدەك دېموكراتىيە سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر 70 يىلدىن بېرى دېموكراتىك باشقۇرۇلۇۋاتقان ھىندىستاننىڭ كەشمىرگە بەرمىگەن مۇستەقىللىقنى، ياۋروپا بىرلىكىدە تۇرۇپ كاتالونىيەگە مۇستەقىللىق بەرمىگەن ئىسپانىيەنىڭ دېموكراتىيەسىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرسەك، خىتاينىڭ دېموكراتىيە مۇساپىسىنىڭ قاچان، قانچىلىك سەۋىيەگە يەتسە، ئاندىن بىزنىڭ بىلەت تاشلاپ مۇستەقىللىق جاكارلىشىمىزغا يول قويىدۇ؟ دېگەنلەر ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز.

مەنمۇ مەيدانىمنى جاكارلاپ قوياي، 14 يېشىمدا «شەرقىي تۈركىستان دېموكراتلار پارتىيەسى»نى قۇرغىنىمدىن باشلاپ بىر دۆلىتىم بولسىكەن دەپ كەلدىم. ئەزاسى 4 تىن ئاشمىغان ئۇ پارتىيەم 1989 ـ يىلى يوققا چىققاندىن كېيىن، پارتىيە، تەشكىلات دېگەنلەرنىڭ ۋەتەندە باشقىلارنى ئۆزىگە چېتىپ تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا رولى يوقلىقىغا شاھىت بولدۇم. شۇندىن كېيىن تەشكىلات ۋە پارتىيەلەردىن مۇستەسنا ياشىدىم، ئەمما مېنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇيۇم يوققا چىقماي كەلدى. ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشسىكەن دەيمەن. ئەمما مەن بىر تەتقىقاتچى بولغاچقا مۇستەقىللىق دېگەن نېمە، قانداق يەتكىلى بولىدۇ، باشقىلار

قانداق يەتكەن، قانداق شارائىتتا يەتكەن، نېمە ئارقىلىق يەتكەن، مەن قانداق يېتىمەن، قاچان يېتىمەن؟ دېگەنلەر ھەققىدە ئۆزۈمدىن سوئال سورايمەن، كىتابلاردىن ئىزدىنىمەن، جەمئىيەت تەكشۈرۈمەن.

مەن مۇستەقىلچى، بۇ ئارزۇيۇمغا ئىنتىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭغا دىندەك ئېتىقاد قىلمايمەن.

مەن ئۈچۈن مۇستەقىللىق ئىنتىلىش، ئەمما دىنىي ئېتىقاد ئەمەس. ئېتىقادقا گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ جەننەتنى ياراتقان، سىز بۇنى زادى ياراتقانمۇ ـ ياراتمىغانمۇ؟ دەپ گۇمان قىلسىڭىز ئېتىقادچى بولالمايسىز. ئېتىقادلىق ئادەم ئېتىقادىدىن گۇمان قىلمايدۇ، ئېتىقادقا تەتقىق قىلىپ، تەجرىبە قىلىپ ئىپرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنى بىرى ئاپتونومىيەچى، كىشىلىك ھوقۇقچى دېسىمۇ قىلچىلىك غەزەپلەنمەيمەن. مۇستەقىللىقچى دېسىمۇ شادلىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتمەيمەن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مېنىڭ ئېتىقادىم بولمىغاچقا، غەزەپلىنىشىمگە ئەرزىمەيدۇ. مېنىڭ ئېتىقادىم بولمىغان ھەر قانداق مەسىلە مەن ئۈچۈن تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا قىزارماي، قىزىشماي، چارچىماي بىلگەنلىرىمنى دەپ مۇڭدىشىپ، مۇنازىرە قىلىپ باقىمەن.

دەۋادا مەخپىي دوستلىرىمغا، دەۋا سىپىدە ئاشكارا دوستلىرىمغا يۈرەك سۆزۈم، يالغان گەپ قىلمايلى، ئۇيغۇرنى ئالدىمايلى، مىللەتنىڭ سۈتتەك پاك، ناندەك ھالال مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ئادەم يىغمايلى، يىغىن ئاچمايلى، يىغا ـ زارە قىلىشمايلى، بىز ھازىر مېڭىۋاتقان ھېچبىر يول بىزنى مۇستەقىللىق مەنزىلىگە بىۋاستە يەتكۈزمەيدۇ. قېنى، تۈركىيەدىكى دوستلار، قايسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بىلەن ئۆمرىمىزدە بىر قېتىم

شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ھەققىدە كۆرۈشۈپ باقتۇق؟ گېرمانىيەدىكى ئاغىنىلەر، قايسى يىغىندا بىزدىن مۇستەقىللىق مەسىلىسى سورالدى؟ ئامېرىكىدىكى دەۋاگەرلەر، بىز ئاقسارايغا مۇستەقىللىق بېرىڭلار دەپ كىردۇقمۇ ياكى دوكلاتنى قولتۇقلاپ «ئۇيغۇر ئېزىلىپ كەتتى، ھاي دەڭلار» دەپ كىردۇقمۇ؟ راستچىل بولايلى، رەسمىي يىغىندا، رەسمىي ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلەردە ئۇلارنى دېيىشمىدۇق، بىزدىن سورىمايدۇ، تەلەپ قىلىش پۇرسىتىمىز يوق، تەلەپ قىلساقمۇ ئېلىپ بەرمەيدۇ، ھەم بىزمۇ دېيىشەلمەيمىز، دېيىشىدىغان گەپ ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىمىز. شۇڭا دەۋا دەپ قىلىۋاتقان ئىشىمىز نېمە بولسا قويىدىغان ئاتمۇ شۇ ئىشقا ماس بولسۇن. ھازىرقى دەۋا مىللەتكە مۇستەقىللىق بەرمەيدۇ، پەقەتلا بىزگە مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ، ۋەتەندە بولۇۋاتقان زۇلۇمنى دۇنياغا يەتكۈزىدۇ، دۇنياۋى كۈچلەرنى تەدبىرگە ئۈندەيدۇ، خالاس. مۇستەقىللىق يىغلاپ تەلەپ قىلغانغا ئەمەس تەدبىر بىلەن كۈرەش قىلغانغا نېسىپ بولىدۇ.

2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

## مۇستەقىللىق غايەم، ۋاستەم ئەمەس

مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇر، مەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان ۋە شىۋەلەر بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۆستى ئوچۇق تۈرمىگە بەند قىلىنغانمەن. بىزدىن ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق قورامىغا يەتكەن ۋە 500 مىڭدىن ئارتۇق سەبىي تۇتقۇن مېڭە يۇيۇش، تەننى خاراب قىلىش مەركەزلىرىدە «داۋالىنىۋاتىدۇ». خىتاي كوممۇنىست رېجىمى مېنىڭ قەلبىمدە خۇدا بولماقچى، ھۇجرامغا خوجا بولماقچى، مۈلكىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى، غۇرۇرۇمنى پايخان قىلماقچى. ئۇ مېنى جازا لاگېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە، قاماقخانىلارغا قاماپ كىملىكىمدىن تاندۇرماقچى. ئۇ بىر قانچە يىل ئىچىدىلا مېنى ۋە پەرزەنتلىرىمنى كوممۇنىزمغا ئىشىنىدىغان، خىتايچە سۆزلەيدىغان، كۆڭزىدەك ياشايدىغان پۇقرا قىلماقچى. كومپارتىيە مېنى خىتايدىنمۇ ئەنئەنىۋىي، قىزىل خىتايدىنمۇ كوممۇنىست، مىللەتچى خىتايدىنمۇ بەكرەك كۆڭزىچى قىلىپ قايتىدىن قۇراشتۇرماقچى، ئىزىقلىرىدا ئېزىپ خىتاي قىلىپ يۇغۇرۇپ چىقماقچى.

مەن ئۇيغۇر، مۇستەقىللىق مېنىڭ سىياسىي غايەم، دىنىي ئېتىقادىم ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تەنقىد قىلسا غەزەپتىن تىترەپ، چۈشەندۈرەلمەي تەمتىرەپ، تەشۋىق قىلسا سەكرەپ كەتمەيمەن. مۇستەقىللىق مېنىڭ نىشانىم، ئۇنىڭغا يېتىشنىڭ مۇقەددەس پرىنسىپى، بىردىنبىر يولى يوق، يوللارنىڭ ھەممىسىدە مۇستەقىللىقكە بارىمەن. ئەگەر چىغىرلاردا تېنەپ يۈرسەم تاڭ قالما، ھەممىسى ئاداققى مۇستەقىللىق ئۈچۈن. بۇ يولدا مەڭگۈلۈك

مۇستەقىللىقلا مەقسەت قالغىنى شەكىل، ئۇسۇل ۋە تېخنىكا مەسىلىسى. بۇ يولدا ھېچبىر مىللەت مەڭگۈلۈك دوست ياكى مەڭگۈلۈك دۈشمەن ئەمەس، ھېچبىر كۈچ دائىملىق مەدەتكار ئەمەس. شۇڭا بۇ يولدا ۋاسىتىمۇ، دوستىمۇ، ياردەمچىمۇ ۋاقىتلىق. خۇددى مۇسۇلمانغا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ھارام گۆشمۇ ھالال قىلىنغاندەك، مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن ماڭا ھەممە يول، ھەممە پۇل، ھەممە دوست، ھەممە ۋاستە ھالال.

مەن قولۇمدىن كەلگىنىگە قادىر. خىتاينىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم بولۇپ كەتمەسلىك، ئېرىپ يوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن خىتاينىڭ قولىنى چىشلىۋالسامۇ، قىلىنى يۇلۇۋالسامۇ، قاپىقىنى يېرىۋەتسەممۇ ھېساب.

مەندە مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولمىسا خىتايغا قارشى تۇرمايمەن دېگەن پىكىر يوق. چۈنكى، خىتايغا قارشى ھەرقانداق يول، كۈچ ۋە ئۇسۇل مىنى مۇستەقىللىقىمغا يېقىنلاشتۇرىدۇ .

بۇ يولدا كىشىلىك ھوقۇقچى ئاتىلىشىم، ئاپتونومىيەچى ئاتىلىشىم، تېررورچى ئاتىلىشىم مۇمكىن. ھەتتا فاشىستلىق بىلەن ئەيىبلىنىشىم، ئەسەبىي دېيىلىشىم ۋە خىتايغا ئاشىق ئاتىلىشىممۇ مۇمكىن. ئەمما قايسى يولنى تاللاي ياكى ھەممە يولنى بىراقلا تاللاي ھەممىسى چوقۇم مۇستەقىللىق نىشانىغا تۇتۇشىدۇ. ھازىرقى ھالىمدا قاتتىق - يۇمشاق ۋە ئوتتۇرھال ئۇسۇلنىڭ قايسى ئوڭ كەلسە شۇنى ياكى ھەممىنى بىراقلا تاللىمىسام، مەۋجۇتلۇقۇم ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت يوق. مەن ئۆلۈم ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم بىر تېپىرلاپ بېقىش ھوقۇقۇمنى ھېچقانداق بىر سەۋەب، ئىككىلىنىش بىلەن قولدىن بەرسەم بولمايدۇ. مەن ھايات قېلىش، ھۆر ياشاش ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغاننى قىلىشقا، سورۇنغا قاراپ سۆزلەشكە، ئېتىزغا قاراپ ئىشلەشكە ھازىر. مەن

ھەر زامان ۋەزىيەتكە قاراپ تەدبىرىمنى تەڭشەشكە، ۋاستەمنى يېڭىلاشقا تەق. ئەمما ۋاستىلەردىن قېچىپ، يوللارنى ئىنكار قىلىپ، پەرقلىق چارەلەرنى رەت قىلىپ توختىماي غايەمنى ئاقلاش، غايەمنى كۆيلەش ماڭا ئۆيغۇن ئەمەس.

غايىگە يېتىشتە ۋەزىيەتكە قاراپ تەڭشىلىدىغان ئېنىق تەدبىرلەر بولىدۇ. تەدبىرلەر تولۇق ئېلىنماي، ۋاستىلەر تولۇق ئىشلىتىلمەي، سەۋەبلەر تولۇق قىلىنماي تۇرۇپ غايىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مۇستەقىللىقىم ھېچقاچان پەتنۇستا ئالدىمغا قويۇلمايدۇ. مۇستەقىللىق سەۋەبسىز، قۇربانلىقسىز، يېنىمغا ئېسىلغان قورالسىز، ئىشىكنىڭ ئالدىدا تەييار تۇرغان قوراللىق سەپداشسىز سۆھبەت ئۈستىلىگە قويۇلمايدۇ. مۇستەقىللىق تالالاش ئەمەس، مۇستەقىللىق مېنىڭ ئالدىمغا قويۇلغان ئىمتىھان قەغىزى ئەمەس، مۇستەقىللىق مەنزىلدۇركى، يولغا چىقماي، مۇساپىلەرنى باسماي تۇرۇپ يەتكىلى بولمايدۇ.

مەن مۇستەقىللىقنى مەيلى قورال بىلەن ئالاي ياكى تىنچلىق بىلەن ئالاي ۋە ياكى قورال بىلەن قورقۇتۇپ، سۆھبەت بىلەن يۇمشۇتۇپ ئالاي خىتايىنىڭ ئۆزىدىن ئالىمەن. ھەققىمنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، باشقىلارغا يىغلىسام كۆپ يىغلاپ كېتىدىكەنمەن. مەن مۇستەقىللىقنى يىغلاۋەرسەم ئېلىپ بېرەر، ۋارقىراۋەرسەم بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ ياكى بىرى ئىلتىپات قىلىپ ئالدىمغا داستىخان سېلىپ تارتۇق قىلار دېمەيمەن. مۇستەقىللىق ئالدىمغا كەلمىسە بارمايدىغان، قولۇمدىن كەلگەننى قىلمايدىغان، مۇستەقىللىق دەپ يولدىن چىقماي شوئار توۋلاپ بەرسەم مۇستەقىللىق ئۆزى مېڭىپ كېلىدۇ دەپ ساقلايدىغان، خىتاي ۋەتىنىمنى تاشلاپ قاچمىغىچە قاچۇرىدىغانغا چارە ئىزدىمەيدىغان ساقلاپ ياتقۇچى سەرخۇش ئەمەسمەن.

مەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زالىمنى نەدە كۆرسەم تىنچ قويمايمەن، كۆرەلمىسەم ئىزدەپ بوش قويمايمەن، ئۇرۇشسامۇ خىتاينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇرۇشىمەن، ياقىسىغا ياماشسامۇ بېرىپ ياماشىمەن، ياراشسىمۇ باراۋەر ئولتۇرۇپ يارىشىمەن. ئەمما بېرىپ كانىيىغا ئېسىلماي، يىراقتىن ۋارقىراپ، ئۆيدە تۇرۇپ سۈر كۆرسىتىپ، سۈرەن سېلىپ يۈرسەم خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى تاشلاپ قاچىدۇ دەپ چۈش كۆرمەيمەن.

خىتاي پارچىلانمايدۇ، بېرىپ مەن پارچىلايمەن. خىتاي ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلمەيدۇ، مەن تەھدىت قىلىپ، تىلىمدا سۆزلەپ ۋە چىشىمدا چىشلەپ يىمىرىلىشكە مەجبۇرلايمەن. ئۇ دېموكراتىيەگە ماڭمايدۇ، مېنىڭ مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمنىڭ قاماقتىكى قۇربانلىقى ئۇنى دېموكراتىيەگە ئىتتىرىدۇ، سۆرەيدۇ، بولمىسا دارغا ئاسىدۇ. خىتاي پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىدى، مەن توسالغۇ بولمىسام ئۇ دۇنيانى ئىمجان قىلىپ، خامتالاش ھالغا كەلتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستاننى يېگەندەك يەيدۇ، ھۆرلۈكنى دەپسەندە قىلىدۇ، دۇنياۋى ئورتاق قىممەت قاراشلارغا تاجاۋۇز قىلىدۇ.

مەن مۇستەقىللىقنى يېنىمدىكى خەلقىمدىن ئەمەس، مېنى قوللىغان كۈچلەردىن ئەمەس، خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىنمۇ ئەمەس، دۇنيانى شاھىت قىلىپ قويۇپ ھەققىمنى تارتىۋالغان خىتايدىن ئالىمەن. نېمە ئامال قىلسام، قانداق مۇرەسسە قىلسام، پەرقلىق ۋاقىتتا پەرقلىق چارە قىلسام، ھەممىسى ۋاقىتلىق ۋاستەم خالاس، ئاخىرقى غايەم، نىشانىم بولغان مۇستەقىللىقنى ئالماي قويمايمەن. مېنىڭ مۇستەقىللىقىم خىتايغا تىنچلىق، توقۇنۇشلۇق دۇنياغا ئۈلگە، مەزلۇملارغا نۇر ۋە دۇنياۋى يېڭى تەرتىپكە تۆھپە بولۇپ قالىدۇ.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# شاھىتلىقىڭ سىر بولۇپ كەتتى

مىلادىيە 2020 - يىلى 5 - ماي كۈنى تۈركىيەدە بىر لاگېر شاھىدىمىزدىن مەھرۇم قالدۇق. مەرھۇم تۈرك پۇقراسى، تېخى ئەمدىلا 31 ياشقا كىرگەن نۆۋەي ئىدى. ئۇ 2017 - يىلى 7 - ئاي تومۇزدا خىتايغا بارغان ۋە گۇاڭجۇ ئايرودرومىدا تۇتقۇن قىلىنغان. شاھىدىمىز گۇاڭجۇدا ۋە ئۈرۈمچىدە قاماقخانىغا بىر قانچە كۈن قامىلىپ، ئاندىن ئەسلى يۇرتى غۇلجىغا يوللانغان. غۇلجىدىكى مەلۇم لاگېردا 37 كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن ۋە تۈركىيەگە ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەن. ھەممە پاجىئە شۇ لاگېرغا قامالغاندىن باشلانغان.

مەرھۇم شاھىت لاگېردىن چىقىپ، تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بىئاراملىق ھېس قىلغان. قۇلاقنىڭ كەينىگە بەزدەك بىر نەرسە پەيدا بولۇپ بارغانچە يوغىناپ ئاغرىتىشقا باشلىغان. دوختۇرلارمۇ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. بۇ جەرياندا مەزكۇر كىشى ئۆزىنىڭ لاگېردا ياتقانلىقىنى دوختۇرلاردىن سىر تۇتقان. كېسەلنىڭ سىرى ئېچىلمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى دوختۇرلارغا سۆزلەپ بەرگەن ۋە قايتا - قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لىمفا زەھەرلىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ جىددىي داۋالانغان.

مەرھۇم شاھىت بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن ساقايغاندەك بولغان ۋە دوختۇردىن چىققان. ساياھەتچىلىك بىلەن تۇرمۇش قامداپ يۈرگەن شاھىت كورونا سەۋەبلىك ئۆيگە بەند بولغان. ئۇنىڭغا كورونا يۇقمىغان، تۇيۇقسىز ئۆيدە قازا قىلغان.

ئىستانبۇلنىڭ باشاق شەھەر جامائەتچىلىكى مەرھۇمنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۇزۇتۇپ قويغان. مەرھۇمنىڭ تۈركىيەدە يالغۇز قالغان ئانىسى يۈرەكلەرنى ئەزگەن.

ئەگەر ئوغۇل شاھىت بولغان، زۇلۇمنى پاش قىلغان، خىتاينى رەسۋا قىلغان، ھەقتە تۇرغان بولسا، ئانا قەھرىمان ئانا ئاتىلاتتى، ئۆلۈم چىققان ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالمايتتى. قازاقىستانلىق شاھىتىمىز گۈلباھار جەلىلوۋانى، ئۆمەر بېكالىنى بېشىدا كۆتۈرگەن خەلقىمىز بىر شاھىتنى باققان، ئەل ئۈچۈن قاتارغا قاتقان ئانىنى بېشىغا تاج قىلاتتى، بارلىق ئانىلارغا ئۈلگە قىلاتتى.

شاھىت ئىنىمىز سۆكۈتتىكى شاھىتلارغا بىر ئىبرەتنى قويۇپ، بىر تالاي سىرنى ئېلىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدە تۇتۇلغان، غۇلجىغا قامالغان، قانداق قىينالغان، كىسەل قىلىدىغان نېمە يەپ قالغان، زالىم نېمىنى دېگۈزۈپ، نېمىگە زورلانغان دېگەندەك پۈتۈن سىرلار ئۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادىن غايىب بولدى. ئۇ كەتتى، شاھىتلىققا يېتەلمەي، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيالىق ساۋابنى قۇچاقلىيالماي، ئۇيغۇر دۇچ كەلگەن زۇلۇم، خورلۇق ۋە ئۆلۈملەرنىڭ پۈتۈن سىرىنى ئۆزى بىلەن ئاخىرەتكە ئېلىپ كەتتى.

2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرك پۇقرالىرىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار لاگېرلاردىن قۇتۇلدى. ئۇلار تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاستە سۈرۈشتە قىلىشى، تۇغقانلارنىڭ كۈچىشى بىلەن ساق ـ سالامەت تۈركىيەگە يېتىپ كەلدى. 2018 ـ يىلى مارت ئايلىرىدا يەنە بىر بۆلىكى كەلدى. 2019 ـ يىلى يەنە بىر تۈركۈمى كەلدى. ئاخىرىدا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى كىچىك بالا ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ، خىتايچە سۆزلىگەن پېتى يىغلاپ يولغا قارىغان ئائىلىسىگە قوشۇلدى.

تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق لاگېر شاھىتلىرىنىڭ بەزىلىرى مېنى

بىلىدۇ. ئەمما مەن ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روزىسىز بىر كىشىنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمنى ئىنكار قىلىپ، ئەزرائىلنى رەت قىلىدىغان، دىنىدىن چىققان، ئۇيغۇرچە سۆزلەشتىن ۋاز كەچكەن بىرىمۇ يوق. ئەمما مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلارغا سۈكۈتلىرىنى بۇزىدىغان ھېچبىر كۈچ، ھېچبىر پەرياد، ھېچبىر مىللىي خورلۇق مۇشەررەپ بولمىدى.

مەرھۇم شاھىت ئۈنسىز بىزدىن ئايرىلدى، مېيىتى يات تۇپراقلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەپسۇس، ئۇ «ئەي خىتاي، سەن زالىم، سەن قانخور، سەن قاتىل، مانا مەن شاھىت!» دېيەلمەي كەتتى.

شاھىتلىق بىلەن شېھىتلىكنىڭ تومۇرى بىر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىسى ئوخشاش، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدا ئورنى، رولى ۋە تۆھپىسى باراۋەر ئىدى. ھەق يولىدا شاھىتلىقتا ساۋاب بار، سائادەت بار، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات مۇجەسسەم، ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ھىدايەت ئاقىدۇ، ئۇنىڭدا مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئۈمىدى كۈۋەجەپ تۇرىدۇ. ئاق لېچەكلىك مومايلار ۋە بادام دوپپىلىق بوۋىلارنىڭ تىلىدا مازارلىق ئايرىم، شېھىتلىك ئايرىم ئىدى. ئۇلار شېھىتلىكنى قەبرىستانلىقتىن ئۇلۇغ بىلەتتى. چۈنكى ئۇ يەردە ئەلنى سۆيگەن قەھرىمانلار، قەدىردانلار، مەردانىلار ياتاتتى. ئۇ يەردە ئۆلۈمگە ئولجا بولغانلار ئەمەس، ئۆلۈمنى ئولجا ئالغان، ئۆلۈمى بىلەن ھاياتلارنىڭ غۇرۇرىنى ساقلىغان، نومۇسىنى قوغدىغان، ئۈمىدىنى ئاقلىغان كىشىلەر ياتاتتى. ئۇ زېمىن ئاشۇ ھەققانىيەت، ھۆرلۈك، ئادالەت ۋە ئەل ئۈچۈن پاراغەت ئىزدىگەن شېھىت ۋە شاھىتلارنىڭ قەبرىسى بولغاچقا، بىزنىڭ بولغان، بىزگە باقىۋەندە بولغان، سۆيۈلۈپ ئانا ۋەتەن

ئاتالغان، قەدىرلىنىپ ئاتا مىراس مۈلكىمىز بولغانىدى.

شاھىتىمىز جېنىم غۇلجامغا، ناتىۋان ئۇيغۇرۇمغا شاھىت بولماي مەرھۇمغا ئايلاندى، سانساق بارمىقىمىز خىجىل بولىدىغان بىر شاھىتىمىزدىن جۇدا بولدۇق. ئۆلۈم شۇنداق قىساسكاردۇركى، قىساسقا كۆزىنى يۇمۇۋالغانىنىڭ كۆزىنى مەڭگۈلۈك يۇمدۇرالايدۇ. ئۆلۈم شۇنداق ئىبرەتلىكتۇركى، تىلدا ھەقنى سۆزلەشتىن، دىلدا ھەقنى ئىقرار قىلىشتىن قاچقانلارنى تىرىكلەر تىزىملىكىدىن چىقىرىپ، ئىبرەت تاختىسىغا مىخلايدۇ. ئۆلۈم شۇنداق قورقۇمسىزدۇركى، خىتايدىنمۇ، خىتايغا باش ئېگىپ قورققانلاردىنمۇ قورقمايدۇ. ئۆلۈم شۇنداق ئادالەتتۇركى، زالىمنى قورقۇتقانلارغا شاھادەتلىك، شەرەپلىك ۋە شانلىق ئۆلۈمنى؛ زالىمغا تىز چۆككەنلەرگە رەسمىيەتلىك، سۈكۈتلۈك ۋە ئىبرەتلىك ئاخىرەتلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

**ئىزاھات**: بۇ يازمىنى يېزىشتىن مەقسەت ئۆلگەننىڭ كەينىدىن گەپ قىلىش ئەمەس، ئۆلۈمنىڭ ھەقلىقىنى ئەسكە سېلىش، ھەقتە تۇرۇپ ئۆلۈشنىڭ ساۋابىنى ئەسلىتىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەرھۇمنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇش ياكى قېرىنداشلىرىنى ئازابلاش ئەمەس. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئازابنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر گۇۋاھلىقنى مەيدانغا چىقىرىش، مەرھۇمنىڭ روھىنى شادلاندۇرىدىغان بىر مەردانىلىقنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ روھىنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئەمىن قىلىش ئۈچۈن. مەرھۇمغا ھەققىي ئازابلانغان بولسىڭىز، مېنى ئەمەس قاتىل خىتاينى ئەيىبلەڭ، ماڭا ئەمەس قانخور خىتايغا غەزەپلىنىڭ!

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

# مۇھاجىرەتتە كەم قالغان دەۋا

2017 ـ يىلدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا مۇھاجىرەتتە دۇنياغا تونۇلغان، پۇل تاپىدىغان بىرەر چوڭ شىركەت قۇرۇلمىدى. ئەمما ئۇيغۇرغا تونۇلغان، پۇل بولسا خەجلەيدىغان ھۆكۈمەتلەر، ۋەخپە ـ فوندلار ۋە تەشكىلاتلار خېلى قۇرۇلغان بولدى. يېڭى تەشكىلاتلارنىڭ يېڭىدىن ھەل قىلىش چارىسى، يېڭى پىلانى ۋە ھەرىكىتى بولغان بولسا تولىمۇ كاتتا ئىش بولغان بولاتتى. ئەگەر دەۋادا شۇنداق بىر ئۆزگىچە يول ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولاتتى. مۇخبىرلار بىلەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ۋە تەشكىلاتچىلار ھەققىدە پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ قىزىقىۋاتقىنى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزگىچە يوللار، تىرىشچانلىقلار ئىكەن، بولۇپمۇ قوراللىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا قوبۇل قىلالايدىغان شەكىلدە تەشكىللىنىشى ئۇلارنى قىزىقتۇرۇدىكەن. ئەمما ئۇلار قورال تۇتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خاتا يەردە تۇرۇپ، خاتا بايراق ئاستىغا يىغىلغانلىرى ھەققىدە يېزىشنى پاجىئەمىزگە پايدىسىز دەپ قارايدىكەن. مارتتا بىر مۇخبىر ئۇيغۇر قوراللىقلار جايلاشقان ئىدلىپتە بىر قانچە كۈن تۇردى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇقلارنى زىيارەت قىلدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلاردىن ئاخباراتتا دىققەت تارتقىنى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر كىتابخانىلار، ئانا تىل كۇرسلىرى، شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە دەرنىكى، ياۋروپا ئۇيغۇر ئانسامبىلى ۋە ئاۋستراليە ئۇيغۇر ئانسامبىلى بولدى. سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتىكى رولى،

ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلى بولدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان تەشكىلاتلار ئىچىدە خەلقئارانىڭ ئەمەس خەلقىمىزنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتقىنى نەجمىدىن قارلۇقنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى» بولدى. يېقىندا قۇززات ئالتايىنىڭ بۇ تەشكىلاتقا كىرىشى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر قىزىقىشنى قوزغاتتى. ماڭا تۇشمۇ تۇشتىن تېلېفون كېلىپ مەسلىھەت سورىغانلار، شۇ باھانىدە مېنى چېكىپ باققانلار بولدى.

مەن كارخانىچى نەجمىدىن بىلەن ئۇزۇندىن دوست، ئامېرىكىدا ئىگىلىك تىكلىگەن قۇززاتنىمۇ تالانتلىق دەپ بىلىمەن. ماڭا بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر يەرگە كېلىشى دەۋادا كەم قالغان بىر بوشلۇقنىڭ تولدۇرۇلۇشىدىن بېشارەت بەردى. نەجمىدىن غەلىبە قىلغان تىجارەتچى، ئۆرۈمچىدە تېخنىكىغا تايىنىپ پۇل تاپقان ناتىق. قۇززاتنىڭمۇ سودىدا غەلىبە قىلغانلىقىغا شاھىت بولدۇم.

مەن بۇ ئىككىيلەننىڭ ئورتاق قەدەم ئېلىشىدا مۇھاجىرەتتە ئۇزاقتىن بۇيان قىلىنمىغان ئىقتىسادىي دەۋا قىلىنىسكەن، سىياسىي دەۋادىكى كەم قالغان ئىقتىسادىي قان تولۇقلانىسكەن، بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن گۈللىنىشى ئۈچۈن بىر بېشارەت، بىر تەييارلىق، بىر باشلىنىش بولىسكەن دەيمەن.

دەۋادىكى سەنئەت يولىنى ئانسامبىللار ئاچتى، تەنتەربىيەگە بوكسچى، پۇتبولچى ئەزىمەتلەر كۆچەۋاتىدۇ، مەۋجۇتلۇق كۆرىشىنى ئانا تىل كۇرسلىرى، كىتابخانا ۋە نەشرىياتچى پىدائىيلار قىلىۋاتىدۇ. دەۋادا ئىزچىل كەم قالغان، قىلىنمىغان، ئەمما قىلمىسا بولمايدىغان بىر يول بار، بىر بوشلۇق بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ ئىككى باشلامچى تىجارەتچىگە ۋە نەجمىدىننى قوللاۋاتقان قابىل تىجارەتچىلەرگە تاشلىنىپ قالغان ئىقتىسادى دەۋا.

مەن قۇززاتنىڭ ئامېرىكىدا قۇرغان كومپيوتېر مەكتىپىنى تۈركىيەگە كېڭەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن. نەجمىدىنمۇ تۈركىيەدە شىركەت قۇرىمەن دېگەن خىيالنى سۆزگەن ۋە ماڭا مەسلىھەتمۇ سالغانىدى. مانا ئەمدى پەيتى كەلدى. ئىككى تىجارەتچى ئەتراپىدا بارنى جەملەپ، نامراتلارغا قۇربانلىق تارقىتىش، ئۇن - گۈرۈچ تارقىتىشنى ئىستانبۇلدىكى 32 دەرنەككە قالدۇرۇپ ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكىنى، مىللەتنى ھۈنەرلىك، تېخنىكىلىق، كۆپ تىللىق ۋە پۇلدار قىلىشقا كۈچىگىنى بەكرەك ئەۋزەل دەپ قارايمەن.

مەن دەۋادا نەجمىدىن تەكىتلەۋاتقان روھنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشىنىمەن، ئەمما نامراتلىقنىڭ كۇپۇرلۇققا يېقىن ئىكەنلىكىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى بولغاچقا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشىنىمەن. مەن مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى، دۆلەتچىلىك ئېڭىنى ھەپتىلەپ يىغىن ئېچىش ئارقىلىق كۈچەيتىشنى شۇنداق قوللايمەن، ئەمما ئىنسانىنىڭ جانىنى باققۇدەك مۇستەقىل ئىقتىسادى بولماي تۇرۇپ كۆرگەن مۇستەقىللىق چۈشىدىن ئاسانلا يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلالايمەن.

ئېتىقاد ھەممىنىڭ ئاچقۇچى، روھ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ روھانىي داھىيلىرى تارىختا ئاق تاغلىق قارا تاغلىق بولۇشۇپ، مىللەتنى توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرگەن. زامانىمىزدا ئوتتۇرا شەرقتە مەزھەپ، ئىدىيە، ئاڭ كۈرىشى قىلغانلارمۇ دۆلەتلەرنى قانلارغا غەرق قىلغان ۋە قىلىۋاتىدۇ. ماۋ زېدوڭ خىتاي ئىدىيە ئىنقىلابى قىلىپ، خىتايلارنى ئىدىيە بويىچە سەپلەرگە ئايرىپ 30 مىليون خىتاينى ئۆلتۈردى، ئەمما ئىقتىسادى قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان دىڭ شياۋپىڭ ئىدىيە تالىشىپ بىر - بىرىنى قىرغان خىتاينى پۇل ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇردى. ئىدىيەۋى كۈرەشنى ئەمەس، پۇل ئۈچۈن

كۆرەشنى قوزغىغان خىتاي بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادى گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

پۇل، ئىقتىساد دېگەن ئەتراپلىق پىلانلانغان ئىشنىڭ نەتىجىسى، خىزمەتنىڭ مېۋىسى، ئەجىرنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ، ھېسابى ئېنىق. ئىدىيە، مەپكۇرە، ئېتىقاد دېگەن ئېغىز بىلەن قەلبنىڭ ئىچىگە كۆمۈكلۈك نەرسە بولغاچقا، ھېسابلاپ چىقارغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئىدىيە، روھ، ئېتىقاد دېگەندەك ئۆلچىگىلى بولمايدىغان، بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان، راست ـ يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن يولدا مىللەتنى باشلايمەن دەپ قىستاشماي، ساختىلىق قىلغىلى بولمايدىغان نەق پۇل تاپىدىغاننىڭ گېپىنى دېيىشكىنىمىز ئەۋزەل.

ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز مەۋجۇتلۇق گىرۋەكلىرىدە ئىڭراۋاتقانىدا، مۇھاجىرەتتە گەپتىن گەپ تۇغدۇرۇپ تىل ئۇرۇشى قىلىش، بىر ـ بىرىگە ئىدىيەۋى غازات ئېچىش، ۋەتەننى قويۇپ قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلىنىش ھېچبىر ئىجابىي نەتىجە بەرمەيدۇ. قەستەن ئاتالغۇ ئالماشتۇرۇپ مىللەتنى دەۋا دەمدۇق كۆرەشمۇ، قۇرۇلتاي دەمدۇق پارتىيەمۇ، بىر مۇستەقىلچى، سەن ئاپتونومىيەچى دېگەندەك ئايىغى چىقماس مۇنازىرىگە بەند قىلمىغان ياخشى. نەق ئىشنى قىلماي ئىدىيە كۆرىشى قىلىمىز دېسەك، بۇنداق قىستاڭ، مەينەت ۋە تۇيۇق يولدا كۈچىمىز خوراپ كېتىدۇ.

ئىقتىسادى دەۋا نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

1. بىز دەۋادا ئىقتىسادنى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشىمىز تەقدىرىمىزنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرغانغا باراۋەر. چۈنكى، ئىقتىساد بىزدىن بولغاندىلا دەۋادا قارار بىزنىڭ بولىدۇ. قارار بىزنىڭ بولغاندىلا شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ دېگەنگە ئۆزىمىزنى

ئىشەندۈرەلەيمىز. مىللەتنىڭ دەردى، دەۋاسىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن دۇنياغا مۇراجىئەت قىلساق بولىدۇ، ئەمما دەۋانىڭ جان تومۇرى بولغان ئىقتىساد ئۈچۈن خەقنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

2. ئىقتىسادتا ئاجىز مىللەتتىن كۈچلۈك دەۋاگەرلەر تۇپىپ قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. نەجمىددىنىنىڭ تەشەببۇسىدىكى خەلق ھەرىكىتى شۇئار بىلەن ئايلانمايدۇ، ئايلانغان تەقدىردىمۇ بىرلا ئىزىدا چۆرگىلەيدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا ماڭغۇزۇش ئۈچۈن موتورغا ماي كېرەك.

3. بىزنىڭ سۇرىيەدە قاپسىلىپ قالغان 2000 غا يېقىن قېرىندىشىمىز بار، 3000 دوللار بولسا بىر قېرىندىشىمىز قۇتۇلىدۇ. تايلاندتا تۇرۇۋاتقان 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇشنىڭمۇ جاجىسى پۇل. ئەتە ـ ئۆگۈن سۇرىيە ئىدلىپتىكى قېرىنداشلار قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ پۇل كېرەك.

ئىقتىساد بولسا ئۇيغۇر ئەسىر بولمايدۇ. مەيلى سۇرىيە كۈچلىرى بولسۇن ياكى تايلاند ھاكىمىيتى بولسۇن پۇلدىن باشقىنى تونۇپ كەتمەيدۇ. قولىمىزدا پۇل بولسا ئۇيغۇر يات ئەلدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالمايدۇ.

ئىقتىسادى دەۋا نېمە ئۈچۈن قىلىنمىغان؟ چۈنكى، شىركەت قۇرماق ھۆكۈمەت قۇرماقتىن، پارتىيە، دەرنەك ۋە تەشكىلات قۇرماقتىن تەس. پۇل تاپماق گەپ تاپماقتىن تەس بولغاچقا شۇنداق. ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە تۈركىيەدە پۇل تاپماق خىتايدا پۇل تاپماقتىن تەس بولغاچقا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىزگە شۇئار توۋلىشىپ بەرگەن ئۇيغۇر مەبلەغ سېلىشىپ بەرمەيدۇ، پۇل تېپىشىپ بېرەلمەيدۇ. مىللەت بىزگە ئەگىشىپ نامايىش قىلىپ ئۈنۈمى ھەققىدە بىزدىن ھېساب سورىمىغان بىلەن، پۇل بەرگەن ئۇيغۇر ھېسابنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سورايدۇ.

ئىقتىسادى دەۋادا پايدا ـ زىيان نەق، سىياسىي دەۋادا ھەممىسى نېسى، ھەتتا پايدا ـ زىياننى ئۆلچىگىلىمۇ بولمايدۇ. ھېچبىر تەشكىلات ياكى پارتىيە بۇ يىل 500 دوللار بەرسەڭ، ئەتە 5 ئۇيغۇرنى خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرەلمەيدۇ. ئەمما شىركەت قۇرۇپ نەچچە مىليون تاپالىغان نەجمىدىنگە، ئۇتتۇقلۇق تىجارەتچى قۇززاتلار قۇرۇپ چىقالايدىغان شىركەتكە، تېخنىكا مەكتىپىگە 500 دوللار بەرسەك، بىر يىلدا 50 دوللار پايدا بېرەلەيدۇ.

شۇڭا دەۋادا راست گەپ قىلىمەن، يېڭىچە يول تۇتۇپ مىللەتكە كەلگەن پايدا ـ زىيانغا ئىگە بولىمەن، قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان نەجمىدىندەك، قۇززاتتەك ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تىجارەتكە ئېپى بار، ھۈنەرگە، تېخنىكىغا، تەجرىبىگە باي پىداكارلار ئىقتىسادى دەۋاغا يەڭ تۈرگىنى ئەۋزەل. بۇ سىزنىڭ قانچىلىك سەمىمىيلىكىڭىزنى ئۆلچەيدۇ. چۈنكى، خەلقىمىز ۋە خەلقئارا سىزنى 20 نەچچە يىلدىن بېرى دەۋا قىلىۋاتقان رابىيە قادىر، ئۆركەش دۆلەت، نۇرى تۈركەل، ئۆمەر قانات، دولقۇن ئەيسا، روشەن ئابباس ۋە ئىلھام توختىنى بىلگەندەك بىلمەيدۇ، بىلىنمىسىڭىز ۋەكىللىك سالاھىيىتىڭىزنى تىكلىمەك قىيىن. بىلىنىشىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئاتالغۇ يېڭىلاش ئەمەس، تەشكىلاتنى تارماقلاشتۇرۇشمۇ ئەمەس، ئادەم توپلاش تېخىمۇ ئەمەس. بىرىنچى قەدەم دەۋادا سىزنىڭ قانچىلىك يېڭىچە يول تېپىشىڭىزدا، قانداق يېڭى چارە ئويلىشىڭىزدا، قانچىلىك يېڭىچە قەدەم ئېلىشىڭىزدا.

يېڭى تەشكىلات قۇرغان ئىكەنسىز دېيىلمىگەننى دەيمەن، بۇرۇندىن دېيىلىپ كەلگەننى ۋارقىراپ-راق دەيمەن دېمەي، مۇشۇ كۈنگىچە قىلىنمىغان ئىقتىسادىي دەۋانى قىلىپ سىناپ

باقسىڭىز بولىدۇ. بۇ يولدا مىللەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشى سىزنىڭ قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىشىڭىز، قانچىلىك نەق يول كۆرستىشىڭىز، قانچىلىك كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىشىڭىز، دەۋاغا قانچىلىك نەق، مۇستەقىل، ئۈزلۈكسىز ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىشىڭىزغا باغلىق.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇرمەن ئەخمەتجان

«مەن ۋە...» دېگەن ماۋزۇدىكى بىر يۈرۈش كىتابنى تۇتقۇن دوستۇم ئەخمەتجان جۇمە تۈزگەنىدى. بۇ كىتابلار 2015 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست مەن ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن بېرى يېنىمدا يادنامە بولۇپ تۇردى. نەشىر قىلدۇراي دېسەم ھالىم تايىنلىق، ئاتامانىنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن دارغا چىقىپ قېلىپ، چۈشەلمەي قالغان نائۇستا دارۋازدەك لەپەڭلەپ ئارانلا كېتىۋاتقان ئادەم ئىدىم. نەشىر قىلدۇرماي دېسەم دوستۇمنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلغان ئىككى يىللىق جاپاسىنى ئۆزۈم بىلمەن. كىتاب يازماق، تۈزمەك دېگەننىڭ يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ۋە زىيادە زىللىق تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكى ماڭا ئايدىڭ. بولۇپمۇ بىر دۆۋە خام خۇرۇچنى بىر يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇغۇدەك بىر ھالغا ئېلىپ كەلمەكنىڭ نەقەدەر مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى مەن باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا بىپەرۋالىق قىلالمايمەن.

ئەخمەتجان تۈزگەن كىتابلارنى نەشر قىلىشنى ئاخىرى ئۇيغۇريار فوندى قوللىدى. ئەمما كىتابلار ئۆلچەمسىز فونتتا بېسىلغان بولغاچقا، خەتلەر پۈتۈنلەي ئىرماش ـ چىرماش چىقىۋېلىپ ئوڭشاپ بولغىلى بولمىدى. تەلىيىمگە ئۇيغۇريار فوندىدىن مۇكاپات ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. ئۇلار كىتابلارنى ئېرىنمەي تۈزەپ ئوقۇغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ، تەھرىرلىشىمگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. كىتابنىڭ «مەن ۋە بەدىنىم» قىسمىنى دورىگەرلىك ئوقۇغان ئايالىم تەھرىرلىدى. قالغان كىتابلارنىڭ تەھرىرلەنگەن نۇسخىسىنىمۇ ئايالىم بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ چىقىپ

پىكىر بەردى. بىر كومپيۇتېرچى ئىنىمىز مۇقاۋىلارنى ئىشلەپ بەت ياسىدى، نەشرگە مەسئۇل بولغان ئىنىمىز باستۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتابلار تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا، يەنگە ۋە پاراسەتكە يېقىن تۇرىدىغان بارلىق قەدىردانلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بولۇپ يورۇقلۇققا چىقتى. ئەپسۇس، كىتاب ئاپتۇرسىز چىقتى، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ئەندىشىمىز بولدى.

بۇ كىتابلارنى تۈزگەن ئەخمەتجان جۇمە كونىشەھەر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. ئۇ 2012 ـ يىلى تولۇق ئۇچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋە شۇ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالى مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتىنى يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەنىدى. ئۇ مەكتەپتە ئىزچىل پائالىيەتچان بولۇپ، هاياتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىزچە، كومپيۇتېر ئۆگىنىشىگە تەشەببۇسكار ئىدى، يېزىقچىلىق كۇرسلىرىنى تەشكىللەيتتى.

ئەخمەتجان تارىخچى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇيغۇر تارىخىنى قىسقا ۋە مېغىزلىق چۈشەندۈرىدىغان «مەن ۋە تارىخىم» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ سياسەتنىڭ دوكتورى ئەمەس ئىدى، ئەمما «مەن ۋە سياسىي دۇنيا» دېگەن ئەسەرنى پۈتكۈزدى. ئۇ پەن تارىخچىسى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئاممىباب تىل بىلەن ئىنسان هاياتىغا پەننىڭ تەسىرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەن دەۋرىگە قانداق كىرىپ كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر كىتابنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇنىڭ «مەن ۋە ئىلاھى دۇنيا»، «مەن ۋە ماددىي دۇنيا»، «مەن ۋە ۋەتىنىم»، «مەن ۋە بەدىنىم» دېگەن كىتابلارنى تۈزۈش مۇددىئاسىمۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر يېتىشكەن زىيالىي ئىكەنلىكىنى داۋراڭ قىلىش ئەمەس، نەقەدەر مەسئۇلىيەتچان بىر

باغۋەن ئىكەنلىكىگە يېزىپ كىلىش ئۆچۈن ئىدى.

ئەخمەتجان ئىخلاسلىق ئوقۇرمەن ئىدى. ئىنگلىزچە، تۈركچە، خىتايچە كىتابلارنى راۋان ئوقۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئىقتىسادشۇناس ئەمەس ئىدى، ئەمما مەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر ئالىمنىڭ زامانىمىزدا بازارلىق بولغان «ئىقتىسادشۇناسلىق» دېگەن كىتابىنى ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيلىرى ۋە بايلىرى ئوقۇمسا بولمايدۇ، دەپ تەرجىمە قىلىپ يۈرەتتى.

ئەخمەتجان جۈمە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئەدىب، تەتقىقاتچى ۋە زىيالىيلارغا ئوخشاش تۇتۇلۇپ كەتتى. 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ باغۋەنلىك ھاياتىغا ئۈششۈك تەگدى. مۇنبەردە يۈرەكلەرگە ئوت ياقىدىغان زىيالىيلار خىتاي سالغان جەھەننەمگە ئوتۇن بولۇپ كەتتى. ئەخمەتجان تۇتقۇنغا مەھكۇم، ئەمما ئۇنىڭ كىتابلىرى، ئۇيغۇرنى سۆيگەن ئەقىدىسى تۇتقۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەقىدىسى ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرغا ئىلھام، ھەمدەم ۋە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

***ئىلاۋە:***

مۇھاجىرەتتىكى دوستلاردا ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىنىڭ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»، تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «مۇھتەشەم مىڭ يىل» دېگەن رومانلىرىنىڭ نەشر ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم، ئوقۇرمەنلەردىن مانا مەن ئىقتىساد چىقىراي دېگەن ئىككى ئۇيغۇر، مانا مەن ئوقۇي دېگەن 200 ئۇيغۇر چىقسا، بىر ئايغا قالماي نەشردىن چىقىپ كېتىدۇ.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

## خىتاي تۈركىيەدە كىملەرنى قانداق پايلاۋاتىدۇ؟

خىتاي تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوماندانلىرىنى، پىداكارلىرىنى، جەڭچىلىرىنى ئەڭ كۆپ پايلاۋاتىدۇ. تۈركىيەگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ھەقىقەتكە قايتقان، بۇرۇن خىتايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ساختىلىقنى تاللىغان، ھازىر زۇلۇمغا قارشى ھەقىقىي ئاتلانغان بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ بايانلىرى يۇقىرىقى ئەمەلىيەتنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئىسىم ئابدۇقادىر ياپچان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بەش كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. سەيپۇللانىڭ ئىسمى پەقەت بىر قېتىم چىقتى، ئۇنىڭ تاغىسا ئەۋەتىلگەن ۋە قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى سورۇلۇپتۇ. نېمە ئۈچۈن؟

خىتاينىڭ ئاغزىدىن بۇيرۇق ئالغان، بوگۈن ھەقتە تۇرۇۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئابدۇقادىر ياپچاننى تېخىچە قوراللىق ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيسى دەپ قارايدۇ. ئۇلار سۈرىيەدە ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە ئۇيغۇرلارنى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ دەپ بىلىدۇ. ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئىستانبۇلدا سىياسىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، ئېكرانلاردا ئەخمەتجان قاسىمىنى، ئىلھام توختىنى باھالاپ يۈرۈشلىرىگە، ئاپتونومىيە، مۇستەقىللىق دېگەن تېمىلاردا سۆزلەشلىرىگە قىزىقمايدۇ، پەقەت ئۇنى بىر ۋاستە، قوشۇمچە خېمىرتۇرۇچ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قوراللىقلار بىلەن بولغان ئالاقىسى خىتاينى ئالاقىزادە قىلىدۇ. خىتاي ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئافغانىستان جەڭ مەيدانىدىكى تەجرىبىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنى شۇ تەجرىبە

ۋە ئېتىراپ بىلەن يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ، بىر تـوپ قـوراللىقنى مەيدانغا ئاتالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

خىتـاي تۈركىيەگـە ئىشـەنمەيدۇ. ئابدۇقادىـر ياپچـان باشلىيالايدىغان قوراللىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى مەنپەئەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن، تۈركىيەنىڭ بۇنىڭغا كـۆز يۇمۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. خىتاي تۈركىيەگە ئۇزاق مۇددەتلىك زىيانغا مەبلەغ سالغان ۋە ئەمدى راسا پايدا ئېلىۋاتىدۇ. تۈركىيەنىڭ ئۇل ـ ئاساسى ئەسلىھەلەر قورۇلۇشى، ئۇچۇر ـ ئالاقە قۇرۇلۇشى، ھەربىي سانائەت، سىياسىي پارتىيەلەر، ئاخباراتچىلىق قاتارلىق ساھەلىرىدە خىتاينىڭ مەبلىغى بار. خىتاي شىركەتلىرى يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە تۈركىيەدە تىجارەت قىلماقتا. ئەگەر خىتاينىڭ يۇقىرىقى تۈرلەرگە مەسئۇل شىركەتلىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، بۇ ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ خىتاي ھىندونېزىيەدە قالغان كۆڭگە قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇيغۇر قوراللىقلار ياققان پىلتا تۈرك ئاۋامنىڭ قارشىلىقىغا ئايلىنىپ، ھىندونېزىيەدە بولغان خىتاينىڭ بانكا، زاۋۇت ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى تۈركىيەدە تەكرارلىنىپ، زور زىيان كېلىپ چىقىشىدىن ئەنتايىن قورقىدۇ.

خىتاي ئۇيغۇر قوراللىقلىرى مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھەرىكەتكە ئۆتسە، شۇ يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، بۇ ئەللەرنىڭ كونترول قىلىدىغانغا يېتەرلىك كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مىسىر، ئالجىرىيە، تۇنىس قاتارلىق ئەللەردە ھاكىمىيەت خىتايغا تايىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك. ئەگەر ئۇيغۇر قوراللىقلىرى بۇ جايلاردا

كىچىككىنە ھەرىكەت قىلسا، سەرەڭگە ياقسا، ئاۋامغا ئوت كېتىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىدۇ.

خىتاي پايلاقچانلار ئىچىدە سۇرىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا تۈركىيەدە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە شۇنداقلار كۆپ. ھەتتا سۇرىيەگە بارغان ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرغانلارمۇ تەقىبتىن چۈشۈپ قالمايدۇ. خىتاي ئىككى بالىسى بىلەن قايتۇرۇپ كەتكەن زىنىنەتگۇل تۇرسۇننى سۇرىيەگە بارغانلىقى سەۋەبلىك سېتىۋالدى، ئۇ شۇنچە پۇلغا يارىدى. ئۇنىڭ ئۆي - مۈلۈكچى تۇنجى يولدىشىمۇ 2016 - يىلى ئۆيىدە سىرلىق قازا قىلغان.

خىتاينىڭ قورالىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ باشچىلىرىنى پايلاشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىنى تېلېفونچىلىق، دەرنەكچىلىك، ئۆي - مۈلۈكچىلىك ۋە مېھمانخانىچىلىق شىركەتلىرى. بولۇپمۇ تېلېفونغا قاچىلانغان ئۈندىدار، تىك توك ئارقىلىق سىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭىزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئىستانبۇلدا تېلېفونچىلىق ساھەسىگە خىتاي باشچىلاپ كىرگەن. خىتايغا ئىشلىگەن دۇكانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېفونلىرىنى ئانچە باھا تالاشماي سېتىۋالغان ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەرزان باھادا نىمكەش ۋە يېڭى تېلېفون ساتقان. خىتاي بىر تېلېفون بىلەنلا يۈزلىگەن ئۇيغۇرنىڭ مەلۇماتىنى يىغقان ۋە بىر تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپلا، ئۆزىمۇ بىلمەي خىتايغا ئىشلەيدىغان كىشىلەرنى بىكارلىق ياللىۋالغان.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى تېلېفون ئارقىلىقلا خىتايدا تۇرۇپ پايلاقچانلىقىدىن بىخەۋەر كىشىلەر بىر - بىرىنى پايلاقچىغا چىقىرىدۇ. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى، كىشىلەر سىرلىرى پاش بولۇپ قالسا قولىدىكى ئۈندىدار، تىك توك، كىيۇكىيۇ قاچىلانغان تېلېفوندىن ئەمەس، ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرىدىن

دائىم گۇمان قىلىدۇ.

خىتاينى ئالداپ قويۇپ چىقىپ، ھازىر ئۇيغۇرغا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئېيتىشىچە خىتايغا ياللانغانلار ئىچىدە مۇھاجىرەتتە ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر كۆپ. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر تۈركىيەدە ئۇزاق ياشىغانلار؛ ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر، يېرىمى ۋەتەندە يېرىمى چەتئەلدە تۇرۇۋاتقانلار؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر، دىندا ئوقۇۋاتقانلار. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، كىشىلەر ئادەتتە يېڭى چىققانلاردىن ئاسان گۇمانلىنىدۇ، ئۆزى بىلىشمىگەن ئادەمگە ئىشەنمەيدۇ، ھاراق ـ تاماكىغا يېقىنلاردىن يىراق تۇرىدۇ، دىنغا سادىقلاردىن شەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە خىتاينى ئالداپ قېچىپ چىققان، ھازىر ئاكتىپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى گېپى «ئاكا، بۇ خىتايلار بىزنىڭ ئاجىز نۇقتىمىزنى پۈتۈنلەي بىلىپ بوپتۇ».

يۇقىرىدا دېيىلگەن پايلاشلار سەۋەبلىك مېنىڭ بىلىشىمچە، تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەكلا تۆۋەن. تۈركىيەدە ئۇيغۇرنى قورقىتىۋاتقان باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، ئۇ سەۋەبلەرنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولىدۇ. مىڭ يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك خەلقلەر بىخەتەرلىكتىن ئەندىشە قىلىپ قېچىپ چىقىۋاتقان ئەلدە ئۇيغۇرنىڭ خەۋپسىرەپ ياشىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن ئۇيغۇرغا يامرىغان خىتاي قورقۇنچى بىر يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، يۇقۇملاندۇرۇش دەرىجىسى، كېسەللەندۈرۈش كۈچى، ئىممۇنىتېتنى خاراب قىلىش قۇدرىتى ۋە ۋەھىمىسى خىتاي ۋىرۇسىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېغىر. چۈنكى، خىتاي ۋىرۇسىدىن ساقايغان ئۇيغۇرلار دۇنيادا ۋە تۈركىيەدە بار، ئەمما خىتاي قورقۇنچىدىن قۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئاز. شۇڭا يۇقىرىقىدەك مەلۇماتلارنى ماڭا ۋە خەلقئارالىق

ئاخباراتقا يەتكۈزگەن ئۇيغۇرلار ھەقىقىي قەھرىمان. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم خىتايغا قارشى مەيدانغا چىققىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگىچە ئاشكارا قىلالماسلىقىمۇ شۇ قورقۇنچ ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئەتراپىتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنسىرىتىشلىرى، سوۋۇتۇشلىرى ھەتتا تەھدىتلىرىدىن بولغان. ئارىمىزدا كىتاب ئوقۇش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش، ئەمەلىيەتنى دەڭسەش، ۋەزىيەتنى چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر ياپچان، ھىدايەتۇللا ئوغۇزخان ۋە مۇجاھىد قەھرىمان ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشلار قانچە كۆپەيسە، قورقۇنچ ۋىرۇسىنىڭ ۋەھىمىسى شۇنچە ئازلىشى مۇمكىن.

2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

# تۈركىيەنىڭ كۆڭلى

قەشقەرنىڭ كوچىلىرى، خوتەننىڭ رەستىلىرى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ قايناق بازارلىرىدا «ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ» دەپ قۇلاق يېقىشلار، پىچىرلاشلار، كۆز يۇمچەكلەشلەر ئۈچ ۋاق تاماقتەكلا تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇنى ئىدى. بەزىدە قارىسام شۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھاجىرەتكە كۆچۈپ چىققاندەك، بولۇپمۇ تۈركىيەگە جەم بولۇپ مېھماندارچىلىق ئويناۋاتقاندەك تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىسى تۈركىيەدىمۇ «ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلى بار» دەپ ئا ك پ گە ئىقتىدا قىلىشىدۇ. ئا ك پ ھۆكۈمىتى سادىر قىلغان بىرەر خاتالىق تەنقىد قىلىنىپ بولغىچە تۆت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ خىتايدىن قورققان پەدىگە قورقۇپ، بىر بىرىنى قورقۇتۇپ ئۈلگۈرىدۇ. بۇ مەنزىرە كۆزۈمگە بەزىدە ئېچىنىشلىق، بەزىدە ھەجۋىي كۆرۈنىدۇ.

تۈركىيەدە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىغان مەندەك قارام ئۇيغۇر بار ئىدىغۇ دەيمەن. «پىرېزىدېنت ئەردوغان، بۇ ئۇيغۇرلار سىز سەۋەبلىك تۇتۇلدى»، «ئۇيغۇرلار ئەردوغاننى قانداق ياخشى كۆرىدۇ؟»، «پۇقرا مۇھىممۇ ئايا سوفىيامۇ؟» دېگەن يازمىلىرىمدا ئەردوغاننىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنى تەنقىد قىلدىم. نەتىجىدە مېنى بىرمۇ تۈرك ساقچى ئىزدەپ كەلمىدى. بۇ يازمىلار ئىنگلىزچە، تۈركچە ئۇيغۇرچە كەڭرى تارقىتىلدى. بىرمۇ ئا ك پ چى تۈرك كېلىپ نەسىھەت قىلمىدى. ئەمما شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرنىڭ مەن سەۋەبلىك بالاغا قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، مىڭلىغان ئۇيغۇردىن

ئەنسىرەپ كەتكەن دانالىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ئۇيغۇرچە ئاگاھلاندۇرۇشقا كۆمۈلۈپ كەتتىم.

تۈركىيەدە تۇرۇپ قىلغان تەنقىدلىرى بەدىلىگە نىمە يامانلىق كۆردۈم؟ ھېچ نىمە. تۈركىيەدە خاتىرجەم ياشاپ، چېگرادىن تىنچ ئامان ئۆتۈپ مۇكاپات بىلەن ياۋروپاغا بارغاچ تۇردۇم. تۈركىيەگە يەنە بېرىش پىلانىم بار. بارماي بولامدۇ؟ تۈركىيە دۆلىتىنىڭ، خەلقىنىڭ، تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە تۈرك دوستلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. دۇنيادا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۈچۈن كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلغىلى بولىدىغان يەر يەنىلا تۈركىيە. ۋەتەندىكى ئۇيغۇلار ئۈچۈن ئىشنى ئامېرىكىغا قارىغاندا ئەلۋەتتە تۈركىيەدە بەك ئىزچىل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ھۆكۈمەت ئايرىم دۆلەت ئايرىم. ئا ك پ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنى تەنقىد قىلىش تۈركىيە دۆلىتىنى تەنقىد قىلىش بولمايدۇ. دۆلەت سۈپىتىدە تۈركىيە ئۇيغۇرنىڭ باش پاناھى، ئەمما ھۆكۈمەت ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزىدە دۆلەت قانۇنىنى ئاياق ئاستى قىلىدۇ. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز دۆلەت قانۇنىدىن، خەلقنىڭ نازارىتىدىن، ئاخباراتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش. چۈنكى تۈركىيەدىكى ئا ك پ ھۆكۈمىتىمۇ ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنى قوغداشتا دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

ھۆكۈمەت دېگەننىڭ كۆڭلى بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلى بار دېگەنلىك ئۇنى ئادەم دېگەنلىك بولۇپ، تامبلى، پايپىقىمۇ بار دېگەنلىك بولىدۇ. بىز دۆلەت قانۇن بىلەن ئەمەس ئادەمنىڭ مەيلى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان خىتايدا ياشىمايۋاتىمىز. خىتايدا ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا يىغىلغان بولغاچقا ھەقىقەتەنمۇ

ئۇنىڭ كۆڭلى بار، ئۇنىڭ كۆڭلى ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. چاتاقنىڭ چوڭى شۇ كۆڭلى بولغاچقا چىقىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل دېگەننىڭ تارازىسى يوق، قانۇنى يوق، پىرىنسىپى يوق. ئۇنى كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا دائىم ئاياشقا، ئاۋايلاشقا، ۋايۋايلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلار مۇشۇنداق كۆڭۈل بىلەن ئەمەس قانۇن بىلەن باشقۇرىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قان تۆكۈپ دېموكراتىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى.

دېموكراتىك تۈزۈم دەل شۇ كىشىنىڭ مەيلى، خىيالى ۋە كۆڭلىدىن كەچكىنى بويىچە دۆلەت باشقۇرىدىغان ھالەتكە خاتىمە بەرگەن. ھۆكۈمەتتىكى شاھنىڭ كۆڭلى، سۇلتاننىڭ ئەمرى، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلمىسۇن، پىرىنسىپلارنى ئاياق ئاستى قىلمىسۇن، مال مۈلكىدىن مەھرۇم قويمىسۇن دەپ كىشىلەر دۆلەتتە قانۇن چىقىرىش، قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىش ۋە شۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئايرىۋەتتى. مانا بۇ دېموكراتىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم بېشارىتى بولغان ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پىرىنسىپى.

دېموكراتىيەنىڭ ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش پىرىنسىپىنى ئۆزىمىزگە باغلاپ چۈشەنسەك، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنىنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرسەك مۇنداق، مەسىلەن، ئۇيغۇر قانۇنىنى ئامېرىكا پارلامېنتىدىكىلەر چىقاردى، پارلامېنت ئەزالىرى بىلەت تاشلاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ، شۇلار تاماملىنىپ پىرېزىدېنت تىرامپ ئىمزا قويسا قانۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇ قانۇننى چىقارغان پارلامېنتنىڭ خىتاينى جازالاش ھوقۇقى بولمايدۇ. قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورگان سوت، ئەمدى سوت چىقارغان شۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغان ئورۇن ھۆكۈمەتكە تەۋە ئورگانلار. پارلامېنت، ھۆكۈمەت ۋە سوت بىر داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتىدەك

دۆلەتنى تىرەپ تۇرىدۇ. بۇ ئۈچ ھوقۇق مۇشۇنداق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بىر بىرىگە تەۋە بولمايدۇ، بىرىنى باشقۇرمايدۇ، ئەمما ھەر زامان بىر بىرىنى چەكلەيدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

تۈركىيەدە كىشىلىرىمىز كۆڭلىگە كېلىدۇ، كۆڭلى بار، ئىمانى بار دەپ پەرەز قىلىۋاتقان، قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتقان ئا ك پ ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى تۈزدى. بۇ كېلىشىم پارلامېنتقا قويۇلۇشى كېرەك. پارلامېنت تەستىقلىغاندىن كېيىن قانۇنى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما پارلامېنتنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى يوق، بۇ ھوقۇق سوتقا خاس، سوتنىڭ ھۆكمىنى سوت ئۆزى ئىجرا قىلمايدۇ. سوت سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن جىنايى ھۆكۈم چىقارسا سىزنى يەنىلا ئاق پارتىيە ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ سۇلايمان سويلۇ باشقۇرىدىغان، كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە تەۋە قايتۇرۇپ بېرىش مەركىزىدىن خىتايغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. مانا بۇ تۈركىيەنى دېموكراتىك دۆلەت دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى. تۈركىيەدىمۇ ئامېرىكاغا ئوخشاش ئۈچ ھوقۇق ئايرىلغان. مەقسەت ئىشلار كىشىنىڭ كۆڭلى بويىچە ئەمەس دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە بولسۇن ئۈچۈن. شۇڭا قۇلاقنى قۇلاققا ياقماي دەيمىزكى تۈركىيە مۇستەبىت خىتاي ئەمەس، ئۇ بىر دېموكراتىك دۆلەت. شۇڭا تۈركىيەدە ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ كۆڭلى ھېساب ئەمەس، دۆلەتنىڭ قانۇنى ھېساب بولۇشى كېرەك.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

# «ئۇيغۇر بۇلاق»نى مۇنداق يازدىم

ئۇيغۇر بۇلاقنى نېمە ئۈچۈن، كىمگە، قانداق يازدىم؟

**1. پەرزەنتىمىزنىڭ كىملىكىنى كۆڭدەك روشەن بولسۇن دەپ يازدىم.**

ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىن سورايدىغان بىرىنچى سوئالى مەن كىم، ئۆزگىلەرنىڭ بىزدىن دائىم سورايدىغىنىمۇ سەن كىم؟ بالىلىرىمىزنى مۇشۇ سوئالغا دۇدۇقلىماي، قىينالماي، قىزارماي تۇرۇپ «مەن ئۇيغۇر!» دېيەلىسۇن دەپ يازدىم.

بالا دۇنياسى ھېكايە بىلەن چۆشەنگۈچى ۋە چۆشەنچىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىگۈچى. مەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بالىلارغا خاس بىر ھېكايىسى بولسىكەن دەيتتىم. دۇنيانى ھېكايە بىلەن چۈشىنىدىغان كىچىك قىزىمنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسىنى بىلمەي چوڭ بولۇشى ئۇنى ئۇيغۇرچە بالىلىقتىن مەھرۇم قويىدۇ. مېنىڭ قىزىملا ئەمەس، بەلكى بارلىق قىز ـ ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلۇققا قەدەم بېسىشىدىكى قىسسەلىك بىر باشلىنىشنىڭ كەم بولۇشى ئۇلارنى كېيىنكى تولدۇرغۇسىز مۇجمەللىككە باشلايدۇ، نەتىجىدە بۇ ئۇلارنى ئۇيغۇرلۇق سەپىرىدە كىملىك كىرىزىسىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. كىملىك كىرىزىسىگە پاتقان كىشىنىڭ ھاياتى پاجىئەلىك ھايات بولىدۇ. بىزگە ئەڭ يارقىن مىسال تارىخىمىزدىكى مەلئۇن نىياز ھېكىم بەگ. ياركەنتتىكى چىڭ ئەمەلدارى، دوڭ فامىلىلىك خىتاي ئاسىرىۋالغان تۇڭ بالىسى نىياز ھېكىم بەگ، يەنى دوڭ نىياز. نىياز ھېكىم بەگ ئۆزىنى كىچىكىدىن خىتاي باققانلىقى ئۈچۈن، خىتاي دەي دېسە ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان، ئۇيغۇر دەي

دىسە خىتاي مەدەنىيىتىدە يېتىلگەن. ئاخىرىدا ئۇنىڭ بۇ كىملىك مۇجمەللىكى، كىشىلىك مۇجمەللىكىگە، ئەخلاقى چىرىكلىكىگە سەۋەب بولۇپ هاياتى بويىچە رەزىللىكتىن زوق ئالىدىغان كىشىگە ئايلانغان ۋە بىر پۈتۈن قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ يىمىرلىش پاجىئەسىگە سەۋەب بولغان.

## 2. تارىخىمىز ئارقىلىق دۇنيانى قۇچاقلىسۇن دېدىم.

ئۇيغۇر تارىخى ئۆزى داڭلىق ئىمپېرىيە قۇرغان، مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئۆزگىلەر ياراتقان بارلىق ئىلغارلىقلارغا ۋارىسلىق قىلغان تارىخ. شۇڭا تارىخىمىزنى پەقەت بىر مىللەتنىڭ يەرلىك تارىخى دەپلا تار دائىرىدە چۈشەندۈرسەك، يېتەرلىك بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە باللارنى قايىل قىلىپ بولالمايمىز. مۇهاجىرەتتە بالىلىرىمىز ئۆگىنىدىغان دۇنيا تارىخىغا ئۇيغۇر تارىخىنىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۇلارنى ئاسانراق قايىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ئالكساندىر ماكىدونىسكىنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى دۇنيا تارىخى ئۇنىڭسىز سۆزلەنمەيدۇ. دەرسلىكلەردىن پەرزەنتلىرىمىز چىڭگىزخاننى ئوقۇپ چوڭ بولىدۇ. قىزىقارلىق، ئەهمىيەتلىك ۋە هالقىلىق يېرى ئۇيغۇر تارىخى دەل مۇشۇنداق دۇنياۋى شەخسلەرگە باغلىنىدۇ. يەنە مىسالغا ئالساق، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى بالىمىز چوقۇم ئوقۇيدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى ئەندىزىسى شەكىللەندى، ئاتوم بومبىسى بۇ ئۇرۇشتا ئاچقۇچ بولدى، ئۇيغۇر تارىخى دەل مۇشۇ ئاچقۇچقىمۇ باغلىنىدۇ. مەن مۇهاجىرەتتە، يات ئەلدە ياشاۋاتقان بالىلىرىمىزغا ئۇيغۇر تارىخىنى مۇشۇنداق دۇنياغا ئايدىڭ پاكىتلار بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرسەك تېخىمۇ ئاسان دەپ قارىدىم ۋە مۇشۇنداق دۇنياۋى نەزەردىن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ هېكايىسىنى سۆزلەشكە تىرىشتىم ۋە تىرىشىماقتىمەن.

### 3. باللىق ئاسمىندا يۇلتۇزلار بولسۇن دېدىم.

كىتابىم ئۇيغۇر تارىخىدىكى شەخسلەرنىڭ ھېكمەتلىك كەچمىشى ۋە شۇلارغا باغلانغان دۇنيا تارىخىدىكى شەخسلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەش بىلەن باشلاندى ۋە داۋام قىلىۋاتىدۇ. مەقسىتىم باللارغا ئۇيغۇرلۇقنىڭ بىر مۇھەببەت، ئۇيغۇنلۇق، قەدىرىيەت، قىممەت ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ئۆلۈك، دوگما، مۇتەئەسسىپ، تۇرغۇنلۇق ئەمەسلىكىنى سىڭدۈرۈش. كىتابىم ئارقىلىق باللارغا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەھەللىۋازلىق ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇرنى سۆيۈشنىڭ قەبىلىۋازلىقتىن يىراقلىقنى، كىشىلىك سالاھىيەت سۈپىتىدە كەلگەن ئۇيغۇرلۇقنىڭ بىر ئىنسانىي قىممەت، ئىنسانىي مىزان ۋە كىشىلىك مەنزىل ئىكەنلىكىنى يورۇتتۇم ۋە يورۇتماقچى بولۇۋاتىمەن.

«ئۇيغۇر بولاق» ئۇيغۇرغا ئايدىڭ تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس، باللارغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەشكە ماس يېزىلغان ئۇيغۇرلۇقنىڭ داستانى، بىر قىسسە، تارىخىمىزنى ھېكايەخۇمار باللارغا سۆيدۈرۈشنىڭ بىر يولى، خالاس.

باللار ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى باشلاندى، بېشى «ئۇيغۇر بولاق» بولدى، داۋامى دەريا ۋە دېڭىز بولغۇسىدۇر.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

***ئىلاۋە:***

تۆۋەندە «ئۇيغۇر بولاق» ناملىق كىتابىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، فېيسبۇكتا ئېلان قىلىنغان مەلۇم تېمىغا چۈشكەن ئىنكاسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇپ بېقىشى ئۈچۈن، ئۆز پېتى سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:



Muyesser Hendan

مەن بۇ كىتابچىنى ئوقۇپ باقمىدىم، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا
دەرسلىك قىلىش ياكى ئاتا - ئانىلارغا تەۋسىيە قىلىشنى ئويلاپمۇ
باقمىدىم، چۈنكى بىر يازغۇچىدىكى (ئەگەر ئاپتورنى يازغۇچىلار
قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولسا) ئىدىيە بەك مۇھىم دەپ
قارايمەن. ھەرقانچە ھەقىقىي تارىخ يازغان كىشىنىڭ كىتابىدىمۇ
ئۇنىڭ شەخسىي ئىدىيەلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، بەزى بۇرما
ئىدىيەلىك ئاپتورلارنىڭ بىزگە ئاجايىپ ئورۇنلۇق كۆرۈنگەن
كىتابلىرىنىڭ ئىچىگىمۇ زەھەرلىرى چاندۇرماي سىڭدۈرۈۋېتىلگەن
بولىدۇ. مەن ئاپتورنىڭ بەزى ئىدىيە ۋە يازمىلىرىغا
قوشۇلمىساممۇ، ئۇنى مۇئەللىم دەپ ئاتاپ ھۆرمىتىنى
چۈشۈرمىگەن، تونۇلغان زىيالىيلىرىمىز ئۇنى قانات ئاستىغا
ئالغان، ھەتتا دىنىي ئۆلىمالارغا قارشى <ئابدۇۋەلىنى
قۇتقۇزۇۋالايلى> دېگەن ماقالىلەرنىمۇ يازغان، لېكىن ئاخىرى
ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك نەزىرىدىن چۈشتى (ئەلۋەتتە، بىر
قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ كەينىدىن
مېڭىۋېرىشى ھەر دەۋردىكى نورمال مەسىلىلاردىن). ئۆزۈممۇ
تېگىگە يېتەلمەي قالدىم، بىر كىشى قانداق قىلىپ ئۆزىنى
ھۆرمەت قىلىدىغان بۇنچە كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراق
قىلالايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە قالالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ
كىشى ئۆزىنى شۇنچە سەۋىيەلىك چاغلاپ تۇرۇپ، بولۇۋاتقان
ئىشلاردىن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە سەۋەب تاپالمايدۇ؟
بۇنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇپ قورقۇنچلۇق جاۋابلار خىيالىمغا
كەلگەندىن كېيىن، يىپىپ قويدۇم. دۇنيادا <ئىلاھىي ئادالەت>
دەپ بىر نەرسە بار، ئاللاھ بىزگە كىملەرنى بېشىمىزغا ئېلىپ،
كىملەرنى يەرگە تاشلىشىمىز كېرەكلىكىنى مۇشۇنداق بىلدۈرۈپ
قويىدۇ. تېمىدا بېرىلگەن مەسىلىلار ۋە رەسىملەردىن شۇنى ھېس
قىلدىمكى، مەيلى مەزمۇن، مەيلى تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن بۇ
بىر بالىلار ئوقۇشلۇقى بولماستىن، كومپارتىيەنىڭ ئاق تاشلىق
كىتابىغا ئوخشاپ قالىدىغان پىتنىلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەن.
بالىلىرىغا ئەجدادلىرىنى تونۇتۇشنى خالايدىغانلار تۆتقۇلاق ۋە
سىيرەت ژۇرناللىرىدىكى پەقەت بالىلار تىلىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ
ھېكايىسىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان (غەيرىي مەقسەت

## Muyesser Hendan

مەن بۇ كىتابچىنى ئوقۇپ باقمىدىم، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرسلىك قىلىش ياكى ئاتا - ئانىلارغا تەۋسىيە قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. چۈنكى، بىر يازغۇچىدىكى (ئەگەر ئاپتورنى يازغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولسا) ئىدىيە بەك مۇھىم دەپ قارايمەن. ھەرقانچە ھەقىقىي تارىخ يازغان كىشىنىڭ كىتابىدىمۇ ئۇنىڭ شەخسىي ئىدىيەلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، بەزى بۇرما ئىدىيەلىك ئاپتورلارنىڭ بىزگە ئاجايىپ ئورۇنلۇق كۆرۈنگەن

كىتابلىرىنىڭ ئىچىگىمۇ زەھەرلىرى چاندۇرماي سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. مەن ئاپتورنىڭ بەزى ئىدىيە ۋە يازمىلىرىغا قوشۇلمىساممۇ، ئۇنى مۇئەللىم دەپ ئاتاپ ھۆرمىتىنى چۈشۈرمىگەن، تونۇلغان زىيالىيلىرىمىز ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغان ھەتتا دىنىي ئۆلىمالارغا قارشى «ئابدۇۋەلىنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن ماقالىلەرنىمۇ يازغان، لېكىن ئاخىرى ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك نەزىرىدىن چۈشتى (ئەلۋەتتە، بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېلىپ كەينىدىن مېڭىۋېرىشى ھەر دەۋردىكى نورمال مەسىلىلەردىن). ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەي قالدىم، بىر كىشى قانداق قىلىپ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بۇنچە كۆپ كىشىلەرنى ئۆزىدىن يىراق قىلالايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە قالالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ كىشى ئۆزىنى شۇنچە سەۋىيەلىك چاغلاپ تۇرۇپ، بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە سەۋەب تاپالمايدۇ؟ بۇنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇپ قورقۇنچلۇق جاۋابلار خىيالىمغا كەلگەندىن كېيىن، يېپىپ قويدۇم. دۇنيادا «ئىلاھىي ئادالەت» دەپ بىر نەرسە بار، ئاللاھ بىزگە كىملەرنى بېشىمىزغا ئېلىپ، كىملەرنى يەرگە تاشلىشىمىز كېرەكلىكىنى مۇشۇنداق بىلدۈرۈپ قويىدۇ. تېمىدا بېرىلگەن مەسىلىلەر ۋە رەسىملەردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەيلى مەزمۇن، مەيلى تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن بۇ بىر بالىلار ئوقۇشلۇقى بولماستىن، كومپارتىيەنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىغا ئوخشاپ قالىدىغان پىتنىلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەن. بالىلىرىغا ئەجدادلىرىنى تونۇتۇشنى خالايدىغانلار تۆتقۇلاق ۋە سىيرەت ژۇرناللىرىدىكى پەقەت بالىلار تىلىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان (غەيرىي مەقسەت بولمىغان) ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلساڭلار بولىدۇ. يەنە شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز قاتتىق تىرىشىپ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، بالىلارنىڭ دۇنياسىنى بۇلغىماقچى بولغانلارغا پۇرسەت

بەرمەسلىكىمىز كېرەك ئىكەن. كەچۈرۈڭلار، بالىلىرىم، بىز كېچىكىپ قاپتۇق.

ئۇلىنىش:

1841. neerg. remo/moc. koobecaf. www//: sptth

# «ئۇيغۇر بۇلاق» ھەققىدە بولۇنغان سۆزلەرگە جاۋاب

مەندىن كىتابىم توغرىلىق سوئال سوراۋاتقانلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغاندىن باشلاپ ئارىدا ئارىيەلەرنى ئېلان قىلىنغىچە ۋە ئاخىرىدا كىتاب ھالىتىگە كەلگىچە ئىزچىل توردا ئېلان قىلىپ كەلدىم ۋە دېيىلىپ كەلگەن گەپ شۇ «پىكىر ئېلىش» ئۈچۈن ئىدى. كىتابنىڭ تارىخ ئەمەس تارىخنىڭ ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. كىتابىم ھەققىدە قويۇلغان سوئاللار بىر بالىنىڭ ھېكايىگە قويغان سوئالى ئەمەس بىر زىيالىينىڭ، تەتقىقاتچىنىڭ ئىلمىي ماقالىگە قويغان سوئاللىرى ئىكەن. شۇڭا ئەگەر كىتابىم ھەققىدە بالىلارنىڭ قويغان سوئاللىرى، قىزىققان ۋە قىزىقمىغان تەرەپلىرى بولسا ئەۋەتىپ بەرگەن بولساڭلار، چوڭلارنىڭ سوئالى چوڭلار كىتابىغا قويۇلسا.

كىتابىم ھەققىدە تەتقىقات خاراكتېرلىك سوئال سورىغۇچى ياكى سورىغۇچىلار كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىكى دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ كىتابنى ئوقۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىنكى باھاسىنى ئوقۇپ باقسىمۇ سوراۋاتقانلارنىڭ جاۋابى چىقىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تەنقىد قىلىۋاتقانلارغا رەھمەت، «ئۇيغۇر بۇلاق» ناملىق چۆچەكلەشكەن كىتابىمغا بېرىلگەن باشقا ئاكادېمىك سەۋىيەدىكى تەنقىدلەر ئۈچۈن تەشەككۈر. تەنقىدىڭلار قوبۇل قىلىمەن ۋە ئىككىنچى نەشرىدە تۈزىتىپ قويىمەن. ئىلمىي، تارىخىي تەلەپلەرنى بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىپ قالسام، سىلەر تەلەپ قىلغان ئاكادېمىك

تەلەپلەر بويىچە ئۆيلىشاي ۋە يازاي.

قولۇمدىكى ئۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاياغلاشتى، ئىككىنچى قىسمىنى ئىشلەۋاتىمەن، بۇ قېتىم تەنقىد قىلغانلارنى كىتابىمنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئۈچۈن، ھەقلىق ئاپتورلۇققا تەكلىپ قىلىمەن. ئۇيغۇر باللار ئۈچۈن سەبىي چۆچەك، ئوماق تارىخچاق يېزىشقا دىپلوم، ئىدىيە، مەسلەك ئايرىماستىن ھەر قانداق كىشىنى ياردەمچىلىككە، يېتەكچىلىككە ۋە ھەيدەكچىلىككە تەكلىپ قىلىمەن. ئەگەر ئۇيغۇر تارىخىنى باللارغا خاس ھېكايە شەكلىدە يازالايدىغان ھەر قانداق بىر يازغۇچى چىقسا مەن ئىقتىسادى، مەسلىھەت ۋە تەھرىرلىك ئارقىلىق ياردەم قىلىشقا تەييار، كىتابتىن كىرگەن كىرىمنى ئۆزى ئىشلەتسە بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى كىتابنى كۆرۈپ باھا بەرگۈچى ئەسەت سۇلايمان، تەھرىرلىك قىلغۇچى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇجېلىل تۇران. كىتابنى بىر قوللۇق نەشر قىلغۇچىمۇ شۇ ئاكىمىز بولىدۇ. بۇ ئىككەيلەنگە ھەق بېرىلمىدى، ئەمما بۇندىن كېيىنكى ئىككىنچى قىسىم كىتابىمغا يېتەكچىلىك، نازارەت ۋە تەكشۈرگۈچىلىك قىلغانلارغا ھەق بېرىمەن. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر بۇلاق»تىن نارازى بولغان، كەمچىللىك بايقىغان دوستلارنى نازارەتچىلىككە تەكلىپ قىلىمەن.

كىتابىم ھەققىدە «خەزىنە ئەپەندى»، «يازار بۇرھان» دېگەن تورداشلاردىن تەنقىد كەلدى. بۇلارغا جاۋاب قايتۇرمايمەن، چۈنكى ساختا ئىسىم بىلەن قىلىنغان راست گەپكىمۇ گۇمان قىلماي ئامالىم يوق. ھەر قانچە ئۇلۇغ گەپ بولسىمۇ ئىگىسى، سەممىي بولمىسا بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى يازارنىڭ مېنىڭ ئېتىقادىمغا ھاقارەت قىلغانلىقى، مېنى دىن دۈشمىنىگە چىقارغانلىقلا مېنىڭ پەرۋا قىلماسلىقىمغا يېتىپ ئاشىدۇ. كىتابىمغا

ساختا ئىسىم، تەخەللۇس بىلەن نازارەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، جىنسى ۋە كىملىكىنى ئېنىق دەپ نازارەت قىلىشى كېرەك.

ئەگەر نەشىردىن چىقىپ بولغان «ئۇيغۇر بۇلاق»نى قانداق ياخشىلاش، قانداق قىلىپ تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئوقۇشچان قىلىش، بالىلارغا يارىغۇدەك تۈزەش ھەققىدە تەكلىپلەر بولسا ئاشكارا ئىسىمڭلار بىلەن يېزىپ قويساڭلار، كىتابىنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە تۈزەپ كېتىمىز ۋە تۈزىتىپ بەرگىنىڭلارنى كىتابقا كىرگۈزىمىز.

بۈگۈنكى تەنقىدچىلەردىن كىتابىمدىن پارچىلار ئېلان قىلغاندىمۇ ھېچبىر سادا كەلمىدى. كىتاب چىقىپ بولغاندا ئوقۇپمۇ باقماي «زەھەرلىك، بالىلارغا تەۋسىيە قىلىشقا بولمايدۇ» دەپتۇ. ھەسەلدەك ئەسەرلىرى بىلەن قەلبىمدە ئابىدە تىكلىگەن يازغۇچىلارنىڭ بۇزۇلغانىنى تۈزەيدىغان تەكلىپلىرىگە تەقەززامەن. شۇلارنى مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا ئاپتورلۇققا تەكلىپ قىلىمەن.

ئەپسۇس شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، چۆچەكلەشكەن ئەدەبىي ئەسەرگە تارىخىي تەتقىقات ئەسىرىنىڭ سوئاللىرىنى قويۇش، بالىلارغا خاس ھېكايىلەرگە چوڭلارنىڭ سوراقلاش ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇيغۇن ئەمەس. ئەمما رېئاللىقتا كۆرگىنىمىز خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە مودا بولغان ئەدەبىياتتىن سىنىپىي دۈشمەن ئىزدەش، ئەدىبنى كۈرەشكە تارتىش بولۇۋاتىدۇ. بەزىلەر «ئۇيغۇر بۇلاق»نىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ يەر بۇ يەردىن كېسىپ ئېلىپ، جۈملىنى ھېكايىدىن، ئابزاسىنى تېكىستتىن ئايرىپ، ھېكايىدىكى مەركىزى ئىدىيە دېگەن نەرسىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ، ئۆزى قارشى تۇرىدىغان بىر ئەسەرنى ياساپ چىقىۋاتىدۇ.

ئەپسۇس، ئىش قىلىدىغان ئادەم ئاز، ئىشنى باھالايدىغان ئادەم كۆپ، قىڭغىر كەتسە تۈزەيدىغان ئادەم يوق، پۈتۈنلەي بۇزىدىغان، ساق قويمايدىغان ئادەم بار. بىللە ئىشلەيلى، بىللە تۈزەيلى دېسە، مانا مەن دەيدىغان ئادەم يوق. خۇددى بۇزىدىغان بار، تۈزىدىغانغا «ئۇيغۇر بولاق»قا ئادەم چىقمىغاندەك ئىككىنچى قىسمىنىمۇ مۇستەقىل يازاي ياكى بىللە يازايلى دېگەنگە ئىككى ھەپتە بولدى، مانا مەن دېگەن ئادەم يوق. ھېچكىم مانا مەن بىللە يازاي دېمەيدۇ ياكى مەن مۇستەقىل يازاي دېمەيدۇ.

كىتابىمنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇپ، زەھەرگە ئوخشاتقانلارنى شۇ زەھەرنى «كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىڭلار» دېسەم، تېخى ئۇنىمايدۇ، تۈزەيلى دېسە تېخى. زەھەر دېگەننى تەرغىب قىلغانلارنىڭ ھېچبىرى نېمىشقا ئۆيىدىن چىقىپ ئۆزى ياشاۋاتقان ئىستانبۇلدا تارقىلىۋاتقان، شۇ يەردىن دۇنياغا تاراۋاتقان شۇ زەھەرنى كۆيدۈرۈشكە ئاتلانمايدۇ، يازغانلىرىم راستتىنلا زەھەر بولسا، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان شۇ گەپكە ئۆزى ئىشەنسە كۆيدۈرۈۋەتسۇن! مەن رازى... مانا بۇنى ئىككى يۈزلىمىچىلىك، مانا بۇنى سەممىيەتسىزلىك دەيمىز. ئۇلار ھەتتا ماڭا ۋە مەن تارقىتىۋاتقان ئاتالمىش زەھەرلىك ئىدىيەگە بولغان نەپرىتىدىمۇ سەممىي ئەمەس.

كىتاب ئىستانبۇلدىكى تەكلىماكان كىتابخانىسىدا ئىزچىل تارقىلىۋاتىدۇ. ھېچقاچان تارقىتىشتىن توختىغىنى يوق. كىتابىمنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىز تارقىتىشقا مەسئۇل. مەن ئابدۇجېلىل تۇران ئاكىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ئەگەر كىتابىمنى زەھەر تارقىتىدۇ، باللارنى زەھەرلەيدۇ دەپ قارىغانلار بولسا، شۇ قارىشىدا سەممىي بولسا باللارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بېرىپ كۆيدۈرۈۋەتسەڭلار بولىدۇ. مەنمۇ باللارنى زەھەرلەش

ئۆچۈن ئىشلىگەنلىكى ھاردۇقىنى كۆيۈۋاتقان يالقۇندىن چىقىراي.

2020 ـ يىلى بىز كۆنگەن باللار بايرىمى كۈنى

## ساختا ئىسمدا يامرايدۇ سۇيىقەست

ساختا ئىسىم بىلەن تورلاردا ئۇچۇر تارقىتىش خىتايلاردا ئەڭ كۆپ ئىكەن. ماڭا تۇنتىتىردا ئەگەشكەن خىتايلارنىڭ ئىسمى ئاساسەن ساختا. فېيسبۇكۇمغا يالغان ئىسىملىك خىتايلارنى قوشمىغان، ئەمما تۇنتىتىردا ئەگىشىۋالسا بىلىپ، يۇغۇشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىكەن. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا خىتايدىن قالسا ئۇيغۇرنىڭ ساختا ھېسابى كۆپ. كۆزىتىشىمچە، خىتايدىن قاڭقىپ چىققان ئۇيغۇر مۇساپىرلاردا بۇ ئىش ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ساختىپەزلىكنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

مەن يېقىندىن بۇيان سىپلىشتۇرۇپ باقتىم، ئۇيغۇرغا قوشنا بولغان ئەللەردە توردا ساختا ئىسىم ئۇيغۇردىكىدەك كۆپ ۋە بۇ قەدەر ئومۇملاشقان ھالدا قوللىنىلمايدىكەن. مەن پات ـ پات بىر پارسچە قانىلنى كۆرۈپ تۇرىمەن. فېيسبۇكتا بىر قانچە ئافغان ماڭا ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا قاراپ باقسام، كىشىلەر ئىسمى فامىلىسى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان، بىزنىڭكىدەك ئادەمنىڭ ئىسمىغا توغراق، تومتاق، فاتىھ، ماقىغ، ساتىغ، شەرەپشان ئەپەندى، زەرداپشان خانىم، تەرەخشان ئوغلى دېگەندەك ئۆزگىچە ئىسىملار يوق ئىكەن.

ساختا ئىسىم نېمىشقا ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان؟ مەنچە بىر سەۋەبى، خىتايدا كۆنگەن خۇي. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، خىتايدا كەڭرى قوللىنىلغان ئۇندىدار، مىكرو بىلوگ، مۇنبەر، كوت كوت قاتارلىقلاردا ھېچكىمنىڭ ھەقىقىي ئىسمى يوق ئىدى.

مەنمۇ مۇنبەر ئويۇنايدىغان چاغدا گۇلەن دەپ ئىسىم قويۇۋالغان. چۈنكى غالىب، غارايىپ، غەيۇر، غالغال ئەزەم دېگەندەك كاتتا ئىسىملار ماڭا ئاشماي، كۇلگەن دېگەن ئىسىمنىڭ تۈركچىسى ئېشىپ قالغان ئىكەن. ئەمما مەن كىملىكىمنى دەپ قويغان، تەرجىمىھالىمنى يېزىپ قويغان. فېيىسبۇك ھېسابىم 2009 ـ يىلى ئۆزۈمنىڭ ئىسمى بىلەن ئېچىلغانىكەن. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار فېيىسبۇكتا ساختا ئىسىم قوللانمايتتى. چۈنكى فېيىسبۇكتا خىتايدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار كۆپ ئەمەس بولۇپ، ساختىلىق قىلىشقا ھاجەت يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا فېيىسبۇكقا كىشىلەر ئۆز ئىسمى بىلەن كىرىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئىزدىشەتتى، تونۇشاتتى، دوستلىشاتتى. مەن يېڭى كىرگەندە قوشۇلغان دوستلىرىمنىڭ ھەممىنى مەن تونۇيتتىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ دوستۇم ئوندىن ئاشمايتتى، ئەمما ھەقىقىي دوست ئىدۇق، دوستلىشاتتۇق. ھازىر دوستۇم تۆت مىڭدىن ئېشىپتۇ، ئەمما كۆپىنچە تونۇشمايمىز، چۈنكى ئىسىم ساختا، ئىنسان نائېنىق.

ساختا ئىسىم مودا بولۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، خىتاي قورقۇنچى. مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرىدۇ، شۇنداق قىلسام خىتاي بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ساختا ئىسىم بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى، ئۇچۇرلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى، خىتايغا بىلدۈرمەي كومپارتىيەنى تازا تىللاپ ئاچچىقىنى چىقىرىشنى، زۇلۇمغا ئۆچمەنلىكىنى ساختا ھېسابلار بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بولۇپمۇ فېيىسبۇكتا ئاشقۇن دىنىي مەزمۇن، يات دىنىدىكىلەرگە نەپرەتلىك مەزمۇن، ئۇيغۇرلارغا دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە قۇتراتقۇلۇقنى تارقىتىدىغان مەزمۇن، جىھاد، مۇجاھىد، قوراللىق ئەسكىرىي ئەمەلىيەت دېگەن سۆزلەرنى قىلىدىغانلارنىڭ ئىسمى ساختا.

ساختا ئىسىم قوللىنىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، رەزىللىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈش. چۈنكى، ئىنسان ھەقىقىي ئىسمى ۋە سالاھىيىتى بىلەن ئۇنداق قەبىھلىك، خۇپسەنلىك، خۇمسىلىق، ياللاقچىلىق، تۆھمەتچىلىك قىلىشتىن نومۇس قىلىدۇ. جامائەت پىكرى ئۇلارغا ئۇنداق ھەقنى بەرمەيدۇ.

ماڭا زىددىيەتلىك تۇيۇلىدىغىنى ساختا ئىسىملىكلەردە ئىپتىقاد بۇيۇك، ئىسىم پۇچەك بولىدىكەن، ئۇلار دىندا چىڭ، سەممىيەتكە بوش كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى قەتئىي بولغان بىلەن، ئىسمى، جىنسى مەخپىي بولىدىكەن.

ساختا ئىسىمغا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پوزىتسىيەسى قانداق؟ ئاساسەن بىپەرۋا. بۇنداق بىپەرۋالىقى كىشىلەرنىڭ شۇ ساختا ئىسىمدا تارقالغان ماقالە، ئوبزور، تەنقىد ۋە تەبلىغلەرنى كۆچەپ تارقىتىپ كېڭەيتىشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەن يېقىنقى بىر قانچە ئايدا بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن دىيىشىپ قالدىم. سەۋەبى ئۇلار ئۆزى ئاشكارا شەخسلەر تۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىسىملار بىلەن تارقالغان ئۇچۇرلارنى ئىشىنىپ تارقاتتى. ئۇلار شۇ يوشۇرۇن كىشىلەر تارقاتقان دىنىي مەزمۇن، كۈرەشچان سىن، جىھادچىلىق تەرغىباتى ئۇچۇن مېنىڭ ئەسكەرتىشلىرىمنى رەت قىلىپ، ئۆزىنى ئاقلىدى ۋە مېنى خاتا چۈشەندى.

ساختا ئىسىملار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ساختا ئىسىملىكلەرنىڭ ھەممىسى يامانلىق قىلىۋاتقان يوق، ئەمما بىر قىسمى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا پىتنە سېلىۋاتىدۇ. تەشكىلاتلارنى سوقۇشقا سېلىۋاتىدۇ. جامائەتكە ئاشكارا كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ «ئۇيغۇر بولاق» دېگەن كىتابىمغا مەخپىي ئىسىملىك ئىككى كىشى تۆھمەت يازدى. يۈزلەرچە قېتىم تارقالدى. ئاشكارا ئىسىم بىلەن ئالىمجان ئىنايەت، سەمەت ئابلا ۋە ئابدۇشۈكۈر

مۇھەممەدلەر ئوبزور يازدى، ئەمما ئانچە تارقالمىدى، نېمە ئۈچۈن؟

«ئۇيغۇر بۇلاق»قا لىللا باھا بەرگەنلەر دىنىمىزنى ۋاستە قىلمىدى. ئوبزور ئىسمىلىك يېزىلغاچقا، مەسئۇلىيەتچان، ئىلمىي، راستچىل بولدى. كىتابىمغا تۆھمەت قىلغانلار دىنىمىزنى ۋاستە قىلىپ مېنى ئىسلام دۈشمىنىگە چىقاردى. بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەنقىدنى بازارلىق قىلدى. يەنە بىرى ئىسمىسىز يېزىلغاچقا، توقۇلغان تۆھمەت ساختا ئىسىم بىلەن تارالغاچقا، ئاغزىغا كەلگەننى يازدى، چامى يەتكەنچە چىشلىدى، چىشى پاتقانكى يەرنى چالا قويمىدى. بىر ئىت بىلىپ قاۋىسا، مىڭ ئىت ئەگىشىپ قاۋىدى. چۈنكى، ساختا ئىسىم مەسئۇلىيەتكە قەرزدار ئەمەس. ساختا ئىسىم جامائەت پىكرىگە ھەقدار ئەمەس، ساختا ئىسىملىكلەر ساختىپەزلىك قىلغاندا نومۇسقا موھتاج ئەمەس.

ساختا ئىسىمدىن ھېساب سورىغىلى بولمىغاچقا، ساختىلىق بىلەن نېمە دېسە بولىدۇ. ساختا ئىسىم بىلەن ئىنساننىڭ رەزىللىكى ئەڭ تولۇق جارى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ جامائەتنىڭ بىلىپ قېلىشى، ئۇۋالچىلىققا قالغۇچىنىڭ جازاسى، ئەخلاقنىڭ تىزگىنى، جامائەتنىڭ نازارىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن مۇستەسنا. بۇ رەزىللەر ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت.

ساختا ئىسىملىكلەردىن، ساختا ئىسىملەردىن بىزار ئەمەسمەن، ئەمما ساختا ئىسىمنى ئىشلىتىپ قىلىنىۋاتقان سۇيىقەست، پىتنە ۋە تۆھمەتلەردىن نەپرەتلىنىمەن. دېمىسىمۇ ئۇيغۇرچە تور دۇنياسىدىكى ساختا ئىسىم بىلەن باشلانغان ۋە يامراۋاتقان ئەخلاقسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقتى كېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. خىتايدا ساختا ئىسىم قوللىنىشنى خىتايدىن ئۆگەنگەن دېسەك، ھازىر سىز خىتايدا ئەمەس، شۇڭا ئۇ مۇبارەك خىتايچە ئادەتنى داۋام قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. سىز ھازىر خىتايدا

ياشمايۋاتقانكەنسىز خىتايچە داپشاقلىق قىلىپ قوش ئىسىمدا قوش تەبىئەتلىك، قوش مىجەزلىك ۋە ھەتتا قوش جىنسلىق ئويناشنىڭ ئورنى يوق. خىتايدىن قورقۇپ ساختا ئىسىم قوللانغان بولسىڭىز، شۇنى ئىختىيار قىلغان بولسىڭىز مەيلى، ئەمما ساختا ئىسمنى ئىشلىتىپ ساختىپەزلىك قىلسىڭىز، ھەقىقىي ئىسمىڭىزنى كىشىلەرنىڭ ئىززىتىنى يەرگە ئۇرۇشنى ئادەت قىلغان بولسىڭىز قېنىڭىزنى تەكشۈرتۈپ بېقىڭ.

ئەگەر رەزىللىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ساختا ھېساب ئاچقان بولسىڭىز، سىزنىڭ رەزىللىكىڭىزگە يول بولسۇن. ئۇيغۇردا «ھاپىتىغا شاپتى، توگۇرلۇققا مەرەزدار» دېگەن تەمسىل بار. مەنىسى مەرەزنىڭ دوستى توگرىلىق بولىدۇ، ئىكەن. بىزمۇ رەزىللەرنىڭ رەزىللەر ئارمىيەسى قۇرۇپ چىقىشىغا تاماشىبىن بولايلى. ئەمما توگرىدىن خالى، پاكىز ئادەملەر مەزكۇر ئارمىيەگە تەۋە ياللانما ساختا ھېسابلارنى چۈشىن قورىغانىدەك قوروپ تۇرساق، پالاق بىلەن يەنچىپ تۇرساق بولىدۇ.

# قانۇن چىقتى، دەۋاگەرمۇ چىقسۇن

ۋەتەندىن 2020 ـ يىلى 26 ـ ماي كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغانىدا، تۇتۇلغانلارنىڭ بىر قىسمى ئەمگەككە يوللانغان، بىر قىسمى كېسىلگەن بولۇپ، تۇتۇلغان زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى كېسىلگەن. مەسىلەن، ئاقسۇ شەھرىدە تۇرۇشلۇق يازغۇچى تۇنىياز ئوسمان 11 يىل، ئاباس مۇنىياز تۈركقان 11 يىل، ئابدۇراھمان ئەبەي 20 يىل، ۋاھىتجان ئوسمان 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇيچە تۇتقۇنغا ئۇچرىغان ئورۇنلاردىن خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇر نەشرىياتى، مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە تىل يېزىق كومىتېتى قاتارلىقلار بولغان. دوكتور زۇلپىقار بارات ئۆزباش تەشكىللەپ يولغا قويغان ئىلىم چېيى ئەزالىرى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئىكەن. زۇلپىقار كېسىلمىگەن، ئەمما چايغا ئىشتىراك قىلغان كىشىلەردىن جىنايى پاكىت تېپىلىنىش داۋام قىلىنىۋېتىپتۇ. يۇقىرىقى ئورۇندا تۇغقانلىرى بولغانلار، تونۇشى بارلار مەن بىلەن ئالاقىلاشقان بولساڭلار. ئامېرىكىدا قانۇن چىقتى، ئەمما قانۇن دېگەن ئۆزىنى ئۆزى ئىجرا قىلمايدۇ. بۇنى ئىجرا قىلىش، قانۇنى ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان، دەۋا قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. سەمىرە ئىمىن، سەرۋى ھۆسەيىن، گۈلزىرە تاشمەمەت، ئۆمەر ھەبىبۇللا قاتارلىقلارنىڭ دەۋا ئارقىلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قۇتقۇزغان روھى بىزگە ئىلھام بولۇشى كېرەك. تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىزغا ھۆر دۇنيادا ئىگە بولۇش بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق ھەققىمىز.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

## نېمە ئۈچۈن مىسىردىن قايتۇرۇلغانلارنى ئىزدەيمىز؟

مەن 2017 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇلدىن بۇرۇن مىسىردىن قايتۇرۇپ كېتىلگەن ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ مىسىردا غايىب بولغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزدىنىشنى توختاتمىدىم. ئاردىن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى نۇرغۇن يىپ ئۇچىلىرىغا ئېرىشتىم. ئومۇمىي تۇتقۇننىڭ قۇربانى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەيەرگە قامالغانلىقى، قانچە يىل كېسىلگەنلىكى، بۇ پاجىئەنىڭ پەردە ئارقىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولدۇم. بۇ جەرياندا بەزىلەرنىڭ ئىز قوغلاپ شۈبھە تارقىتىش، مازاق قىلىش، مەسخىرىلىك رەسىملىرىمنى سىزىپ سېستىتىشلىرىغىمۇ ھەيران قالمىدىم. بۇ مېنىڭ ئارىمىزدا قەلبى مۇھەببەتتىن قىسىر قالغان، روھىغا رەزىللىك تېرىلغان كىشىلەرنىڭ خېلى بارلىقىغا بولغان پەرزىمنى دەلىللەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ پەسكەشلىكنى ئېپلاسلىقنىڭ، ھەسەتخورلۇقنىڭ، ھاماقەتلىكنىڭ يولىنى كەڭ قىلىپ، ئالىيجاناپلىقنى، سەممىيەتنى، ياخشىلىقنى دائىم تەقىب قىلىپ تۇرىدىغان كوممۇنىستىك تۈزۈم تۈجۈپىلەپ تېرىپ ئۆستۈرگەن.

مىسىردىن قايتۇرۇلغانلار مەسىلىسى نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ بىرى، بۇ مەن ئۈچۈن ئەخلاقى، ۋىجدانى قەرز. مەن مىسىرغا بارغان، شۇلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغان، تۇزىنى يېگەن، ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىشىم كېرەك. يەنە بىرى، ئۇلار دىلىمىزنىڭ چىرىغى، دىنىمىزنىڭ پىداكارلىرى، بىزنىڭ ئىخلاسمەن قېرىنداشلىرىمىز.

بىز ۋەتەندە قالغان، تونۇمايدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزالمىدۇق. ئۇلارنىڭ سانىنى بىلگەن بىلەن كىملىكىنى، رەسمىنى، ئىسمىنى بىلمەيمىز. ئادرىيان زېنز تەييارلىغان دوكلات ئاساسىدا ھېسابلاپ چىقىلغان بىر مىليون 800 مىڭ دېگەن سان ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى رەقەم! ھەممىسى ماتېماتىكىلىق ھېسابلانغان رەقەم. مىسىردىن قايتىپ كەتكەن، قايتىشقا مەجبۇر بولغان ۋە تۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىز سان ئەمەس. قولىمىزدا ئۇلارنىڭ ئىسمى، رەسمى، كىملىكى ۋە باشقا بارلىق ئۇچۇرلىرى بار. خىتاينىڭ ئۇلارنى ئومۇمىي تۇتقۇنغا مۇپتىلا قىلغىنى جاھانغا ئايدىڭ ھەقىقەت.

بىز ۋەتەندە قالغان ئۇيغۇرنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمايمىز، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرەلمەيمىز. ئەمما مىسىردىن قايتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ئايان. يېقىندا بىز ئىستانبۇلدا تەكشۈرۈش جەريانىدا مىسىردىن قايتقاندىن كېيىن تۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر تىزىملىك ئېلان قىلدۇق. بۇ تىزىملىك ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. يېقىندا دۇنياغا بۇ ھەقتە بىر دوكلات ئېلان قىلىناقچى.

يەنە بىر خۇشخەۋەر شۇكى، مىسىردىن قايتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرنىڭ بېلەت، كىملىك ۋە پاسپورت ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشتۇق. ئەمدى بىز خەلقئارا ئاخباراتقا ھېچ بولمىغاندا قاماققا ئېلىنغان، يوق قىلىنغان، خىتايغا يۆتكەپ كېتىلگەن بىر قىسىم قېرىندىشىمىزنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىتالايمىز. ئەپسۇس، بۇلار قايتۇرۇپ كېتىلگەندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سانىنىڭ يېرىمىمۇ ئەمەس. مىسىرغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىغىلغان ئۇيغۇر ئەڭ ئاز بولغاندا 5000 دىن ئاشىدۇ. ئۇلاردىن مۇھاجىرەتتە قايتماي

ساق قالغانلار 700 ئەتراپىدا. قالغان 4000 دىن ئارتۇق ئادەم بىر قايتقان پېتى يوق. شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كېتىش بىلەتلىرىنى ئاساسەن مىسىردا بىلەتچىلىك قىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئالغان.

ئەگەر مىسىردا تۇرغان شۇ دوستلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسەك، مۇھاجىرەتتىكى دوستلار ساۋاقداشلىرى ھەققىدە مەلۇماتنى ئايىماي سۇنسا، بەلكىم تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىپ قېلىشىمىز، مەھبۇس دوستلىرىمىزنىڭ دەۋاسىنى قىلالىشىمىز مۇمكىن.

مىسىردىن قايتۇرۇپ كېتىلگەن، قايتىشقا مەجبۇر بولغان، بىرىپ قايتىپ كېلەلمىگەن ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسى مۇھىم دەۋا ھەمدە بۇ قىلغىلى بولىدىغان دەۋا. چۈنكى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى ھۆر دۇنيادا، ئىسمى ۋە رەسمى قولىمىزدا، كىملىك ئۇچۇرى مۇھاجىرەتتە بار. ئۇلار بىز دەۋاسىنى قىلىۋاتقان ئۈچ مىليونغا يېقىن قېرىنداشىمىزدەك ئىسمى يوق سان ئەمەس، بەلكى قولىمىزدا كىملىكى، پاسپورتى، يېنىمىزدا گۇۋاھچىسى بولغان ئىنسان. شۇڭا مۇھاجىرەتتە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئەمدى يوشۇرمىغىنى ئەۋزەل، ئۆزىنى، كىملىكىنى يوشۇرسىمۇ قولىدىكى پاكىتنى يوشۇرماسلىقى ئىلتىجالىق چاقىرىقىمىزدۇر.

مەمتىلى ئەپەندى كۆيدۈرۈلگەن كېچە.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## ئۇيغۇر ئاياللاردىن ئۆلىما يوقمۇ؟

ئۆلىمالار تىزىملىكىنى ئىشلەش ۋە بۇ ھەقتىكى دوكلاتنى تەييارلاش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز تىزىمغا ئالغان 600 دىن ئارتۇق ئۆلىما ئىچىدە بىرمۇ ئايال زاتى يوق ئىكەن. راستتىنلا بىزدە ئايال ئەھلى ئىلىملەر يوقمىدۇ ياكى بىزگە گۇۋاھلىق بەرگەنلەر ئاياللارنى ئۆلىما دەپ قارىمامدۇ؟

مەنچە ئۇنداق ئەمەس. بىزدە ئايال ئەھلى ئىلىملەر بۇۋى، ھاجى خېنىم، موللا خېنىم دېيىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ئاياللىرى قۇشناچىم دېيىلىپ، دىنىي تەربىيە بېرىدۇ.

نېمىشقا تىزىملىكتە بىرمۇ بۇۋى ياكى موللا خانىم يوق؟ سەۋەبى بىز ئۇلارنى ئۆلىمالار قاتارىدا سانىماي قالدۇق، ئېسىمىزگە كەلتۈرمىدۇق، ئۇلارنىڭمۇ ئۆلىما ئاتالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە يېتەرلىك ئىزدەنمىدۇق. يەنە بىر سەۋەبى، شۇنى چىدىمىساقمۇ دەيلى، ئەرلىك غۇرۇرىمىز ئاقساپ قالسىمۇ ئېتىراپ قىلايلىكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللار ۋە باللارنىڭ ئورنى يېتەرلىك ئېتىراپقا، ھۆرمەتكە، ئىززەتكە ئېرىشىپ باقمىدى. بۇ بىر سىگنال بولسۇن. يۇقىرىقى رەھىمسىز پاكىت ئەقلىمىزنى سەگىتسۇنكى، قىز - ئاياللارنىڭ ئورنى قەلبىمىزنىڭ تۆرى بولسۇن.

بۇ قېتىملىق قۇسۇرىمىز بىر قىزىل چىراق بولسۇن، بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ قالسۇن. ۋۇجۇدىمىزنى ۋۇجۇدى بىلەن، جېنىمىزنى جېنى بىلەن پەرۋىش قىلغان قىز - ئاياللارنىڭ ئورنى بىزنى ئاپىرىدە قىلغان ئەجىرگە لايىق بولسۇن. قىز

ـ ئاياللىرىمىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئورنى تېنىمىزنى تېنىدە ئاسراپ جېنىمىزغا جان قوشقان مېھرىگە، مۇھەببىتىگە، جان پىدالىقىغا لايىق بولسۇن.

نېمىشقا ئايال ئۆلىمالارنى ئىزدەيمىز؟ بىزنىڭ دەۋايىمىز غەربتە بولۇۋاتىدۇ. غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورنىغا ئاللىقاچان باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ بولغان. ئۆلىمالار ھەققىدە يېزىلغان دوكلات سۇنۇلغان ۋە ئېلان قىلىنغاندا تەبىئىي بۇ سوئال چىقىشىدۇ. «سىلەردە ئاياللارغا خاس دىنىي رەسمىيەتلەرنى كىم ئۆتەيدۇ، سىلەردە ئاياللارغا ئۆلىمالىق سالاھىيىتى بېرىلمەمدۇ؟» دېسە، نېمە دەيمىز؟ تەبىئىيكى قاراپ قالىمىز، جاۋابسىز يەرگە قاراپ قالىمىز.

ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي دەل بىزنى ئاياللارنى چەتكە قاقىدۇ، دەپ قارىلاۋاتىدۇ. خىتاي بىزنى مۇشۇ تەرەپتىن، يەنى ئاياللارغا زۇلۇم قىلدى، بالىلارنى ئوقۇتمىدى دېگەن جەھەتتىن لاگېرغا لايىق دەۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ يالغانلىقىنى راستچىللىق ۋە پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ رەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئۆلىمالارنى تېپىشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىق تىزىملىكىنى ئىشلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

قېنى بىر ئويلىشىپ باقايلى، مەرھۇم ئانىمىزنى يۇيۇپ كېپەنلىگەن، مەرھۇم ھەمشىرىمىزنى ئۇ دۇنياغا ئىززەت بىلەن ئۇزاتقان، قىز ـ ئاياللارنىڭ قەلبىنى گۈزەللىك بىلەن بېزەپ، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنياغا لايىق قىلغان ئاي موللام، گۈل ئۆلىمالارنى بىر ئەسلەپ باقايلى.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

# دەۋانىڭ ۋەتەندىكى كۆچى

2020 ـ يىلى مايىنىڭ بېشىدىن 1 ـ ئىيۇنغىچە ۋەتەندىن ئېرىشكەن خەۋەرنى خۇلاسىلەپ قارىغاندا، مۇھاجىرەتتە دەۋاسى قىلىنغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قويۇپ بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك شەخسلەردىن مۇھەممەت سالىھ داموللام جەمەتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە داموللامغا چېتىپ تۇتۇلغان بىر تۈركۈم ئۈرۈمچى نوپۇسىدىكى ئۇيغۇرلار قويۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، چەتئەلدە دەۋاسى قىلىنغان بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە ئۆلىمالار قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام ئىنستىتۇتى، مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇيغۇر مۇزېيى، ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خىزمەتچىلىرى بار.

بۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپى ۋە يىكەنكۆل، تىك قۇدۇق، خابا قاتارلىق جايلاردا ئولتۇرۇشلۇق بىر قىسىم دىنغا باغلاپ تۇتۇلغانلار قويۇپ بېرىلگەن. يۇرتلار بويىچە ئۈرۈمچى نوپۇسلۇقلارنىڭ قويۇپ بېرىلگەن سانى ئەڭ كۆپ بولغان، ئۇندىن قالسا چۆچەك، بورتالا، سانجى، غۇلجا، تۇرپان، قومۇل، كورلا شۇنداقلا كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردىن ئۇچتۇرپاندىن قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ.

ئۈرۈمچىدە 2017 ـ يىلدىن كېيىن مەسچىتلەرنىڭ ئاستىدىكى ھالال بەلگىسى ئېلىۋېتىلگەنىدى. يېقىنقى ئايلاردا بۇ ھالاللارنى

قايتىدىن ئورنىتىشقا باشلىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2020 ـ يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ۋەتەنىدە ئانا تىل دەرسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغان. ئەمما ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشتىكى نىيەتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي ئىككىلىنەمەكتە ئىكەن. 2017 ـ يىلى ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلار تولۇق يىغىلىپ كۆيدۈرۈلگەن بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارغا ئانا تىلدىكى قايسى كىتابنى دەرستىن سىرت قوللانسا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە كىتاب ساتىدىغان كىتابخانىلار تاقىلىپ، ئۇيغۇرچە كىتابلار پەقەت چەتئەل رومانلىرى، خىتايچىدىن ئۆرۈلگەن رومان، قىزىل كىتابلار ۋە بىر قىسىم پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغاچقا، بالىلارغا ئائىت ئۇيغۇر ئاپتورلار يازغان ئانا تىل كىتابلىرى قىس بولماقتا ئىكەن.

خىتاي يەنە چەتئەلدە دەۋا قىلىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۈندىدار، سكايىپ ھەتتا ۋاتساپ قاتارلىق ۋاسىتىلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئاساسلىق مەھەللە كوچا باشقارمىسى ئۈستىگە ئالغان. بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، خىتاينىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى بۇ ئىشقا بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان. خىتاينىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىمۇ بۇ كۆرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇمۇ خىتايدىكى بىر چېكىنىش بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە ئۇچۇرلارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى چەكلەش ۋە سىرتتا بولۇۋاتقان پائالىيەتلەرنى توسۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قويۇۋېتىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ فېيسبۇك، يۇتۇپ

ۋە تىزىملىكلەردىكى مەلۇماتلارنى ئۆچۈرۈشنى، ھەرىكەتتىن توختاشنى، ئۆيىدىكىلەرنى ئاياشنى تەلەپ قىلغان.

مەن مۇھاجىرەتتىكى دەۋانىڭ ۋەتەندىكى تەسىرى ھەققىدە يازغان بىر پارچە ماقالەمدە «خىتاي مۇداپىئەگە ئۆتتى» دەپ قارىغانىدىم. بۇ قېتىم يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن مەن خىتاينى بىر قەدەم چېكىنىشكە تەمشىلىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن. خىتاينىڭ مۇھەممەت سالىھ ھاجىمغا باغلاپ تۇتقۇن قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى قويۇپ بېرىشى، ئۇرۇمچى نوپۇسلۇق بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى گەرچە قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كورلا تەرەپلەردىكى لاگېرلارغا قامالغان بولسىمۇ قويۇپ بېرىشى ھەتتا 18 يىل كېسىلگەن كىشىلەرنىمۇ كېپىللىككە قويۇپ بېرىشى، خىتاينىڭ كەينىگە بىر قەدەم داجىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى دېيىشكە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئابدۇراخمان ئەبەي، ئاباس مۇنىياز، تۇنىياز ئوسمان قاتارلىق سەرخىل زىيالىيلارنىڭ ئېغىر قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، ئابدىن ئايۇپقا ئوخشاش 90 ياشتىن ئاشقان ئۆلىمانىڭمۇ لاگېردىن تۈرمىگە يۆتكەلگەنلىكى بۇ چېكىنىشنىڭ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

مۇھاجىرەتتىكى تەشكىلاتلار، ئاۋام ۋە ئاكتىپلار ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق چېكىنىشكە تەمشەلگەن خىتاينى يەنىمۇ داجىتىپ كۆپرەك قېرىنداشلارنىڭ قۇتۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. تەشكىلاتلار ئارا، ئۇستىبىرلىكلەر ئارا قىلىنىۋاتقان پىكىر تالاش - تارتىشى، غايىسىنى ئاقلاشلار ۋە ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىلا ئىش دەپ قارايدىغان لاپ مۇسابىقىسى ئورنىغا، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇشقا دائىر ئەمەلىي پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئوچۇق قەدەملەر ئېلىنىشى كېرەك. مەنچە بىزنىڭ دەۋاتقان

گېپىمىز ئەمەس، قىلىۋاتقان ئىشىمىز غايىمىزگە، مىللىتىمىزگە بولغان ساداقەتنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلايدۇ.

دەۋاغا كىرگەن ئاكتىپلار ئىچىدىكى تۇغقانلىرى قولغا ئېلىنغان ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قويۇپ بېرىلگەنلەر دەۋادىن چېكىنمەسلىكى، خىتاينىڭ ئالداشلىرىغا چىنپۈتمەسلىكنى، داۋاملىق پاكىت توپلاپ، داۋاملىق يوچۇق تېپىپ، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ جىنايەتلىرىدىن تولۇق ھېساب ئېلىشقا تەييارلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بۈگۈن قويۇپ بېرىلگەنلەر ئەتە يەنە تۇتۇلۇشى، سىزنى سۆكۈتكە ئۈندىگەنلەر زورلانغان بولۇشى مۇمكىن.

دەردىمىزنى ئاخباراتتىن چۈشۈرمەسلىك ئەڭ ھالقىلىق، دائىملىق ۋە بىۋاسىتە ئۈنۈم بېرىدىغان قەدەم. ھازىر خىتاي مۇخبىرلارنىڭ ۋەتەنگە كىرىشىنى كېسەل باھانىسى بىلەن تولۇق چەكلىدى. ھازىر دۇنيادىكى داڭلىق تاراتقۇلارنىڭ ھېچبىرى ۋەتەنگە بېرىپ خەۋەر ئىشلەشكە قادىر ئەمەس. خىتايدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلارمۇ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. ھەتتا خىتاي ئۆزىنىڭ ئىچىدە زىيارەتتە بولىدىغان مۇخبىرلار ئۈچۈنمۇ بىر ئايلىق ۋىزا بېرىپ، ئۇنىڭ 15 كۈننى كارانتىن ئۆيىدە ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا خەلقئارا ئاخباراتتا مەسىلىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇش پەقەت مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، ئىسپات، پاكىت توپلىشىغا ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئاغزىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى.

***ئىزاھات:***

خەۋەرلەرنىڭ ئېنىق تاپشۇرۇۋېلىنغان ۋاقتى، كېلىش ئورنى ۋە ۋاستىسى يوشۇرۇن تۇتۇلدى.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# ئىدىيە كۈرىشى ۋە زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆزى

زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆزى بۈنىدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن قالپاقچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. قالپاق كىيدۈرۈش ئىدىيە كۈرىشىگە مەپتۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بەيگە مەيدانى. كىشىلەر ئادەتتە قالپاق كىيدۈرمەكچى بولسا چوقۇم ئۆزىنى بىر ئىدىيەنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مۇكەممەل بىر ئىدىيەنى تون قىلىپ كىيمەستىن شۇ ئىدىيەگە قارشى دېيىلگەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قارا سۈركەپ، تەنقىد قىلىپ غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ.

قالپاقچىلار بىرىگە قالپاق كىيدۈرمەكچى بولسا ھېچقاچان «مەن ئۈنىڭ ئۆزىگە، سۆزىگە نەپرەتلىك، مېنىڭ خۇسۇسىي دەردىم، چىقماس پىغانىم، ئىنسانىي ئۆچۈم بار» دېمەيدۇ. قالپاقچىلار ھېچقاچان ئۆزۈم ئۈچۈن مەيدانغا چىقتىم دېمەيدۇ. دائىم دىن، مىللەت، دۆلەت، پەرزەنت، ئىستىقبال، ئىستىقلال... دېگەندەك ئۇلۇغ ئۇقۇملارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

قالپاقچىلارنىڭ تاكتىكىسى قارشى تەرەپنى بىر ئىدىيەنىڭ دۈشمىنى، شۇ ئىدىيەلىكلەرنىڭ رەقىبى دەپ جاكارلاش، ئاندىن دائىم شۇ ئىدىيەگە قارشى دەپ قارىغان قۇرلار ھەققىدە ئۆزى جاۋابىغا قىزىقمايدىغان، جاۋابى بېرىلىسىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان سوئاللارنى سوراش، گۇمانلارنى ئويدۇرۇش. مەسىلەن، ئۇلار ئاۋۋال، ئاپتور نېمىشقا ئانداق يازىدۇ، مۇنداق دەيدۇ؟ دەپ سوئال قويىدۇ. بۇ سوئالنىڭ مەقسىتى، شۇ سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن بولغان بولسا

ئىدى، تولىمۇ گۈزەل بىر جاۋابقا، نەتىجىگە ئېرىشكەن بولاتتۇق.

ئەپسۇس، مەقسەت ئۇنداق ئەمەس. مەقسەت، ئۇ ئادەم ئەسلىدىنلا شۇنداق ئىدى، ئەسلىدىنلا مۇنداق پىكىرگە ئۆچ، مۇنداق ئىدىيەدىكىلەرگە دۈشمەن ئىدى... دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولغاچقا، قويغان سوئالىدىن ھېچبىر ئىجابىي، پايدىلىق، رىغبەتلىك جاۋاب كۈتمەيدۇ.

شۇڭا بۇنداقلار دۈشمەنلىكنى رەت قىلىدىغان ھەمكارلىق، ھەمدەملىك، تۈزەش، ھەل قىلىشقا ئائىت تەكلىپكە قىزىقمايدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن قايناۋاتقان ئىدىيە كۈرىشىنى ئىشتىكى ھەمكارلىققا، بۇزۇشقا بولغان ئەسەبىيلىكنى تۈزەشكە بولغان ھەمدەملىككە بۇراش تەكلىپىنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى بولمايدۇ. چۈنكى، قويۇلغان سوئال، قىلىنغان تەنقىد ۋە تەنبىلەرنىڭ جاۋابى ئالدىنقاچان مۇقىملىشىپ بولغان بولۇپ، بەزىلەر پەقەت توختىماي سورىغۇچىلار، كىرىشىپ قالغۇچىلار، قىزىپ قالغۇچىلار، خالاس.

سىنىپىي كۈرەشكە، ئىدىيە ئىنقىلابىغا، مەزھەپلەر زىددىيىتىگە پېتىپ قالغاندا ئىنسانلىق ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. رەھمەتلىك زۇنۇن قادىرنىڭ بىر كۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ئىدىيە كۈرىشىدە پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قالغان.

سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى زەھەرلىك، چىرىتكۈچى، خەتەرلىك ۋە خاتا دېگەنلەر رەھمەتلىكنى سەھنىگە چىقىرىپ تەنقىد قىلغان، كۈرەش قىلغان ۋە بېشىغا قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ ئۇنىڭغا سىر بىلەن خەت يازغان. سىرلار مەرھۇمنىڭ پېشانىسىدىن كۆزىگە ئېقىپ بىر كۆزىنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقارغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ئادەم ئېشىپ كەتسە بىر ياكى ئون كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شۇ كۈرەش يىغىنىغا قاتناشقان كۈرەشچى ئاما، ئىنقىلابى خەلق قالپاقتىن ئېقىۋاتقان سىرغا قارىماي

قالپاقqa ۋە قالپاقا يېزىلغان خەتكە قاراپ شوئار توۋلاپ، پۇخادىن چىقىشقان. شۇ كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تۆۋە قىلدۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان خەلق ۋە خەلقنى قوزغىغان ئىدىيەۋى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغانلار مەرھۇم زۇنۇن قادىرىنىڭ كۆزىگە ئۆزى توۋلاۋاتقان ئىنقىلابى شوئارنىڭ سىرلىرى ئېچىپ كور قىلغانلىقىنى بايقىمىغان، بايقىغان بولسىمۇ كۈرەشنىڭ قىزىقىدا كۆرمەسكە سالغان. بەلكىم ئۇلار ئۈچۈن ئىدىيە كۆزدىن مۇھىم، شوئار شائىرنىڭ كۆزىدىنمۇ بەكرەك مەنپەئەتلىك بولغان بولسا كېرەك.

مەنچە كۆرمەس بولۇپ قالغىنى ئاۋۋال ئىدىيە كۈرىشىگە سەپەرۋەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ كۆزى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئىنسانلىقنى، ئىنسانلىقنىڭ قىممىتىنى، ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى كۆرەلمەيدىغان كور بولغان، قەستەن كۆرمەس بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى سوتقا تارتىش، كۈرەشكە سۆرەش، شۇ شەخسنى تەنقىد مەيدانىدا تۆۋە قىلدۇرۇشنى كورلارچە راۋا كۆرگەن. ئىنقىلابى قىزغىنلىق بىلەن روھى ۋە ۋۇجۇدى قىزىپ كەتكەن ئاۋام شوئار توۋلاش، كۈرەش قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئىنساننىڭ جېنىنى، كۆزىنى، دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى، قىسقىسى ئىنسانىيلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان ھۆرمەتلىك يازغۇچى، پەخىرلىك شائىرنىڭ كۆزىنى ئىنقىلابى شوئارلار بەدىلىگە كور قىلىۋەتكەن، تەنقىد يېزىلغان سىرلار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن. شۇ ئىنقىلابىي دەۋردە كىشىلەر بىر يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسىدىكى «زەھەر»گە قارشى تۇرۇش دولقۇنىدا ئىنقىلابىي ئىدىيە ئۈچۈن، بىر ئىنساننىڭ كۆزىگە كىرىپ كېتىۋاتقان زەھەرگە كورلارچە سۈكۈت قىلغان.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# مۇھاجىرەتتە قىلىدىغان ئۈچ ئىش

مۇھاجىرەتتە ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزى، ئائىلىسى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلالايدىغان ئۈچ ئىشنى 2017 ـ يىلى 13 ـ مارت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېھىت بولغان خاتىرە كۈنىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتۈپتۇ. مەن شاھىت بولغان پېشكەللەر، شورپېشانىلىكلەر ۋە ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكلەر ماڭا بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەر زامان ھەقىقەتەن مۇھىملىقىنى ئەسكەرتتى. شۇڭا ئۈچ يىل بۇرۇنقى تەشەببۇسۇمنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىغا ئىشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. بۈگۈن شۇنى قايتا بىر دەپ باقاي ئاڭلاپ باققايسىلەر.

مۇھاجىرەتتە قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش. بۇنداق دېگەنلىك ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. بىز مۇھاجىرەتكە مەھكۇم بولدۇق، ھاياتىمىز يىلتىزسىز قامغاقتەك كۆچۈش بىلەن، ئىشنىڭ، تۇرمۇشنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەتىكى ئىشىمىزنىڭ، كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ قەيەردە ئۆتۈشىنى ھەقىقەتەن بىلمەيمىز. بىز تۇرۇۋاتقان مەيلى تۈركىيە بولسۇن، گوللاندىيە بولسۇن ۋە ياكى بېلگىيە بولسۇن ھېچبىرىنىڭ تىلى خەلقئارالىق تىل ئەمەس، شۇ ئەلدىن چىقىپ كەتسەڭىز ئىشلەپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىش شۇ ئەلدىكى خىزمەت ھاياتىمىز ئۈچۈن مۇھىم. بالىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن مۇھىم، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇھىم، ئەمما ئىنگلىز تىلى مۇشۇلارنىڭ ھەممىنى يىغىپ كەلسەكمۇ مۇھىم. چۈنكى

ئىنگلىز تىلى بىلسەك يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىنى يەرلىك تىلسىز قىلالايمىز. بىزنىڭ يەرلىك تىل ۋە ئىنگلىز تىلىنى بىلمەسلىكىمىز پەرزەنتىمىزنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە بىز پاناھلانغان ئەلدىكى مەمۇرلارنىڭ ئالدىدا تىلىمىزنى تۇتۇق قىلىدۇ. ھاياتىمىزنى كۆچمەنلەر ئارىسىدىكى تۆۋەن تۇرمۇشقا بەند قىلىدۇ.

يەرلىك تىلنى ئۆگىنىش، يەرلىكلەرگە ئارىلىشىش، يەرلىك جەمئىيەتكە قاتنىشىپ شۇلارنىڭ ئارىسىدىن نېسىۋە تېپىپ يېيىش ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرگە ئۇرۇق سالغانغا ئوخشايدۇ. مەن بىر ئىشقا ھەيران قالدىم، ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈركچە قاناللارنى كۆرىدىكەن، تۈركلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىكەن ياكى شۇ يەرلىك كۆچمەنلەر ئارىسىدا كۆپرەك پائالىيەت قىلىدىكەن. بۇ بىزنىڭ ياۋروپادا ياشاپ ئاسىياغا ئۇرۇق چاچقىنىمىزغا ئوخشايدۇ. بۇ بىزنىڭ يەرلىك تىلنى ئۆگىنىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىرىنچى ئامىل. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بىزنى قوبۇل قىلغان دۆلەت بىزگە مەبلەغ سالغان، بىزنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنگىنىمىز، شۇلارنىڭ تەشكىلات، جەمئىيەت ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقىنىمىز شۇ ئەلگە ۋە ئۆزىمىزگە قايتۇرغان جاۋابىمىز. بۇ ئۆزىمىزنىڭ شۇ جەمئىيەتكە قايتۇرۇپ سالغان ئۇرۇقىمىز، سالغان مەبلىغىمىزگە باراۋەر. دۇنيادا تېرىماي ئالىدىغان ھوسۇل يوق. سىز ياۋروپادا تۇرۇپ تۈرك فىلىملىرىنى كۆرۈپ، تۈرك بازارلىرىدا يۈرسىڭىز مەبلەغنى جايىغا سالمىغان بولىسىز. نەگە مەبلەغ سالسىڭىز، كىمگە ئۇرۇق چاچسىڭىز، ھوسۇلنى شۇ يەردىن ئالىسىز.

مۇھاجىرەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئىش ھۈنەرنى ئومۇملاشتۇرۇش. بۇنداق دېگەنلىك بىر قانچە خىل ھۈنەرنى، كەسىپنى ۋە تېخنىكىنى تەڭلا بىلىش دېگەن سۆز. شۇنى ئېتىراپ

قىلىشىمىز كېرەككى، مەيلى دوكتور مۇھاجىر بولۇڭ، ئۆلىما كۆچمەن بولۇڭ ياكى سىياسىيون مۇھاجىر بولۇڭ جەمئىيەتتە ئورنىڭىز ھۈنەرۋەنگە يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ چىقىپلا بىرنى ئىككى قىلالايدۇ، خامنى پىشۇرالايدۇ. مانا بۇ كىملىكىڭىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىدىغان پۇرسەت. قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭىز ھۈنەر ئۈچۈن ئوقۇش، سىز ئوقۇغان ئەدەبىيات، ئىلاھىيەت، پەلسەپە، سىياسەت بۇ يەردە ئاقمايدۇ. بىرەر ھۈنەرگە بەل باغلاپ ئىش تاپمىسىڭىز شۇنى ھېس قىلىسىزكى، سىز ھۈنەرسىز، ئىشسىز، ياردەمگە تايىنىپ قالغان، ئۆيدىنمۇ چىقالمايدىغان، سىزگە ۋە بالىڭىزغا بەرگەن قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ قالغان بىر كېرەكسىز. بۇ چاغدا «ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر»، «ئادەمگە 72 خىل ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەرلىك ئادەم خار بولماس» دېگەن ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بوۋىلارنى سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئالىسىز. توغرا، ھۈنەر ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك، ئوقۇسىڭىز دۆلەت يۆلەيدۇ، ئەمما تۇنجى تەلەپ تىل. مەن ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بىرىنچى باسقۇچنى باسالمىغان بولسىڭىز، ئوقۇشقا كىرىشتە سىز يەنىلا قىينىلىپ قالىسىز. تۈركچە سۆزلەپ تۈركلەرنىڭ ئاشخانىسىدا قانۇنسىز ئىشلەش، دۆلەتنى ئالداپ ئىشسىزلىق ياردىمىنى قوشۇپ ئېلىش... سىزنى تۆۋەن تۇرمۇشقا بارغانچە پاتۇرىدۇ. يالغانىڭ ئۈستىگە يالغان رىسقىڭىزنى قىسقارتىدۇ، يالغانغا خۇمار قىلىدۇ، سىزنى تېخىمۇ كېرەكسىز قىلىۋېتىدۇ.

مۇھاجىرەتتە قىلىدىغان ئۈچىنچى ئىش يەننى ئومۇملاشتۇرۇش. بۇنداق دېگەنلىك ھەر قايسى پەنلەردىن تولۇقسىز سەۋىيەنى بولسىمۇ بىلىش دېگەنگە قارىتىلغان. سىز باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان بالىڭىزنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەمسىز، ھېسابلىرىنى ئىشلىيەلەمسىز، سوئاللارغا يەرلىك تىلدا ياكى ئىنگلىزچە جاۋاب بېرەلەمسىز؟ بولۇپمۇ مۇشۇ ۋىرۇسلۇق كۈنلەردە بالىڭىزنى ئۆيدە

ئوقۇتۇشتا قىنالدىڭىزمۇ؟ چوقۇم شۇنداق بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ سىز تورلاردا قايناۋاتقان دۆلەت دېگەن نېمە، ھۆكۈمەت دېگەن قانداق نەرسە، دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەت بىرمۇ؟ دېگەنلەرنى بىلەلمىدىڭىز. ئەمما مۇنازىرە قىلدىڭىز، غەربتە ياشاپ تۇرۇپ توختىماي قۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقان سۈرگۈندە ھۆكۈمەت، پارلامېنت، پارتىيە دېگەنلەرگە بىلمەي ئىنكاس يېزىپ تۇرۇۋاتىسىز. ئەگەر باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان بالىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن كىتابىنى ئوقۇپ باقسىڭىز، بۇ ئۇقۇملارنى تالىشىپ يۈرگەنلەرگە قاراپ ياقا چىشلەپ قالىسىز.

پەننى بىلسىڭىز ھېكايە دېگەن نېمە، تارىخى پاكىت دېگەن نېمە؟ تارىخ دېگەن نېمە؟ ئەدەبىيات قانداق بولىدۇ؟ دىن دېگەن نېمە، قانداق مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنى بىلىپ قالىسىز. ئوقۇماي بىلمەيسىز، ئەمما دائىم تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىن ھەققىدە بىكار قالسىڭىز مۇنازىرە قىلىپ تۇرىسىز. ئەگەر سىز بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بالىڭىزنىڭ «ئىجتىمائىي پەن» دېگەن دەرسىنى ئوقۇپ باقسىڭىز، يەرلىك دۆلەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىپ قالىسىز ۋە تارىختا كونا تاش قوراللار دەۋرى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، مۇز دەۋرى دېگەن ئۇقۇملارغا دۇچ كېلىسىز. ھېكايە دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى باشلانغۇچ بىرىنچى يىللىقتا بىلىپ بولغان بالىڭىزغا مەستلىكىڭىز كېلىدۇ. ھېكايە «بىر كۈنى دەپ باشلىنىدۇ» دېگەنلەرگە قاراپ چۈشىنىپ قالىسىز.

پەننى بىلىۋالسىڭىز، بالىڭىزنىڭ كىتابىدا يەنە بۇددا، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئۆگەتكەننى كۆرىسىز. مېنىڭ بالامنىڭ كىتابىدا دىنلاردا مۇنداق ئۈچ ئامىل بار دەپتۇ. بىرى پەيغەمبەر ۋە دىنى خادىملار بولىدىكەن، ئىككىنچى مۇقەددەس كىتابى بولىدىكەن،

ئۈچىنچى ئىبادەت قىلىدىغان يېرى بولىدىكەن. ئەگەر سەل يۇقىرى يىللىقنىڭ دىن ھەققىدە چۈشەندۈرگەنلىرىگە قارىسىڭىز، دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلاھقا شەرتسىز بويسۇنۇش، دىنىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپىدىن باشقىنى ئىنكار قىلىش، شۇ دىنىنىلا ھەق، شۇ دىنىنىڭ يولىنىلا ھەممىنى ھەل قىلغۇچى دەپ ئىشىنىش، ياخشىلىق ـ يامانلىق، مېھرىبانلىق ـ قەبىھلىك، بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا، تەبلىغ ـ تەرغىبات، ساۋاب ـ گۇناھ دېگەن ئۇقۇملار بولىدىكەن. ئەگەر سىز دىنلاردىكى بۇ قەدەر ئورتاقلىقلارنى بىلمىسىڭىز، مېنىڭ «ئۇيغۇر بولاق» دېگەن كىتابىمدا دېيىلگەن بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇننى ئىسلامنى تەنقىد قىلدى دەپ چۈشىنىۋالىسىز. كىتابتا دېيىلگەن ئەينى دەۋردىكى بۇددا دىنى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئۇيغۇرلاردىكى تەركىدۇنياچىلىق، تەقدىرچىلىك، بېكىنمىچىلىك، مەزھەپچىلىك، تەلەيچىلىك، راھىبقا چوقۇنۇش، بۇتتىن باشقىنى رەت قىلىش قاتارلىق قاراشلارنى ئىسلام دەپ تونۇۋالىسىز. ئالدى بىلەن تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ پەرقىنى، دىنلاردىكى ئورتاقلىقنى بىلمىسىڭىز، خاتا چۈشىنىپ ئۆزىڭىزنىمۇ قىينايسىز، خاتا ئىزاھلاپ باشقىلارنى مالال قىلىسىز، ئۆزگىلەرنىڭ پېشىگە خاتا ئېسىلىپ ماڭغىلى قويمايسىز.

ئۇيغۇردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇريار فوندى «مەن ۋە ...» دېگەن ماۋزۇدا بىر يۈرۈش كىتابلارنى نەشرى قىلدۇردى. كىتاب ئېلكىتاب تورىغا قويۇپ تارقىتىلىۋاتىدۇ. ئەگەردە بالىڭىزنىڭ كىتابىدىن ساۋاتلارنى ئوقۇش ئىمكانىڭىز بولمىسا ئاشۇ كىتابلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. (ئۇ كىتابلارنىڭ ئاپتورى مەن ئەمەس، قاماقتىكى ئۇيغۇر زىيالىي ئەخمەتجان جۈمە. بەزى دوستلار ۋەتەندە يېزىلغان، ئاپتورى قامالغان ئۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى «مەن ۋە تارىخىم»دىن بىر قىسىم مەزمۇننى ئۈزۈپ ئېلىپ ماڭا قارا چاپلاشقا باشلاپتۇ. كىتابنى

توردىن ھەقسىز چۈشۈرۈپ ئوقۇغاندا ئاپتورى كىم، قەيەردە تۇرۇپ يازغان دېگەنلەرنى كىرىش سۆزدىن بىر ئوقۇپ چىقىڭ. ئاندىن ئازمايسىز، مەن ھەققىدە خاتا يازمايسىز).

مۇھاجىرەتكە مەھكۇم بولغىنىمىز رېئاللىق، ئەمەلىيەت ۋە بىز تاللىمىغان، ئەمما بىزنى تاللىغان ھايات يولى. سىز بۇ يولنى يالغۇز ماڭىسىز. توغرا ماڭسىڭىز، توغرا ئىشنى قىلىپ ماڭسىڭىز كۈچلىنىسىز، خاتا ماڭسىڭىز تايىنىسىز، يېلىنىسىز، كۈچۈكلىنىسىز. تىلنى بىلمىسىڭىز تىلىڭىز تۇتۇلىدۇ، تىلىڭىز قىسقا بولىدۇ، تىلسىز قالىسىز. ھۈنەرنى بىلمىسىڭىز ئىشسىز، ئىشەنچسىز، جەمئىيەتتە ئورۇنسىز قالىسىز. پەننى بىلمىسىڭىز مىللىتىڭىزنى، ھاياتنى، دۇنيانى ۋە سىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنى ياخشى چۈشىنەلمەيسىز. ھادىسىلەرنى، ئۇقۇملارنى ياخشى چۈشىنىپ يېتەلمەي، چۈشەندۈرۈپ بولالماي قىينالغاچقا روھىڭىز ھارىدۇ، دىلىڭىز ئورۇنسىز ئازار يېگەندەك بولۇپ قالىسىز، بالىڭىزغا بىلمىسىز، ئۆزىڭىزگە قەدىرسىز، جەمئىيەتكە نەپرەتلىك، قېرىنداشلىرىڭىزغا ئۆچمەن بولۇپ قالىسىز. شۇڭا تىل ئۆگىنىش، ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىش ۋە پەنلەرنى ئۆگىنىش سىزنى ھەممە يەردە ئالقىشلىق، ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى ئىزچىل قىلىپ ماڭسىڭىز، مۇھاجىرەتتە ئاجىز ئۇيغۇر ئەمەس، كۈچلۈك ئۇيغۇر بولۇشقا تىرىشىۋاتقان بولىسىز. بۇ سىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ كۈچلۈك مىللەت بولۇشىغا قوشۇۋاتقان تۆھپىڭىز بولىدۇ.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر شىندلېرنىڭ پاراسىتى

ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «شىندلېرنىڭ تىزىملىكى» دېگەن فىلىم ئۇيغۇر دۇنياسىدا بىر مەزگىل زىلزىلە قوزغىغان. فىلىمدە يەھۇدىيلارنى زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدە ئۇلارنى لاگېرلارغا قامىلىشتىن قوغداپ قالغان بىر گېرمان باينىڭ ئوبرازى كىشىلەرگە ئىنسانلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان ئىدى. بۇ فىلىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ قەلبلەردە قەبىھ ناتسىستلارغا قارشى نەپرەت، دىندىن، مىللەتتىن ھالقىغان مۇھەببەتكە، پەزىلەتكە ۋە مېھرىبانلىققا بولغان قايىللىق ئويغاتقانىدى. بەلكىم شۇ چاغدا ھېچبىر ئۇيغۇر ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى. شۇنداق بىر كۈن كەلسە ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ ئاشۇنداق شىندلېرلارنىڭ چىقىدىغانلىقى كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان بولغىيتتى. يېقىنقى كۈندە مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە ۋەتەندىن بۇ ھەقتە خەۋەر ئالدىم، ھەمدە ئۇيغۇر شىندلېرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرىنى تونۇيدىكەنمەن.

بىر ھەپتىدىن بۇيان خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر بايلارنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈش، تۇتۇلغان بايلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشنى باشلىغانىدىم. بۇ جەرياندا ۋەتەندىن ئۇچۇرغا ئېرىشىپ قالدىم ھەمدە ئۇيغۇردىكى ئويغاق بايلاردىن ئاللىقاچان بىر ئەمەس بىر قانچە شىندلېرنىڭ چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

ئۇيغۇر شىنجاڭلىق تونۇشلىرىمنىڭ ئاۋاتلىرىمۇ. ئۇلار ياشىغان ئۆزلىرىنىڭ ئاشىغى بولغان شەھەرلەردىن ئايرىلىشنى ئەلگىرى ئېلىپ،

ئۇيغۇر شىنىدلىرلار بىر قانچىسى ختاي شەھەرلىرىدە ئىكەن. ئۇلار تۇتقۇن باشلانغاندا شىركەت ۋە مەبلەغنى ختاينىڭ بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىرىگە يۆتكەپ نەچچە ئون ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىچىدە بەزىسى 2017 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە بىر يىلغا يېقىن ۋەتەنگە قايتىپ «ئۆگىنىش»كە زورلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى 2019 ـ يىلى ئۆكتەبىردە تولۇق قايتىپ كەپتۇ. ۋەتەندىكى شىنىدلىرلارنىڭ ئىچىدە بىرى تونۇشۇم چىقىپ قالغان بولغاچقا، سورىيالىغان ۋە بىلگەنلىرىم تېخىمۇ كۆپ بولدى.

ئۇ 2012 ـ يىلى ماڭا «ئابدۇۋەلى مۇئەللىم، سىلى يەرشارىنى تەتۈر ئايلاندۇراي دەملا؟ سىلى مۇنداق يېزىۋەرسىلە، دەۋەرسىلە، ھەممە يەردە ھۆكۈمەت يوقتەك، پارتىيە يوقتەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىلە بىز سىلى بىلەن خاتىرجەم كۆرۈشەلمەيمىز. ئۇنداق قىلماي قوش تىل سىياسىتىنى قوللايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان گەپلەرنى رەسمىيەت ئۈچۈن دەپ قويسىلا، سىلى بىلەن بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تېخى ئالدىمىزدا» دېگەنىدى.

ئۇ ماڭا پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ زاۋۇتىغا باشلاپ بارغان ئىدى. زاۋۇتىدا ئىشلىگەنلەر كىرىشتىلا بىر پاكىزە سېخ بولۇپ، ئۇ يەردە ئون نەچچە ختاي ئىشلەيتتى. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەندە نەچچە يۈز ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان مەنزىرە كۆزگە تاشلىناتتى. شۇ چاغدا مەن كۆڭۈل ئاياپ گەپ قىلمىغان بىلەن بۇ ساختىلىقنى قوبۇل قىلالمىغانىدىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شۇنداق ساختىپەزلىكى بىلەن 70 ئۇيغۇرنى قوغداپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، «ياشىسۇن ساختىپەز دوستۇم!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاخىرى قايىل

بولماي تۇرالمىدىم.

لاگېر يېڭى باشلانغاندا ئۇ زاۋۇتىدا «رادىكالللىقنى يوقىتىش تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىپ، ھەقلىق ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ «دۆلەت تىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، يەرلىك تارىخ» دېگەن دەرسلەر بىلەن تەربىيەلەشنى باشلاپتۇ. 2017 - يىلى مارتتىن باشلاپ 2018 - يىلى ئىيۇنغىچە كۈندۈزدە دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە جۈمە ئۈچ كۈن، شۇنداقلا كۈندە كەچتە ئۈچ سائەت تەربىيەلەش قىپتۇ. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزۈپ لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن، كۈندۈزلۈك ئۆگىنىشنى پەقەت جۈمە چۈشتىن كېيىنلا قىلىدىغان قىلىپ، قالغان چاغلاردا نورمال خىزمەت ۋە ئارام ئالىدىغان تۈزۈمنى بەلگىلەپتۇ. ھازىر بولسا پەقەت ھەپتىدە ئۈچ كۈن كەچتە ئۆگىنىش قىلىدىكەن. قالغان چاغدا خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار نورمال ھاياتنى داۋام قىلىدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقنى پەقەتلا ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم. ئۇيغۇر بايلارنىڭ ئەقلىگە، ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ غەرەز ئۇقىدىغان پاراستىگە، ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ ماڭدۇرۇشنى بىلىدىغان تەدبىركارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. شۇئان ئون يىللىق كېسەلگەن دوستۇم دوكتور ھەبىبۇللا توختىنىڭ «ئاداش، بىز ئۇيغۇرلار زۇلۇمدا يوقالمايمىز، بەلكى ھۇزۇردا ئېرىپ كېتىمىز. ئەگەر خىتاي يوقىتىمىز دېمىسە، چەكلىمىسە ئۇيغۇر ھېچ نېمىسىگە ئىگە بولمايدۇ، خىتاي يوقىتىشقا كۈچىگەنچە ئۇيغۇر قوغداشقا شۇنچە جان كۆيدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇنجى قېتىم تەھدىتكە ئۇچرىغان ۋاقتى ئۇيغۇرنىڭ زاۋال تاپقان ۋاقتى ئەمەس ھوقۇقدار بولۇپ ھاكىمىيەت سۈرگەن

چاغلىرى ئىدى. شۇ چاغدا نەۋايى مەيدانغا چىقىپ تارىخىمىزنى تونۇمىغان بولسا، ئانا تىلىنىڭ قۇدرىتىنى ئەدەبىيات دەرسلىكى بولغىدەك ئەسەرلەرنى يېزىپ نامايان قىلمىغان بولسا، بىزلەر ياركەنتتىنى پارسچە زەرەپشان دەپ، قاغىنى پارسچە زاغ، چوغىنى لاخ دەپ، ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ بۇ چاغقىچە تاجىك بولۇپ كېتەتتۇق» دېگەنلىرى ئېسىمگە كەلدى. توغرا، ھەممەيلەن بىسىمدىن، زۇلۇمدىن قاقشايمىز، ئەمما سەندەل بىلەن بازغاننىڭ بېسىمى بولمىسا، قىلىچ بىلەن شەمشەر يارالمىغان بولاتتى. بېسىم قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىنساندىكى ئىرادە شۇنچە كۈچلىنىدىكەن، ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىكەن. بېسىمنى يېڭىش ئۈچۈن ئىنسان تېخىمۇ ئەقىللىك بولۇشقا تىرىشىدىكەن، ھوۋ بولۇش ئۈچۈن ھوشيار بولۇشقا، ھاماقەتلىكنى تاشلاشقا، ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن بىر بولۇشقا موھتاج بولىدىكەن.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# لاگېردىن چىققان خەت

مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ باقمىدىم. چۈنكى، مېنى ۋەتەندىن كەلگەن ئۈمىدلەر يوقلاپ تۇردى. مۇشۇ كۈنگىچە مېنى ۋەتەندە قالغان دوستلۇق، ۋاپا، مەردلىك، پىداكارلىقلار يالغۇز قويمىدى. قولۇمدا بۇلتۇر ۋەتەندىن چىققان بىر خەت تۇرۇپتۇ. بۇ خەتنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەن كىشىنى تونۇمايمەن. ئۇ ئۆزى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما نۇرغۇن پاكىتلارنى ئېيتىپ بەردى. بىز تالىشىپ - چىشلىشىپ كەتكەن تۆھپە، شۆھرەت ۋە بىلەرمەنلىك تالاشمىدى. ئۇ ھېچنېمە دېمىدى، پەقەت «مۇئەللىم، يولىڭىزغا قارايمىز» دېدى.

مەن مۇھاجىرەتتە ئۆيۈمدە قونۇپ، ئىشخانامغا كېلىپ، كۆڭۈل سىرىمنى ئېلىپ، ئارقىدىنلا يوتىسىنى يۈزگە چاپلىغان قارا يۈرەك، قارا يۈز مېھمانلارنى كۆردۈم. مەن مۇھاجىرەتتە ياردەمگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئالالمىغان ھامان تۈلكە تېرىسىنى تاشلاپ ئىتقا ئايلانغان ئىلتىماسچىنى كۆردۈم. مەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر خەتەردە قالغاندا كېچە ئۇخلىماي بېلەت ئېلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەننىڭ مۇكاپاتىنى ۋاپاغا قىلغان جاپالىرى، خىيانەتلىرى ۋە تۆھمەتلىرى بىلەن تېتىدىم. بەش يىل بولاي دەپتۇ، ئۇستاز، مۇئەللىم، ئەپەندىم دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا مۇناپىق، پاسىق، جاسۇس، دىنىنىڭ دۈشمىنى دېگەن ئاتالغۇلار ئالماشتى.

مەن تىل - ھاقارەتنى ئۇنتۇپ كېتىمەن. مەن ئۇلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىمەن. چۈنكى، ماڭا ۋەتەندىن چىققان بىر قۇر خەت، بىر پارچە رەسىم ۋە بىر سىنلىق پاكىت يېتىدۇ. مەن شۇ تام ئاتلاپ، ئۆلۈم ئاتلاپ چىققانلار ئۈچۈن دەۋا قىلىمەن، شۇلارنىڭ دەردى بىلەن دەرتلىنىمەن، شۇلارنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن، بىر دەقىقە بولسىمۇ ئىنساندەك ياشىشى ئۈچۈن تىرىشىمەن.

مەن ۋەتەندىن تورغا چىقىپ بىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئەرزىمەس جېدەللىرىمىزنى، غاجاشلىرىمىزنى، قالپاق كىيدۈرۈپ تالاشلىرىمىزنى كۆرۈپ قالغانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن. مەن ۋەتەندىن ئۆلۈم ئاتلاپ چىقىپ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مەن ئۇلارغا ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلاردىن پو ئاتالمايمەن، تالقان قىلىنىپ كەتكەن تاغلاردىن لاپ ئۇرمايمەن. ئەمما بىر گەپنى دەيمەن، «بىز تىرىشىۋاتىمىز، سىلەر يالغۇز ئەمەس، بىز چوقۇم تېخىمۇ تىرىشىمىز!».

مەن ۋەتەندىن تورغا ئۈمىد ئىزدەپ، بىر يېڭىلىق، بىر يۈكسىلىش ئىزدەپ چىققانلارغا، «يولۇمغا قارىماڭلار، بىزدىن ئۈمىد كۈتمەڭلار، مەن جان بېقىش بىلەن، ئىچىم پۇشسا گەپ سېتىش، كۈرەش - پىپەن يىغىنى ئېچىش بىلەن ئالدىراش» دېيەلمەيمەن.

ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەنلەرگە، ئۇيغۇرنىڭ كەلگۈسىدىن ۋاز كەچكەنلەرگە، مەۋجۇتلۇقىمىزدىن خەۋپسىرىگەنلەرگە، شۇ تۈپەيلى سەۋەب قىلىشتىن سۈكۈت قىلىشنى ئەلا بىلگەن، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆزىنىڭ ئومچىغا دۈم چۈشكەنلەرگە ۋەتەندىن چىققان بىر خەت بىلەن جاۋاب بېرەي. مېنى گەپكە، لاپقا، جاۋابقا چاقىرىش بىلەن ئالدىراشلارغا، سۆزلىرىم ئەمەس

قىلغان خىزمەتلىرىم جاۋاب بولسۇن. نەزىرىڭلارغا خەتنى سۇناي:

*«ئەمدى گەپنى مۇشۇ يەرگىچىلا قىلاي. قالغان گەپنى كۆرۈشكەندە دېيىشەرمىز. ھەممە تۇغقانلارغا سالام دېگىن. باللىرىمنى ھەر كۈنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قوي. مەن ھەقىقەتەن ئۆزگەردىم. نۇرغۇن ۋاقتىمنى تور ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمگە بەك ئېچىنىمەن.*

*بۇندىن كېيىن، ئەمدى ساڭا بەخت ئاتا قىلىمەن دەپ ئۆتىدۇ كۈنۈم. ئۆتمۈشۈمنى سورىغانلارغا بىرلا ئېغىز گەپ، ‹كەلگۈسىمىزنى كۆزۈڭگە تىقىۋېتىمەن›. مۇشۇ گەپنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايلى خوتۇن. مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ ئىشنى ساڭا كېيىن دەپ بېرەي. خەتنىڭ ئاغزىنى شىلىمدە ئېتىپ قويىمەن. ئۆزۈڭنىڭ ئېچىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*كەچلىك ئۆگىنىشكە دادۇيگە بارساڭ باللىنى ئېلىپ بار. ئۆيگە يالغۇز قويما. ياتاقدىشىمنىڭ بىر بالىسى شۇ سەۋەبلىك ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ، كۆيۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ. مەن بەك قورقۇپ قالدىم. ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاسرا. سېنى سۆيىمەن.*

*ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ئۈچۈن سېكرېتاردىن باشقا ئادەمگە گەپ قىلما.»*

خەت مۇشۇ يەردە تۈگىدى. مەن پەقەت خاتا يېزىلغان سۆزلىرىنى ئوڭشاپ قويدۇم، ئەمما ئەسلى سۆزنى شۇ پېتى قالدۇردۇم. مانا ماۋۇ بىزنىڭ «ئۇيغۇرلار تۈگەپ كەتتى، ئەمدى تۈگەشتۇق، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد يوق»... دەپ ۋايسىغان بىچارىلىقىمىزغا كەلگەن جاۋاب. مانا بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك ساداسى. ئۇيغۇر ئاشۇنداق مىللەت، بىز مۇشۇ زۇلۇم ئىچىدە تاۋلىنىمىز، كۈچلىنىمىز، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۆزىگە

كەلگۈسىمىزنى تىقىۋېتىمىز. خىتاي! ئاڭلا، مانا ماۋۇ بىزنىڭ سادايىمىز، بىز سەندىن قورقمايمىز، كەلگۈسىمىزنى كۆزۈڭگە تىقىمىز! قاراپ تۇر.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

## قازاق باغرىم، ئۇيغۇرنى ئۆچۈرسەڭ، خىتاي بىلەن رۇسنى كۆچۈرەمسەن؟

بۈگۈن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان دۆلەت مارشىنى سىنلىق ئوقۇپ تارقاتقانلىقى كۆرۈپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بۇ مارشنى ئاڭلاپ يىغلىشىم تۇنجى قېتىم ئەمەس. قازاقىستاننىڭ دۆلەت مارشى خىتاي پايتەختى بېيجىڭدا، قۇتلۇق نورۇز كۈنىمىزدە ياڭرىغاندا شۇنداق يىغلىغان، سەھنىدە مەيدىسىنى كېرىپ ئېيتىۋاتقانلار ۋە تۆۋەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكەن قازاق دوستلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ تۆكۈلۈپ كەتكەنىدىم. بۇ كۆز يېشىغا يېنىمىزدا، تېغىمىزدا ۋە بېغىمىزدا نەچچە يۈز يىل بىللە ياشىغان، قوزىلىرى ۋە قىمىزلىرى بىلەن داستىخانىنى مول قىلغان، بىز بىلەن ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ بىللە بولغان باغرىلىرىمىزنىڭ ھۆرلۈكىدىن، مۇستەقىللىقىدىن پەخىرلەنگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلى، تەبرىكى ۋە تىلەكلىرى سىڭگەنىدى.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغان چاغ 1991-يىلى قارا قىش ئىدى. شۇ كۈنى بىز بەش - ئالتە ئاغىنە ئىمتىھانلارنى ئۇنتۇپ قازاقىستان ئۈچۈن يىغلىغان، بىر كېچە ئۇخلىماي قازاقنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلەشكەنىدۇق. ئۇ يەردە بىزنىڭ زۇنۇن قادىرىمىزنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. ئۇ يەردە بېشىنى قىبلىگە ئەمەس ئىلى يولىغا قارىتىپ دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان غېنى باتۇرنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. ئۇ يەردە بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى

ئالاخان سالدۇرغان مۇبارەك سۇلتان قورغانىمىز بار ئىدى. ئۇ يەردە بىزنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغان، تۇنجى پەننى مائارىپىمىز باشلانغان، بىز ئۇيغۇر دېگەن مۇقەددەس نامىمىزنى ئالمائاتاغا جۇغلاشقان زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاپقانىدۇق. ئۇ يەردە بىزنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاخىرقى شاھىتلىرى، قوماندانلىرى ۋە رەھبەرلىرى بار ئىدى. بىز قازاقىستاندىكى يولباشچىلارنى رۇسنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان غېنى باتۇرنىڭ نەۋرىلىرىنى، نۇزۇگۇمنىڭ ۋارىسلىرىنى باشلاپ بىز بىلەن بىر سەپتە ۋەتەننى قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئىشىنەتتۇق. بىز قازاقىستاننىڭ مۇستەقىللىقى بىزنىڭ قازاقلاردا مۇستەقىللىق ئىرادىسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق بىرلىشىپ، بىللە سەپ تارتىپ مۇستەقىللىققە يول ئالىمىز دەپ خىيال قىلاتتۇق.

بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ مارشىنى ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا قاراپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئويلاندىم. شۇ چاغدا سۈرگەن خىياللىمغا، قىلغان تامالىرىمغا، كۈتكەن ئارزۇلىرىمغا ئەپسۇسلاندىم. قازاقلار «ئىستان» قۇرماستا، شەھەرلەر - بازار، بازارلار تېخى ئادەم ئايىقى تەگمەس جاڭگال ۋاقتىدا شۇ تۇپراققا تەر تۆككەن ئۇيغۇرنىڭ يەكلىنىشلىرىدىن يۈرىكىم ئېزىلدى. قازاقىستاندا بۈگۈن دۆلەت مارشى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار كۆزۈمگە بەشىنچى ئىيۇل پاجىئەسىدە ئۈرۈمچىدە قولىغا خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا چىققان  ئۇيغۇرلاردەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. دۆلەت ئىككى ئۇيغۇر بىر، شەكىل ئىككى ماھىيەت بىر ئىدى.

بىز نەدە ياشىمايلى نېمىشقا دائىم ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىمىز؟ نېمىشقا بېشىمىزغا كۈن كەلگەن ياكى شۇنداق كۈن كېلىشنى تەخمىن قىلغان ھامان ساداقەت مارشى ئوقۇشقا، ساداقەت بايرىقى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز؟ نېمىشقا

ئاق ـ قارا زىددىيىتى چىققان ئامېرىكادا، فىرانسۇز ـ مۇسۇلمان زىددىيىتى چىققان فىرانسىيەدە ئاز سانلىق ھېسابلىنىدىغان «قارا»لار دۆلەت مارشىنى ئوقۇپ ساداقەت بىلدۈرمەيدۇ، نېمىشقا پەقەتلا بىز تەلەپ قىلىنمىغان ساداقەتكە ئۆزلۈكىمىزدىن زورلىنىپ كېتىمىز؟ نېمىشقا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللار تۈركلەردىنمۇ بەكرەك تۈركچى شوئارلارغا مەپتۇن بولۇپ كېتىدۇ؟ ئەجەبا بۇمۇ ساداقەت جاكارلاشنىڭ بىر شەكلىمۇ؟ بىز ساداقەت بىلدۈرۈشكە نېمىشقا موھتاج؟

خىتاي ئۇيغۇرنى ۋە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتارنى لاگېرلارغا قاماپ دۆلەت مارشىنى مەجبۇرى ئوقۇتسا، قازاقىستاندا چىققان بوراندا بىز شۇنىڭغا يەنە زورلىنىپ قالساق، شۇنى ئوقۇماي ئۆزىمىزنى دۆلىتىمىزدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلالمىساق ـ ھە! ئۇنداقتا بىزنىڭ تۆلىگەن بېدىلىمىز نېمىگە تەۋە؟ شۇ دۆلەتنى قۇرۇشقا ئاققۇزغان قان ـ تەرىمىز نېمىگە ھېساب؟ قازاقىستاندا ئۇيغۇر قۇرغان زاۋۇت، ئۇيغۇر سالغان بازار، ئۇيغۇر ئاچقان تىجارەت بىزنىڭ ساداقىتىمىزنى ئىسپاتلاشقا يەتمەيتىمۇ؟ قازاقىستاندا ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا ئارىسىدا تىجارەت قىلىپ يۈكسەلگەن ئۇيغۇر بايلار مەبلەغنى قازاقىستانغا سالماي غۇلجىغا، قەشقەرگە، ئۈرۈمچىگە سالمىغانمۇ؟ شۇنىڭ پايدىسىنى قازاقىستانغا بەرمەي قەشقەردىكى ھېيتگاھقا، ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەسچىتىگە خەجلەپتىمۇ؟ بۇلار ساداقەت ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇر بايلارنىڭ ۋەتەنىدىن دوللار كۆتۈرۈپ قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققىنى ساداقەت ئەمەسمۇ؟

بىز ئۇيغۇرلار ھېچبىر زامان قازاق باغىرلاردىن بىر نەرسە تالاشمىدۇق، تارىختىن بىرى قوغدىدۇق، دۈشمەندىن تەڭ قوغدىدۇق، ئۇلار بىلەن مىللىي توقۇنۇش قىلمىدۇق. كومپارتىيە

ئۇيغۇرنىڭ ئاۋات شەھىرى غۇلجىنى قازاق ئوبلاستقا مەركەز قىلىپ بەردى، بىز ھېچقاچان بىزدىن ئاز، ئاجىز قازاق باغىرلارنى تاغقا قوغلىمىدۇق، ئەكسىنچە بىزدىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك خىتاينى قوغلاپ، تىللاپ ياراتماي پاتۇرمىدۇق، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلدۇق، نامايىش قىلىپ قىرىلدۇق، ئەمما تەن بەرمىدۇق. قەشقەرگە بارغان مىڭلاپ قازاق سىڭىپ كەتتى ئىتتەرمىدۇق. بىزنىڭ ناھىيەدە قازاقلار دېگەن يۇرت بار، ھېچ بىرىمىزنىڭ خىيالىغا ئۇنى ئۆزگەرتىش كەلمىدى. پۈتۈن ئۇيغۇر ئىشلىتىدىغان دەرسلىك كىتابىمىزدا تاڭجارىق جولدىبايىۋنىڭ نەزمىلىرى بار ئىدى، ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېتىدا قازاقچە دەرس ئۆتىدىغان پروفېسسورلار بار ئىدى. بىز ھېچقاچان ئۇنى ئېلىۋېتىشنى، ئالماشتۇرۇشنى، يوقىتىشنى تەلەپ قىلمىدۇق! سىلەرگە نېمە بولدى تۇغقانلار؟

بىز ۋەتەندە ئانا تىل دەۋاسى قىلغاندا قازاق باغىرلار بىلەن بىللە قىلدۇق. تۇنجى ئانا تىلنى قوغداش مەسلىھەت يىغىنىنى ئۈرۈمچىگە مەشھۇر قازاق رېستورانى بولغان، قازاقلارنىڭ ئەجدادى ئۇيسۇنلارنىڭ نامىغا ئاتالغان جايدا قىلدۇق. تۇتۇلۇپ قىيناققا چۈشتۇق، ئەمما بىز بىلەن بىرلەشكەن، بىر نىيەتتە بولغان بىرمۇ قازاق زىيالىينىڭ، بىرمۇ قازاق ئۆلىمانىڭ، بىرمۇ قازاق باينىڭ ئىسمىنى، قىلمىشىنى دەپ بەرمىدۇق، ھەممە جىنايەتنى ئۆزىمىز ئۈستىمىزگە ئالدۇق. قېنى، قازاقستاندىكى ئەسلى بىزدىن بولغان ۋەتەنداشلار، بىللە يېگەن نانىنىڭ، بىللە يېگەن تاياقىنىڭ، بىللە ياتقان لاگېرنىڭ يۈزى يوقمۇ؟ خىتاي يەنە نېمە قىلسا بىرلىشىمىز؟ خىتاي يەنە بىزنى نېمە قىلىپ بەرسە، بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىسىلەر؟

خوش، شۇنى سوراپ باقايلى، روسمۇ ئۆزگەرتمىگەن

ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ نامى كىمنىڭ نەرگە تاقاشتى؟ بىزلەرنى قۇل قىلغان ئورۇس قىلمىغان يامانلىقنى قىلىش قايسى قازاق زىيالىيغا، سىياسىيونغا، قايسى ئاقساقالغا ياراشتى؟! ئۇيغۇرنىڭ قان باغرىنى تىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس مۇبارەك تۇپراقىنىڭ نامىغا كۆز تىكىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ قازاقىستانىنىڭ شىمالدا يۈزلەپ رۇسچە يەر ئىسمى تۇرۇپتۇ، مىڭلاپ قازاقنىڭ ئىسمى رۇسچە بولۇپتۇ، قېنى شۇلاردىن باشلىمايلىمۇ قازاقلاشتۇرۇشنى؟ ياكى بىزدە ئىسىم رۇسچە بولۇپ كەتسۇن، ئاتا ماكان شەرقىي تۈركىستاندا نامىلىرىمىز خىتايچە بولۇپ كەتسۇن، خىتاي بولۇپ كەتسەك، ئورۇس بولۇپ كەتسەكمۇ مەيلى، پەقەت ئۇيغۇرچە بولمىسىلا كۇپايە دېمەكچىمۇ؟ سىرىكجان رۇسچە سۆزلىسە غەزەپلەنمەي، خىتايچە سۆزلىسە ئاغرىنماي، پەقەتلا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا ئۇيغۇرچە سۆزلىسە چىدىماي قالغىنىڭلار بىلەن بۇ قىلىقىڭلار نېمانچە ئوخشايدۇ؟

قازاق باغىرلار، ئۇيغۇر ئاتالغان بىر ناھىيەمىزنىڭ نامىنىغۇ ئۆچۈرەرسىلەر، قازاقىستانىنىڭ شىمالدىكى رۇسلارنى كۆچۈرەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ نېفتىڭلارنى ئۆزۈڭلاردىن قېزىپ ئۆزۈڭلەرگە سېتىۋاتقان، زېمىنىڭلاردا باي بولۇپ پىتلىنىپ يېتىۋاتقان، قىزلىرىڭلارنى پۇل بىلەن سېتىۋالغان خىتايلارنى قانداق قىلماقچى؟ ئورۇسقا يەتمىگەن كۈچ، خىتايدىن سايراگۈلنى، ئۆمەر بېكالىنى، سىرىكجاننى قوغدىيالمىغان جاسارىتىڭلار بىزگە كەلگەندە باغجانلاپ كەتتىمۇ؟

بىز قازاقىستانىنىڭ دۆلەت مارشىنى شەرقىي تۈركىستان مارشىنى سۆيگەندەك سۆيىمىز، مارشىڭلارنى ئاۋازىمىزنى قويۇپ بېرىپ ئېيتىمىز. لېكىن ئېيتقان كۈنىمىز بېشىمىزغا كۈن كەلگەن، سىلەردىن دىلىمىز ئازار يېگەن، مەۋجۇتلۇقىمىز تەھدىتكە

ئۇچرىغان كۈن بولماسلىقى كېرەك. بىز قازاقىستانغا قازاقتىنمۇ بەك ساداقەت بىلدۈرىمىز. ئەمما ئۇ ساداقىتىمىز قورققانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەس، خىتاي ۋە ئورۇس تارتىۋالغان ھۆرلۈك، ئادالەت ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

# ئۇلۇسچى بولاي دەيمەن، ئەمما...

مەنچە شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى بەرپا قىلىش تىرىشچانلىقى قوللاشقا تېگىشلىك ئىكەن. بۇ قىزغىنلىق ئېتىراپ قىلىنسا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەمگەكلىرىنى ھۆرمەت قىلغان بولىدىكەنمىز. بۇ قىزغىنلىق تەشكىلات، تەشكىلاتچى ۋە ئىلمدارلاردىن جۇغلانغان بىر كۈچ ئىكەن. بۇلارنىڭ بىر بايراق ئاستىغا يىغىلىشى ئۈملۈك ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتلار بويىچە ياكى جامائەتلەر بويىچە تەشكىللىنىشتىن مەلۇم بىر ئىدىيە بويىچە تەشكىللىنىشى يۈكسىلىشتىن بېشارەت بېرىدىكەن. مەن ئۇلۇسچى بولۇشنى، 12 يەرلىك قوۋمنى بىرلەشتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى قۇرۇشنى قوللايمەن. ئەمما قۇرالامدىمەن؟ مەن كۆرگەن پاكىت، رېئاللىق، ئەمەلىيەت زادى قانداق؟

ئەگەر چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە ۋەتەندىكى يەرلىك 12 قوۋمنى ئۇيۇشتۇرۇپ بىر ئۇلۇس بەرپا قىلىشنى ئىستراتېگىيەلىك قەدەمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دەپ قارايدىغان ئەركىن ئەكرەم بىلەن ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇق ئەپەندىلەر ئەنقەرەدە قولنى قولغا تۇتۇشسا، ئۇلۇسچى پىروفېسسور ۋارىس چاقان بىلەن ئۇلۇس يولىدا كېتىۋاتقان ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى تۈركىيەنىڭ پايتەختىدە مۇرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلسا، بۇنىڭدىنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولامدۇ؟ ئەمما ئۇنداق بولمىدى، بولمايۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك 12 مىللەتنى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى قىلىپ چىقماقچى بولغان بۇ غايە ئەنقەرەدە ياشايدىغان

ئۇلۇسچى ۋارىس چاقان، ئەركىن ئەمەت، ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق ۋە ئەركىن ئەكرەمنى بىر پىلان ئۈستىدە ئورتاق پىكىر قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرەلىسە، بۇنىڭدىن ھاياجانلانمايدىغان ۋىجدانلىق ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستانلىق چىقماي قالارمۇ؟ مەنمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق تۇرسام ھاياجاندىن سەكرىمەي تۇرالامدىم؟ ئەپسۇس، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا «شىنجاڭلىق» دېگەن سالاھىيەت بىلەن ياشاۋاتقان 12 مىللەتنى بىرلەشتۈرۈمەن دېگەن غايە، تېخى ئەنقەرەدە ياشايدىغان تۆت دوكتورنى بىر ئۈستەلگە ئېلىپ كېلەلمىدى. مەن يۇقىرىقى پاكىتنىڭ ئىچىدە ئۈچ يىل ياشىغان بولغاچقا، ماڭا ئۇلۇس بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئۇيغۇر بولۇپ ئۇيۇشۇش ئاسانراق تۇيۇلىدۇ.

1950 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلىرى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەنى تاللاپ كۆچمەن بولغان. ئارىمىزدا ئاساسلىق قازاق ۋە ئۇيغۇر بار ئىدى. يېڭى كەلگەندە تەشكىلاتىمىز بىر ئىدى. نامايىشتا قازاقچە دوپپا ۋە ئۇيغۇرچە تون بىللە ئىدى. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا قازاقىستان مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇنلا ئىستانبۇلدا قازاق تۇغقانلار بىزدىن مۇستەقىل بولۇپ بولدى. مانا ھازىر ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدا شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر تەشكىلاتى قازاق تۇغقانلارنىڭ قولىدا. 2017 ـ ئىيۇلدا مىسىر ۋەقەسى بولدى. ئۇيغۇر تۇتۇلدى، دېگەن خەۋەر مىللەتنى ئويغاتتى، 500 گە يېقىن ئۇيغۇرغا بېلەت ئېلىندى. شۇ قاتاردا ئالتە قازاق تۇغقانغا ئۇيغۇريار فوندى بېلەت ئېلىپ بەردى. ئەپسۇسلۇق يېرى ئۇلار كېلىپلا قازاق دەرنەككە كەتتى. قازاق دەرنەك ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خىتايچە بۆلىمگە ئۆزلىرىنىڭ ئالتە قازاق مۇساپىرنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. مەن ئىستانبۇلدا بىر يېرىم يىل ياشىدىم، بىرەر قېتىملىق نامايىشتا قازاق دەرنەكنى ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ قېشىدا كۆرۈپ باقمىدىم.

ئۇيغۇر دېسەك تار مىللەتچىلىك بولىدۇ، فاشىستلىق بولىدۇ، ئۇلۇس بەرپا قىلىمىز دەۋاتقانلارنىڭ ئۇيغۇردىن باشقا بىر زىيالىي بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قىرغىز، ئۆزبېك ۋە قازاق تاراتقۇلىرىدا بىللە ئاڭلاتقانىنى كۆرمىدىم. تۈركىيەدە، يېنىمىزدىكى قازاق دەرنەك بىلەن بىرلىشىپ بىر دەرنەك قۇرالمايمىز، قانداق قىلىپ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا، خىتاينىڭ خىتايلاشتۇرۇش سىياستى نەتىجىسىدە خىتاي ئۇلۇسىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان قازاقلار بىلەن بىر ئۇلۇس بولالايمىز. بۇ پاكىت ماڭا ھازىرچە ئۇلۇس بولۇپ بىرلەشمەكتىن ئۇيغۇر بولۇپ ئۆملەشمەكنى ئاسانراقمىكىن دېگۈزىدۇ.

2017 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە تەشكىلاتتىن مول ھوسۇل ئالدى. ھازىر مەۋجۇت تەشكىلاتنىڭ سانى 32 ئەتراپىدا. ئۇنىڭ ئىچىدە يۇرت بويىچە قۇرۇلغان تەشكىلاتلارمۇ بار. ھەتتا ۋىلايەتنى ئەمەس بىر ناھىيەنى بىرلىك قىلىپ قۇرۇلغان تەشكىلاتمۇ بار. كورونا مەزگىلىدە ۋە باشقا چاغلاردىكى قۇتقۇزۇش، ياردەم ئىشلىرىدا كىشىلەرنىڭ يۇرتلار بويىچە ئىش قىلىۋاتقىنىمۇ تۈركىيەدە سىر ئەمەس. خوش، مۇشۇ ئۇيغۇرغا يۈزلەنگەن زۇلۇم، قىرغىنچىلىق، ھالاكەت بىزنى بىر قىلالمايۋاتسا، ئۇيغۇر قىلالمايۋاتسا، ئۇيۇشتۇرالمايۋاتسا، مۇشۇ ھالىمىزغا قانداق قىلىپ قازاق، داغۇر، شىبە، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنى ئىستانبۇلدا، نيۇيوركتا، پارىژدا ئولتۇرۇپ ئۇلۇس قىلالايمىز؟ يۈرەكنى مۇجۇيدىغان مۇشۇ چاغدىمۇ ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئورنىغا ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىكنى دەسسىتىپ تەشكىلات قۇرۇۋاتقان، ئىش يۈرگۈزۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مەن ئۈچ يىل ياشاپ باققاچقا، ماڭا كىشىلەرنى ئۇيغۇر ئاتلىق قوۋم قىلىش، شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى قىلىشتىنمۇ بەكرەك قىممەتلىك، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەمەلىي بىلىنىدۇ.

2015 ـ يىلى 1 ـ ئايلاردا قەيسەرىدە بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى بارلىققا كەلدى. بۇ يەرگە شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلغان ئۇيغۇرلار يىغىلدى. ئۇلار تېزلا ئۆزىنى ئۈچ جامائەتكە ئايرىدى. ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى چوڭ جامائەت، كىچىك جامائەت ۋە دۆلەت ئىدى. بۇ يەردە چوڭ جامائەت دېگىنى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى، كىچىك جامائەت دېگىنى يەنە بىر ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى، دۆلەت دېگىنى ئىسلام دۆلىتى، يەنى تۈركچە دائىش دېيىلىۋاتقان گۇرۇپپا. بۇ ئۈچ جامائەت قەيسەرىدە بىر ـ بىرىنى دۈشمەن قىلىپ پېتىشمايلا قالماي، ئۇلارنىڭ شايكىلىرى ئىستانبۇلدا تۇرۇپمۇ خىرىس قىلىشىپ تۇردى. ئۈچ جامائەتنىڭ ھېچبىرى يا ئاللاھنىڭ كىتابى ئاساسىدا بىرلىشەلمىدى، يا مىللىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بىرلىشىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇلار «ھەي قېرىنداشلار بىز ئۇيغۇر، ئاچا ـ سىڭلىمىز، ئاتا ـ ئانىمىز زۇلۇمدا، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتى بار، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز مۇنقەرز بولغان. ماۋۇ دۇنيادا ئەرەب يوقالمايۋاتىدۇ، بىز يوقۇلۇۋاتىمىز، مۇسۇلمانلارنى بىز قۇتقۇزمساقمۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان بار، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلايلى» دېيەلمىگەنىدى. مەن مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەچكە ئۇيغۇر بولۇش، ئۇيغۇرغا ئۆزلۈكنى تونۇتۇش، ئۇيغۇر كىملىكىنى كۈچلەندۈرۈش شەرقىي تۈركىستان كىملىكى بەرپا قىلىشتىنمۇ بەكرەك تەخىرسىز تۇيۇلىدۇ.

ھاياتىمدا خىيالپەرەسلىكتىن تويۇپ ياشىغان ئادەممەن. چۈنكى، ئەتراپىم خىيالپەرەسلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچكە بۆلۈندۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ماڭا ئۆتمۈشپەرەس، بەزىسى كېلەچەكپەرەس، يەنە بەزىسى رىۋايەتپەرەس تۇيۇلىدۇ. ئۆتمۈشپەرەس دوستلارنىڭ ئاللىقاچان «...ئىستان» بولۇپ بولغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاتارلارنىڭ ئايرىم مىللەت

ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇلارچە تىلىمىز بىر ئىكەن. قاراڭلا دوستلار، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە، دانىيە خەلقى بىر - بىرنى تەرجىمانسىز چۈشىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنى ھېچكىم بىر مىللەت دەپ تەرسالىق قىلمايدۇ. بالقاندا ئۇرۇش قىلغان كىرووۋاتلار، سىلوۋېنلار، بوشناقلار بىر - بىرىنىڭ كىچىك تىللىرىغىچە بىلىدۇ. ئۇكرائىن، رۇسلارنىڭ تىلى ئۆزبېك بىلەن ئۇيغۇردىنمۇ يېقىن، لېكىن ھېچقاچان ئۇلار بىز بىر مىللەت، بىر ئۇلۇس بولايلى دېمەي ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى. توغرا، بىزمۇ قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك تۇغقانلارنىڭ تىلىنى ئۇقالايمىز، ئورتاق تارىخىمىز بار، ئەمما بىز ئاللىقاچان بىر مىللەت ئەمەس! تۈرك ئايرىم، ئۇيغۇر ئايرىم، تۈركمەن ئايرىم، تاتار ئايرىم مىللەت. بىز بىللە ياشىغان تارىختا ئەمەس، ئايرىلىپ تۇرغان بۈگۈندە ياشاۋاتىمىز، خەلقلەرنىڭ ئۆتمۈشى بىر بولسا بۈگۈنىمۇ بىللە بولىدىغان ئىش يوق.

كېلەچەكپەرەس دوستلارغا دەيدىغىنىم، دۆلەت ئۇيغۇرىستان بولسىمۇ، شەرقىي قازاقىستان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان بولسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. بىز ھازىر خىتاي بولامدۇق ياكى ئۇيغۇرمۇ، يوقۇلامدۇق ياكى مەۋجۇتمۇ؟ دېگەن سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا ياشاۋاتىمىز. ئاۋۋال بىر دۆلەت قۇرىدىغان ساپايىمىزنى، قۇدرىتىمىزنى، بىرلىكىمىزنى ۋە ھەرىكىتىمىزنى ھاسىل قىلايلى. تۇغۇلمىغان بوۋاققا ئىسىم، موزايغا قوزۇق قېقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قېنى شۇ دۆلەت؟

رىۋايەتپەرەس دوستلارغا دەيدىغىنىم، توغرا، ئوسمانىيلار ئىسلام بىلەن كۈچلۈك ئىدى، ئابباسىيلار ئىمان بىلەن قۇدرەتلىك ئىدى، خەلىپىلىك قۇرۇلسا بىز قۇتۇلاتتۇق. ئەمما ئوسمانىيلارنى قۇرغانلار غەيرىتىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالدى، ئابباسىيلارنى تىكلىگەنلەر

ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسىنى ئېلىپ بولدى. بۈگۈن بىز پارلاق ئىسلام تارىخىدا ياكى سائادەت دەۋرىدە ياشىمايۋاتىمىز، ساھابىلەر سائادەت يارىتىپ تۈگەپ كەتتى. دەۋرىمىزدە پەيغەمبەرمۇ، ساھابىلەرمۇ يوق، بەلكى كاپىتالىزم ۋە كاپىتالىستلار بار. بىز بۇ دۇنياغا، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ ئىنساپىغا تاشلىنىپ قالدۇق. شۇڭا ئامېرىكا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا قانۇن تۈزۈپ بەرگەندىكىن شۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى قانۇن بويىچە قوغداشنى، پەن بىلەن يۈكسەلدۈرۈشنى، ئانا تىلدا ياشاشنى، ھەر يەردە ئۇيغۇرنى قوغداشنى، جانغا جان ئېلىپ خىتاينى بابلاشنى، ۋەيران قىلىشنى، يەر بىلەن يەكسان قىلىشنى مۇنازىرە قىلايلى، تالىشايلى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇر دېگەن نامدا قىلماي ئامالىمىز يوق. قازاقنى قازاق بولغىلى، قىرغىزنى قىرغىز بولغىلى قويايلى، ئۇلارنى تۈرك بولۇشقا، دۆلەت قۇرماي تۇرۇپلا ئۆز كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە تۈتۈنمايلى. بىز دۆلەت قۇرۇپ بولغاندا، دۆلىتىمىزدە ياشىغان كىشى بىز بىلەن بىر شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى بولمايمەن، ئۇيغۇردىن باشقىنى يوقىتىمەن، قازاقتىن باشقىنى كەمسىتىمەن، موڭغۇلستان دۆلىتى قۇرىمەن دېسە گېپىمىزنى قىلايلى، لېكىن بىز تېخى دۆلەتنى ئالمىدۇق.

ئەگەر مۇستەقىل بولغىچە ئۇلۇس تەشۋىقاتىنى قىلغاچ تۇرايلى دېسەك، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق دېمەيدىغان خىتايلارغا، شۇنداق تونۇماسلىق ئېھتىمالى ئەڭ كۈچلۈك بولغان موڭغۇللارغا، داغۇرلارغا، شىۋەلەرگە شۇلارنىڭ تىلىدا ئۇلۇس تەرغىباتىنى قىلايلى.

مېنىڭمۇ بەك ئۇلۇسچى بولغۇم بار، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى، بىر تەن بىر جان ئىكەنلىكىنى ھەر مىنۇت بىلىپ، ھېس قىلىپ

بىر قوشۇن بولۇپ ھەرىكەت قىلمايدىغان، بىر كونا قولۋاققا چىقىپ قېلىپ ھەر تەرەپكە پالاق ئۇرۇۋاتقان، بەزىسى قېيىققا چىقالماي ھالاكەت دېڭىزىدا تېپچەكلەۋاتقان توققۇز ۋىلايەت ۋە ئالتە شەھەرلىكلەرنى ئۇيغۇر قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشنى تېخىمۇ مۇھىمىكىن دەيمەن. مېنىڭمۇ ئۇلۇسچى بولغۇم بار، ئەمما ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق دەپ قاراۋاتقانلارغا شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشتىن تەلىم بېرىپ بىكاردىن ئۇيغۇرچى، ئۇلۇسچى دەپ ئىككى قاشقا ئايرىپ تاماشا چىقارغۇم، يىغىن ئاچقۇم، گەپ تاپقۇم، دانىمەنشىلىكىمنى كۆرگەزمە قىلغۇم كەلمەيدۇ شۇ.

2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# قىرغىنچىلىقتا گۇۋاھچى سىز

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقى تەكىتلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا پاكىت چىقتى. ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس ئادرىيان زېنز دوكلات ئېلان قىلدى، پىداكار مۇخبىر دىيىك كاڭ قىرغىنىنى ئىسپاتلاپ تەپسىلىي خەۋەر ئىشلىدى. بۇ دوكلات ۋە خەۋەر تەڭلا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ نەزەرى يەنە ئۇيغۇرلارغا ئومۇمىيۈزلۈك مەركەزلەشتى. دىيىك كاڭ يازغان خەۋەر دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تاراتقۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.

دىيىك كاڭ بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرى، 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزچىل خەۋەر ئىشلەۋاتىدۇ. ئۆزى ئەسلى كورىيانلاردىن، ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، خىتايچىنى ياخشى بىلىدۇ. چىرايى تىپىك شەرقىي ئاسىيالىقلارغا ئوخشايدۇ (يەنى خىتايلارغا). ئۇنىڭ بىلەن ئىستانبۇل كوچىلىرىدا، سەلىم پاشا، سەفاكۆي ۋە زەيتىنبۇرنۇدا ئايلىنىپ ھەمكارلاشقانلىرىم مېنى «خىتايلارنى كەينىگە سېلىپ رەسىم تارتىپ يۈرىدۇ» دېگەن تۆھمەتكە قويغان، ھەتتا بىر بىز قۇربان ھېيتتا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر مەھەللىدىن قوغلانغان. سەۋەبى ئاۋامدىكى نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، ئىشەنمەسلىكمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما يېتەكچى ئامىل، ئەڭ خەتەرلىك ئامىل بىز بىلەن بىر يولدا كېتىۋاتقان كاتتىلاردىكى چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇق. ھەتتا

ئىستانبۇلدا ئۇنىڭ ئاپاراتىغا ئېسىلغان قېرىنداشلارمۇ بولغان. ئەمما كىملەر تەرىپىدىن خاتالاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىغان، شۇڭا ئاۋام خەلقىمىز گۇناھسىز. دېيىك كاڭنىڭ «قارىقاش ھۆججەتلىرى»دىن يولغا چىقىپ، 7 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ۋاستە قىلىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بۇ ماقالىسى ئۇيغۇر تارىخىدىلا ئەمەس دۇنيا تارىخىغا يېزىلغىدەك بىر تۆھپە. چۈنكى، ئۇ 21 ـ ئەسىردە يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

بىز ئۇيغۇرلار 30 يىلدىن بېرى پىلانلىق تۇغۇتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن مىللەت. ئەمما بىز ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىمىز، مانا بۇنى كۆنۈپ قېلىش دەيمىز. خىتاي بىزگە سېلىۋاتقان زۇلۇمغا بىزنى شۇنداق كۆندۈرۈۋەتكەن، ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى خىتاي كومپارتىيەسى يۈرگۈزگەن بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرى. خىتاينىڭ تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بالياتقۇلىرى ئېغىر زەخىملەنگەن ۋە بالياتقۇ بوينى راكىغا گىرىپتار بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلارمۇ كۆپ. ۋەتىنىمىز باليىاتقۇ بويۇن راكىغا گىرىپتار بولغان ئاياللارنىڭ نىسبىتى پۈتۈن خىتايدىكى مەزكۇر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم.

پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا يۈزلەنگەندە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز گۇۋاھچى بولۇش. ئۇيغۇرلار ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسىگە ئۇچرىمىغان خانىملار يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ پىلانلىق تۇغۇت

ساھەسىدە ئىشلىگەن ئۇيغۇرلار چوقۇم بار. چۈنكى، ئۇيغۇرلار بۇ ساھەدە ئەڭ كۆپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. شۇڭا بىز مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىپ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تېخىمۇ كۆپ پاكىت تېپىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇن پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر خىزمەتنى قىلغانلار، ئوپېراتسىيە قىلىنغانلار، پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر تەدبىر قىلىشقا زورلانغانلار ھەمكارلىشىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ھەقتە بىرلىكتە ئىزدىنىشنى، گۇۋاھچى بولۇشنى خالايدىغانلار بولسا ھەمكارلىقتا بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# كىمنىڭ ئەۋلادىسەن، ئۇيالساڭچۇ!

رەھمەتلىك ئانام ھازىرقى لاگېر تۇتقۇنى ئاكامنىڭ چوڭ ئاكامنى «گۇينىڭ بالىسى» دېگىنى ئۈچۈن تىلىغا يىڭنە سانجىغان ئىكەن. شۇندىن كېيىن ئادەتتە گۇي دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيمەن، ھازىرغىچە بىرى دېسىمۇ قۇلىقىمغا بەك سەت ئاڭلىنىدۇ. مەن ھەممە ئادەمنى سىلى - ئۆزلىرى دەيدىغان شەھەرلىك ئەمەس. مەن قەشقەرنىڭ ئەڭ يىراق بىر سەھراسىدا چوڭ بولغان. ئەمما بىزنىڭ مەھەللىدە ھېچكىم بىر - بىرىنى بىكاردىن گۇي دېمەيتتى، دەپ قالسا نېسىۋىسىنى يەيتتى.

يېقىندىن بېرى «گۇي، ئالدىڭنى قىل، كەينىڭنى قىل، قۇچاققا ئولتۇر..ۋڭغا تۈكۈرىمەن، ...قا ئولتۇرغۇزىمەن» دېگەن بۇنداق نىجاسەتلىك سۆزلەر جامائەت سورۇنىدا ھېچ ئۇيالماستىن دېيىلىدىغان، كىشىلەر سەسكەنمەي، پاڭقىيىپ، ھاڭقىيىپ ئاڭلايدىغان ھالغا كەپتۇ.

مېنىڭ ئالدىمدا بىرىنىڭ سەت گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىسام ھۆرمىتىم يەرگە ئۇرۇلغاندەك، كەمسىتىلگەندەك تۇيغۇغا كېلىمەن. شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئالدىدا بىرىنىڭ ھېيىقماي، قورقماي سەت گەپ قىلىشىنى شۇ كىشىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى دەپ قارايمەن. بۇنداق ئىشتانىنىڭ ئىچىدىكى گەپلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا دېيىلىشى، ئۇيغۇر تىلىدا دېيىلىشى ئۇيغۇرنىڭ كەمسىتىلىشى، ئۇيغۇرغا خاس مەدەنىيەتنىڭ كەمسىتىلىشى، ئۇيغۇرچە ئىززەت ۋە غۇرۇرنىڭ

پايخان قىلىنغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دىققەت قىلسام، ئادەتتە قىز ـ چوكانلارنىڭ ئىبرىگە ياكى لايىقىغا باتناپ، نازلاپ، ئەركىلەپ دەيدىغان قىلىن، ئەسكى، داپشاق، ساراڭ دېگەن سۆزلەر چوپ ـ چوڭ ئەرلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشلىتىلىشكە باشلاپتۇ. يۇقىرىقىدەك قىز ـ جۇۋانلار قوللىنىدىغان نازاكەتلىك، نازلىق سۆزلەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلۇق سالاھىيەتلىك ئەركەكلەرنىڭ سەھنە، ئېكران تىلىغا ئۆمۈملىشىپ قېلىشى بىنورماللىق.

جامائەت سورۇنلىرىدا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دائىم دېيىلىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرگە قارىسام قوڭتاجى، ق... چى، س...چى، ج...نىڭ بالىسى، ھ...لەك، ھ...قىز دېگەن سۆزلەرنى كىشىلەر ھېچ ئۇيالماي، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بار دېمەي ئىستېمال قىلىدىغان ھالغا يېتىپتۇ. پوق، سۈيدۈك، مەقئەت، ھاگراش، قاۋاش دېگەن گەپلەرنى بولسا توربەتلەردىن، تونۇلغان يازغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن، پىروفېسسورلارنىڭ تىلىدىن تىڭشايدىكەنمىز، بەس ـ بەستە تارقىتىلىدىكەن.

شۇلارغا ئاران سەۋر قىلىپ تۇرساق، بىر ئۇستازىمىز ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى ئەزانىڭ گېپىنى قىلىپ تارقاتقان، بىر جىددىي مەسىلە ھەققىدىكى سىنلىق مۇراجىتى تورلاردا ئېقىپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئادەتتە كوچىدىمۇ دېيىلمەيدىغان گەپلەرنىڭ يولباشچىمىزنىڭ كۆندىلىك سالام ـ سەھەتتەك ئىشلىتىدىغان گېپىگە ئايلىنىپ قېلىشى بىزنى ئۇيلاندۇرۇپ قويدى. بولۇپمۇ ئەڭ ھەددىدىن ئاشقىنى ئۇيغۇر قان يىغلىغان، قانچىلىغان قىز ـ يىگىتلىرىمىز خىتاينىڭ جەسەت مەشلىرىگە تۇتۇرۇق بولۇپ كەتكەن بەشىنچى ئىيۇل خاتىرە كۈنىدە، خەلقىمىز بېشىغا ئالغان بىر ئاقسالىنىڭ دېگىنى ياراشمىدى.

بىز بۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن قىر - دالا، يايلاق - سەھرالاردىكى قارام، ۋارۋارلىق دەۋرىدىن شەھەرلىشىپ ئوردا - ساراي قۇرغان مىللەت. تىلىمىزمۇ ئاسىيا، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدا بىر قېتىم، چىڭگىز ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدا يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى تىل بولغان مەدەنىي تىل. شۇڭا ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا مەيدانغا چىق، ئالدىڭنى قىل، كەينىڭنى قىل دەيدىغان يادا قوغلاپ يۈرگەندە ئىشلىتىدىغان لاۋزا گەپلەرنى دېيىش، مەھەللىدە جېدەل چىقارغاندا قىلىدىغان كۆكەرمە مۇئامىلىنى جامائەت سورۇنىغا كۆتۈرۈپ چىقىش مەدەنىيەتسىزلىك. ئۇيغۇر دېگەن مەدەنىيەت دېگەن سۆز. ئۇيغارلىقتىن يىراق ئۇنداق بەدىۋىيلىكنى، ياۋايىلىقنى 2000 يىل بۇرۇنقى تەكلىماكاندىكى قۇرۇق جەسەتلەردىنمۇ تاپالمايسىز.

تىلىمىز بىز ياراتقان مەدەنىيەتكە خاس سىپايە، سىلىكەتلىك، شۇ مەدەنىيەتنى يارىتىش جەريانىدىكى ساپايىمىزغا ماس سالاپەتلىك تىل. تىلىمىزدا كىچىكلەر بار يەردە دېيىلىدىغان سۆز ئايرىم، قىز - ئاياللىرىمىز بار يەردە دېيىلىدىغان سۆز باشقا، خانىملىرىمىزنىڭ تىلى نازاكەتلىك، ئەركەكلىرىمىزنىڭ سۆزى جاسارەتلىك. مەسىلەن، قىزلار ئاغزىنى قىيا ئېچىپ ۋىيەي دېسە، ئوغۇللار قوۋۇزنى تولدۇرۇپ ۋاييەي دەيدۇ. تىلىمىزدا كۆزى ئاجىزنى ئەما دەيمىز، پۇتى ناكارنى مېيىپ دەيمىز، ھېچقاچان ھەي قارىغۇ، ھەي توكۇر دېمەيمىز. شۇڭا ئاللاھ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان مۇبارەك مەخلۇق ئىنسانغا لايىقى گۆي، شوۋىچى، س...چى ئەمەس، ئەپەندىم، خانىم، سىڭلىم، ئىنىم، باغرىم، قېرىندىشىم، تۇغقىنىم، ھەزرىتىم، جانابلىرى، سىلى ۋە ئۆزلىرى.

بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىڭ يىللار بۇرۇن، «تىل

ئەقلىنىڭ تەرجىمانى» دېگەن. ئەقىلدە نېمە بولسا تىلغا شۇ چىقىدۇ. ئەقلىڭىز ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق، ھايۋانىيلىق بىلەن بۇلغانغان بولسا، تىلىڭىز شۇ ئەقلىڭىزنى بىزگە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ئەقلىڭىزدە بىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بېقىش، بىرىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ بېقىش، بىرىنىڭ چىشىنى چېقىپ بېقىش، مەيداندا بىرىنى چىشلىۋېلىش بولسا، شۇنىڭغا خاس سۆزلەر تىلىڭىزدىن تۆكۈلىدۇ.

ئاتا - بوۋىمىزغا خاس ئۇيغۇر بولىمىز، مەدەنىيىتىمىزگە ماس ئۇيغار بولىمىز دېسەك ئەقلىمىزنى بۇلغاۋاتقان، بىزنى ئېغىلغا سۆرەۋاتقان، نەپسىمىزنى قۇترىتىپ، كۆزىمىزگە قان تولدۇرۇپ، قېرىنداشلارنى ئۇسۇۋاتقان خىتايچە قاۋانلىقتىن ئۇيغۇرچە ئىنسانلىققا قايتىپ كەلگىنىمىز ئەۋزەل. خىتاينى تىللاپ كۆنگەن تىلىمىز قېرىنداشلارغا سانجىلمىغىنى، خىتايغا چاچقان نەپرەتلىرىمىز، شالىمىز قانداشلىرىمىزغا چېچىلمىغىنى، بىغۇبار ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىگە ۋىرۇس يۇقمىغىنى ياخشى.

مۇھاجىرەتتە دېيىلىۋاتقان سەت، بولۇمسىز، قىلىقسىز، زەھەرخەندە سۆزلەرگە، بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقان ئۆلىما، ئۇستاز، رەئىس، زىيالىيلارغا ۋە مۇشۇنداق بەدەۋىي گەپلەر بىلەن تولغان يازمىلارنى بەھۇزۇر تارقىتىپ، يۈرەكلەرنى تەقدىم قىلىۋاتقان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە قاراپ، رەھمەتلىك ئانامدىن ماڭا قالغان ئىبرەتلىك يىڭنە سانجىش ۋەقەسىنى ئەسلەپ قالدىم. ئانام ھايات بولغان بولسا بىر - بىرىنى سەتلەۋاتقانلارغا «باللىرىم، سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلار مۇشۇنداق سەت گەپلەرنى ناشتىلىقىڭلارغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، مۇشۇنداق سەت قىلىقنى ھېيتلىق قىلىپ كىيگۈزۈپ چوڭ قىلغانمىدى؟» دەپ كايىپ كەتكەن بولاتتى. قېشىغا چاقىرىپ قۇتادغۇبىلىكتىكى تىلنىڭ

پەزىلەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن بولاتتى. ئەجدادلىرىمىز بۇ ھالىمىزنى كۆرگەن بولسا مىليونلىغان كىشىنىڭ تىلىنى چىقارغان ئانا تىلىمىزدىكى مەدەنىيەت بىلەن سەتلەشكە كۆنگەن ئىگىزلارنى قايتا ئىگىزلاندۇرغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن قالغان مەدەنىي ئۇيغۇرلۇقنى گىلىمىزغا تېمىتقان بولاتتى.

ئانا تىلىمىزدا ئۇيغۇرنى سەتلەيدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان گەپلەر يوق ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنسانىنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرەبچە، پارسچە، خىتايچە ۋە رۇسچە ئىدى. بۈگۈنكى سەت سۆزلەرنى ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ئىسمىنى دېگەندەك دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ئانا تىلدىكى گۈزەللىكتىن، ئانا مەدەنىيەتتىكى ساپ ئوغۇز سۆتىدىن تېنىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى مېنى ئېچىندۇردى. سۆزۈمنى مۇستەقىللىق شائىرىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر مىسراسى بىلەن ئاياغلاشتۇراي، «كىمنىڭ ئەۋلادىسەن ئويلىساڭچۇ؟».

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# خىيالپەرەسلىكنىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىيەتچانلىق

1947 ـ يىلى ئىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېرىمى قولىمىزدا ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سوۋېت قوللىغان مۇستەقىلچىلەرگە قارشى ئۇلۇسچى ئۈچ ئەپەندىنى سەھنىگە چىقاردى. ئۈچ ئەپەندى ئىچىدىكى مەسئۇت سەبرى ئۆلكىگە باش رەئىس بولدى. غۇلجىدا يەنە بىر ھۆكۈمىتىمىز، ماناس دەرياسى بويىدا قوشۇنىمىز بار بولۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلىساق بولاتتى. ئەمما ئۆلۈۋاتقان خىتايدىن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇسچى ئەپەندىلەر بىلەن مۇستەقىللىقچى ئەپەندىلەر بىرى سوۋېتنىڭ يولىغا، يەنە بىرى گومىنداڭنىڭ يولىغا سادىق قالدى، ئۇيغۇرنىڭ يولىغا ھېچكىم ماڭمىدى، ئىستىقبال كۆپۈككە ئايلاندى. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغان ئۇلۇسچىلار تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا، ئۇيغۇرىستانچى مۇستەقىللىقچىلەر سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا قاچقۇن بولدى. كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم ئۈچۈن سوقۇشىدىغان، ئورۇسنى ۋە تۈركنى پاناھ تارتىپ قاچىدىغان ئۇيغۇر داھىي چىقتى، ئەمما ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆلىدىغان بىر رەھبەر چىقمىدى.

1979 ـ يىلى يەنە بىر پۇرسەت كەلدى. سوۋېت ئۇيغۇر قارتىنى يەنە بىر نۆۋەت ئوينىماقچى بولدى. سوۋېتتىكى ئۇيغۇرىستانچىلاردىن تۈركىيەگە ئەلچى باردى، ئەمما تۈركىيەدىكى تۈركىستانچىلار بىلەن بىرلەشمەك يەنە مۇمكىن بولمىدى. كىمنىڭ ئويۇنى بولسا بولسۇن قولۇمغا قورال ئالاي، كىم قوللىسا قوللىسۇن، قوللىغانلارنىڭ دىنىي، مىللىتى نېمە بولسا بولسۇن،

ختايغا بىر پاي ئوق ئاتاي، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆلەي دەيدىغان بىر كەسكىن ئىرادە ئۇيغۇرنى بىرلەشتۈرەلمىدى.

1997 - يىلى تىنچلىق بىلەن قىلىنغان نامايىش غۇلجادا پاجىئەگە ئايلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىياغا يىغىلدى، قوراللىق ھەرىكەت باشلاندى. مىللەتچىلەر بىلەن ئىسلامچىلار ئىككى سەپ بولدى. ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى دىنىيلەشتى، «مىللەت ئۈچۈن ئۆلسەڭ بىر زەمبىل گۆش بولىسەن، دىنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەڭ جەننەتكە كىرىسەن» دېگەن پەتىۋا مىللەتنى ئىككىگە بۆلدى، ئىچكى ئۇرۇش چىقىپ ئىسلامچىمۇ ئۆلدى، مىللەتچىمۇ ھالاك بولدى. ئۆزىنى ئۇيغۇر دېمەيدىغان ئىسلامچىلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆلمەن دەيدىغان مىللەتچىلەرنىڭ تېپىلغان جەسەتلىرىنى يەنە شۇ بىچارە ئۇيغۇر ئۇيغۇرچە دەپنە قىلدى.

90 - يىللاردىن كېيىن ۋەتەندە «بىز مۇسۇلمان ئۇلار ئۇيغۇر» دەيدىغان بىر يۈرۈش دىنىي ھەرىكەتلەر چىقتى. «بىز مۇسۇلمان ئۇلار ئۇيغۇر» دېگەن ئىچكى پارچىلىنىشتىن كېيىن، ۋەتەندە ئۆزىنى ئۇيغۇر دەيدىغانلار بىلەن مۇسۇلمان دەيدىغانلارنىڭ جېدىلى ئۈزۈلمىدى. ئۆزىنى مەن ھىزبۇتچى سەن مىللەتچى دەيدىغانلار، ھىجرەتنى تەرغىب قىلغۇچىلار بىلەن قارشى چىققۇچىلار جېدەللەشتى. ئۇيغۇر دېگەنلەر قوۋمىيەتچى، مىللەتچى بولدى، ئاخىرىدا ۋەتەن - مىللەتنى ئىنكار قىلىمەن دېگەنلەر سۇرىيەدە ئەل بولدى، يەم بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سەممىي، ئەڭ پىداكار مىڭلىغان ئوغۇل - قىزلىرى قەبرىسىز قالدى، 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر يېتىم، تۇل، ئەسىر خارۇ - زار. بۇگۈن شۇ ئۇلار ئۆزىنى ئۇيغۇر دەيدىغانلارغا ئۇيغۇرچە مۇراجىئەت ئېلان قىلدى. ئۇيغۇرچە ئىلتىماس ۋە چاقىرىقلار

نەتىجىسىدە ئىقتىساد يىغىلدى.

تۆگىمىگەن ئىچكى ئىنقىلابقا سەۋەب بولغان ئامىل مىللەتنىڭ تىلى ئەمەس، روھى ئەمەس، زېمىنى ئەمەس، تارىخى ئەمەس، بەلكى سىرتتىن كىرگەن ئىدېئولوگىيەلەر ئىدى. مۇشۇ يۈز يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىزم يولى، كاپىتالىزم يولى، ھېزبىبۇت تەھرىر، ئۈممەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسى مىللەتنى ھالسىراتتى، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلدى، دوستلارنى يات، يېقىنلارنى ئۆچمەن قىلدى. مىللەت بۆلۈنۈشتىن، ئايرىشلاردىن جاق تويدى.

چەتئەللەردىن ئېقىپ كەلگەن ئېقىملارنىڭ ئىسمى نېمە بولۇشىدىن، شوئارى قانچىلىك يېقىملىق بولۇشىدىن، ئۇلارنى قانداق ئىسلاھ قىلىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر مىللەتنىڭ ھالىنى قويمىدى. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ بەرپا بولمىغان ھەرقانداق ئىدېئولوگىيەدە دوست ـ دۈشمەن ئۇقۇمى مەۋجۇت ئىدى. ھەر قانداق تاشقى ئىدېئولوگىيە مىللەتنى ئىككى قاشقا ئايرىماي قالمايتتى. ھەر قانداق ئىدېئولوگىيە ئۆزىنىڭ پىكرىنى مۇتلەق توغرا دەيدۇ ۋە ئۆزىگە قوشۇلمىغۇچىنى ئۆز مىللەت، قېرىنداش، قانداش دېمەستىن دۈشمەنگە چىقىرىدۇ. ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن كوممۇنىزم بىلەن دۆلەت قۇرالمايدۇ؟ سەۋەبى ئۇ ئىدېئولوگىيە ئالدى بىلەن مىللەتنى ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچى دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلىدۇ. ئاندىن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئەزگۈچى دېيىلگەن بايلارغا ئوت ئاچىدۇ. ئۇنىڭدا بىز ئۇيغۇر، تىلىمىز، تارىخىمىز، تەقدىرىمىز بىر دېيىشكە يول يوق. چۈنكى، مىللىي ئىدېئولوگىيە ئەمەس. ئۇنىڭدا مىللەتنى يۈكسەلتىشكە، مىللىي مەنپەئەت ئۇقۇمىغا يول يوق، پەقەت ئىككى سىنىپلا مەۋجۇت. خىتاي بۇ يولنى 30 يىل سىناپ، بايلارنى يوقىتىپ، نامراتلارنى

بىشىدا كۆتۈرۈپ بىقىپ ۋەيران بولۇشقا ئاز قالغاندا كوممۇنىزمنى خىتايچەلەشتۈردى ۋە مىللەتچىلىك يولىغا ماڭدى.

مىللەتچىلىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ مەنبەسى. بۇ ئىدىيە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىدىيە دۇنياغا تارالغاندىن كېيىنكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بۈگۈنكى 200 گە يېقىن دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

مىللەتچىلىكتىن مۇستەسنا قۇرۇلغان دۆلەتلەرمۇ بار، ئەمما ئۇلار كانادا، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، يېڭى زېلاندىيە ئوخشاش كۆچمەنلەردىن بەرپا بولغان دۆلەتلەر. ئۇ دۆلەتلەرنى كىشىلەر بىرەر يەردە قۇرۇپ، تەييار قىلىپ كۆچۈرۈپ ئېلىپ بارغان ئەمەس، بەلكى شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، شۇنداق زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىشقان.

بۈگۈنكى دۇنيادا ھازىر ۋاتىكاندىن باشقا دىنىي دۆلەت يوق. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر دۆلەتسىمان گەۋدە، ئىتالىيەنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك شەھەرچاق، خالاس. خۇددى دۇنيادا بىرمۇ خىرىستىيان، بۇددا ۋە ئىسلام دۆلىتى بولمىغاندەك دىندىن باشقا بىرەر ئىدېئولوگىيە بىلەن، مەسىلەن، كوممۇنىزمنى قانۇن قىلغان بىرمۇ دۆلەت يوق.

ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە دۈشمەننى ئېتىراپ قىلىشقا شۇ قەدەر جاھىللىق قىلىشلارنى ئەقىل بىلەن ھەل قىلىش تەس. چۈنكى، بۇنداق ئېتىراپ قىلمايدىغانلار چۈشلەرگە غەرق بولغان، شۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، پىكىرلەرنىڭ يىلتىزى خىيالپەرەسلىك. ھازىرقى دۆلەتنىڭ ئىسمىنى تالاشقان مۇنازىرەنىڭ تەكتىدە قۇرۇلۇپ بولغان بىر دۆلەتنىڭ چۈشى ياتىدۇ. ئۇلارنى قۇرۇلۇپ ئىسمسىز قالغان دۆلەتنىڭ چۈشىدىن

يوقىلىشۋاتقان بىر مىللەتنىڭ رېئاللىقىغا قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك. توختىماي سۈرگۈندە ھۆكۈمەت قۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئېڭىدا ئازاد قىلىنغان بىر دۆلەت ياتىدۇ. ئۇلارنى سۇ مەنبەلىرى، يەر ئاستى بايلىقلار ۋە ئەڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى پۈتۈنلەي قولدىن كەتكەن، بىگۇناھ دېيىلىدىغان بىر مىليون 800 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بېسىپ ياتقان بىر مەزلۇم ۋەتەننىڭ خەرىتىسىگە قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇش كېرەك. قولدىن كەتكەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلامىي ئازادلىقىنى كۈيلەپ، تىنچلىق بىلەن دەۋا قىلىشۋاتقانلارنى كاپىرغا چىقىرىپ كىنو ئىشلەۋاتقانلار بار، ئۇلارغا بىزنىڭ سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدىغانلىقىمىزنى، سۈرىيە ۋە تۈركىيەدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئوق ئاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇ خىتايغا ئاتقان بىر پاي ئوقى يوق كىنولارنى كۆرگەن مىللەتنىڭ سۈرىيەدە ئەسىر ئىكەنلىكىنى، ئالدى بىلەن شۇلاردىن بىرنى قۇتقۇزسىمۇ ئىسلامىي ئازادلىققا تۆھپە قوشۇش بولىدىغانلىقىنى قورقماي دەپ قويۇش كېرەك.

قۇرۇلمىغان دۆلەتنىڭ ئىسمىنى تالاشماقتىنمۇ ئۆتە زېھىن ئىسراپچىلىقى يوق. قۇرۇلمىغان دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىپ پىتنە چىقىرىشتىنمۇ ئۆتە ئاڭقاۋلىق بولمايدۇ. قۇرۇلمىغان دۆلەتكە پارلامېنت قۇرۇش، ھۆكۈمەت تەشكىللەش، قانۇن بەلگىلەش، تۈزۈم بېكىتىشتىنمۇ ئۆتە سەرخۇشلۇق بولمىسا كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلماي كېلىۋاتقان مەستخۇشلۇق، خۇشكەيپلىك ـ خىيالپەرەسلىكتۇر. بۇنداق ئەمەلىيەتتىن، مىللەتتىن، ۋەزىيەتتىن تانغان خىيالپەرەسلىكنىڭ ئىپادىلىرى تارىختىن بىزنى باشلاپ كەلگەن، شۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۈرك دەيدىغان ئۇلۇسچىلىق، مۇسۇلمان مىللەتنى كوممۇنىزم بىلەن ئازاد قىلىدىغان سوۋېتپەرەسلىك، خىتاينىڭ چېگراسىغا بىر پاي ئوق ئاتمايدىغان ئۈممەتچىلىك ۋە خىيالدا

قوروۋالغان دۆلەتنىڭ مەستخۇشلۇقىدا ۋەز ئېيتىدىغان دەۋاچىلىق بولۇپ نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# قىزلىرىمنىڭ ئىنگلىزچە تىلى

قىزىم ئۇيغۇرىيە ئىنگلىزچىنى تۈركىيەدە ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ئۈچ ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشى تامامەن تاسادىپىيلىقتىن بولغان. ئۇ چاغدا مەن ئەنقەرەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بالىلارغا ئىنگلىزچە ئۆگىتىشنى پىلان قىلغانىدىم. يۇتۇپتىن بالىلارغا ئىنگلىزچە ئۆگىتىشكە ماس كېلىدىغان بارلىق سىنلارنى تېپىپ، بالىلار ناخشىلىرىنى چۈشۈرۈپ تەييار قىلغان بولدۇم. ئەپسۇس، دەرس باشلايدىغان ۋاقتىمدا ئورۇن چىقماي ئۆتۈلمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى ئۈچ ياشلىق ئۇيغۇرىيەگە قويۇپ بېرىشكە باشلىدىم. ئۆزۈم يېنىدا ئولتۇرۇپ ناخشىلارنى بىللە ئوقۇدۇم، كارتونلارنى بىللە كۆردۈم. ئۇيغۇرىيەنى قۇچاققا ئېلىپ ئەڭ تەپسىلىي كۆرگىنىم كايۇ دېگەن بىر كارتون بولدى.

2017 - يىلى تومۇزدىن باشلاپ ئۇيغۇرىيەگە ئىنگلىزچە ئۆگىتىشتىن مەھرۇم قالدىم. چۈنكى، خەلقئارا ئاگېنتلىقلارغا شەھەر ئاتلاپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدىم. ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر پاجىئەسىنى ئاخباراتلاشتۇرۇشقا كىرىشتىم ھەمدە ئۇيغۇرغا ئائىت بىر تەتقىقاتقا مەسئۇل بولدۇم. خىزمەت تىلىم ئىنگلىزچە بولغاچقا، ئۆيدە ئىنگلىزچە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. ئايالىممۇ ئىنگلىزچە بىلەتتى. ئۆيۈمگە ئىنگلىز تىللىق مېھمانلار، مۇخبىرلار كېلىپ تۇردى.

چوڭ قىزىمنىڭ ئۇنتۇلغان ئىنگلىزچىسىنى ئانىسى ھەر

كۈنى بىر سائەت بۇرۇن ئويغىنىپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش سەۋىيەسىنى ئىستانبۇلدا ھەر شەنبە، يەكشەنبە كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلاردا سۆرەپ يۈرۈپ راۋانلاشتۇردى. ئەپسۇس، ئۇيغۇرىيەگە ئىنگلىزچە ئۆگىتەلمىگەنگە ئۆكۈنەتتۇق.

بىر كۈنى چۈشتە مۇخبىرلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ تۇرۇشۇمغا ئۇيغۇرىيە يىغلاپ كەتتى. ھەممىيلەن ھەيران قالدۇق.

ئاچام تۆت تىل بىلىدۇ، ئانام تۆت تىل بىلىدۇ، داداممۇ قارا، سېرىق، ئاق ھەممە ئادەملەرنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، مەن نېمىشقا ئاران ئۈچ تىل بىلىمەن؟ ھۆ، ھۆ، ھۆ! دەپ يىغلاۋاتقان ئۇيغۇرىيە توختايدىغاندەك قىلمايتتى. ئاچىسىدەك ياپونچە بىلمىگىنىگە ئازابلىناتتى.

ھەممىيلەن ھەيران قالدۇق. ئانىسى بەزىلىدى، ھەدىسى تەسەللى ئېيتتى. مېنىڭ تاڭ قالغىنىم ئۇنىڭ ئۈچ تىل بىلىمەن دېيىشى ئىدى. ئەمدى تۆتكە كىرگەن ئۇيغۇرىيەنىڭ ئۈچ تىل بىلىمەن دېگىنى خاتالىشىپ دەپ قالغان گەپتەك قىلمايتتى. قايسى ئۈچ تىلدۇر، دەپ سورىسام ئىنگلىزچە، تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىكەن. ئۇيغۇرىيە كارتون كۆرۈپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ قاپتۇ! ئاڭلاپ باقسام يۇتۇپنى كۆرۈپ چۈشىنىدىكەن، ناخشىلارنى دوراپ ئېيتىدىكەن، ھەتتە ھەرپلەرنىمۇ تونۇپ قاپتۇ!

ئۇيغۇرىيەنىڭ ۋە مەسئۇدەنىڭ ئىنگلىزچە بىلگىنى فرانسىيە ۋە نورۋېگىيەلەردە، ئايروپىلان، پويىز ۋە ئاپتوبۇسلاردا دوقۇرۇپ، تېنەپ تەمتىلەپ يۈرگەندە بەك ئەسقاتتى. ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە تىلى يۈكلەرنى يېنىكلەتتى، غەملەردىن خالاس ئەتتى. ۋەتەنسىزلىك مەندەك ۋەتەننىڭ جەنۇبىدا چوڭ بولغان بىر مۇساپىرنى دۇنيانىڭ ئەڭ شىمالىغا قەدەر پالىغان دەملەردە ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە بىلىشى پېشكەللەرنى ئازلاتتى، قولىمىزنى يېنىك قىلدى.

مۇساپىرەتتە كەينىمگە بوتىدەك ئەگەشكەن قىزلىرىمنىڭ تىلسىز قىسىلماي، ھەممە يەردە چۈڭگۈلداپ سۆزلەپ يۈرگەنلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ قولىنى ئىنگلىزچە چۈرگۈلەۋاتقان دۇنياغا ئىشىنىپ قويۇپ بەردىم. يانچۇقىدا دوللار، ئاغزىدا ئىنگلىزچە بولۇشىنىڭ ئىنسانىي خارلىققا، خۇرسىنىشقا قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم.

قىزلىرىم ئىنگلىزچە بىلەن مەكتەپكە باردى، دوستلاشتى، توردىن، ئەتراپتىن ۋە كىشلەردىن خۇشاللىققا ئېرىشتى. ئەگەر قىزلىرىمغا ئىنگلىزچە ئۆگەتمىگەن بولساق، ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە ئۆگەنمىگەن بولسا مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە شەھەر مەمۇرىيىتىدە ئۇلار ئۆزىنى يات پىلانېتادىن كېلىپ قالغاندەك ئويلاپ قېلىشى، بۇ يېڭى دۆلەتكە ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوچۇن ھېس قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاقىۋەتتە مۇساپىرچىلىق ئۇلارنىڭ سەبى قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق تامغىلارنى باسقان بولاتتى.

ئۇيغۇرىيە ۋە مەسئۇدە ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ قالدى، ھاياتنىڭ، ھۆرمەتلىنىشنىڭ ھۇزۇرى، تەبىئەت ۋە كائىناتنىڭ سىرىدىن شۇ تىلدا زوق ئېلىۋاتىدۇ. جاھاننىڭ تىلى ۋە پۇلى ئىنگلىزچە بولغاچقا، ئەمدى ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنى ئۇيغۇرچە مەدەنىيەتتىن بارغانچە يىراقلاپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. شۇڭا قىزىمغا ۋە بارلىق قىز ـ ئوغۇللارغا ئاتاپ «ئۇيغۇر بۇلاق»نى يازدىم، داۋامىنى يېزىۋاتىمەن.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## سابىر بۇغداغا باغلانغان سىرلار

سابىر بۇغدانىڭ تۈركىيەدىكى ھەيۋىسى مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرۇپ كەلدى. ئۇ تۈركىيەدىكى بىر كىچىك دەرنەكنىڭ باشلىقى، ئاشكارا خىتاي تەرەپدارى، زۇلۇمنى قارىلاپ، خىتاينى ئاقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ غەم يېمەي كېلىۋاتقان بىر ئادەم.

تەئەججۈپلۈك يېرى ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە تۈركىيەدىكى قۇدرىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ كەلدى. ئۇيغۇرنىڭ كۈنى ئېغىرلاشقانچە ئۇنىڭ ئېتىبارى، خورىكى، نوپۇزى شۇنچە كۈچلىنىپ ماڭدى. ئۇنى شۇنچە قۇدرەتلىك قىلغان نەرسە نېمە؟ مەنچە ئاۋۋال تۈركىيە ۋە خىتاي دوستلۇقىنىڭ كۈچىيىشىدۇر. ئەمما ئۇيغۇرنىڭ سۈكۈتى، دەۋاگەرلەرنىڭ ساختىلىقى، ئىككى يۈزلىمچىلىكى، چوڭلارنىڭ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىشىمۇ مۇھىم بىر ئامىل.

شۇ سەۋەبتىن سابىر بۇغدا تۈركىيەدە ئەڭ قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى، مۇشۇ كۈندە دۇنيادا ھېچبىر ئۇيغۇر ئۇنىڭدەك ھېچنېمىدىن قورقماي خىتاينى ئاقلاپ ئۇيغۇرنىڭ سۈكۈتىگە، ئۈنسىز قوللىشىغا نائىل بولغان ئەمەس. مەسىلەن، 2019 ـ يىلى تۈركىيەدە دوغۇ پېرىنچەك ئىسىملىك بىر خىتايپەرەس سىياسەتچىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا مىڭلارچە ئۇيغۇر بېرىپ نامايىش قىلدى. سابىر بوغدانىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر كۈن نارازى بولۇپ تۇرۇپ باققان ئۇيغۇر يوق.

سابىر بۇغدانىڭ قۇدرىتى تۈركىيەدىلا ئەمەس تور دۇنياسىدىمۇ

دەخلىسىز. ئۇنىڭ ئۇلۇسال قانال دېگەن بىر خىتايىنىڭ زۇۋانىغا بەرگەن باياناتلىرى ئۇيغۇرلارنى نارازى قىلىشى، ئۇنىڭ خىتايىنى ئاقلاپ قىلغان سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە دۇچار بولۇشى ئېنىق ئىدى، ئەمما خۇددى رېئال دۇنيادا ئۇنىڭغا نارازى بولىدىغان ئادەم چىقمىغاندەك، تور دۇنياسىدىمۇ ئۇنچىلىك نەپرەت قوزغاپ كەتمىدى. تۈركىيەدىكى ھېچبىر تەشكىلات تېخى ئۇنىڭ باياناتلىرىغا رەددىيە بەرگىنى يوق ياكى ھېچبىر جامائەت ئەربابى، ئەھلى ئىلىم، ئۇستاز ۋە پېشىۋا چوڭلاردىن چىققان سادا يوق. قېنى باشقا ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان تەھدىتلەر؟ قېنى ۋارقىراشلار، قېنى تەھدىت سېلىشلار؟

سابىر بوغدا ئىزچىل ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىيەدىكى پائالىيەتلىرىگە زەربە ھالىتىدە تۇردى. ئۇ 2018 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئەكرەم ئۆستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى. ئەمما بۇ ھەقتە بىرەر ئۇيغۇر تەشكىلاتى ياكى بىرەر ئۇيغۇر رەھبەر باياناتت ئېلان قىلمىدى. بۇ ئىش جىممىدە بېسىقىپ كەتتى. قايتۇرما زەربە بولمىغان ئەھۋالدا ھۇجۇم داۋام قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. تېخى مۇشۇ كۈنگىچە قانۇنى يول بىلەن ئۆزىنى ياكى ئۇيغۇرنى قوغدىغان بىرى يوق. سابىر بۇغرا تېخىچە ئەرز قىلىنىپمۇ باقمىدى. ئەلۋەتتە ئۇنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىچارىلەر ئەرزنى تېخىمۇ قىلالمايدۇ.

سابىر بوغدانىڭ بازىرىنى كەڭرى قىلىۋاتقان يەنە بىر ئامىل مۇھاجىرەتتىكى مۇرىتۋازلىق، ئۇستازپەرۋەرلىك، ساختا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قوي مىجەز ئەگەشمىچىلىك.

بۇ يىللىق رامىزاندا ئۇزۇن يىللىق ئىككى ئىنقىلابچى بىر باياناتت سەۋەبلىك ئاشكارا ئۆلۈم تەھدىتى تاپشۇرۇپ ئالدى. ھەتتا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسى ئاشكارىلىنىپ

ئۈچ ئىلىش ئۈچۈن، تـوردا ئېلان چىقىرىلـدى، خائىـن دېيىلىپ سازايى قىلىنـدى. يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ئەنۋەرجـان ئـاكا كەچۈرۈم سـورىدى. سۈرگۈندە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ كونىسـى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق تەشـكىلاتلار بەس ـ بەسـتە بايانات ئېلان قىلىپ ئەيىبلىشىپ كەتتى. قېنى شۇ تەشـكىلاتلار؟ سـابىردەك ۋەتەنـدە زۇلـۇم يـوق تەرەققىيات بـار دەۋاتقـان بىـر دەرنەكنىـڭ باشـلىقىغا دەيدىغـان گـەپ يوقمـۇ؟ قىلىدىغـان بايانـات يوقمـۇ؟ قېنـى مىللىي سـەزگۈرلۈكى ئېشـىپ كەتكەنلـەر؟ قېنـى 30 يىللىـق ئىنقىلابچىلارنـى بىـر جۈملـە ئۈچـۈن خائىنغا چىقارغانـلار؟

يېقىنـدا تۈركىيـەدە ئىشـلەنگەن، مۇھاجىرەتتىكـى 70 يىللىـق دەۋانـى قارىلىغـان، دېموكراتىـك يـول بىلـەن دەۋا قىلىۋاتقانلارنـى پۈتۈنلـەي كاپىرغـا چىقارغـان بىـر سـىنلىق تۆھمـەت 337 قېتىـم تارقىتىلـدى. ئەمما مەن بۇ يازمىنىڭ تۈركىيەدىكـى دەۋاگەرلەرنىڭ سەھىپىسـىدە 30 قېتىم تارقىتىلىشـىغىمۇ تەستە ئىشىنىمەن. شۇنى ئېتىـراپ قىلىشـىمىز كېرەككـى، خىتاينىـڭ ئەپسـۇنى، كۈچـى، دەھشـىتى تۈركىيەدىكـى ئۇيغۇرنىـڭ ئىدىيەسـىگە باشـلامچىلىق قىلىۋاتقـان زاتلارنىـڭ تومـۇر تومۇرلىرىغـا سـىڭىپ كەتكـەن، خىتايىنـى ئارقـا تىـرەك قىلغان ئۇيغـۇرلار تۈركىيـەدە ئەيىبلەنمەيدۇ. تۈركىيەدىكـى ئۇيغۇرلارنـى بۇرنىـدىـن ئۆتكـۈزۈپ تـە تـە قىلىۋاتقـان زاتـلار نەپرەتلەنمىگـەن ھېچبىـر نەرسە ئۇيغـۇر دۇنياسـىدا ئاممىۋى نەپـرەت قوزغىيالمايدۇ. مانا بۇ سـابىر بۇغدانـى كۈچلەندۈرۈۋاتقان، ئۇنـى تېخىمـۇ سـىرلىق شەخسـكە ئايلاندۇرۇۋاتقان يەنـە بىر ئامىل.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# بايلارنى قۇتقۇزۇشقا يول بارمۇ؟

ئۇيغۇرلاردا تارىخ بويى ئۈچ قاتلام ئاساسلىق رول ئويناپ كەلدى. بىرى زىيالىيلار، يەنە بىرى ئۆلىمالار ۋە ئۈچىنچى بىرى بايلار. ئەمەلىيەتتە بايلار يۇقىرىقى ئىككى تۈركۈمنىڭ ئارقا تىرىكى، يۆلەنچۈكى بولۇپ كەلگەن.

هازىر زىيالىيلار تىزىملىكى ئىنچىكە تولۇقلىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خىتاينىڭ قولىدىن قۇتۇلمىغان بولسىمۇ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۆلىمالارنىڭمۇ ئۈرۈمچى نوپۇسى بولغان بىر قانچە كىشىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكى دېيىلىۋاتىدۇ. بۇنى بىز قىلىنغان دەۋانىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى بولدى، دېمەي تۇرالمايمىز.

ئەپسۇس، بايلارنىڭ تىزىملىكىگە كەلگەندە، بىر جاھىلانە سۈكۈتكە دۇچ كەلدىم. ئۇزۇندىن بېرى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ياردەملەشكەن دوستلار بايلارنى تىزىملاشقا كەلگەندە زىيادە ئۇنۇتقاق، ئالدىراش، تونۇماس ۋە بىلمەس بولۇپ كەتتى. مۇشۇ كۈنگىچە پەقەت خوتەن ۋە قەشقەر شەھىرىدىن تۇتۇلغان بايلارنىڭ تىزىملىكىنى تېپىپ چىقالىدىم، ئەمما قەشقەرنىڭ 12 ناھىيەسى، خوتەننىڭ سەككىز ناھىيەسى ۋە بىزنىڭ قالغان 8 ۋىلايەت 16 شەھەرنىڭ بايلىرىنى تىزىملاش ئىشى ئىلگىرى باسمىدى.

بايلار مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى. راست گەپنى قىلساق، ئۆزىمىزگە سەممىي بولساق، ئۇيغۇر بايلارنىڭ داستىخىنىغا، مەدەت ۋە رىغبەتلىرىگە ئېرىشمىگەن ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار

يوق دېيەرلىك. مەن ھېچبىر باينىڭ تۈزنى يېمىگەن دېگەن زىيالىيلار ياكى ئۆلىمالار تۈزكور بولۇپ كېتىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلايلى، بىزنى شۇ بايلار چىقىرىۋەتكەن، مىسىردىن قۇتقۇزۇلغان باللارنىڭ بېلەت پۇلى شۇ بايلارنىڭ يانچۇقىدىن چىققان، ئىستانبۇلدا ئېچىلغان مەدرىسلەردە شۇ بايلارنىڭ تۆھپىسى بار. بۈگۈنكى دەۋانى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر بايلىرى ماگدۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ سودىسى ھەممە يەرگە يېيىلغان بولغاچقا ئالدىغا چىقىشقا ئەپسىز، ئۇلارنىڭ قولى بىر يەرگە، پۇتى يەنە بىر يەرگە باغلانغان بولغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەققىدىمۇ سۆزلەشكە ئامالسىز، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىنى بۇ دەۋانىڭ ئېچىدىكىلەر بىلىپ تۇرۇقلۇق. ئۇلارنىڭ مەدەتلىرى بىلەن مەزمۇت مېڭىغلىق، بۇ دەۋا ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇر بىلەن مېڭىۋاتىدۇ.

ئۆلىمالار تىزىملىكىگە توپلانغان ئىسىملار، زىيالىيلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىسىملار يۈزلەپ چىققان يەردە نېمە ئۈچۈن بايلارنىڭ ئىسمىنى تاپماق تەس؟ خىتاي بىزنى ئۇيغۇر نامرات ئىدى، ھۈنەر ئۆگىتىدىغان مەكتەپ ئاچتۇق دەپ سولىۋالسا بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ھەي خىتاي! ملىيون پۇل تاپقان كەنجى ھاجىمنىڭ قايسى ھۈنىرى كەم قاپتۇ؟ نەچچە ئون ملىيون پۇل تاپقان تالىپ ھاجىمنىڭ مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، يەنە نېمە كەسىپ ئۆگەتمەكچى ئىدىڭ! دەپ سورىماي ئولتۇرامدۇق؟ ئەگەر مۇشۇنداق ئولتۇرساق، دۇنيا بىزنى خىتاي ھۈنەرلىك قىلىپ ئىش تېپىپ بەرمىسە پۇل تاپالمايدىغان، لاگېرنى زاۋۇت قىلىپ مەجبۇرى ئەمگەككە سالمىسا ئىشلەپ جان بېقىشنى بىلمەيدىغان مىللەت ئىكەن دەپ تونىمامدۇ؟

خىتاي دۇنياغا ئۇيغۇر نامرات ئىدى، ئىشسىز، ھۈنەرسىز، پۇلسىز ئىدى، بىز ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزدۇق، ياشاشقا ئامالسىز

قالغان گاداي مىللەتنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتىمىز. مانا بۇ ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم كىشىلىك ھوقۇق. بىز ئۇلارنى ئىگە بولۇپ باقمىغان بايلىققا، ئېرىشىپ باقمىغان كىشىلىك ھوقۇققا ئېرىشتۇردۇق، دەۋاتىدۇ. بىز قورقماي ئۇ ئون باينىڭ ئىسمىنى، ئۇ ئون شىركەتنىڭ خوجايىنىنى، ئۇ ئون زاۋۇتنىڭ ئىگىسىنى دەپ بېرەلمىسەك خىتايغا سۈكۈت قىلغان، تۆھمەتنى راستقا چىقارغان بولمايمىزمۇ؟

باي يۇرتنىڭ يۆلىكى دېگەن مىللەتنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىكەنمىز ئۇلارنى ئۇنتۇماي، قىلغان خەيرى ـ ئېھسانلىرىنى، بەرگەن ئۆشرە ـ زاكاتلىرى ۋە خالىسانە ياردىمىنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ۋاپادار بولۇپ كەتسەك دەيمەن. بۇ يەردە سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئاشكارىلانمايدۇ، ئەگەر سىز يوشۇرۇن تۇتۇشنى خالىسىڭىز تۇتۇلغان بايلارنىڭ تىزىملىكىنىمۇ سۈنۇلىدىغان ئورۇنغىلا بەرسەك، توردا ئېلان قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى مېنىڭ تەشكىللەپ قىلىۋاتقانلىقىم نەپسىڭىزگە ئېغىر كەلسە، مەن قولۇمدا بارنى سىزگە بەرسەم سىز قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇنى قانداق ئاخباراتنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش، قانداق دوكلات يېزىپ، قەيەردە ئېلان قىلىپ، قايسى ئورگانلاردا دەۋاسىنى قىلىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. مۇشۇلارنى بىلسىڭىز، ئەلۋەتتە قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتى ۋە دەۋاگەر قىلسا، بۇ ئىشنى مەن ئۆتكۈزۈپ بەرسەم بولىدۇ. قايسى تەشكىلات بولسا بولسۇن، كىم قىلسا قىلسۇن بىر ئىش قىلىنسۇن، بىر ئىنسان بولسىمۇ ئۇنتۇلمىسۇن دېمەكچىمەن. قېنى كىم مەھەللىسىدىكى بىر باينىڭ ئىسمى، ئادرېسى، تۇغۇلغان ۋاقتى، قۇرغان شىركىتى، دۇكىنى، زاۋۇتى ۋە تۇتۇلغان ۋاقتى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئورنىنى دەپ بېرەلەيدۇ؟

2020 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ۋە ئاياللار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىق مەسىلىسى دۇنيادا ئەڭ جىددىي مۇزاكىرىلەرگە پىلتا بولدى. بۇ لاگېرلارنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە تۇتۇلغان ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئىنسانلارنىڭ مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنكى ئەڭ دىققەت تارتقان مەسىلە. بۇ مەسىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر پاجىئەسىگە سەل قاراپ كېلىۋاتقان فىرانسىيە ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم يېڭىدىن مەيدانغا چىقتى.

فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە ياۋروپانىڭ موتورى. بىز ئەگەر ئاياللار ئەڭ زور قۇربانلىق بەرگەن تۇغماس قىلىۋېتىش، بالا چۈشۈرگۈزۈش، باللارنى ئانىلاردىن ئايرىۋېتىش مەسىلىسىنى خەلقئاراغا پاكىتلىق، شاھىتلىق ۋە ئەتراپلىق ئاڭلىتالىساق، ياۋروپانى قوزغىتالىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، خىتاي ئامېرىكىدىن قالسا ياۋروپادىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ، شۇڭا قورقىدۇ. ئەگەر ياۋروپامۇ قوزغالسا، خىتاينىڭ ئۇلى تەۋرەيدۇ.

بىز ئۇچراۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاياللار ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز، جان قۇتقۇزغۇچ ئامىل. چۈنكى، ئۇيغۇر ئاياللار يۇقىرىقى زۇلۇمنىڭ بىۋاستە قۇربانى. بۇ نۆۋەت بولتۇرنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەندىن چىققان بىر خانىم فىرانسىيەنى قوزغىتالىدى. ئەگەر بىز شۇنداق ئاياللىدىن يەنە بىرنى تاپالىساق، تۈرك پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ئايال لاگېر شاھىتلىرىدىن بىرى شۇ غەيرەتنى قىلسا، گېرمانىيەنى ئويغىتىش مۇمكىن،

چۈنكى باش مىنىستىر ئايال.

بۇرۇن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ئۇنىڭ يېتەرلىك پاكىتى يوق. ئۇيغۇر تۇتقۇنلاردىن قۇتۇلۇپ چىققانلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقىغا دائىر ھېچبىر پاكىتنى تەمىنلەپ بېرەلمىگەن. چۈنكى، مەيلى لاگېردا بېرىلگەن دورىلار بولسۇن ياكى باشقا قىيناشلاردا بولسا ئۇچە قىرغىنغا پاكىت بولىدىغان بىرەر ئالامەت كۆرۈلمىگەنىدى، شۇڭا دۇنيا دىققەت قىلمىغانىدى.

بۇ قېتىم ئالدى بىلەن ئادرىيان زېنز ئۇيغۇرلار 30 يىلدىن بېرى باشتىن كەچۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەن پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار شۇ زۇلۇمنىڭ ئىچىدە ياشىغاچقا ئۇنى زۇلۇملار دەپتىمىز، ئەمما قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قاپتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ زۇلۇمدا ياشاپ زۇلۇمنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەي قالغىنىمىز، زۇلۇمنى ئادەتتىكى ھاياتنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇپ قالغىنىمىز. بۇ بىزنى ئويغا سېلىشى كېرەك.

ئاياللارنىڭ قوزغىلىشى، ئۆزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نامىدا ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىققا قۇربان قىلىنغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىشى ھەقىقەتەن جان قۇتقۇزغۇچى ئامىل. يېقىندا بۇ ھەقتە چىققان خەۋەرلەرگە قارىغاندا شاھىتلار بۇرۇنقى شاھىتلار شۇ ئىكەن. بۇرۇنقى دەۋادا خەۋەرگە چىققانلار بۇ قېتىم ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدىمۇ يەنە سەھنىگە چىقىپتۇ. ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئەمما بۇ يەردە بىر مەسىلە بار.

ئاخباراتتا بىر مىللەت ئۇچرىغان قىرغىنچىلىققا بىر قانچە ئايالنىڭ چىقىشى، شۇ ئاياللارنىڭ ھەممە ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىشى، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ داۋاملىق شاھىتلىققا چىقىشى

كۆرۈرمەنلەردە بىپەرۋالىق پەيدا قىلىدۇ، بىزنى دۇنياغا كۈچسىز، ئوخشاش گەپنى تەكرارلاۋاتقاندەك زېرىكىشلىك كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش كىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كەچمىشىنى قايتا - قايتا سۆزلىشى دەۋايىمىزنى ھەقلىق كۆرسىتىشتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، بۇ ئەھۋال بىزنى ئاخبارات كۈرىشىدە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

2018 - يىلى يازدا بىز ئىستانبۇلدا 300 ئۇيغۇر ئۈستىدىن تەكشۈرۈش قىلغاندا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ ئايال يوق ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم گۇۋاھلىق بەرگەنلەر يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىزچىل گۇۋاھلىق بېرىپ كېلىۋاتقانلار بولماقتا. يېڭىدىن چىققان گۇۋاھچى يوق، بۇنى قانداق ئۆزگەرتىمىز؟

ئايالالرنىڭ گۇۋاھلىققا چىقىشى بۈگۈنكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ 30 يىلدىن بېرى قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئايالالرنىڭ چىقىشى 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بالىسىنىڭ بالىلار لاگېرىدا خىتايلاشتۇرۇشقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ياتاقلىق مەكتەپ ئارقىلىق ئانا - بالىلارنىڭ ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى، مەجبۇرى تويلاشتۇرۇشنى پاكىت بىلەن تەمىنلەپ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، قىز - ئايالالرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئايالالر ھوقۇقى تەكىتلىنىدىغان ياۋروپانى ئويغىتىدۇ. ياۋروپا ئويغانسا، ئامېرىكىنىڭ خىتاينى مەغلۇپ قىلىش ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشىدۇ، خىتاينىڭ زۇلمى گۇم بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ ھايات - ماماتى ئايالالرنىڭ غەيرىتىگە، شۇ ئايالالرنىڭ غەمگۈزارى بولغان ئەرلەرنىڭ مەدەتكار بولۇشىدا قالدى.

2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

# مۇسۇلمانلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ؟

بۈگۈن بىر ئاكتىپ ياش ئۇيغۇر دەۋاگەر خالمۇرات خاررى ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرغا ھېسداشلىق قىلغان خىرىستىيانلار بىلەن سۈكۈت قىلغان مۇسۇلمانلارنى سېلىشتۇرۇپ چىقارغان تىۋىت ئۇچۇرىنى كۆرۈپ بەكمۇ بىئارام بولدۇم. ئۆزۈم ئۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلسامۇ قوشۇلماسلىقى، چۈشەندۈرۈپ دېسەممۇ ئۇنىماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئاكا - ئاغىنىلەرگە ھاۋالە قىلدىم. ئەمما يەنە كۆڭلۈم تىنمىدى. چۈنكى، بۇ خاتالىقنى يەنە بىر ئاكتىپ دەۋاگەرمۇ ئاستىغا ئىنكاس يېزىپ تەكرارلاپتۇ. ئەگەر مۇشۇنداق داۋام قىلسا بۇ بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ قېلىشى ۋە ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلار بۇنىڭدىن پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن پايدىلىنىپ، غۇملىرىنى بىز ئارقىلىق چىقىرىۋېلىشى، بۇنىڭ بىلەن بىزنى قوللايدىغان مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرى ئۈمىدسىزلىنىشى مۇمكىن. ئەڭ چاتاق يېرى بىز ئىسلامغا ئۆچلەرنىڭ ئاچچىق چىقىرىدىغان ۋاستىسى، مۇسۇلمانغا ھۇجۇم قىلىدىغان كوزىرى بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ بەك خەتەرلىك ئاقىۋەت، بەكمۇ زىيانلىق بىر ئىش.

خىرىستىيانلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاكتىپ ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. بۇنى قوللايمىز. قولىمىزدىن كەلگەنچە رەھمەت ئېيتىمىز. بىزمۇ ھېچبىر زامان خىرىستىيانلارغا ھۇجۇم قىلغان مىللەت ئەمەس. خىرىستىيانلارنىڭ قەشقەردە قەھۋەخانىسى، ئاشخانىسى بار ئىدى. خوتەندە خىرىستىيانلار باغ قىلغان، ئۈرۈمچىدە ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دىن تارقاتقان. ئەمما ھېچبىر

ئۇيغۇر چىقىپ ئۇلارنىڭ دىنىغا، كىشىلىكىگە ھۇجۇم قىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمىنىڭ ئۇيغۇرغا ھېسداشلىقى بەلكىم شۇ چاغلاردا كۆرگەن ياخشىلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇنى مەن تۇروۋاتقان شەھەردىكى بىر خىرىستىيان بوۋايدىن ھېس قىلدىم. ئۇ غۇلجىدا 9 يىل دىن تارقاتقان، ئاخىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ھازىر ئۇ ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزى چاغلاردا پائالىيەتلەردە مەندىنمۇ ئاكتىپ.

بەزى خىرىستىيانلارنىڭ ئۇيغۇرغا ھېسداشلىقى ئۇلارنىڭ باي غەرب دۇنياسىغا مەنسۇپلۇقى، ھاياتىنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئومۇمىي ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولغان. ئۇيغۇرغا بۈگۈن ھېسداشلىق قىلىۋاتقان خىرىستىيانلار پۈتۈنلەي ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىگە جايلاشقان. بۇ ئەللەردە كىشىلەر ئۇيغۇرغا ئومۇميۈزلۈك ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يەتكەن ئىنسانىي ساپاسى دىنىغا باغلانغان ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا باغلانغان. دېمەكچى بولغىنىم ئۇلار خىرىستىيان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەخلاقى ساپاسى يۇقىرى بىر پۇقرا، بىلىم ساپاسى يۇقىرى بىر تەتقىقاتچى ۋە ۋىجدانلىق بىر ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس، دېگۈچىلەر بولسا ئىرىتىرىيەدىكى، جەنۇبى سۇداندىكى ۋە باشقا ئافرىقا ئەللىرىدىكى سوكۇت قىلىۋاتقان نەچچە يۈز مىليون خىرىستىيانلارغا قاراپ باقسا بولىدۇ. شىمالى ئامېرىكىدىكى تەرەققىياتتا ياشاۋاتقان خىرىستىيانلار قىلغان ئۇيغۇرغا ياردەمنى جەنۇبى ئامېرىكىدىكى تەرەققىياتسىز ئەللەردە ياشاۋاتقان خىرىستىيانلار قىلمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ دىنىدا ئەمەس، ئادەمدە ۋە دۆلەتنىكى تۈزۈمدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقى، بۇنى ئاز دەپ خىتاينى قوللاپ ئۇيغۇرغا خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. ئەمما بۇ ئەمەلىيەت پەقەت تەرەققىياتسىز، ئادالەتسىز، مۇستەبىت ئەللەردە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇسۇلمانلار ياشايدىغان ئەللەر دېموكراتىيىدىن مەھرۇم، مائارىپتا ناقىس، ساۋاتسىزلىق ئېغىر، تۇرمۇش ساپاسى تۆۋەن يەرلەر بولغاچقا، ئۇيغۇرنىڭ قىرغىنچىلىقىغا دىققەت قىلىشقا ماغدۇرى يوق، ئۇنداق ئەللەردە ياشايدىغان كىشىلەر كۆپىنچە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئەمەس ئۆزىنىڭ قورسىقى، بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنىڭ غېمىدە. شۇنى ئويلاپ باقايلى، بىزمۇ مۇسۇلمانغۇ، ئۆزىمىز مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىپ تۇرۇپ دادىمىز، ئۇستازىمىز شېھىت بولسا شاھىت بولدۇقمۇ؟ خەقنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئەيىبلەشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزنىڭمۇ سۈكۈت قىلغىنىمىزنى ئۇنتۇمايلى، مۇسۇلمانلىقىمىزنى تەكشۈرەيلى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان چىدىغۇسىز زۇلۇمغا چىداپ كېتىشى ئۇلارنىڭ غەربكە قارشى نەپرىتىدىن بولغان. غەرب بەزى مۇسۇلمان ئەللەرنى 200 يىلغا يېقىن بېسىۋالغان. ئامېرىكا قوزغىغان ئۇرۇشلاردا ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ. يۇقىرىقىدەك غەربتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق مۇسۇلمانلاردا چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەتنى قوزغىغان. گەرچە ھازىر ئۇنداق تاجاۋۇزچىلىق مەۋجۇت بولمىسىمۇ، بېسىۋېلىپ چىقمايدىغان ئىشلار بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ زۇلۇملار قالدۇرغان جاراھەتلەر تېخىچە ساقايغىنى يوق. بۇنداق جاراھەتلەر ئۇلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن رومان قىلىپ يېزىلىپ، كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ مەڭگۈلۈك خاتىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭا بىزنىڭ ئېڭىمىزدا خىتاي قانچىلىك رەزىل ئوبراز بولسا ئۇلارنىڭ ئېڭىدە غەربمۇ شۇنداق. شۇڭا ئۇيغۇرنى بۈگۈن غەرب قوللىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ.

ھەتتا ئۇلار خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇرنىڭ ھالاكىتىگە ئالقىش ياڭرىتىۋاتىدۇ. شۇنى ئادىللىق بىلەن ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ئورنىدا بىز بولساقمۇ يۇتۇنلەي شۇنداق قىلىشتىن ساقلىنالمىغان بولاتتۇق. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ زالىمغا مىللىتى، مەزھىپى ۋە دىنىغا قارىماي قارشى تۇرۇشقا قەسەم قىلغىنىمىز ياخشى، مەن شۇنداق قىلىمەن.

مەنچە مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي سۈكۈت قىلىپ، خىرىستىيانلار بىزنى پۈتۈنلەي قوللاپ كەتتى دېيىشكە بولمايدۇ. بىزنى قوللىغان مۇسۇلمان ئەللەردىن ھىندونېزىيە، ھىندىستان، مالايسىيە ۋە بېنگاللىقلارنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قىلغان نامايىشلىرىنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەك. شۇنداقلا خىتاينى قوللىغان ئەللەرنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك باشقۇرۇلۇۋاتقان بىرمۇ دۆلەتنىڭ يوقلىقىنى (پەلەستىندىن باشقا)، بۇ ئەللەردە يۇقىرىقى دېموكراتىك مۇسۇلمان ئەللەرگە ئوخشاش نامايىش قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

مۇسۇلمان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇرنى قوللىغانلىرى مۇسۇلمان ئەللەردە بولمىغان بىلەن غەربتە بار. غەربتىكى بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردا بولمىغان بىلەن، غەربتە دېموكراتىك ئاڭدا چوڭ بولغان ئىككىنچى ئەۋلادتا بار، بولغاندىمۇ خېلى كۆپ ۋە كۈچلۈك. مەسىلەن، زاكىر نايىك، ياسىر قازى، نومان ئەلى خان قاتارلىقلار بىزنى تىلغا ئالدى. بولۇپمۇ ماجىد ناۋازنىڭ تىرىشچانلىقى تەقدىرلەشكە لايىق. شۇڭا يوق دەپ كۆز يۇمۇش خاتا.

مەن ئۇيغۇرلار دەۋاگەرلەرنىڭ خىرىستىيانلارغا تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى رەنجىتىپ يۈرۈشىنى ياقتۇرمايمەن. بىر چوقۇم ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشقا، ئىككىنى سېلىشتۇرۇپ بىرىنى ھەقلىق قىلىشقا ياكى بىرىنى ئىنكار قىلىپ يەنە بىرىنى ئېتىراپ

قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس. بىز مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئىككىلىسىنى قوزغاشقا، ئىككىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىرنى، يەنى خىتاينى يوقىتىشقا، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرگە، يەنى خىتايغا تاقابىل تۇرۇشقا، ئىككىسىگە ئۈچىنچى بىرنى، يەنى بۇددىستلارنى قوشۇپ رەزىللىك مەركىزى بولغان خىتايغا ھۇجۇم قىلىشقا موھتاج ۋە بۇنى قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

مەن ئۇيغۇردىكى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بىرىنى قوللاپ، يەنە بىرىگە قارشى تۇرىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق تەپەككۇر قىلىشىنى ۋە بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۇيغۇرغا يېيىشىنى قوللىمايمەن. چۈنكى، دۇنيادا ئاق ۋە قارا دېگەن ئىككى رەڭ يوق، شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى تەرەپمۇ يوق. بۈگۈنكى دۇنيا كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا، تەپەككۇرمۇ كۆپ قۇتۇپلۇق بولغىنى ئەۋزەل. ئىسلامنى ۋە خرىستىيانىنى بىر - بىرىگە قارشى قويماي ھەمكارلاشساق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنى دىني نۇقتىدىن سۆيەلمىسەك، ئۆزرىمىز بولسا، ئەقىدىگە تاقاشسا ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن تەڭلا سۆيسەك بولىدۇ. چۈنكى ئىككىلا دىندىكى كىشىلەر بىزگە لازىم، دىندار ئەمەس دىنسىزلارمۇ، كوممۇنىست، ئاتېئىستلارمۇ بىزگە لازىم. بىز بۇددىستقىمۇ، يەھۇدىيلارغىمۇ، ئوتپەرەسكىمۇ موھتاج. چۈنكى، بىز ھالاكەت دېڭىزىدا قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپ تېپچەكلەۋاتقان بىر مىللەت.

2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

# ب ب س غا چىققان يېڭى خەۋەرنىڭ داۋامى

ب ب س تۈنۈگۈن چىقارغان مودېل مەردانىنىڭ لاگېردىن چىقارغان پاكىتلىرى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەسلى فېيسبۇكتا تارقالغانىدى. مەن خەۋەرنى تارقاتقۇچى ئابلىكىم بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆچۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدىم ۋە دەرھال ب ب س بىلەن ئالاقە قىلدىم. ئۇلارمۇ شۇ ھامان ماقۇل بولدى ۋە خەۋەرنى ئىشلەشكە قوشۇلدى. ئۇيغۇر ئاكتىپلىقىنىڭ پىداكارلىرى مەندىن چاققان چىقىپ بۇ خەۋەرنى ئۆزىنىڭ تور بېتىگە چىقىرىش ئۈچۈن، كېچىلەپ ئىشلەپ خەۋەرنى يېزىپ تەييار قىلغان ئىكەن. شۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئىنىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۇنىمۇ چىقارماسلىققا كۆندۈردۈم. چۈنكى چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى دائىم بىرىنچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. تارقىلىپ بولغان خەۋەرنى ئىشلەشنى خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر ئاكتىپلىقى خەۋەرنى ھەقىقەتەن ياخشى يازغان، نۇرغۇن جاپا تارتقان، ئەمما ئالدىمىزدا ب ب س تۇرسا، ئەلۋەتتە ئاۋازىمىزنى دۇنياغا يايىدىغان ئىنگلىزچە تاراتقۇنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدىكەنمىز. مۇشۇ يەردە مەن ئۇيغۇر ئاكتىپلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، مۇشۇ خەۋەرنى تەييار قىلغان، كېچىلەپ پىدائىيلىق قىلغان ئىنىمىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

خەۋەرنى ب ب س تۇيۇقسىز ئىشلىمەس بولۇپ قالدى. سەۋەبى خىتايدا تۇرۇشلۇق داڭلىق مۇخبىر جون سۇدۋورد (2018 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلار ھەققىدە فىلىم ئىشلىگەن ۋە ئۇيغۇر ھەققىدە بەك پاكىتلىق فىلىملەرنى ئىشلەپ ئۇتۇق قازانغان كىشى) ۋىزا مەسىلىسىنى ھەل قىلالماپتۇ. مەندىن باشقا

بىر مۇخبىر تېپىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ھامان بۇ خەۋەرنى ئابلىكىمگە يەتكۈزدۈم. ئابلىكىم ئاۋۋال مەندىن رەنجىدى، مۇخبىرنى خىتاي جاسۇسىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى، بەلكىم مەندىنمۇ... مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرغا ئىشەنچى سېۋەتكە سۇ ئالغانغا ئوخشايدۇ...

ئامېرىكىنىڭ س ن ن مۇخبىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ ب ب س ئۈچۈن تەييار قىلغان ماتېرىيالنى يەنە سۇندۇق. سوئاللارغا تەكرار - تەكرار جاۋاب بەردۇق. ئابلىكىم يەنە سەۋر قىلدى. مۇخبىرلارنىڭ قىلدەك ئىنچىكە، قۇمدەك تولا سوئاللىرى ئۇنى چارچاتتى. سىڭلىسىنىڭ يىغىسى، ئۇنىڭ 16 ياش ۋاقتىدا كېسىلىپ كەتكەن جىيەنىنىڭ دەردى، مەردان ئۈچۈن مەيدانغا چىققان باتۇر ئاچىسىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى، مۇساپىرچىلىق قىيناقلىرى بىچارە ئابلىكىمنى ھالىدىن كەتكۈزدى. تاغا بولۇش، تۇغقان بولۇش، ئۇيغۇر بولۇپ دەرد تۆكۈشنىڭ ئازابى ئۇنى تىرىك ۋەيلۇندا كۆيدۈردى. ئەمما قەھرىمان ئابلىكىم، بەرداشلىق ئابلىكىم غايىپار ھەممىگە چىداپ ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇ جەرياندا ئەردەم ئىنىمىزمۇ كۆپ جاپالارنى تارتتى. چۈنكى، ئۇ ئابلىكىم بىلەن مېنىڭ ئارامدا ياراشتۇرغۇچى بولدى.

چاتاق چىقتى! س ن ن ئاگېنتلىقىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىشتىن بوشىتىلدى. شۇ خەۋەرگە مەسئۇل ئىشخانا تاقالدى. س ن ن بۇ خەۋەرنى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى. مەن يەنە ئارىدا قالدىم. مەن دائىم مۇشۇنداق ئارىدا قالاتتىم، مۇخبىرلارغا ئۇيغۇرلارنى مىڭ تەستە قايىل قىلىپ، سىنلىق ۋە ئاۋازلىق گۇۋاھلىق بەرگۈزسەم، مۇخبىرلار ئىشلىمەي يوقاپ كېتەتتى ياكى ئۇن ئادەمنى زىيارەت قىلىپ بىرنى ئىشلىتەتتى ياكى بىرەر ئېغىز سۆزىنى ئېلىپ قويۇپ بولدى قىلاتتى. بۇلارنى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسى ماڭا

قالاتتى. چۈنكى، ۋەدىنى مەن بەرگەن، ئۇيغۇر مىنى تونۇيدۇ. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. مەن يەنە ئارىدا قالدىم. س ن ن مۇخبىرىنىڭ خىتاي بولۇشى، تۇيۇقسىز ئىشتىن بوشىتىلدىم دەپ دولسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋېلىشى مىنى بەكمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قويدى. ئابلىكىمنىڭ قۇربانلىقى ئىسراپ بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ماڭا ۋە مۇخبىرلارغا بولغان گۇمانى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. چۈنكى، مۇخبىر خىتاي ئىدى، خىتايلىق خىتاي.

ب ب س بىلەن يەنە ئالاقە قىلدىم. ئۇلار بۇ قېتىم ئىشلەشكە ۋەدە بەردى. ئەمما مەن راستتىنلا ھاردىم، بۇ ئارىدا بولىدىغان تەرجىمانلىق، تونۇشتۇرغۇچىلىق بۇرچىنى ئىنىم ئەردەمگە تاپشۇردۇم. ئەردەم جاپايىمنى تارتىپ مەن يىغىشتۇرالماي چالا قويغان ئىشنى ئابلىكىم بىلەن ئاخىرى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. ئەمما ب ب س گۇمانلارنى، تەشۋىشلەرنى ۋە ئېنىقلاشلارنى بەكمۇ ئەستايىدىل قىلىمىز دەپ ئابلىكىمنى ئۇيغۇر بولغانغا، دەۋا قىلغانغا خېلى چارچىتىپ ھار ئالدۇرۇپ قويدى. بۇ سەۋەبتىن ئابلىكىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

ئابلىكىم تەمىنلىگەن پاكىتلار تۈگىدىمۇ؟ ياق يەنە بار، خەۋەرنىڭ داۋامى بار، پاكىتلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىنىپ بولمىدى. س ن ن يوقاپ كەتتى، ئەمما ئۇ خىتاي مۇخبىرغا نېمە بولدى؟ س ن ن نېمە ئۈچۈن بىر ئىشخانىسىنى تاقاشقا مەجبۇر بولدى؟ بۇلار سىر پېتى قالدى. مېنىڭ قولۇمدا پەقەت س ن ن نىڭ ئۇ مۇخبىرى ئۇرۇمچىدىكىلەر بىلەن ئالاقە جەريانىدا توپلىغان ۋە ئىسمىنى ئىشلەتمەي پايدىلانسام بولىدىغان بىر يۈرۈش پاكىتلار ساقلىنىپ قالدى. بۇلارنى قانداق سۇنىمىز، بۇنى قەھرىمانىمىز ئابلىكىم قارار قىلىدۇ.

2020 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى